
# مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

1

ISBN 7-228-05632-9
9 787228 056323 >
ISBN7 - 228 - 05632 - 9
I·2080(民文)定价:19.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇدا

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

تەرجىمە قىلغۇچى : ياسىن سېيىت



1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（C I P）数据**

穆斯林的葬礼. 1：维吾尔文 / 霍达著；亚森·斯伊提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.5

本书据北京出版社，北京十月文艺出版社 1998 年 1 月汉文版译出

ISBN 7—228—05632—9

Ⅰ.穆… Ⅱ.①霍… ②亚… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 01387 号

# 穆斯林的葬礼（维吾尔文）

**1**

霍 达 著

亚森·斯伊提 译

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）

新疆新华书店发行

乌鲁木齐市十四中印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本 16.375 印张 2 插页

2000 年 3 月第 1 版 2000 年 3 月第 1 次印刷

印数：1——3000

---

ISBN7—228—05632—9/I·2080 定价：19.00 元

www.uyghurkitap.com

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ، بىر مۇسۇلمان جەمەتىنىڭ ئاتمىش يىل جەريانىدىكى گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش تارىخى، ئۈچ ئەۋلادنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلسىز قىسمىتى، ئوخشاش بولمىغان ئىككى دەۋردە يۈز بەرگەن، مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان، ئەمما بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت تراگېدىيىسى.

بەش يۈز مىڭ خەت ئەتراپىدا يېزىلغان بۇ روماندا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق ھەم ئۇزۇن مۇساپىسى ئۆزگىچە خاس قاراش، چىن ھېسسىيات، مول مەزمۇن ۋە پىشقان قەلەم ئارقىلىق ئومۇمىي جەھەتتىن ئەسلەپ ئۆتۈلگەن؛ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە قوشۇلۇش داۋامىدا شەكىللەنگەن ئۆزگىچە روھىي قۇرۇلمىسى، سىياسىي ۋە دىنىي كەيپىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان كىشىلىك ھاياتقا بولغان تېگىرقاش ۋە ئىنتىلىشلىرى بايان قىلىنغان؛ لياڭ يىچىڭ، خەن زىچى، لياڭ جۈنبى، لياڭ بىڭيۈ، خەن شىنيۆ ۋە چۇ يەنچاۋ قاتارلىق ۋۇجۇدىدىن قايناق ھېسسىيات تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق قەدىمىي مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە زىددىيەتكە تولغان رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق ھەم راۋان، ئاددىي، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى چوڭقۇر قېزىلغان، ئوقۇغان كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

بۇ ئەسەر «رومان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. نۇرغۇن يازغۇچى، ئوبزورچى، مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر ئەسەرنى تولۇق مۇئەييەنلەش-

تۇرغان ئاساستا ئەسەرگە يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا خۇيزۇ خەلقىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تۇرمۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ۋە ئېستېتىك قىممىتى بار تۇنجى رومان، دەپ ھېسابلىغان. مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى بەدىئىي ياقتىن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، نەشر قىلىنىشتىن ئاۋۋال ئەسەرنى جىددىي پوزىتسىيە بىلەن ئۆزگەرتىپ، پىششىقلاپ چىققان.

بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «رومان ئاڭلىتىش» پروگراممىسىدا تولۇق ئاڭلىتىلغان، چەت ئەل نەشرىياتى، جۇڭگو ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىنگلىز، فرانسۇز، ئەرەب، بېنگال ۋە ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان، تەيۋەن «دۇنيا مۇنبىرى گېزىتى» تولۇق باسقان.

بۇ ئەسەر 1990 ـ يىلى دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتىغا، 3 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇنەۋۋەر رومان مۇكاپاتىغا، 1991 ـ يىلى 3 ـ نۆۋەتلىك ماۋدۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1 ـ نۆۋەتلىك بېيجىڭ كىتاب بايرىمىدا شەرەپ بىلەن «بازارلىق كىتابلار» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو كىتاب ـ ژۇرنال تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ تۈرى بويىچە مۇنەۋۋەر بازارلىق كىتاب بولۇپ باھالانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى

خو دا، ئايال، خۇيزۇ، بېيجىڭلىق، 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇغۇلغان. بېيجىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سەنئەت مەركىزىدە ئالىي سېنارىست. بېيجىڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭخۇا ئەدەبىياتى فوند جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىياتنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. تارىخچى ما فېيبەي ئەپەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، دراما، نەسىر قاتارلىق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ خەت سانى ئۈچ مىليونغا بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى ئىخچام ۋە نەپىس، ئەر ـ ئايال پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى يارقىن.

ئۇنىڭ تۆۋەندىكى توپلاملىرى نەشر قىلىنغان: «قىزىل تۇزان» (پوۋېستلار توپلىمى، خۇاچېڭ نەشرىياتى ۋە تەيۋەن جىنكوۋ نەشرىياتى ئايرىم ـ ئايرىم نەشر قىلغان)، «روھ نەگە بارىدۇ؟» (پوۋېستلار توپلىمى، بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «پۇقرالارنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقى» (ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «خو دا كىنو سېنارىيىلىرىدىن تاللانما» (خۇاچېڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلى-

كى» (رومان، بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىيا-
تى نەشر قىلغان).

تۆۋەندىكى ئەسەرلىرى مۇكاپاتلانغان: «قىزىل توزان»
4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پوۋېست مۇكاپاتىغا، خۇا-
چېڭ ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا، «پۇقرالارنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقى»
4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپا-
تىغا، «ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغانلار» تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو
ئېقىمى ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك سەھىيە تې-
مىسىدا يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، «تار كوچىدى-
كى ئادەم» قېقىنوس ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا، «سېغىزخان»
1980 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى
مۇكاپاتىغا، «بالا باققۇچى» بىخ ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «مەن
ئۇۋچى ئەمەس» مەملىكەت بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر
بالىلار ئوقۇشلۇقى مۇكاپاتىغا، «دۇلدۇل» دۆلەت قۇرۇلغانلى-
قىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋ-
ۋەر كىنو سېنارىيىسى مۇكاپاتىغا، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلى-
كى» 3 ـ نۆۋەتلىك ماۋدۇن مۇكاپاتىغا، 3 ـ نۆۋەتلىك ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇنەۋۋەر رومان مۇكاپاتىغا
ۋە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېي-
جىڭ شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن.

خو دا 1990 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر-
نىڭ پىلان ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرى-
كىنىڭ ئىئوۋا شتاتىغا بارغان. 1991 ـ يىلى ئەنگلىيە دۇنياۋى
مەشھۇر كىشىلەر تەرجىمىھالى تەتقىقات مەركىزي نەشر قىلغان
«دۇنياۋى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» (ئاۋستىرالىيە ۋە يىراق
شەرق تومى) غا ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

## بىڭ شىن

مەن خودا بىلەن ئۇنىڭ «ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغانلار» ۋە «ئادەم ئۈچۈن قۇرساق ھەممىدىن مۇھىم» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق تونۇشقان. مەن ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ ۋەتەن ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان يازغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئەمما مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. كىنو سېنارىيىلىرىنى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقمىدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دېگەن كىتابىدىن بىرنى سوۋغا قىلدى، ئۇنىڭ خۇيزۇ ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلدىم. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

مېنىڭ خۇيزۇلار توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىم تولىمۇ ئاز، چۈنكى مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - يارەنلىرىمنىڭ ئارىسىدا خۇيزۇلار يوق. مەن خۇيزۇلارنى، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، چوشقا گۆشى يېمەيدۇ، دوختۇرلارغا ئوخشاش ئاق دوپپا كىيىدۇ، دەپ بىلىمەن. بېيجىڭدا نيوجيې دەپ بىر كوچا بار، مۇشۇ كوچىدا ساپلا خۇيزۇلار ئولتۇرىدۇ، بىر مەسچىتمۇ بار. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىكلا.

«مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دېگەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ يېپيېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. ئەسەردىكى كىچىك پېرسوناژ شىنيۆنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر مەزگىللىك تۇرمۇشىدىن باشقا تەپسىلاتلار ماڭا بەكمۇ «ناتو-

نۇش» . بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قورۇسى بۇرۇنقى
يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى ئىدى. يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
مەكتەپ قورۇسىدىكى سايىسى كۆلگە چۈشۈپ تۇرىدىغان مۇنارىنى ئوب-
دان بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇنارغا مۇھەببىتىم چوڭقۇر.

ئەسەر توغرىسىدىكى گەپكە كېلەي، بۇ ئەسەر بارچە گۈللەر
تەكشى ئېچىلىۋاتقان ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى مۇنبىرد-
دىكى پۈرىقى ئۆزگىچە بىر تال يېگانە گۈل. بۇ ئەسەر ئۆزىگە
خاس ۋەقەلىك ۋە ئۇسلۇب بىلەن «زىلزىلە» پەيدا قىلدى. بۇنىڭ
تەسىرىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كۆپچىلىك مېنىڭدىن
كۆپ بىلىدۇ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمەن.

بۇ ئەسەرنىڭ نۇرغۇن چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىد-
ۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم بار. پۈتۈن دۇنيادىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەللىك ئالتە مىللەتنىڭ ئارد-
سىدىكى ئون مىللەتنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، بىر مىليارد
جۇڭگو ئاھالىسى ئىچىدە بىر خۇيزۇ ئايال يازغۇچىنىڭ بارلىقد-
نى، بۇ يازغۇچىنىڭ خۇيزۇ خەلقىنىڭ جۇڭگو خاراكتېرىگە
ئىنتايىن باي تۇرمۇشىغا دائىر ۋەقەلىكنى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىپ
چىققانلىقىنى بىلىسىكەن دەيمەن. بۇ ئەسەر توغرۇلۇق جۇڭگودا گەپ
سۆزلەر ۋە باھا ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ، ياخشى گەپ - سۆزلەر
دېيىلىپ، ئوبدان باھالار بېرىلىۋاتىدۇ. بىز جۇڭگولۇقلاردا:
«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەيدىغان گەپ بار، شۇڭا
جۇڭگولۇق بىر خۇيزۇ ئايال يازغۇچى يازغان بۇ ئاجايىپ كىتابنى
چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**(بۇ، بىڭ شىننىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دېگەن
كىتابنىڭ چەت ئەل تىلى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزى)**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئى ئاللا! بىزنىڭ تىرىكلىرىدىمىزنى، ئۆلگەنلىرىمىزنى، مېيىت نامىزىغا ھاِىر بولغانلىرىمىزنى، ھازىر بولمىغانلىرىمىزنى، كىچىكلىرىمىزنى، چوڭلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.

ئى ئاللا! تىرىك قالغانلارنى ئىسلام ئاساسىدا تىرىكچىلىك قىلدۇرغىن، سەن قەبزە روھ قىلغانلارنى ئىمان بىلەن قەبزە روھ قىلغىن.

ئى ئاللا! ئەگەر بۇ مېيىت ياخشى بەندە بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىل، ئەگەر گۇناھكار بەندە بولسا، ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن.

— مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان ئايەت

# مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| مۇقەددىمە | يۇرتىغا قايتىش ............................ | 1 |
| 1 ـ باب | كۈتۈلمىگەن مېهمان ........................ | 7 |
| 2 ـ باب | سودىلىشىش.................................. | 49 |
| 3 ـ باب | قاشتاش كېمە .............................. | 89 |
| 4 ـ باب | ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ ...................... | 139 |
| 5 ـ باب | تاۋلىنىش .................................. | 188 |
| 6 ـ باب | تۇزاق ...................................... | 246 |
| 7 ـ باب | قاشتاش پادىشاھى ......................... | 337 |
| 8 ـ باب | تۈيۈقسىز كەلگەن بالا ـ قازا ........ | 382 |
| 9 ـ باب | چەت ئەلگە سەپەر ........................ | 451 |

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە يۇرتىغا قايتىش

تاڭ سەھەر. ئۇ قايتىپ كەلدى.

ئۇستىدىكى چىرىغىغا «تاكسى» دېگەن خەت يېزىلغان ئاق پىكاپ كوچا ئاغزىدا توختىدى. ئۇ پىكاپتىن چۈشۈپ، بىردەم تۇرۇپ ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ، ئاندىن ئۆزىگە تونۇش بولغان چوڭ - كىچىك كوچىلارنى كېسىپ ئۆتۈپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ پۇتىغا يۇمشاق يېس تاپانلىق ئاق خۇرۇم ئاياغ، ئۇچىسىغا قارامتۇل كۇل رەڭ ئايالچە كاستۇم، مېغىزرەڭ كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەنىدى. زىلۋا قامىتى ئۇنىڭ بويىنى ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. تېرىسى ئاق ۋە يۇمران، يۈزىنىڭ كېپتى ياپىلاق، كۆزلىرى تىنىق، بۇرنىسەل ئېگىز ھەم تۈز ئىدى. لەۋ سۇرۇخ سۇرۇلمىگەن لېۋى ھىم يۇمۇلغان، ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە ئىككى تال ئىنچىكە، ئاي شەكىللىك ئەگىم قورۇق چۈشكەن. سەل - پەل بۇدۇر كەلگەن ئۇزۇن چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېپىپ، يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرىدۇ. قۇلىقىغا ۋە بويىنىغا ھېچقانداق زىبۇزىنىنەت تاقىمىغان. چېكىسىگە ئاق ئارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنى تونۇمايدىغانلار ياكى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالمايدۇ.

ئۇ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. يۇك - تاقىسى ئېغىر ئەمەس، قولىدا يۇمىلاق ئاق قەغەز كوروپكىلا بار ئىدى.

ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ گويا ئۇزۇن چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ قالدى.

سۇبھىدەم. تار كوچىلار جىمجىت ئىدى. بالدۇر تۇرغانلار

ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭ يېنىدىن سۇركىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى،
ئۇنىڭغا ۋىلىسىپتلىكلەر، پىيادىلەر، بالا يېتىلىۋالغانلار، ناش-
تىلىق كۆتۈرۈۋالغانلار . . . ئۇچرايتتى. ئۇ تونۇش بىر ھىدنىڭ
دىمىغىغا ئۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. كىشىلەر ئۇنى تونۇمايت-
تى، ئۇنىڭغا ھېچكىم زەن سېلىپ قارىمىدى.

ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىدى، كۆل بىلەن زېمىن كۆل رەڭ
ئىدى، خىش بىلەن كاھىشمۇ كۆل رەڭ ئىدى. سۇۋاقلىرى
نەچچە قېتىم چۇشۇپ، نەچچە قېتىم سۇۋۇلۇپ، ھاكتا ئاقارتى-
لىپ، قىزىل سىردا سىرلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندى-
كى شوئارلار چاپلىنىپ، ئەسلى سىياقىنى يوقاتقان كوچا ياقى-
سىدىكى تام يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يامغۇردا يۇيۇلۇپ كۆل رەڭ
تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. يول بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەر قارا،
كاھىشلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ياپپېشىل كۆكىرىپ
تۇراتتى.

يىراق ـ يىراقلاردىكى، تۇرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان ئىس
تولغىنىپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى، غۇۋا تاڭ نۇرىدا مۇشۇ ئەتراپتا
بىردىنبىر ھەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئۆگزىسى مۇناردەك ئۇچلۇق
بىر قۇرۇلۇشنىڭ سېرىق سىرلانغان كاھىشلىرى يالتىراپ تۇ-
راتتى. ئۇ مەسچىت ئىدى. بۇ يەردە ھەر كۈنى بەش قېتىم
ئاگاھلاندۇرۇش تۈسىنى ئالغان چاقىرىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
«ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر! ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللال-
لاھ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن روسۇلىللاھ، ھەييە ئەلەسسە-
لاھ!»

بۇ يەر «دار ئىسلام» — مۇسۇلمانلارنىڭ ئولتۇراق رايو-
نى، ئاللانىڭ بىر توپ موخلىسلىرى توپلانغان، بارلىق جانلىق
مەۋجۇداتلار ئارىسىدىكى باشقا بىر دۇنيا ئىدى.

بۇ دۇنيا ناھايىتى چوڭ. ئىسلام دىنى بەرپا بولغان بىرمىڭ
ئۈچ يۈز يىلدىن بېرى مېھىر ـ شەپقەت، ئادالەت، راستچىللىق

ۋە سەۋرچانلىقنى ئىنسانلار ئارىسىغا چېچىپ كەلدى. پۈتكۈل دۇنيادىكى سەككىز يۈزمىليون ئادەم مۇشۇ كاتتا ئائىلىنىڭ ئەزاسى.

بۇ دۇنيا يەنە ناھايىتى كىچىك. سەككىز مىليون ئاھالىسى بار قەدىمىي پايتەخت بېيجىڭدا بىريۈزسەكسەن مىڭ مۇسۇلمان بار. ئۇلار بېيجىڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن. بىر قىسمى مۇشۇ مەسچىت ئەتراپىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەتراپ بۇرۇن بوك ـ باراقسان ئانارلىق باغ ئىكەنمىش...

تەخمىنەن مىلادى 7 ـ ئەسىرلەردە، بېشىغا ئاق رەخت ئورىغان بىر قىسىم ئەرەب سودىگەرلىرى شەرقتىكى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىگە كەلگەن، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغان، ئۆيلىنىپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ مۇشۇ يەردە قېپقالغان. 1219 ـ يىلى، چىڭگىزخان لەشكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. 1258 ـ يىلى ھىلاكۇ باغدادنى ئىشغال قىلدى. كۆكئارتىنىڭ غەربىي، قارا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ زېمىنلىرىنى موڭغۇللار ئىلگىرى ـ كېيىن بېسىۋېلىپ، بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى شەرققە توركۇملەپ مەجبۇرىي كۆچۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرى ئەسىرگە چۈشكەن ھۈنەرۋەنلەر، بەزىلىرى مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن پۇقرالار، بەزىلىرى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىللە ماڭغان ئەرەب يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئىدى. دەرۋەقە، شەرق بىلەن غەرب قاتناش يولىنىڭ ئېچىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. بۇ «كۆچمەنلەر» نىڭ تەڭدىن تولىسى جۇڭگودا ياساۋۇل، دېھقان ۋە كاسىپ بولدى، ئاز ساندىكىلىرى سودىگەرچىلىك، دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمەل تۇتقانلىرى ساناقلىق، قايتىپ كەتكەنلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى، قالغانلىرى بۇ يەرگە يىلتىز تارتىپ قالدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ

ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئۇلار «خۇيخۇي» دەپ ئاتالدى، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى «خۇيخۇي» دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر مىللەت شەرقتە دۇنياغا كەلدى. بۇ مىللەت تارىختا باشقا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن خالىي بولالمىدى، بىر قىسىم خەنزۇلار، موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ تەركىبلىرى سىڭىپ كىردى. لېكىن خۇيزۇلار باشتىن - ئاياغ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلدى، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتمىدى. زېمىنى كەڭ جۇڭگو خەنزۇ خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان ياشاپ، ئاۋۇپ كەلگەن جاي. خۇيزۇلار بۇ زېمىندا يەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇتاش كەتكەن پۈتۈن زېمىنغا ئىگە بولالمىدى. ئۇلار توختىماستىن باشقا جايلارغا ئەۋەتىلدى، كۆچۈرۈلدى، ھەتتا جازالىنىشقا ئۇچرىدى، قەتلىئام قىلىندى. ئۇلار تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. . .

ئۇلار باشتىن - ئاياغ ئاز سانلىق بولۇپ كەلدى. ئاز ساندىكى بۇ كىشىلەر جەبىر - جاپانى يېڭىپ، ئاللاغا تېۋىنىپ ئېھتىيات بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلار ئاللانىڭ يېگانە ئىكەنلىكىگە، ئاللانىڭ زېمىننى، ئاسماننى، بارچە ئىقلىمنى، ئىنساننى، پەرىشتىلەرنى ۋە «شەيتان» نى ياراتقانلىقىغا ھەم ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئاللانىڭ ئوبرازى يوق، لېكىن قۇلىقى سەگەك، كۆزى ئۆتكۈر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ھەم قابىل، دۇنيادا ئۇ زاتى مۇبارەك يوق يەر يوق. ئۈچ ئادەم مەخپىي پاراڭلاشقان بولسا، ئۇ زاتى مۇبارەك تۆتىنچى ئادەم بولۇپ شۇ سۆھبەتكە داخىل بولىدۇ، تۆت ئادەم مەخپىي پاراڭلاشقان بولسا، بەشىنچى ئادەم سۈپىتىدە شۇ سۆھبەتكە داخىل بولىدۇ. . . ئاللا مۇسۇلمانلار بىلەن مەڭگۈ بىللە. مۇسۇلمانلار ئاللاغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئاللانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق چۈشۈرگەن ۋەھىيلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار ئىخلاس بىلەن دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، راستچىل، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، رەھىم-

دىل، ئاددىي ـ ساددا ياشايدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، باشقى-
لارغا قارا چاپلىمايدۇ، ئېتىقادىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل
قىلىدۇ، مۇھەممەدئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتىدۇ. «باقىي
دۇنيا» نىڭ ۋە «مەھشەر كۈن» نىڭ بارلىقىغا، ھەربىر مۇسۇل-
مان بەندىسىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىر-
دىغانلىقىغا، بارلىق ئىشلارنىڭ ئاللانىڭ ھۆكۈمى بىلەن بولىدى-
غانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق، يامان-
لىق قىلسا يامانلىق يانىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ...

ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، ئۆزى سېغىنىپ كەلگەن بۇ دۇنياغا
يۈزلەندى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇ قەدەر تونۇش ئىدى. گويا
يىللار كەينىگە يېنىپ كەتكەندەك، كۆڭۈلسىز تۇيۇلىدىغان
ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بەرمىگەندەك قىلاتتى. ياق،
يىللار كەينىگە يانمايدۇ. ئۇ قېرىپ قالدى، بۇ دۇنياغا يېڭىۋاش-
تىن قايتىپ كەلدى. بۇ يەر تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.
يىللار باشقىلارنىمۇ قېرىتىۋېتىدۇ. ئۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ
بەدىلىگە ياخشىلىققا ئېرىشتىمۇ يوق، قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن
جازالاندىمۇ يوق؟ بۇلارنى بىلمەيتتى، بىلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى
يوق ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى شاپائەت ۋە ئاداۋەتلەر ئۈچۈن ياخشىلىققا
ئېرىشىشنى ياكى جازالىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئەمەس. يادىدا
تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يادىدا تۇتۇشنى، ئۇنتۇپ كېتىشكە
تېگىشلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلايتتى.

ئۇ بىر دوقمۇشتىن ئەگىلىپ، چۈشىدىكى ھېلىقى تار
كوچىغا كىردى.

ئۇ ئاشۇ تۇخۇمەك دەرىخىنى كۆردى. تالاي ئىسسىق ـ
سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى
بولغان بۇ تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ غولى قاغجىراپ كەتكەن بولسى-
مۇ، لېكىن شاخلىرىدا يوپيۇرماقلار كۆكىرىپ تۇراتتى. ئىلگى-
رى، ھەر قېتىم باھار كەلگەندە، ئاپئاق گۈللەر پورەكلەپ

ئېچىلىپ، خۇشبۇي پۇراقلار پۈتكۈل تار كوچىنى بىر ئالاتتى، مەيىن شامال چىققاندا بولسا، تۆكۈلگەن قاردەك گۈل بەرگىلە-رى ئۇنىڭ بېشىغا، مۈرىسىگە چۈشۈپ، ئۇنى گۈل بەرگىلىرىگە كۆمۈپ تاشلايتتى. مانا ئەمدى دەرەختە گۈل يوق، گۈللەش مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ تۇخۇمەك دەرىخى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ نەچچە ئون قېتىم گۈللىگەن، نەچچە ئون قېتىم چېچەك تاشلىغانىدى، لېكىن ئۇ كەلمىدى.

ئۇ ئاخىر كەلدى، تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، ھېلىقى دەرۋازا راۋىقى ئالدىدا توختىدى.

ئۇ بۇ دەرۋازا راۋىقىنى، بۇ ھويلىنى، ھويلىنىڭ ئاسمىنى-دىكى ئاينى، ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدىغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆز-نى، يۈرەكنى چېكىدىغان ئاشۇ ئىلتىجالارنى ھەر كۈنى كەچتە چۈشەپ كەلگەنىدى. . .

ئاسماندا تولۇن ئاي، دىلدا ھىجران، پىراق.

ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى چۈشكە غەرق بولاتتى. چۈش بوش-لۇقنى قىسقارتقان، ۋاقىتنى تۇرغۇنلاشتۇرغان، دۇنيانى پاكىز-لىگەنىدى. چۈشتە پاسكىنىچىلىق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، بەتنىيەت يوق ئىدى؛ چۈشتە ئايرىلىش، دىل يارىسى، ئازاب يوق ئىدى، چۈشتە يېقىملىق ئاي نۇرى، ئىللىق مۇھەببەتلا بار ئىدى؛ چۈش ئۇنى مەڭگۈ ياش پېتى تۇرۇشقا، ئويغانماسلىققا ئۈندەيتتى.

ئۇ يەنىلا كۆزىنى ئاچتى. . .

ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي، كۆك تاش ياتقۇزۇلغان بەش پايلىق سۇپىغا چىقىپ قارامتۇل قىزىل دەرۋازىنىڭ ئىشىكىنى سىلىدى.

دەرۋازا تاقاق ئىدى. ئۇ بىردىنلا قولىنى تارتتى. ئۇ كۆر-گۈسى يوق ئادەمنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورقمايتتى، ھەر كۈنى كېچىسى چۈشىگەن ئادەمنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. بۇنىڭغا كەل-گەندە گەپ يوشۇرۇشنىڭ ھەم قورقۇپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇ دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدىكى كۆك خىش بىلەن قوپۇ-

رۇلغان قەدىمىي تامغا ئۇرنىتىلغان ئاق قاشتاشقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قاشتاشنىڭ ئۈستىگە سۆڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەت شەكلى بىلەن مۇنداق خەتلەر يېزىپ قويۇلغانىدى:

> **بېيجىڭ شەھىرى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان چاسا قورۇ**
>
> **بېيجىڭ شەھەرلىك ئاسارئەتىقە ئىدارىسى**
> **1979**

ئۇ تېڭىرقاپ قالدى. يېڭىلا ئۇرنىتىلغان يىپيېڭى قاشتاش بەلگىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ؟

ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، كۆكسىگە قويغان قوللىرى يېنىك تىترەيتتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىلىشىغا ئىنتىزار ئىدى، ئەمما نېمىشقىدۇ، قورقۇپ تۇراتتى. دەرۋازىغا قارايتتى، دەرۋازا ئۇنىڭغا تەقدىر دەرۋازىسىدەك، ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەقدىرىنى بەلگىلىگەن دەرۋازا مۇشۇدەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنىڭ پاناھگاھىنىمۇ مۇشۇ دەرۋازا بەلگىلەپ، ئۇنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا يولغا سالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتات‍تى. ئۇ دەرۋازىدىكى مىس ھالقىنى شاراقلىتىشتىن ئاۋۋال ئۆزىگە ئازراق نەپەس ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

بىر دەرۋازا دۇنيانى ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى.

مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن، ئۇ بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتاتتى...

# 1 ـ باب كۈتۈلمىگەن مېھمان

بۇ بىر مۆكەممەل چاسا ھويلا ئىدى.

كۆل رەڭ خىش چۆرىدەپ قوپۇرۇلغان تام، ئوتتۇرىسىغا راۋاق ئېلىنغان، راۋاق ئۆگزىسىنىڭ تۆت بۇرجىكى مۈڭگۈز شەكلىدە چىقىرىلغان. گىرۋەكلىرىگە يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق نوكەش قويۇلغان. دەرۋازىنىڭ ھەر ئىككىلا قانىتىغا ھالقىلىق يۇمىلاق تۆمۈر ئورنىتىلغان، قاق ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن «ئۈنچە بىلەن زۇمرەت، تولۇن ئاي بىلەن مەيىن شامال» دېگەن مەسنەۋى يېزىلغان. دەرۋازىنىڭ ئالتە بۇرجەك چىقىرىلغان ئىككى تال ماڭلاي ياغىچىنىڭ ھەر بىرىگە «بىلىمدان» دېگەن خەت ئويۇلغان. بۇ خەت ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان «ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلىتى زىيادە بولغاي»، «ئوقۇمۇشلۇقلارغا بەخت، ساۋاب ئىزدىگۈچىلەرگە ياخشىلىق يار بولغاي» دېگەنگە ئوخشاش مەسنەۋىلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۇ خەتتىن ھويلا ئىگىسىنىڭ قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىغا بىر جۈپ تاش دۇمباق قويۇلغان، كۆك تاش ياتقۇزۇلغان بەش پايلىق پەلەمپەي ئېگىز بوسۇغا بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن.

بۇ دەرۋازا ئادەتتە ھىم يېپىقلىق تۇراتتى، خوجايىن ياكى كەلگەن مېھمانلار دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شاراقلىتاتتى. جەنۇبىي ھۇجرىدىكى خىزمەتكار ئايال ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئېچىپ، خوجايىننىڭ ياكى كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى.

دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرگەندە توغرىسىغا سېلىنغان بىر دالدا تام بار ئىدى، تامنىڭ ئۈستىدىكى كاھىشلارغا، ئىككى يان

گىرۋەك بىلەن ئاستىنقى گىرۋەكلەردىكى خىشلارغا نەقىش چىد-
قىرىلغانىدى. ئوتتۇرىسى ئاپئاق ئاقارتىلغان بولۇپ، نە خەت
نە خىش يوق ئىدى. بىر نەچچە تۇپ بامبۇك دەرىخىگە يىلاندەك
يامىشىپ، يۇقىرىغا پېلەك تارتقان تام تۈۋىدىكى ھەشقىپىچەك
بامبۇك دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىغا يۆگىلىشىپ كەتكەن، قويۇق
بەرگىلىرى يەرنى بىر ئالغانىدى. ھەر يىلى باھار ۋە يازدا
«ھۇپپىدە» ئېچىلىپ كېتىدىغان ھەشقىپىچەكلەردىن سان -
ساناقسىز مۇنچاقلار چۈشەتتى.

دالدا تام بىلەن دەرۋازىنىڭ ئارىلىقى تار ئالدىنقى ھويلا
ئىدى. قاتار سېلىنغان جەنۇب تەرەپتىكى بەش ئېغىز ھۇجرىدا
خىزمەتكارلار ئولتۇراتتى. بۇ ھۇجرىلار راۋاقنىڭ شىمال تەرىپى
بىلەن تۇتاش ئىدى. راۋاق شەرقىي جەنۇب تەرەپكە توغرا كېلەت-
تى. بۇنداق چاسا ھويلىلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئادەتتە شەرقىي
جەنۇب تەرەپكە ئېلىناتتى. بۇ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارد-
لاتتى.

دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى لەمپىلىك دەرۋازا پۈتكۈل
قورۇلۇشنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تايىن تاپقانىدى. ئالدى ۋە كەينى
ھويلىلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ لەمپىلىك دەرۋازىنىڭ
بۇنىڭدىن بۆلەك رولى بولمىسىمۇ، لېكىن تۇتقان ئورنى مۇھىم
ئىدى، كۆركەم ئۇسلۇبتا ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ،
ھويلىنىڭ ئاددىي دەرۋازىسىدىن پەرقلىنەتتى. ئىشىكنىڭ يان
ياغاچلىرى قارامتۇل قىزىل سىردا ئەمەس، توق قىزىل سىردا
سىرلانغان، گىرۋەكلىرىدىكى كۇنلۇكسىمان چىقىرىلغان ياغاچ
ئويمىلارغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن. مەپىنىڭكىگە ئوخشاش سىرتقا
چىقىپ تۇرغان تۆت تەرىپىگە كۆكۈل قويۇپ نەقىش ئىشلەنگەنى-
دى. رەڭدار نەقىشلەر قەدىمىي قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنىڭ ماھا-
رىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇراتتى.

لەمپىلىك دەرۋازىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر دالدا تام بار ئىدى،

ئالدىنقى ھويلىدىكى دالدا تامغا ئوخشمايتتى. گۈلى ئۆزىدىن چىقىرىلغان تۆت پارچە بوكسنوس دەرىخىنىڭ تاختىيىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان بۇ دالدا تام چىملىدىققا بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇستىگە تۆت خىل مەنزىرە — ئېمىي تېغىنى نۇرغا پۈركىگەن ئاي، سۇجۇنىڭ تۇن ئاسمىنىدا كۆتۈرۈلگەن ئاي، سۇبھى پەيتىدە لوگۇچياۋ كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئاقىرىپ تۇرغان ئاي، دولقۇنلۇق دېڭىزدىن بالقىپ چىققان ئاي ئويۇلغاندى. بۇ مەنزىرىلەردىن كىشى ئىختىيارسىز ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا چۆمۈلەتتى.

دالدا تامدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەينى ھويلىغا كىرسىڭىز، كەينى ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۈچ ئېغىز ھۇجرا، غەرب تەرىپىدە ئۈچ ئېغىز ھۇجرا، تۆر تەرىپىدە بەش ئېغىز ھۇجرا بار. بۇ ھۇجرىلارنى دەھلىز بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، چاسا شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىچكەركى ھويلىدىكى «+» شەكىللىك خىش يېيىتىلغان يول بىلەن ھەر بىر ھۇجرىنىڭ ئالدىغا بارغىلى بولىدۇ. تۆردىكى ئۆيلەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە گىلاس بىلەن ئانار تىكىلگەن. شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى باراقسان ئۆسكەن بۇ دەرەخلەرنىڭ پەيزىدىن باھاردىن تاكى كۈزگىچە بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

بۇ ھويلا بېيجىڭدىكى چاسا ھويلىلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھويلىلاردىن ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن چوڭ، مەسىلەن، ئۈچ دەرۋازىلىق، بەش دەرۋازىلىق، ھويلىنىڭ ئىچىدە ھويلىسى، گۈللۈكلىرى بار ھويلىلار بار ئىدى. لېكىن قۇرۇلۇش سەنئىتى يېقىدىن قارىغاندا، بۇ ھويلىنىڭ قۇرۇلمىسى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى. ھويلا ئىگىسى ھويلىنىڭ لايىھىسىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ نەپىسلىك ۋە جىمجىتلىققا بولغان خاھىشىنى ئىپادىلىگەنىدى. ھويلىنىڭ جايلاشقان ئورنى ياخشى، بازارغا يىراق، چوڭ كوچىغا يېقىن ئىدى. ئۆيدە دۇنيا-

دىن بىخەۋەر ئولتۇرغىلى، ئۆيدىن چىقىپ ھەممە يەرگە بارغىلى بولاتتى، شۇنداق قۇلايلىق ئىدى. بۇ ھويلا، بولۇپمۇ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشى تولا، جىمجىتلىقنى خالايدىغان كىشىلەرگە تازا مۇۋاپىق ئىدى. دەرۋازىدىكى مەسنەۋى بىكاردىن ـ بىكار يېزىلـ. غان، چىملىدىقتىكى مەنزىرىلەر بىكاردىن ـ بىكار سىزىلغان، ھويلىدىكى گۈل ـ گىياھلار بىكاردىن ـ بىكار ئۆستۈرۈلگەن ئەمەس ئىدى.

ئەمما، بۇ ھويلىدا بىر ساقچى باشلىقى تۇراتتى. ئۇ «مېھ. رىبان» ياكى «بىلىملىك» ئادەم ئەمەس، ئۇچىسىغا قايقارا ساقچى فورمىسى كىيىپ، بېلىگە «ئوقەت» قىستۇرۇپ يۇرىدى. غان، كىشەن ـ كويزا بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەم ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ھويلا ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈشتىن ئىلگى. رى مەنچىڭنىڭ ئەمەلدارلار سورۇنىدىن ئىخلاسى قايتقان بىر ھەزرەتنىڭ ئىكەن. ئۇ ئەمەلدارلار سورۇنىنى تاشلاپ، جاھان ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، كىتاب ئوقۇش ۋە رەسىم سىزىشقا بېرىلىپ كەتكەن، چىن، خەن دەۋرىدىكى خىش ـ كاھىش ۋە ئاسارئەتىقىلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان، بولۇپمۇ ھەرقايسى سۇلا. لىلەردە ياسالغان قاشتاش بۇيۇملىرىغا ئامراق، «ئالىيجانابلار ئۆزىنى قاشتېشىدەك پاك تۇتىدۇ» دەپ ماختىنىپ يۇرىدىغان كىشى ئىكەن. ئادەتتە مېھمان قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ بىر. نەچچە قاشتاش دۇكىنى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى بار ئىكەن. سىرتلارغا ناگان ـ ناگاندا چىقىدىكەن، قىممەتلىك بۇيۇملارنى بايقاپ قالسا، بىر ئامال قىلىپ سېتىۋېلىپ، كۆڭلىنى خوش قىلىدىكەن، باھاسى تولىمۇ قىممەت بولۇپ، سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىسە، قايتا ـ قايتا تاماشا قىلىپ كۆزىنىڭ خۇمارىنى چىقى. رىدىكەن. بىرەرسىنىڭكىدە ئېسىل قاشتاش بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، خىجىل بولماي بېرىپ، كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن بىر كۆرۈۋالاي دەپ ئىلتىماس قىلىدىكەن. شۇنچە ياشقا كىرىپ

تۇرۇقلۇق پات - پاتلا مۇشۇنداق ئالجىغاندەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەچكە، باشقىلار ئۇنى «قاشتاش مەستانىسى» دەپ مازاق قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ ھەزرەت بۇنى ئاڭلاپ خاپا بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شەرەپ ھېس قىپتۇ. ئۇ سەكسەن ياشتىن ئېشىپ بېشى ياستۇققا يەتكەندە بالىلىرى ۋاپاسىز چىقىپ قېلىپ، ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، بۇ ھويلا ئاشۇ ساقچى باشلىقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغانىكەن. بىراق، ئۇ ھەزرەتنىڭ روھى بۇ ھويلىدا يەنىلا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن.

ساقچى باشلىقى مىنگونىڭ 24 - يىلى ئەتىيازدا بىردىنلا بۇ ھويلىنى سېتىۋېتىپ باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ قالدى، سەۋەبىنى باشقىلار بىلمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭ پۇلى كۆپ، ھوقۇقى چوڭ بولغاچقا، بۇ ھويلا ئۇنىڭغا كىچىكلىك قىلغان بولسا، چوڭراق ھويلىدا ئولتۇراي دېگەندۇ ياكى ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى پۇت تېپىشىشتا پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ، خىجالەت تارتىپ قالغاندۇ. . . دەپلا قىياس قىلىشاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھويلىدىن كۆچۈپ كېتىشىدىكى سەۋەب بۇ ئەمەس، بەلكى باشقا بىر سەۋەبتىن ئىدى. بۇ ھويلا گەرچە ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك نېسىپ بولمىدى. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى قاتتىق ئۇخلاۋېتىپ: «تاشلىدىم، تاشلىدىم ئەمىسە! » دېگەن غەلىتە بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ كەسپىي سەزگۈرلۈكىنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى، ئەتراپقا قۇلاق سېلىپ بىردەم تۇردى. ئەتراپتا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. تالا سۈپسۈزۈك ئايدىڭ، مەيىن شامال چىقىۋاتقان، ئاي نۇرىدا ھويلا كۈندۈزدەك يوپيورۇق، گۇمانلىق ھېچقانداق شەپىنى بايقىغىلى بولمايتتى. ئۇ بۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلەندى، قايتىپ كىرىپ يېتىپ قالدى. ئەمدى يېتىشىغا «تاشلىدىم، تاشلىدىم ئەمىسە! » دېگەن ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

ئۇ ئالمان - تالمان خوتۇننى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا:
— ئاڭلىغىنا، تالادىكى نېمە ئاۋاز؟ — دېدى.
«تاشلىدىم، تاشلىدىم ئەمىسە!» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

خوتۇنى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:
— يېرىم كېچىدە ئۇندەرەپ، مېنى نېمىنى ئاڭلا دەيسىز؟ — دېدى.

قىزىق ئىش، شۇنچىلىك قاتتىق ئاۋازنى ئۇنىڭ ئاڭلىمىغىنىنى. ئۇ دەككە - دۈككىدە يېتىپ قالدى، لېكىن كېچىچە كىرپىك قاقمىدى.

ئۇ بۇ غەلىتە ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئۇدا نەچچە كېچە ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا گويا ئۆلۈپ كەتكەن «قاشتاش مەستانىسى» نىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلاتتى. تىرىك ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا پېتىنالايدىغان ساقچى باشلىقى ئەسلىدە ئاللىقاچان چىرىپ قۇرۇق جەسەتكە ئايلانغان ھەزرەتنىڭ تون قويىنىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئەرۋاھىدىن قورقمىسا بولاتتى. ئەمما ئۇ بۇ ھويلىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ سېتىۋالغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتۇنى ئۇنى «كىشىگە يامانلىق قىلساڭ كۆڭلۈڭ ھەرگىز ئارام تاپمايدۇ» دەپ مازاق قىلاتتى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ھېلىقى «ئاۋاز» بىلەن تەڭ راستتىنلا بىر بومبا تاشلىنىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغاندەك شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىققانلىقىغا ئىشەنمەيتتى ھەم بۇ غەلىتە ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى، بىرەرىگە دېگەن بىلەنمۇ ئىشەنمەيتتى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر «مەرۋايىت بىلەن زۇمرەت، تولۇن ئاي بىلەن مەيىن شامال» لىق بۇ ھويلىدىن كۆچۈپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

«بىلىمدان» قەسرى سېتىلىدىكەن دېگەن خەۋەر سىرتقا

يېيىلىپ، چوڭ - كىچىك كوچىلار ۋە ئاشپۇزۇل ۋە چايخانىلاردا
مۇشۇ ھەقتىكى پاراڭلار ئاۋۇپ كەتتى. بەزىلەر نەرخىنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ماغدۇرىنى دەڭسەپ باقتى، بەزىلەر بۇ
ھويلىنى كىم سېتىۋالالايدىكىن دەپ تاماشا كۆرۈشكە ئالدىرى-
دى، بۇنداقلار كۆپ ساننى تەشكىل قىلاتتى. بىر قىسىم دەللال-
لار ئوتتۇرىدىن پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش قەستىدە يۈرەكلىرىنى قاپ-
تەك قىلىپ ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ بۇنداق ئادەم-
لەرگە ئۆچ ئىدى. دەسمايە سالماي تىجارەت قىلىپ كەلگەن بۇ
ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشىغا ھاجىتى چۈشەر-
مىدى؟ ئۇ : «ئالارمەن بولسا، ئۆزى كېلىپ مەن بىلەن كۆ-
رۈشسۇن! كېلىشتۈرگۈچىلەر بوسۇغامغا يېقىن يولىمىسۇن»
دەپ جاكارلىدى.

ئۇ بىكار تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيدىۋېتىپ، ھەقىقىي
ئالارمەننى كۈتۈپ ئۆيدە ئولتۇردى، ئۆي - مۈلۈك سودا ئورنىغا
بېرىپ ئاغزىنى ئۆپرىتىپ يۈرمىدى، ئۆزىنىڭ بۇ ھويلىنى ھامان
سېتىۋېتەلەيدىغانلىقىغا، مال تونۇيدىغان بىرىنىڭ پۇلنى كۆتۈ-
رۈپ ئالدىغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىر كۈنى، بىرەيلەن كېلىپ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شا-
راقلاتتى. مېھماننىڭ ئالدىغا خىزمەتكار چىقىپ، مېھماننى مېھ-
مانخانىغا باشلاپ قويۇپ، ئاندىن خوجايىنىنى چاقىردى. ساقچى
باشلىقى بۇ كىشىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇ
ئوتتۇز ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئۇچىسىغا كۈل رەڭ يەكتەك،
پۇتىغا لاتا خەي، بېشىغا شىلەپە كىيگەن، گەرچە ئېگىز بولمى-
سىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئورۇق، چىرايى قارا، پېشانىسى كەڭ،
چېچىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىغان، قاشلىرى ئېگىزرەك، نۇرلۇق
كۆزلىرى ئىچكىرى كەلگەن، تەقى - تۇرقىدىن زېرەك ۋە قابى-
لىيەتلىكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ساقچى باشلىقى
كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپلا، ئۆزىنىڭ ھەر خىل كىشىلەر بىلەن

مۇئامىلە قىلىشقان ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كەلگەنلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئاساسەن بىلىۋالاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ كىشى كىچىك خىزمەتچى ياكى ئوقۇتقۇچى ياكى بوغالتىر بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۆيىنى ئالغىلى كەلگەن ئەمەس، دەۋا ـ دەستۇر ئىشى بىلەن كەلگەن دەپ ئويلاپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ توڭلۇق بىلەن:

— مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشىدىن.

— ئاڭلىسام، بۇ ھويلا سىلىگە كىچىكلىك قىلىپ قاپتۇ، ئالماشتۇرماقچىكەنلا، — دېدى كەلگەن مېھمان. مېھماننىڭ «ئالماشتۇرۇش» دېگىنى «ھويلىنى ساتىدىكەنلا» دېگىنى ئىدى، مېھماننىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ ساتارمەننى ھۆرمەتلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەئە، — دېدى ساقچى باشلىقى جاۋابەن. بۇ ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ خىزمەتكار ئايالغا چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

— ئاۋارە بولمىسۇن، — دېدى مېھمان، — بىز ئاۋۋال ئۆيلەر توغرۇلۇق پاراڭلىشايلى . . .

ساقچى باشلىقى، بۇ گېپى ئوچۇق ئادەمكەن، ئۆيىنى سېتىۋېلىشقا شۇنچىلىك ئالدىرايدىكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىمۇ ئالدىرايتتى. ئۇ خىزمەتكار ئايالنى چىقىرىۋېتىپ، مېھمانغا:

— خوش، قۇرۇق گەپنى قويۇپ نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. سىلى كىمنىڭ ئورنىدا بۇ ئۆيلەرنى كۆرگىلى كەلدىلە؟ نېمىشقا شۇ ئادەم ئۆزى كەلمەيدۇ؟ — دەپ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى.

مېھمان مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ئۆزۈم سېتىۋالماقچى! — دېدى.

«ھە؟ بايا نېمىشقا بىلمىگەندىمەن، بۇ كىشى نەدىمۇ مېنىڭ
ھويلامنى سېتىۋالغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە كىشىگە ئوخشىسۇن؟»
ساقچى باشلىقى تېگىرقاپ قالدى. خەق ئالىمەن دېگەندىكىن،
ئۇمۇ مۇئامىلىسىنى يۇمشىتىشقا مەجبۇر بولۇپ: «سېنىڭ . . .
سىزنىڭ فامىلىڭىز؟» دېدى. مېھماننىڭ ئات - جۇننى سوراش
ئەمدى ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنىدى. ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ تۆيۇلـ
دىغان «سەن»نى «سىزگە» ئۆزگەرتتى.
— پېقىرنىڭ فامىلىسى خەن، — دېدى مېھمان سەل
ئېگىلىپ.
— خەن ئەپەندى، — دېدى ساقچى باشلىقى ئۇنى ھۆرمەت
قىلىپ. بىراق ئۇ ئاتتىن چۈشكەن بولسىمۇ ئۇزەڭگىدىن چۈش -
مەيتتى، — ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقسىلا، ئاندىن نەرخى توغرۇ-
لۇق سۆزلىشەيلى.
— كۆرمىسەممۇ بولىدۇ، — دېدى مېھمان، — تۆردىكى
ئەيلەرگە سىلى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلمەستىن بۇرۇن نەچچە
كىرگەنمەن. سىلى كۆچىدىغان بولۇپ قاپلا، شۇڭا ئالاي دېدىم.
ئۆزلىرى باھا قويسىلا. . .
ساقچى باشلىقى ھەيران بولدى. بۇ كىشىنىڭ بۇ جايغا
بۇرۇنلا كۆزى چۈشكەن ئوخشايدۇ، كۆرمەيلا ئالىمەن دەيدۇ،
نېمىدېگەن ياخشى. بۇ ھال مەيلى ئالارمەننىڭ ياكى ساتارمەننىڭ
بولسۇن، ھەر ئىككىسىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ساقچى باش-
لىقى ئىچىدە خۇشال بولۇپ بۇ ھويلا ھەقىقەتەن ياخشىكەن دېگەن
نەرسىنى ئويلىدى. ناۋادا ھېلىقى «ئاۋاز» ئارامىنى بۇزمىغان
بولسا، بۇ جاينى سېتىشقا ئۇنىڭ كۆزى قىيمىغان بولاتتى.
بىراق، ساتمىسا بولمايتتى، مەيلى نېمە بولسۇن، بۇ لەنىتى
جايدىن كېتىشى، بۇ جاينى چىن كۆڭلىدىن سېتىۋالغۇسى كەلـ
گەن بۇنداق ئالارمەننى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كېرەك ئىـ
دى. ئۇ كۆڭلىدە دىتلاپ قويغان باھانى ئىككى ھەسسە قاتلاپ:

— گېپى ئوچۇق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، مەنمۇ نەق گەپنىڭ ئۆزىنى قىلاي، ماڭا بىر تۈمەن تەڭگە بەرسىلە! — دېدى.

ئۇ قارشى تەرەپ بۇ باھانى قوبۇل قىلامدۇ - يوق، تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ باھا تالاشماقچى بولغانىدى، قارشى تەرەپنىڭ باشقا گەپ قىلماستىن «ماقۇل» دەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

ساقچى باشلىقى تېڭىرقاپ قېلىپ باھانى يەنە ئۆستۈرمەكچى بولدى، بۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ:

— يەنە بىر گەپ، خەن ئەپەندى، مەن ئۆيلەرنى ساتىمەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھېلىقى دالدا تام يوق، ئۇنى سۆكۈپ ئەكېتىمەن، — دېدى.

— بۇ... دالدا تاممۇ ھويلىنىڭ بىر قىسمى — دېدى ئالارمەن ئىككىلىنىپ، — مەن بۇ ھويلىنى ئالىمەن، دالدا تاممۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، باھاسىنى سۆزلىشەيلى

— ئەمىسە ئىككى مىڭ تەڭگە بەرسىلە! — دېدى ساقچى باشلىقى قارشى تەرەپنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ تۇزۇت قىلمايلا.

— ماقۇل، — دېدى ئالارمەن لەۋزىدە تۇرۇپ، — ئەمىسە كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلسىلا، سودا پۈتتى، — ساقچى باشلىقى بۇنى كۈتمىگەنىدى.

— مەن كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كۆچۈپ كىرسىلە، — دېدى ئۇ ئالارمەننىڭ ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىپ قېلىپ يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — سىلىمۇ پۇلنىڭ ئېپىنى قىلارلا

— بىرنەچچە كۈن ساقلىسام ساقلاي، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ئالارمەن، — پۇلنىڭ ئىشىغا كەلسەك، سىلى ئادەم ئەۋەتىپ بىر تۈمەن پۇلنى دۇكاندىن ئېلىۋالسىلا، بۇ ئالدىن بەرگەن

زاكالەت بولۇپ قالسۇن، قالغان ئىككى مىڭنى سىلى كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن بېرەي، قانداق دەيلا؟

ساقچى باشلىقى ھەيران قالدى. بۇنداق ئالارمەننى كىم كۆرگەن؟ ئۇ باھانى دېۋىدى، ئالارمەن باھا تالاشماي بىر تۈمەننى شۇ كۈنىلا بەرمەكچى بولدى، ئالدى - ساتتىدا نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن؟ زاكالەت پۇلنىڭ ئۈچ ئۈلۈشىنى ئالدىن بەرگىنى چوڭ ئىش ئىدى، بۇ كىشى. . . ئۇنىڭ نەچچىلىك پۇلى باردۇ؟ ئۇ كىم. . .

— سىلىنىڭ فامىلىلىرى؟ — دەپ سورىدى ئۇ. بۇنى ئۇ بايامۇ سورىغانىدى.

— پېقىرنىڭ فامىلىسى خەن.

— ئىسىملىرى؟

— خەن زىچى.

— ۋاي - ۋۇي! — ساقچى باشلىقى گويا قولاق تۈۋىدە چاقماق چاقىقاندەك ئىختىيارسىز تۇۋلىۋەتتى ھەيران بولۇپ، — ھېلىقى قاشتاش ئويمىكەش خەن خوجايىن سىلى بولامىلا؟ دىدار غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت! شۇڭلاشقا. . . — ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، چۈنكى ئەھۋال ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە:

— بۇ ھويلا سىلىگە ئۆتتى ئەمىسە. كۆزلىرى مال تونۇي - دىكەن! — دېدى.

مالنىڭ مال تونۇيدىغان ئادەمگە سېتىلىشى ساتارمەن ۋە ئالارمەن ئۇچۇنمۇ شەرەپ ئىدى. ئۇلار سودىدا پۈتۈشكەندىن كېيىن خۇشال بولۇشتى.

ساقچى باشلىقى «قاشتاش مەستانىسى»نىڭ ئەرۋاھىدىن قۇتۇلغانلىقىغا ئىچىدە خۇشال بولدى. خەن خوجايىننىڭ بۇنىڭ-دىن چۈچۈپ ئويغىنىپ كېتىشلەرگە قانداق تەييارلىقى بار، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كارى يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

خەن زىچى بۇ مەرەز ساقچى باشلىقىنى كۆچۇرۈۋەتكەنلى-
كىگە ئىچىدە خۇش بولدى. ئۇزۇندىن بۇيان كۆزى چۇشكەن بۇ
هويلا ئاخىر ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى.

خەن زىچىنىڭ قاشتاش دۇكىنىنىڭ ئەينى يىللاردا پايتەختى-
تە خېلىلا نامى بار ئىدى، «چىجېنجەي» دېسە«تۇڭرېنتاڭ»،
«نېيلەنشى»، «رۇيفۇشياڭ»... دېگەن دۇكانلار بىلەن تەڭ
تىلغا ئېلىناتتى، ئۇنى بىلمەيدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ هېچنېمىدىن
خەۋىرى يوقلۇقىدىن ئاغرىناتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى،
چىجېنجەيدە دورا، گەزمال، ئاياغ ۋە باش كىيىم، يېمەك ـ ئىچمەك
سېتىلمايتتى، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئەمما
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان قەدىمىي قاشتاش بۇيۇملىرى، مەرۋا-
يىت ۋە زۇمرەت سېتىلاتتى. بۇ دۇكان جىڭياڭمېننىڭ سىرتى-
دىكى چوڭ كوچىنىڭ غەرب تەرىپىگە، چېتەن تامىنىڭ شىمالىدى-
كى كوچىغا جايلاشقانىدى. بۇ ئەتراپ يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا
قايناق بازار ئەمەس، پەقەت گۇرۇچ، ئۇن، توخۇ، غاز، تاۋار ـ
دۇردۇن، باش كىيىم، تۇمۇر ئەسۋابلار سېتىلىدىغانلا بازار
ئىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئېسىل تاش دۇكانلىرى پايتەختىنىڭ
شىمال تەرىپىگە مەركەزلەشكەنىدى. مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن
سودا مەركىزى جەنۇبتىن جىڭياڭمېننىڭ ئىچىدىكى چىپەن كو-
چىسى ئەتراپىغا يۆتكەلدى. يوڭلېننىڭ دەسلەپكى يىللىرى هۆ-
كۈمەت سېپىلدا دۇكانلارنى سېلىپ، ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ سو-
دىگەرلەرگە ئىجارىگە بەردى. ئورنى ياخشى دۇكانلارنى دۆلەتمەن
سودىگەرلەر ئالدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چيەنمېننىڭ سىرتى
مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىنمۇ بەك ئاۋاتلىشىپ كەتتى. «ئاس-
تانىنىڭ كۆزى بولۇپ ئاتالدى بۇ يەر، يوقتۇر بۇنداق ئاۋات
رەستە ئىقلىمدىمۇ». بۇ كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا دوكانلار قەد
كۆتۈرگەن، يايمىلار كوچىنى بىر ئالغانىدى، هەر ياقتىن كەل-

گەن سودىگەرلەر مۇشۇ يەرگە يىغىلاتتى. كوچىدا كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. «شەرق بىلەن غەرب ماكانىدۇر دۆلەتمەنلەرنىڭ، جەنۇب بولسا ماكانى توخۇ ـ بېلىق، ئۈچار ـ قۇش، گۈل ـ گىياھلارنىڭ، قاق ئوتتۇرىسى شەھەرنىڭ ماكانىدۇر لەئەل ـ جاۋاھىراتلارنىڭ». «لەئەل ـ جاۋاھىراتلارنىڭ» ماكانى بولغان «شەھەر ئوتتۇرىسى» چيەنمېننىڭ سىرتىدىكى ئاۋات سودا مەركىزىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چىرايلىق ئۈنچە ـ مەرۋايىت دوكانلىرى كوچىنىڭ مەركىزىگە، قەدىمىي قاشتاش بۇيۇملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار كوچىنىڭ ئاياغ تەرەپلىرىگە جايلاشقانىدى. قاشتاش ئويمىكەشلىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش كەسىپنىڭ ئالدى، قاشتاش دۇنيادىكى تاۋارلارنىڭ سەرخىلى ئىدى. «ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ باھاسى بار، قاشتاش بىباھا» ئىدى، بۇنى بارچە ئىقلىم بىلەتتى. ئالدىنقى چىن دەۋرىدىكى خېشى قاشتېشىنىڭ باھاسى ئون بەش شەھەرنىڭ باھاسىغا باراۋەر ئىدى؛ جەنۇب ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى دوڭفۇن بېگىنىڭ ئامراق كېنىزىكىگە بەرگەن بىر تال كەھرىۋانىڭ باھاسىنى ھازىرقى پۇلغا چاققاندا بىر مىليون يەتتە يۈز مىڭ يۈەنگە توغرا كېلەتتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې يىللىرىدا بىر قىزىل ياقۇتنىڭ باھاسى تۆت يۈز مىڭ يارماق، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خانىش سى شىنىڭ تاۋۇز شەكىللىك يېشىل ياقۇتىنىڭ باھاسى بەش مىليون سەر كۈمۈش ئىدى. . . مۇشۇلارغا سېلىشتۇرغاندا چىجېنجەينىڭ خوجايىنى خەن زىچىنىڭ بىر تۈمەن تەڭگە خەجلەپ بىر ھويلا سېتىۋالغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. تېرىقتەك بىر تال قاشتاشنىڭ مېھرىدىن كېچىش بىلەن ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى خارابلىشىپ كەتمەيتتى.

خەن زىچىنىڭ چىجېنجەيي دۇكىنى غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان تارىخنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، دۇنيادىكى مۆجىزاتلارنىڭ ۋە ئىنسان ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا كىشىنىڭ

زوقىنى قوزغايدىغان ھەم تېگىگە يېتىشكە قىزىقتۇرىدىغان سىر ئىدى. . .

مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي پايتەخت. بۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ مىڭ يىللىق تارىخىي قاشتاش تارىخى. بۇ پايتەختكە بىھېساب قاشتاش توپلانغان، تالاي ھۈنەرۋەنلەر مۇشۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن، تالاي مۆجىزىلەر مۇشۇ يەردە يارىتىلغانىدى. بېيخەي چىڭگۇاڭ سارىيى ئالدىدىكى «قاشتاش كۆل» دىن قاشتاش ئويمىكەشلىكىنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ مۆجىزە ئەسلى چيۇڭخۇاداۋ ئارىلىدا ئىدى. قوبلايخان ئۇنى پۈتۈن پېتى ۋەزىرلىرى بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزگەندە هاراق قاچىلايدىغان كۈپ قىلدى. نەقىشلەنگەن بۇ كۈپنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ مىڭ بەش يۈز جىڭ كېلەتتى، ئوتتۇز دەندىن كۆپرەك هاراق پاتاتتى. دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان غايەت زور بۇ قاشتاش بۇيۇمنى ياساش ئۈچۈن ئون بەش يىل ۋاقىت كەتتى. بۇ، قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ئىدى. جىن سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىغىچە ئوتتۇرىدا ئىككى سۇلالە ئۆتتى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈمەت بېيجىڭغا ھۈنەرۋەنلەرنى يىغدى. شۇنىڭ بىلەن قاشتاش ئويمىكەشلىكى كۈنسايىن تەرەققىي قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ يىللىرى قاشتاش ئويمىكەشلىكى ۋايىغا يەتتى ۋە ئىش تۈرى ئېنىق ئايرىلدى. تاراشلاش، پەرداز بېرىش، سىلىقلاش ۋە پارقىرىتىش دۇكانلىرى مەخسۇس خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز قاشتاش سەنئەت بۇيۇملىرى، بېزەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياساش بىلەن بەند ئىدى. قاشتاشتىن ياسالغان لوڭقا، ئاتەشدان، داڭقان، جام، زىبۇ ـ زىننەت، كىيىم، ئات ۋە هارۋا جابدۇقلىرى، قاچا ـ قومۇچ، قەدەھ، شاراب چەينەكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدىن چىقاتتى. قاشتاشتىن ھەيكەل ئويۇش،

شاھانە تامغا ياساش ۋە قاشتاشقا خەت چېكىش قاتارلىق كەسىپ-
لەرمۇ بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىچكى -
تاشقى ئاپەت تۇپەيلىدىن قاشتاش بۇيۇملىرى كەسپىي زاۋاللىققا
يۈزلەندى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ، ياۋروپا بىلەن
ياپونىيىدە ئىقتىساد گۈللەنگەندىن كېيىن، سەنئەت بۇيۇملىرىغا
بولغان ئېھتىياج بېيجىڭنىڭ قاشتاش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرى-
شىنى ئالغا سىلجىتتى. شۇنداق قىلىپ، 18 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرى قاشتاش بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش دولقۇنى كۆتۈ-
رۈلدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى بېيجىڭدا ئۈنچە - مەرۋا-
يىت ۋە قاشتاش دۇكىنى قىرىقتىن، قاشتاش پىششىقلاش دۇكى-
نى ئوتتۇزدىن، ئاسارئەتىقە دۇكىنى يۈزدىن ئاشتى. چۈڭمېن
دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى گۈل بازىرى بىلەن چيەنمېننىڭ
سىرتىدىكى ئاساسلىق كوچىلار ۋە تەنئېر، ياڭرو كوچىلىرىدا
قاشتاشنى سىلىقلىغاندا چىقىدىغان «شار - شۇر» ئاۋاز ئەتىدىن -
كەچكىچە كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. قاشتاش
كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار ئالتە مىڭدىن ئارتۇق
ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇرراق دۇكانلاردىن چۈڭمېن
دەرۋازىسى سىرتىدىكى باۋجېنجەي، شەرقىي دەرۋازىدىكى دېباۋ-
جەي، ياڭشى كوچىسىدىكى فۇرۇنجەي، ۋە كۇەيشىڭجەي، كې-
يىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يىجېنزۇڭ، تيەنجېجەي، جىشىڭچىڭ
قاتارلىقلار بار ئىدى. چىجېنجەي ئۇ چاغدا سودىسى كاسات،
نامى چىقمىغان دۇكان ئىدى، كۇچلۇكلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن
ئېلىشقا ماجالى يەتمەيتتى، شۇڭا دۇكان كىچىك ئىدى. ئىككى
ئېغىز ئۆي دۇكان قىلىنغان، قالغان نەچچە ئېغىز ئۆي ئولتۇ-
راق ئۆي ئىدى. دۇكان گەرچە كىچىك بولسىمۇ، «قاشتاش
مەستانىسى» يېزىپ بەرگەن ۋىۋىسكا دۇكاننىڭ ئۈستىگە ئېسىل-
غانىدى. سودا ئىشى بىلەن كەلگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ يەرنى پۇقرالارنىڭ ئولتۇراق رايونى دەپ

www.uyghurkitap.com

بىلەتتى.

چىجېنجەيىنىڭ خوجايىنى لياڭ يىچىڭ ئىدى. ئۇ قاشتاش
تاراشلاشقا ئالامەت ئۇستا ئىدى. ئۇ قاشتاشتىن ئويغان لوڭقا،
ئاتەشدان، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار ـ قۇش، بېلىق ـ قوڭغۇز،
قىلىچ، ئات ۋە ئادەم، راۋاق ۋە شىپاڭ، قېيىق، هارۋا، تاغ ـ
دەريالار ئاجايىپ نەپىس ئىدى. ئۇ بىر قاراپلا قاشتاشنىڭ ناچار
ياكى ئېسىللىقىنى بىلىۋالاتتى، قاشتاشنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ،
شەكلىگە ئاساسەن تاراشلاپ، قاشتاشقا جان كىرگۈزۈۋېتەتتى.
لېكىن لياڭ يىچىڭ هۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، جىمى-
غۇر، كەم سۆز هەم ساۋاتسىز بولغاچقا، ئۇنىڭدا تىجارەت ساهە-
سىدىكى مۇئامىلە ۋە پۇت تېپىشىشقا قابىل نورغۇدەك ماغ-
دۇر يوق ئىدى. ئۇ دۇكاندىن چىقماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش-
نىلا بىلەتتى، مەهسۇلاتلىرىنى هەرقايسى ئاسارئەتىقە ۋە قاشتاش
دوكانلىرىغا ئۆتكۈزەتتى. «خۇيىۋەنجەي» نىڭ خوجايىنى پۇ خو-
جايىن ئۇنىڭ قولىدىن چىققان بۇيۇملارنى ئاز مىقداردا چەت ئەل
بازارلىرىغا چىقىرىپ، كۆڭۈلدىكىدەك باهادا ساتاتتى. لياڭ
يىچىڭ مال بۇيرۇتقۇچىدىن زاكالەت پۇلنى ئېلىپ، هۈنىرى
بىلەن جان باقاتتى، زارلىمايتتى. تاپقىنىغا شۈكۈر ـ قانائەت
قىلاتتى. ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ بالا ـ چاقىلىرىنى قامدايت-
تى. چىجېنجەي ئۇزۇن يىل بولدى، تازا روناق تاپالمىدى.
لياڭ يىچىڭ قىرىق ياشقا كىرگۈچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى،
كېيىن ئايالى ئۇنىڭغا بىر جۈپ قىز تۇغۇپ بەردى. بۇ ئىككى
قىز ئاپىسىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، تېرىلىرى
خۇددى قاشتاشتەك ئاق هەم پارقىراق ئىدى. چوڭىنىڭ ئىسمى
جۇنبى، كىچىكىنىڭ ئىسمى بىڭيو ئىدى. قىزلارغا بۇ چىرايلىق
ئىسىملارنى لياڭ يىچىڭ «بىلىمدان» هويلىسىدىكى ئوقۇمۇش-
لۇق هەم قەدىمىي ئاسارئەتىقە بۇيۇملىرىغا خۇشتار ھەزرەتكە
قويغۇزغانىدى. ئەر ـ خوتۇن لياڭ يىچىڭلار چاقىرماققا ئاسان

بولۇش ئۈچۈن قىزلىرىنى ئادەتتە «بىئېر»، «يۇئېر» دەپ چاقىراتتى، ئۇلارنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. بىئېر بىلەن يۇئېر سەككىز ياش پەرقلىنەتتى. يۇئېرنىڭ ئايىغى چىققاندا، بىئېر ئاپىسىنىڭ قولىنى سوۋۇتۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرەتتى، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغاتتى، ياماقچىلىق قىلاتتى، كىر يۇياتتى، تاماق ئېتەتتى، ھەممە ئىشقا يېتىشەتتى، ئاپىسىدىن بەكرەك جانغا ئەسقاتاتتى. ئۇ ئەقىللىق، چېچەن، ئىدىتلىق قىز ئىدى، ئائىلىسىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىغا ئاپىسىدىن پۇختا ئىدى، گەرچە خەت تونۇمىسىمۇ كۆڭلىدە ناھايىتى توغرا ھېسابلاپ چىقالايتتى. ئون ئىككى، ئون ئۈچ ياشلارغا كىرىپلا ئاپىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، لياڭ يىچىڭنىڭ كىچىك كاسسىرى بولۇپ قالدى. لياڭ يىچىڭ بەزىدە دۇكاندا ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالسا، بىئېر مېھمان كۈتەتتى، پۇل يىغاتتى، مال ئاپىراتتى ھەتتا دادىسىغا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىشىپ بېرەتتى. لياڭ يىچىڭ ئۇنى رەسمىي ھۈنەرگە سالمىدى، بىرىنچىدىن، قاشتاش تاراشلاشتەك بۇ جاپالىق ئىش قىز بالا قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھۈنەرۋەنلەر ھۈنىرىنى قىزلىرىغا ئۆگەتمەيتتى، چۈنكى قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى ئىدى. لياڭ يىچىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىئېر يوق چاغلاردا ئايالىغا قاراپ خورسىنغان ھالدا: «ھەي ئىسىت، قىز بالا بولۇپ قالدى ـ دە، ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسىچۇ. . .» دەپ قوياتتى.

بۇنداق چاغدا ئايالى قاتتىق خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى سىلىپ، تەن بەرمىگەندەك قىياپەتتە: «ئاللا نېمە بەرسە شۇ. . .» دەيتتى. ئۇ گەرچە تۇغۇت يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاللانىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە بىر ئوغۇل بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

لياڭ يىچىڭلار ئاللاغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار

www.uyghurkitap.com

ئىدى. كاتتا پايتەختتە خۇيزۇ مىللىتىنىڭ ئەۋلادلىرى پايتەخت ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار قاشتاش ئويمىكەشلىكى ساھەسىدە تېخىمۇ ئاز ئىدى. لياڭ يېچىڭنىڭ تالا - تۈزگە چىقماي، بىرەرى بىلەن سەن - پەن دېيىشمەي، يارىلىشىدىن تارتىپ بېكىنمە ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقى مۇشۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.

مىنگونىڭ 8 - يىلى باش يازنىڭ بىر كۈنى، كوچا ئاغزىدىن باققالنىڭ «. . . گىلاس ساتىمەن! چىلان، تاڭزۇڭزا ساتىمەن» دېگەن ئاۋازى كەلدى. . .

بىئېر يۈئېرنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىدىن چىقىپ، باققالنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. يالاڭ چاقلىق ھارۋىنىڭ ئۈستىدە يوغان سېۋەت، بىر پارچە كۆك لاتا يېپىلغان سېۋەتكە لىق گىلاس قاچىلانغان، سېۋەتنىڭ يېنىدا سۈپسۈزۈك قۇدۇق سۈيى ئېلىنغان بىر كۈپ تۇراتتى. باققال توۋلىغاچ، گىلاسلارغا ھەدەپ سۇ چاچاتتى. گىلاسلارنىڭ ئۈستىدە سۇ تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ، گىلاسنى ئالماي قويمايتتى. بىئېر باققالغا ئىككى تەڭگە بەردى. باققال سىدام پىيالىدا ئىككى پىيالە گىلاس ئېلىپ، ياپيېشىل نېلۇپەر يوپۇرمىقىغا تۆكتى. بىئېر گىلاسنى ئېلىپ، يەمەيلا يۈئېرنى يېتىلەپ ھويلىسىغا قايتتى.

لياڭ يېچىڭ بىر خىلدا ئىشلەۋاتاتتى. بىئېر:

— دادا، بىردەم ئارام ئال، گىلاس يەمسەن؟ — دېدى بوش ئاۋازدا دادىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ. دادىسى كەينىگە قارىماي:

— ئۇنى خەنزۇلار يەيدۇ، ھارام! — دېدى. .

— گىلاس، بۇ دېگەن گىلاس، دادا، بىرنەچچە تاللا يېسەڭ ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

لياڭ يېچىڭ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ كەينىگە قارىدى،

نېلۇپەر يوپۇرمىقىدىكى گىلاس يېشىل تاۋاقتىكى ھېقىققا ئوخ-
شايتتى.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق، ئەتە قاشتاشتىن مۇشۇنىڭ-
غا ئوخشاش گىلاس ئويىمەن، — دېدى لياڭ يىچىڭ.

بىئېرنىڭ يېنىدا تۇرغان يۇئېرنىڭ نەپسى تاقىلداپ كەتكە-
نىدى، دادىسىنىڭ گىلاسقا قول ئۇزاتمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۈكۈ-
رۈكىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. لياڭ يىچىڭ كۆيۈنگەن ھالدا
كۈلۈپ:

— مەن يېگەندەك بولدۇم، سىلەر يەڭلەر! — دېدى.

ئىككى قىزى قاشتاشتەك ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن گىلاس-
نى چىمداپ ئېلىپ ئېغىزلىرىغا سالدى. بىر يېرى تاتلىق، بىر
يېرى ئاچچىق - چۈچۈك گىلاس تەملىك ھەم مۇزدەك ئىدى.
لياڭ يىچىڭ قىزلىرىنىڭ قاشتاشتەك سۈزۈك چىرايىغا، گىلاس-
تەك قىپقىزىل مەڭزىلىرىگە قاراپ، كۆڭلىدە يەنە بىر كۆرۈ-
نۈش پەيدا بولدى. ئۇ ۋۇجۇدىنى چىرماپ ئالغان ھارغىنلىقنى
ئۇنتۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ جاپالىق ھەم تۈگىمەيدىغان ئىشىغا
كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ ئىش قىلىدىغان چاقلىغۇچ «سۇ ئورۇندۇقى» دەپ ئاتى-
لاتتى. بۇ ناھايىتى ئاددىي قۇرۇلما ئىدى. ئورۇندۇققا ئورنى-
تىلغان ئوق قاشتاشنى سىلىقلايدىغان چىشلىق چاقسىمان پىچاق-
نى ئايلاندۇراتتى. قاشتاشنى سىلىقلايدىغان ئالماس كاربورۇ-
نىدنىڭ ئۈستىدە كىچىك بىر تۆشۈك، ئاستىدىكى ئۈچ بۇلۇڭلۇق
تىرىگۈچتە بىر داس بار ئىدى. لياڭ يىچىڭ ئولتۇرۇپ ئىش
قىلاتتى. سۇ ئورۇندۇقىنىڭ ئاستىدىكى تەپكۈچنى توختىماي
تېپىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدىكى توغرا ئوقنى ئايلاندۇراتتى،
شۇنىڭ بىلەن پىچاق ھەرىكەتلىنەتتى. قاشتاشنى سول قولىدا
تۇتۇپ پىچاقنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا تەگكۈزەتتى، ئوڭ قولىدا كاربو-
رۇندنى بىر خىل ئايلاندۇرۇپ، پىچاق بىلەن قاشتاشنىڭ ئارى-

سىغا سۈركەيتتى. ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن پات ـ پات سۇ قۇيۇشقا توغرا كېلەتتى. «سۇ ئورۇندۇقى» دېگەن ئاتالغۇ مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىدى. سايمان گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ھۈنەر ئىنتايىن قىيىن ئىدى. بۇيرۇتمىنى سىلىقلاش ئۈچۈن ھەر خىل پىچاقلارنى ئالماشتۇرماي بولمايتتى. شەكلى ھەر خىل، ئايلانمىسى ئوخشاش بولمىغان، مۇدۇر ـ چۇقۇر بۇيرۇتمىلار ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كارامىتى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاتتى. ئىشقا كىرىشكەندە، كاسىپلارنىڭ قول ـ پۇتلىرى چاققان بولۇپ كېتەتتى، پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايتتى، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەيتتى. يۈرىكى شەكىلسىز يىپقا ئىلىپ قويۇلغاندەك، كاسىپ ناھايىتى ئاستا ھەم ناھايىتى ئېغىر تىناتتى. قاشتاشنى سىلىقلىغان چاغدىكى «شار ـ شۇر» ئاۋاز ھەممە ئاۋازنى باسقان، ھەممىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغانىدى. لياڭ يىچىڭ ئىش قىلغاندا جىمى دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

يېقىندىن بېرى بېيجىڭ شەھىرى تىنچ ئەمەس ئىدى، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تيەنئەنمېن مەيدانىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ نامايىش قىلدى، جاڭ قەسىرىگە ئوت قويۇۋەتتى، جاڭ زوڭشاڭنى دۇمبالىدى. «بىلىمدان» قەسرىدىكى ھېلىقى ھەزرەت نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا قاشتاش كۆرگىلى كېلىپ، مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق غەزەپ بىلەن بىلەن سۆزلەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پارىژدا ئېچىلغان تىنچلىق يىغىنىغا جۇڭگودىن ۋەكىل بېرىپ، يەن شىكەي چەت ئەللىكلەر بىلەن تۈزگەن «21 ماددا» نى بىكار قىلىشنى، چىڭداۋنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان. «زەپەر قۇچقان دۆلەت» نىڭ بۇ تەلىپى رەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاسىيلارنى جازالاش» ھەرىكىتى قوزغالغان. پېشقەدەم ھەزرەت «دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئادەمنىڭ يوق» لۇقىدىن

غەزەپلەنگەنىدى. لىياڭ يىچىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ھەم چۈشەندى ھەم
چۈشەنمىدى، ئۇ پەقەت قاشتاشنى ئىدارە قىلىشنىلا بىلەتتى،
شۇڭا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى قانداق چۈشەنسۇن؟ ئۇ پېشقەدەم
ھەزرەتنىڭ كۆڭلىگە بەرھەم بېرەلمىدى، ئارىدا قاشتاش توغرۇ-
لۇق كۆڭۈلسىز پاراڭ بولۇندى. بازار ئەھۋالىنىڭ ياخشى -
يامان بولۇشى لىياڭ يىچىڭنىڭ تىرىكچىلىكىگە، چىچېنجەيىنىڭ
گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. . .

لىياڭ يىچىڭ ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى، پەرىشانلىقلارنى كۆڭلى-
دىن چىقىرىۋەتتى، كۆڭلىدە پەقەت قاشتاشلا بار ئىدى.

تالادىن بىردىنلا دەرۋازا قېقىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

لىياڭ يىچىڭ قولى ئىشتا بولغاچقا، دەرۋازا ئېچىشقا بىئېر-
نى بۇيرۇدى. مەيلى بۇيرۇتمىسىنى ئالغىلى كەلگەن كونا خېرى-
دار ياكى پۇل تاپشۇرغىلى كەلگەنلەر بولسۇن، ئىشقىلىپ،
ھەممىسىنى بىئېرنىڭ تونۇيدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى.

بىئېر تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېدى، ناتونۇش
ئىككى ئادەم كىردى. ئۇلارنىڭ بىرى قېرى، بىرى كىچىك بالا
ئىدى، قېرى ئادەم ئاتمىش ياشتىن ئاشقان، ئېگىز بويلۇق،
گەۋدىلىك كەلگەن، چىرايى قىزغۇچ، كەڭ پېشانىلىك، قاڭ-
شارلىق، ئىچكىرى كۆزلىرى نۇرلۇق، ئاپئاق ساقاللىق، بېشى-
غا «دەستار» ئورىغان، ئۇچىسىغا كۆك دېسە كۆك ئەمەس،
كۇل رەڭ دېسە كۇل رەڭ ئەمەس كونا يەكتەك كىيىۋالغان،
پۇتىغا چىغ چورۇق تارتىۋالغانىدى. ئون ياشتىن ئاشقان ئوغۇل
بالىنىڭ بويى ئېگىز ئەمەس، قارىمۇتۇق، قاش - كۆزى جايىدا،
تاقىرباش، رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان كۆڭلەك بىلەن
ئىشتان كىيگەن، يەڭ ۋە تىزلىرىغا ياماق چۈشكەنىدى. تەقى -
تۇرقلىرىدىن سەرگەردانلارغا خاس قىياپەت چىقىپ تۇرغان بۇ
ئىككى ناتونۇش مېھماننى كۆرۈپ بىئېر ئۇلارنى قانداق يولغا
سېلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ:

— دادا، بۇ يەرگە چىقە! — دېدى.

لياڭ يىچىڭ قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ، ئۇمۇ مەڭدەپ قالدى، بۇ بىر قېرى، بىر كىچىك بالىنى لياڭ يىچىڭمۇ تونىمايتتى.

بۇ چاغدا ھېلىقى بوۋاي ئۇنىڭغا سەل ئېگىلىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ سالام قىلدى.

لياڭ يىچىڭمۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سەل ئېگىلىپ، ئالدىراش - تېنەش:

— ۋەئەلەيكوم ئەسسالام — دەپ سالام قىلدى جاۋابەن.

ئۇلار نېمە دېيىشتى؟ بۇنى مۇسۇلمانلارغا ئۆرۈپ بېرىشنىڭ پۈتۈنلەي زۆرۈرىيىتى يوق. بوۋاي: «ئاللا سىلىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي!» دېدى، لياڭ يىچىڭ: «ئاللا سىلىگىمۇ خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي!» دېدى. مۇسۇلمانلار يۈز كۆرۈشكەندە بىر - بىرىگە مۇشۇنداق تىلەك تىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانداشلىقى ۋە ئورتاق ئېتىقادقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق تىلى. ئۇلار مەيلى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بارسۇن، مۇشۇ تونۇش ئاۋازنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى تاپالايدۇ.

ئىللىق ئېقىم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارالدى. ئۇ:

— خۇش، دوستۇم، ئولتۇرسىلا، قېنى ئولتۇرسىلا! — دەپ، مېھماننى ئورۇندۇققا باشلىدى، ئاندىن بىئېرنى چاي ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. لياڭ يىچىڭ دېگەن «دوستۇم» سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئېتىقادتىكى كىشىلا چۈشىنىدۇ. بۇ «ياران»، «قېرىنداش»، «ئۇرۇق - تۇغقان» دېگەنلىك ئىدى. دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار قان - قېرىنداش. جۇڭگودا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئون مىللەت بار، خۇيزۇلارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە. خۇيزۇلارنىڭ تىل يېزىقى يوق، ئۇلار ئاسا-

سەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. لېكىن ھەمىشە بىر قىسىم ئەرەب ۋە پارسچە سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىدۇ. «دوستۇم» دېگەن سۆز كىشىگە ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

بىئېر ئىككى پىيالىگە چاي دەملەپ ئەكىردى. ئىككى مېھمان قوللىرىغا ئېلىپلا «گۇپپىدە» ئىچىۋەتتى. ھېلىقى بوۋاي:

— سەپەر ئۈستىدىكى ئادەملەر بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن بىراۋلارنى ئاۋارە قىلىدۇ، بايا ئىسكىنىڭ ماڭلىيىدىكى قۇرئان يېزىقىدا يېزىلغان «ئايەت» نى كۆرۈپ، سىلىنىڭ بىزگە دوست ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم! — دېدى.

لياڭ يىچىڭنىڭ كۆڭلى يەنە ئىسسىق بولۇپ كەتتى. بۇ ئىككى مېھماننىڭ يول ئۈستىدە، ئۆزى بىلەن ھېچقانداق سودا - سېتىق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۆيىگە كىرگەنلىكى ئۇنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ مۇشۇ كوچىدا شۇنچە ئۇزۇن يىل ئولتۇرۇپ، ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەر دوستىغا بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق بېرىپ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

— تەقسىر، بۇ دۇكاندا نېمە ئوقەت قىلىدىلا؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

لياڭ يىچىڭ جاۋابەن:

— قاشتاش بۇيۇملىرى ئويىمەن: دادامدىن قالغان مۇشۇ ھۈنەردىن باشقا ھۈنىرىم يوق... — دېدى.

— ھە، سىلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمىكەنلا! — دېدى بوۋاي خۇرسەن بولۇپ، — مۇسۇلمانلارنىڭ رىزىق - نېسىۋىسى ئېسىل قاشتاش ۋە قىممەت باھالىق مەرۋايىت - ياقۇتلار بىلەن باغلانغان. خوتەننىڭ قاشتېشى شىنجاڭدىن، يېشىل قاشتاش ئىراندىن، مۇشۈك كۆزلۈك قاشتاش سەيلوندىن، مەرۋايىت سۈرىيىدىن چىقىدۇ...

— تەقسىر، ئۆزلىرى قاشتاشتىن لەززەت ئالىدىغان كاتتا

زاتكەنلا، بىلىدىغانلىرىمۇ زىيادىكەن! ــ دېدى لياڭ يىچىڭ ھەيران بولۇپ. بوۋاي كۈلۈپ:

ــ يوقسۇ، مەن كونا كىتابلاردىن بىرنەچچە جىلدلا ئوقۇ- غان، ئوقۇغانلىرىمنى دەۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەر داۋامى- دا ھەرخىل گەپلەرنى ئاڭلاپ ماڭىمىز! ــ دېدى.

ــ ئۆزلىرى. . . نەدىن كەلدىلە؟

ــ يىراق جايدىن، ــ دېدى بوۋاي، ــ فۇجيەننىڭ چۈەنجۇ دېگەن يېرىدىن كېلىشىم. ئايماق - ناھىيىلەرنى ئارىلاپ، كې- چىسى ئۇخلاپ كۈندۈزى مېڭىپ كېلىۋاتىمەن، بەش - ئالتە يىل بولاي دېدى.

ــ ھە! ــ لياڭ يىچىڭنىڭ بۇ بوۋايغا دەرۋىشلەرگە رەھى- مى كەلگەندەك رەھىمى كەلدى. سىلى بېيجىڭغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى پاناھ تارتىپ كەلدىلىمۇ ياكى دوست - بۇرادەرلى- رىنى يوقلاپمۇ؟ ــ دېدى.

ــ ياقەي، گەپ قىلسام گەپ ئۇزۇن، ــ دېدى ئىككىنچى پىيالە چاينى ئىچىشكە باشلىغان بوۋاي گويا بۇنىڭدىن تالاي زامانلار ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندەك نۇرانە كۆزلىرىنى يۇمۇپ. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن بىردىنلا لياڭ يىچىڭدىن:

ــ ساھابە ھىسامىدىن دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغانمىدىلە؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ چوڭلاردىن ئاڭلىغان، ئۇ چاغلاردا. . . ــ دېدى لياڭ يىچىڭ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقلۇقىدىن قاتتىق خىجا- لەت بولۇپ. ئۇ «ساھابە» دېگەن سۆزنىڭ ئاخۇنلارغا بېرىلىدى- غان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. «ھىسامى- دىن» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ غۇۋا يادىدا ئىدى، لېكىن قايسى يىلى ئاڭلىغانلىقىنى ئوچۇق بىلمەيتتى.

ــ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 2 - يىلى، يەنى ئىسلام كالېندارى- نىڭ 295 - يىلى، مىلادى 996 - يىلى ساھابە ھىسامىدىن

غەربىي دىيار ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن، ــ دەپ گېپىنى باش-
لىدى بوۋاي ئاستا سۆزلەپ، ــ ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن.
چوڭىنىڭ ئىسمى سەدىردىن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ نەسىردىن، كى-
چىكىنىڭ سالاھىددىن ئىكەن، ئۈچىلىسى يېتىشكەن ئۆلىما ئى-
كەن. سۇڭ سۇلالىسى خانى سۇڭ جىنزۇڭ ئۇلارغا قالتىس
ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئەمەل - مەنسەپ بەرگەن، ئۇلار بۇنى
ھەتتىي رەت قىلغان. خان ئۇلارنى مەسچىتتە دىنىي ئىشلارنى
باشقۇرۇشقا قويغان. ھىسامىددىنىنىڭ چوڭ ئوغلى دىن تارقىتىش
ئۈچۈن يىراققا يول ئالغان. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى نامەلۇم.
ئوتتۇرانچى ۋە كىچىك ئوغلى يارلىق بويىچە يەنجىڭغا، دوڭگوغا
بىر مەسچىت، جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىغا بىر مەسچىت سالغان.
جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى مەسچىت ھازىرقى نيۇجېيىدىكى
مەسچىت شۇ...

ــ ھە! ــ يېنىك تىندى لياڭ يىچىڭ. ئۇ خۇددى بۇ
بوۋاي بىلەن مىڭ يىلغا يېقىن تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن-
دەك، شۇ تىنىق بىلەن تومۇرلىرىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان توسۇ-
لۇپ قالغان قانلار راۋان يۈرۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ
بىرىم ئۆمرى ئەجدادلىرى قالدۇرغان ئىزلارنى بىلمەي ئۆتۈپ
كەتكەنىدى.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنبەسىنى بوۋاي تىلغا ئالغان
ساھابە ھىسامىددىن جۇڭگوغا كەلگەن ۋاقىتتىنمۇ كۆپ ئىلگىرى-
كى ۋاقىتتىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ يوڭخۇي يىللىرى، يەنى مىلادى 651 - يىللىرى ئەرەبلەر-
نىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى ئوسمان ئەۋەتكەن ئەلچىلەر چاڭئەنگە
كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشكەن. لېكىن بۇمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ
ئەڭ بۇرۇنقى ئىزلىرى ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدىن بىر يىل
ئاۋۋال چۈەنجۇدا ئەرەبچە: «بۇ ھۇسەيىن بىن مۇھەممەد سىرا-
تىلىنىڭ قەبرىسى، ئۇنى ئاللا رەھمەت قىلغاي. مەرھۇم ھىجرىيە

29 ـ يىلى ۋاپات بولغان» دېگەن مەقبەرە تۆرغۆزۇلغانىدى. بۇ مىلادى 650 ـ يىلى بولغان ۋەقە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «غەربىي دىيار» دىكى مۇسۇلمانلار تۆرلۈك سەۋەبلەر بىلەن جۇڭگوغا كەلگەن ھەم تۇرۇپ قالغان، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئاۋۇپ، بارا ـ بارا «خۇيزۇ مىللىتى» نى شەكىللەندۈرگەن. ساھابە ھىسامىدىنىنىڭ جۇڭگوغا كەلگەن ۋە نيۇجيې مەسچىتى سېلىنغان يىللار توغرۇلۇق تارىخي بوشلۇق بولغاچقا، ۋاقىت ئېنىق ئەمەس. بوۋاينىڭ سۆزلىرى مەسچىتتە ساقلىنىۋاتقان يادنامىلەرگە ئاساسەن تارقالغان پاراڭلارغا ئاساسلانغان. سۇڭ سۇلالىسى خانى سۇڭ جىنزۇڭ دەۋرىدە «جىداۋ» دېگەن يىل نامى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شى جىنتاڭ ئون ئالتە ئايماقنى كىدانلارغا ئايرىپ بېرىشنى يەن يۈنگە بۇيرۇغاندىن كېيىن يەنجىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قارىمايدىغان بولغان. نيۇجيې مەسچىتىنى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان دېگەندىن كۆرە غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان دېگەن تېخىمۇ مۇۋاپىق... لېكىن نيۇجيې مەسچىت سارىيىنىڭ ئېگىز راۋىقى سۇڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. ئەجدادلار قالدۇرغان بۇ مۆرەككەپ سىرلار ھەققىدە كېيىنكى ئەۋلادلار تۈرلۈك ـ تۈرلۈك پەرەزلەرنى قىلىشقان. ساۋاتسىز ھۈنەرۋەن لياڭ يىچېڭ بۇلارنى ئەسلا بىلمەيدۇ. بۇ ئىشلارنى بوۋايدىن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقان لياڭ يىچىڭ ھەيران بولغان ھالدا بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى.

— دىن تارقىتىش ئۈچۈن يىراققا يول ئالغان، كېيىنكى ئىشلىرى نامەلۇم بولغان سەدىردىننى كىشىلەر مىڭ يىلدىن بېرى ئۇنتۇپ كېتىشتى، — بوۋاي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خورسىنىپ قويدى، — سىلى بىلمەيلا، ئۇنىڭمۇ ئەۋلادلىرى بار. مانا مەن ئۇنىڭ 25 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى تورورىدىن بولىمەن! — دېدى بوۋاي يەنە.

لياڭ يىچىڭنىڭ قولاق تۈۋىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك

بولۇپ، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى: «ساھابە، ساھابە!» دېگىنىچە خۇددى پەيغەمبەرنى كۆرگەندەك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ پەقەت ھاياجانلىناتتى، بوۋايغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

— مەن ساھابە ئەمەس، سىلىگە ئوخشاش ئاددىي مۇسۇلمان بەندىسىمەن! — دېدى تورورىدىن بايامقىدەك ئالدىرىماي سۆزلەپ، — مەن مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى جاھان كېزىپ، قەدىمىي مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلدىم. چۆەنجۇدىكى شىنيۇ مەسچىتىدىن يولغا چىقىپ گۇاڭجۇدىكى خۇەيشىن مەسچىتى، خاڭجۇدىكى جىنجاۋ مەسچىتى، شاڭخەيدىكى تاۋيۇەن مەسچىتى، نەنجىندىكى جىڭجۆ مەسچىتى، شىئەندىكى چىڭشيۇ مەسچىتى، كەيفىڭدىكى شەرقىي چوڭ مەسچىت، جىنەندىكى جەنۇبىي چوڭ مەسچىت، ساڭجۇ مەسچىتى، بۇجېن مەسچىتى ۋە تيەنجىندىكى جەنۇبىي چوڭ مەسچىت، شىمالىي چوڭ مەسچىتلەرنى كۆرۈپ، ئاخىر بېيجىڭغا كەلدىم...

تورورىدىن بىرقاتار مەسچىتلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتتى. جۇڭگونىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە گويا يۇلتۇزلاردەك تارالغان مەسچىتلەرگە ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ لياڭ يىچىڭ داڭقېتىپ قالدى. ئۇلار پاراڭلاشقان چاغدا تورورىدىن بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى ئوغۇل بالا بىئېر بەرگەن پىيالىدىكى ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىپ بولۇپ كەينىدىن يەنە ئىچتى... كەينى-كەينىدىن يەتتە پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ بولدى. ئۇ بالا بەك ئۇسساپ كەتكەنىدى. بىئېر دادىسىنىڭ تورورىدىن بوۋايىنى شۇنداق ھۆرمەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ ئوغۇل بالىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن ئۇسسۇزلۇق بەردى. ئۇ بالا تېرىسى قاردەك ئاپئاق ۋە چىرايلىق بىئېرغا قاراپ، ئەيمىنىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىق لياڭ يىچىڭغا ھۆرمىتى قوزغالدى.

چوڭلارنىڭ گېپىگە لوقما سېلىشقا ئۇ تېخىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇ ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن ئورۇندۇق ۋە ئۇستەلدىكى قاشتاش بۇيرۇتمىلارغا قاراپ تام تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇر- دى. بىر چاغدا ئۇ ئالدىغا سىلجىپ، ئىختىيارسىز «ۋاھ» دەۋەتتى. چىچېنجەي ئۇنىڭ ئۇچۇن ناتونۇش، يېڭى ۋە سىرلىق دۇنيا ئىدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ دۇنيا ئۇنى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىۋەتكەنىدى.

— ئىككىڭلار شۇنچە كۆپ يەرلەرگە بېرىشىپسىلەر، بۇ بالا سىلىنىڭ نەۋرىلىرى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى لياڭ يىچىڭ بالىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ تۇرۇردىندىن.

— ياق، بۇ مېنىڭ ماڭا ئاللا بەرگەن نەۋرەم، سەپەردىكى دوستۇم. ئۇ ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم، قۇرئانچە ئىسمى ئىبرا - ھىم، — دېدى تۇرۇردىن كۈلۈپ.

قاشتاشتىن ئىشلەنگەن ئاجايىپ بۇيۇملارغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ئىبراھىم ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە كەينى- گە ئۆرۈلۈپ تۇرۇردىنغا قاراپ:

— بوۋا، مېنى چاقىردىلىمۇ؟ — دېدى.

لياڭ يىچىڭ شۇندىلا بۇ بالىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارى- دى. بۇ بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى گەرچە كونا بولسىمۇ، لېكىن تەقى - تۇرقى قاملاشقانىدى: يۈزى يۇمىلاق، ئېگىكى ئۇچلۇق، بۇرنى تۈز، ئاغزى كىچىك، پېشانىسى كەڭ، قاشلى- رى قاپقارا، بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قوشۇما قاشلىرى تۈ- رۈلگەن، قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئەقىل - پاراسەت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئىچكىرى كەلگەنىدى. لياڭ يىچىڭ كۆڭلىدە، كۆزلىرى چىرايلىق ئىكەن، دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇيزۇلار- نىڭ كۆزلىرىگە، پاراسەتلىك كۆزلەرگە ئوخشايتتى. لياڭ يى- چىڭ دادىسىدىن ھۇنەر ئۆگەنگەن مۇشۇ بالىدەك چاغلىرىنى ئەسلىدى. دادىسى: «چىڭئېر، مۇشۇ كۆزلىرىڭ بىلەن ئۆگەتمى-

ىمۇ، ھۈنەرنى بىر قاراپلا ئۆگىنىۋالىسەن!» دېگەنىدى. شۇ ئىشلارنى ئويلاپ لياڭ يىچىڭنىڭ كۆڭلىدە بالىغا نىسبەتەن ئې-چىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. لېكىن بىلىندۇرمەي، بالىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. تورورىدىنىڭ ئورنىدا:

— ئىبراھىم، باباڭ سېنى چاقىرمىدى، باباڭ مەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ. كۆرىۋەر، يېقىنراق بېرىپ كۆر، — دېدى، ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ تورورىدىدىن، — بابا، بۇ بالىنى ئې-لىپ بېيجىڭدىن يەنە قوجۇغا قايتامىلا؟ — دەپ سورىدى.

لياڭ يىچىڭمۇ ئىبراھىمغا ئوخشاش تورورىدىنى بابا دېگەن-لىكىنى تۇيماي قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىدا «بابا» دېگەن سۆز چوڭلار ۋە ئۆلىمالارغا بېرىلگەن ھۆرمەت نام، خەنزۇچىدى-كى «ئۆلىما» دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ. كېيىن بوۋاي دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. لياڭ يىچىڭنىڭ تورورىدىنى ئاشۇنداق ئاتىشى ھەر ئىككىلا مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

— ياق، چۈنجۇدا ئۆيۋاقىم يوق. مېنىڭ نىشانىم كەبە! — دېدى تورورىدىن ساقىلىنى سىيلاپ.

— كەبە! كەبىگە ھەج قىلغىلى بارامىلا؟ — دېدى لياڭ يىچىڭ يەنە ھەيران بولۇپ. كەبە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇبارەك ئۆ-يى، بۇ ئۆي ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇقەددەس جاي مەككە مۇكەررەمەدە. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بەش ۋاخ نامازنى شۇ ياققا قاراپ ئوقۇيدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا بىر قېتىم كەبىنى تاۋاپ قىلىشى كېرەك. ھەر يىلى ھىجرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى دۇنيانىڭ ھەر-قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئەل - يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، توپ - توپ بولۇشۇپ، بەزىلىرى پىيادە، بەزىلىرى ماشىنىلىق، بەزىلىرى يول بويى سودىگەرچىلىك، بەزىلىرى تىلەمچىلىك قى-لىپ، ئۆزلىرى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان مەككە مۇكەر-رەمگە كېلىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار ئىخلاس بىلەن پەرھىز تۇتۇپ،

ئېھرام باغلاپ كەبىنى ئايلىنىپ، «مۇقەددەس تاش»نى سۆيىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار مەجنۇنلاردەك يۈز ـ كۆزلىرىنى ياش بىلەن يۇيۇپ ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغان ئىشىك بېلىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسى، مەككە مۇكەررەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي ماكانى، مەككە مۇكەررەمگە بېرىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چەكسىز شان ـ شەرەپ. بىراق، كەبە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە. ئادەتتىكى تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان لياڭ يىچىڭ بۇ ئىشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان تۇرسا، بىر تىيىن پۇلى يوق سەرگەردان توروربىدىن بۇ ئىشقا بەل باغلاپتۇ، يەنە كېلىپ كىچىك بىر بالىنى ئەگەشتۇرۇۋاپتۇ.

— بۇ بالىمۇ سىلى بىلەن بىللە بارامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوۋايدىن.

— ئەلۋەتتە، ئىبراھىم مەن بىلەن بىللە بارىدۇ! — دېدى توروربىدىن بىمالال، — ماڭا ئۇ ھەمراھ بولمىسا، تاغلاردىن ھالقىپ، دەريالاردىن كېچىپ ئۆتەلمەي، يېرىم يولدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىمەن. شەپقەتلىك ئاللا مېنى كەبىگە ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزگەي. ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى، ئىبراھىم مېنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇ تېخى ياش، چوقۇم يېتىپ بارىمەن.

لياڭ يىچىڭ كۆڭلىگە مۇقەددەس ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەن بوۋاي توروربىدىن بىلەن ئىرادىلىك ئۆسمۈر ئىبراھىمغا ھۆرمەت بىلەن قارىدى.

ئېتىقاد بىلەن قېرىنداشلىق كۈچىنىڭ رىغبىتى ئۇنى توروربىدىننى بىرنەچچە كۈن ئۆيىدە تۇتۇپ قېلىشقا، ئۇنى ئوبدانراق ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئاز ـ تولا يول خىراجىتى غەملەپ ئاندىن يولغا سېلىپ قويۇشقا ئۈندىدى. ئۇلار مۇشۇ ئايرىلغان پېتى يۈز كۆرۈشەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

توروربىدىن لياڭ يىچىڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، ئەم-

ما سوۋغا ـ سالام ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ
مۈلۈكنى دوست تۇتمايدىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى
ئۆزىنىڭ ئۆيى دەپ بىلىدىغانلىقىنى، پۈتۈن ئىقلىمدىكى خۇيزۇ-
لارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەرقانداق
يەرگە بارسا، ئۇنىڭغا بىر قاچا تاماق، بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق
بېرىدىغان قېرىنداشىنىڭ بارلىقىغا، ئۆزىنىڭ مۇشۇنىڭغا شۈكۈر ـ
قانائەت قىلىدىغانلىقىغا ئۇنى ئىشەندۈردى. لياڭ يىچىڭ يەنە بىر
قېتىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئالدى تەرەپتىكى ئۆزى ئىشلەي-
دىغان ئۆينى پاكىزە تازىلاپ، كارىۋات راسلىدى. ئۇ ئىككى
مېھمان بىلەن شۇ ئۆيدە ياتاقچى بولدى، خوتۇن ـ بالىلىرى
بۇرۇنقىدەك كەينىدىكى ئۆيدە يېتىۋېرەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لياڭ يىچىڭ مېھمانلارنى
«سەرراپقا چۈشۈش» كە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ «پاكلىنىش» دەپ
ئاتىلاتتى. نامازغا ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال قىلمىسا بولمايدىغان
تەييارلىق مۇشۇ ئىدى. توروردىن بىلەن ئىبراھىم يىل بويى
جاھان كېزىپ، سەپەردە پات ـ پاتلا سۇ تاپالماي «تەيەممۇم»
قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئىبراھىم «پاكلىنىپ» مەينەتچى-
لىكتىن قۇتۇلدى، سەپەر ھارغىنلىقىدىن خالاس بولدى. كۈن
ئولتۇرۇپ كۆز باغلانغان چاغدا لياڭ يىچىڭ توروردىن بىلەن
بىللە ناماز ئوقۇدى. قائىدە بويىچە مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى بەش
ۋاخ ناماز ئوقۇشى كېرەك ئىدى، لياڭ يىچىڭ يىل بويى باش
چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ناھايىتى مۇھىم بۇ پەرزنى
ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئادا قىلالماي قالاتتى. خوتۇنى بىلەن قىزى
بىئېر بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئۆتەيتتى. لياڭ يىچىڭ بۇ
قېتىم ساھابىنىڭ ئەۋلادىنى كۆرۈپ خىجىللىق ھىس قىلىپ
تولىمۇ تەقۋادار بولۇپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىئېر نامازنى ئۆتەپ بولۇپ، تاڭ يورۇ-
ماستا دۇكان ۋە ئۆيلەرنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھەر

كۆنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىدى. ئىبراھىم ئايىغى چاققان بالا ئىدى، بىئېرگە قارىماستىن دۇكانىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى پاكىزە تازىلاپ بولدى، بىئېر ئىبراھىمغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. لياڭ يىچىڭ ئېزىلەڭگۈلۈك قىلدىڭ دەپ قىزىغا كايىپ، ئىبراھىمغا كەينى ـ كەينىدىن: «چارچاپ كەتتىڭ، چارچاپ كەتتىڭ!» دېدى.

ناشتىدىن كېيىن، توروردىن ئىبراھىمنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى ئالدى بىلەن نيۇجېي مەسچىتىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ يادنامىسىنى زىيارەت قىلماقچى، ئاندىن تاۋاپ قىلغىلى دوڭسى نەقىشلىك راۋاق مەسچىتىگە، جىڭشىفاڭ كوچىسىدىكى پۇشۇ مەسچىتى بىلەن ئېرفوتوڭدىكى فامىڭ مەسچىتىگە بارماقچى ئىدى. بېيجىڭدىكى بۇ «تۆت چوڭ مەشھۇر مەسچىت» كەم دېگەندە بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىدى. توروردىن بۇ مەسچىتلەرنى كۆرۈشكە ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

مېھمانلار قەدىمىي جايلارنى زىيارەت قىلغىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لياڭ يىچىڭ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا خۇددى غايىبتىن بىرى ياردەم قىلىۋاتقاندەك، قولىدىكى بۇيرۇتما ئالاھىدە سۈپەتلىك چىقىۋاتاتتى. كەچتە بوۋاي بىلەن بالا قايتىپ كېلىپ دەم ئالدى. لياڭ يىچىڭنىڭ خوتۇنى تاماق راسلىدى، توروردىن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ھەممىسى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى. لياڭ يىچىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىش قىلمىدى، چىراغ يورۇقىدا ئىش قىلماق ناھايىتى جاپا ئىدى. ئۇ ئاچچىق چاي دەملەپ، توروردىننى «قۇرئان» تەپسىر قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. توروردىن ئاۋۋال سۈرىلەرنى ئەرەبچە دەپ، ئاندىن خەنزۇچىغا ئۆرۈپ دىنىي ئەقىدىلەرنى جۈملىمۇ جۈملە تەپسىلىي شەرھلەپ بەردى. ئۇ ئىنتايىن ئورۇنلۇق سۆز-



www.uyghurkitap.com

لەيتتى. لياڭ يىچىڭنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. يېرىم
ئۆمرى گاراڭ ھالەتتە ئۆتۈپ كەتكەن لياڭ يىچىڭ دىنني ئەقىدى-
لەرنى مانا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم چۈشەندى. ئۇنىڭدا ئۈمىد
پەيدا بولدى، ئۇ ئەمدى نادان پېتىچە ياشىمايدۇ.

ئىبراھىم ئىش يوق بىكارچىلىقتا قاشتاشتىن ئىشلەنگەن
بۇيۇملارغا قىزىقىپ قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىئېر ھېچكىمدىن يې-
تىرقىمايتتى ھەم قورقمايتتى. يۇئېرنى كۆتۈرۈۋالغان بىئېر بۇ
كىچىك مېھمانغا قاراپ:

— بۇ بۇيرۇتمىلارنىڭ قانداق ئىشلىنىپ چىققانلىقىنى
بىلەمسىز؟ — دېدى.

ئىبراھىم بىر خىلدا «لىڭنەن ئېسىل مېۋە» سىگە قاراپ
تۇراتتى. زۇمرەتتەك بىر ساپاق لىجى، ھەر بىر دانىسى كىشىگە
قىپقىزىل ئۈنچىنى ئەسلىتەتتى، يېرىلغان يېرىدىن كۆرۈنۈپ
قالغان گۆشى قاشتاشتەك سۈزۈك ئىدى. بۇ ئىبراھىمنىڭ يۇر-
تىدىن چىقىدىغان مېۋە ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىگە بەك ئىسسىق
كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ:

— بۇنى . . . بۇنى ئادەم ياسىمىغان! بۇ دەرەختىن ئۈزۈ-
ۋېلىنغان! — دەپ سالدى.

بىئېر كۈلۈپ كېتىپ:

— سىز بەك قىزىقكەنسىز! بۇنى راست مېۋە دەۋاتامسىز؟
چىشلىسىڭىز چىشىڭىز چۈشۈپ كېتىدۇ. سىزگە دەپ بېرەي،
دادام بۇنى ئۈچ ئاي ۋاقىت ئەجىر قىلىپ ئويۇپ چىققان، —
دېدى.

ئىبراھىم ھەيران بولغىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قال-
دى.

— بۇ ئەسلىدە پۈتۈن ھېقىق ئىدى، — دېدى بىئېر كۆر-
سىتىپ تۇرۇپ، — ھېقىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ دې-
گەن ئاتىنىڭ مېڭىسىدىن شەكىللەنگەن قاشتاش! ئاق، قىزىل،

www.uyghurkitap.com

كۆك، يېشىل، هاۋارەڭ ھەم قارا كېلىدۇ. بەزىدە نەچچە خىل رەڭلىك ھېقىقلارمۇ ئۇچرايدۇ، مانا ماۋۇنىڭغا ئوخشاش. دادام بۇ ھېقىقنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، نەچچە كۈن ئويلاپ، ئاخىر مۇشۇ ئامالنى ئويلاپ تاپتى. قىزىل تەرىپىنى لىجىنىڭ شەكلىگە، يېشىل تەرىپىنى غول ۋە ياپراق شەكلىگە ئەكەلدى. ئاق تەرىپىنى باشقا شەكىلگە ئەكەلگىلى بولمايدۇ، پەقەت پوستى سويۇلغان لىجى شەكلىگىلا ئەكەلگىلى بولىدۇ. بۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟

— ھە. . . — دېدى ئىبراھىم قانداق ئاپىرىن ئېيتىشنى بىلمەي. ئۇ: «يارالغىنىدىن ئاشۇر ۇپراق ياسىلىپتۇ»، «نېمىدېگەن نەپىس» دېگەن سۆزلەرنى دېيەلمىگەچكە، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — ئادەمنىڭ قولى. . . ئادەمنىڭ قولى بىلەن؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئىشلەنگەن، — دېدى بىئېر دادىسىنىڭ كارامىتىدىن سۆيۈنۈپ، — دادامنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قولى ھەرقانداق نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ماۋۇ «يۈز ھالقىلىق لوڭقا» نى كۆرۈڭە!

بىئېر ئۇنىڭغا يان تەرەپتىكى كۆك قاشتاشتىن ئىشلەنگەن رەڭدار نەقىشلىك لوڭقىنى كۆرسەتتى. لوڭقا چاسا شەكىللىك ئىدى، قورساق قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، بوينى ئىنچىكە، ئاغزى كىچىك، پارقىراپ تۇراتتى، نەقىشلىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. لوڭقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئويۇپ چىقىرىلغان ھايۋاننىڭ بېشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ھايۋاننىڭ ئاغزىدا بىلەزۈكسىمان قاشتاش ھالقا بار ئىدى. بۇ ھالقىغا يەنە ھالقا ئۆتكۈزۈلگەن، ئۇنىڭغا يەنە ھالقا ئۆتكۈزۈلگەن. ھالقىغا ھالقا ئۆتكۈزۈلۈش ئارقىلىق ئىككى قۇر زەنجىر شەكىللەنگەن، شۇڭا بۇ لوڭقا «يۈز ھالقىلىق لوڭقا» دەپ ئاتالغانىدى.

— بۇ نەنياڭدىكى «يېگانە تاغ قاشتاش» دىن ئىشلەنگەن.

چىرايلىقمىكەن. سىزگە دەپ قوياي، بۇ ئىككى قۇر قاشتاش زەنجىرچۇ. . .

— بۇنى بىر - بىرىگە قانداق ئۆتكۈزگەندۇ؟ — دېدى ئىبراھىم لوڭقىغا قايتا - قايتا سىڭايان قاراپ. ئۇ ھەرقانچە قاراپمۇ زەنجىردىن ھالقا ئۆتكۈزۈلگەن بىرئىزنى تاپالمىدى.

— نېمە؟ قانداق ئۆتكۈزگەندۇ دەمسىز؟ ئاۋۋال بىر - بىرلەپ ياسىۋىلىپ، ئاندىن ئۆتكۈزىدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟ ئۇنداق ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ! — ئىبراھىمنىڭ ساددا پىكرى بىئېرنىڭ كۈلكىسىنى قوزغىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭ سىرىنى ئىبراھىمغا دەپ بېرىشنى خالايتتى.

— ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، قاشتاش قاتتىق ھەم چۈرۈك، ئۇنى ئۆۋۈتقىلى، پاياتلىغىلى بولمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ «بىر - بىرىگە ئۆتكۈزگىلى» بولسۇن؟

بىئېر ئىبراھىمنى گەپتە تۇتۇۋالدى.

— سىزگە دەپ بېرەي، بۇنى پۈتۈن پېتى ئويۇپ چىققان. بىرنى ئويۇپ بىرنى ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىرنى ئويۇپ يەنە بىرنى ئۆتكۈزگەن. . . — دېدى بىئېر.

ئىبراھىم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، بىر - بىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن ھالقىلاردىن ئىشلەنگەن چىرايلىق قاشتاش زەنجىرگە قاراپ، قول بىلەن بۇنچىلىك مۆجىزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. . .

— ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس! — دېدى بىئېر كۈنلىرىنى جاپالىق مېھنەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان دادىسىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ، — بۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلسە ئەتىۋارى بولمايدۇ. دادام كۈن بويى قاشتاشنى ئويلايدۇ، قاشتاشنى كۆرىدۇ، قولىغا ئالغىنى قاشتاش، قاشتاشتىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. «سۇ ئورۇندۇقى»نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قاشتاش تاراشلايدۇ. كىچىكرەك بۇيرۇتمىلارنى ئۇن نەچچە كۈن تاراشلايدۇ،

www.uyghurkitap.com

چوڭراقلىرىغا نەچچە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوردىدىكى تاغ چۈشۈرۈلگەن قاشتاشنى نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەر بىرلىكتە ئون نەچچە يىل تاراشلىغانىكەن، شۇلارنىڭ ئارىسىدا دادامنىڭ دادىسىمۇ بار ئىكەن.

ئىبراھىمنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇزۇن قاشتاش دەرياسى پەيدا بولدى: مىڭلىغان ئون مىڭلىغان ھۈنەرۋەنلەر ئۈن - تىنسىز ھالدا قاشتاش تاراشلايتتى، توختىماي تاراشلايتتى، تاراشلاپ چاچلىرى ئاقاردى، يۈرەك قانلىرى بىلەن ھاياتلىرىنى سەرپ قىلىپ، كىشىلىك دۇنيادا كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بىئېرنىڭ «دادىسىنىڭ دادىسى» يوق، لېكىن ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن ئېسىل بۇيۇملار، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرى، ئەۋلادلىرى ھېلىھەم بار ئىدى. بىئېرنىڭ دادىسى ھېلىمۇ بار، ئۇزۇن قاشتاش دەرياسى مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ...

— تاراشلاپ، تاراشلاپ... — چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ئىبراھىم بىئېرنىڭ بايامقى گېپىنى تەكرارلاپ، ئىختىيارسىز قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، شۇ قەدەر سىرلىق ئىجادىيەتنى خىيال قىلىۋاتاتتى.

— بۇيرۇتمىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تاراشلاش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ — دېدى ئىبراھىمنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىئېر تەجرىبىلىك ھۈنەرۋەنلەرگە خاس تەلەپپۇزدا — تاراشلىغانسېرى سىلىقلىنىپ ئاخىر پارقىرايدۇ!

بىئېر شۇنداق دېگىنىچە يۈز ھالقىلىق لوڭقىنىڭ يېنىدا تۇرغان قاشتاش پىيالىنى قولىغا ئالدى.

ئىبراھىم كۆزلىرىنى تۆشۈكتەك قىلىپ ھېلىقى قاشتاش پىيالىغا قاراپلا قالدى. پىيالە قاردەك ئاپئاق، پارقىراق ۋە قەغەزدەك نېپىز ئىدى، بىئېرنىڭ پىيالىنى تۇتۇپ تۇرغان بارماقلىرىنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى.

ــ پىيالىنى ماڭا بېرىڭ، ئەكېلىڭ! ــ دەپ يۇئېر پىيا-
لىغا قولىنى ئۇزاتتى.

بىئېر پىيالىنى يۇئېردىن قاچۇرۇپ:

ــ بۇ سەن ئوينايدىغان نەرسە ئەمەس، ناۋادا چېقىۋەتسەڭ
سېنى دادام ئۇرمىسا مەن ئۇرىمەن! ــ دېدى.

يۇئېر كىچىك ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قايتا جېدەل قىلمى-
دى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاچىسى ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش ئىدى،
ئۇنىڭغا چوقۇم بويسۇنۇش كېرەك ئىدى.

بىئېر قولىدا پىيالە، ئىبراھىمغا قاراپ:

ــ قاشتاش نېمىشقا بۇنداق پارقىرايدۇ، بىلەمسىز؟ سىز-
گە دەپ بېرەي، تاراشلىنىپ بولۇپ، ئەڭ ئاخىردا پىچاق ئەمەس
قاپاق بىلەن پارقىرىتىلىدۇ.

ــ قاپاق بىلەن؟ ــ دېدى ئىبراھىم قاراقاتتەك قاپقارا
كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن قاشتاش بىلەن
قاپاق ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلال-
مايتتى.

ــ قاشتاشنى قاپاق بىلەن پارقىراتقىلى بولىدۇ، چوقۇم
ماجۇيچياۋنىڭ قاپىقى بولۇش كېرەك، باشقا يەرنىڭ قاپىقى بول-
مايدۇ. قاپاق «ھېكمەتلىك دورا» بىلەن سۈرتىلىدۇ. بۇ قاش-
تاش پىيالە ئەنە شۇنداق پارقىرىتىلغان! ــ بىئېر ئائىلىسىنىڭ
ھېكمىتىنى، قاشتاش بۇيۇملىرى كاسىپلىرىنىڭ باشقىلاردىن
مەخپىي تۇتىدىغان سىرلىرىنى تولۇقى بىلەن دەۋەتتى. بىئېر،
ئىبراھىم ئەتە يا ئۆگۈن كېتىدۇ، بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىدىغان بالا
ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدى.

ئىبراھىم ھېكمەتلىك قاپاق بىلەن ھېكمەتلىك دورىنىڭ
چەكسىز سېھرىي كۈچىگە مەپتۇن بولۇپ، گويا ئاجايىپ -
غارايىپ تىلسىمات دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ئەس - ھوشىنى
يوقىتىپ قويدى. بىئېرنىڭ قولىدىكى نەپىس قاشتاش پىيالە

www.uyghurkitap.com

خۇددى نېپىز بىر قەۋەت بۇلۇت كەينىدە تۇرغان تولۇن ئايدەك ئۇنىڭغا غۇۋا نۇر چېچىپ، ئۇنى قەدەممۇ قەدەم ئۆزىگە يېقىنلى-شىشقا ئۈندەيتتى.

— سىلاپ بېقىڭا، بەئەينى يۇئېرنىڭ قولىغا ئوخشاش شۇن-داق سىلىق. . . — يۇئېرنى كۆتۈرۈۋالغان بىئېر شۇنداق دەپ ئىبراھىمغا يېقىنلاشتى.

— سىلىقكەن، راست سىلىقكەن. . . — دېدى ئىبراھىم يۇئېرنىڭ قولىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن سىلاپ.

— كىم سىزنى يۇئېرنىڭ قولىنى سىلاڭ دېدى؟ قاشتاش پىيالىنى سىلاڭ دەۋاتىمەن! — بىئېر ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ قالغان-لىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي كۇلۇپ تاشلىدى، ئاندىن قولى-دىكى قاشتاش پىيالىنى ئىبراھىمغا تەڭلەپ، — سىلىغانغا ھېچ-نېمە بولمايدۇ! — دېدى.

ئىبراھىم قولىنى مۇقەددەس بۇيۇمغا سۇنغاندەك قاشتاش پىيالىغا سۇندى.

قاشتاش پىيالە ئىبراھىمنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ يىرىك بارماقلىرى بىلەن ئۇنى سىلىدى. ئالىقىنىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارالغان مۇزدەك ئېقىم ۋۇجۇدىدىن كۆكتىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭغا ئۇ مۇشۇ شېرىن دەقىقە ئۇچۇن تالاي يىلدىن بېرى جاھان كېزىپ يۈرگەندەك، ئالىقىنى-دىكى قاشتاش پىيالە ئۇ دۇنيادىن كەلگەن پەرىشتەدەك، بۇ پەرىشتەنىڭ دىلى ئۇنىڭ دىلى بىلەن بىردەك تۇيۇلۇپ، ئۆزى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان قانائەت، ھاياجان ۋە شادلىقنى ھېس قىلدى، مەستخۇش بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، يېنى-دىكى ھەممىسىنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ روھىنى قاشتاش مۆئەككىلى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

— دىققەت قىلىڭ، قولىڭىزدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن! — ئۇ قاياقتىندۇر كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. بۇ ئاۋاز بىر تۇرۇپ ناھايىتى يىراقتىن، بىر تۇرۇپ ناھايىتى يېقىندىن

ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. بىئېر گەپ قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ بىئېرنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ چەكسىز كائىناتتىن كەلگەن غەيرىي بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ يەنە كىشىلىك دۇنياغا قايتتى.

«جاراڭ!» قاشتاش پىيالە ئۇنىڭ ئۆز سېزىمىنى يوقاتقان قولىدىن خىش يېيىتىلغان يەرگە چۈشۈپ، خۇددى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتكەن نېپىز مۇزدەك چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى.

— ۋايجان، سىز! سىز!... — بىئېرنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى.

بۇ بالا ـ قازانى كۆرگەن يۇئېر «ۋارلا» قىلىپ يىغلاپ تاشلىدى.

ئىبراھىم گويا چاقماق سوقۇۋەتكەن ئادەمدەك خۇنى ئۆچكەن كۆزلىرىنى يەردە چېچىلىپ ياتقان قاشتاش پىيالىنىڭ سۇنۇقلىرىدىن ئالماي، تۇرغان جايىدا ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى. كۆز چاناقلىرىدا ئېچىنىش ۋە نادامەت ياشلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. تۇگىدى، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۇگىدى! يېگانە ھەم نەپىس سەنئەت بۇيۇمى، ئۇنىڭ پۈتكۈل قەلبىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان قىممەتلىك بۇيۇم ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى.

بىئېر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاشتاش پىيالىنىڭ سۇنۇقلىرىنى تەرمەكتە ئىدى.

— بۇ دادامنىڭ يۈرىكى، جېنى، بىز بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھاياتى ئىدى!... — دەپ يىغلايتتى بىئېر.

ئىبراھىمنىڭ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆتكۈر پىچاقتا تىلىنغاندەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ غەلىۋە دىنىي ئەقىدىلەر تۇغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى بوۋاينى چۆچۈتىۋەتتى.

— نېمە ئىش بولدى، ئىبراھىم؟ — دېگىنىچە تورۇرىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى قاشتاش پىيالىنىڭ سۇنۇقلىرىنى ۋە ئىبراھىمنىڭ مەيۈس ھالىتىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، تورورىدىن ئىبراھىمغا سۇرلۇك قاراپ قويدى، كايىمىدى، گەپمۇ قىلمىدى، گويا ھېچنېمە بولىمىغاندەك ئۇلۇق قولى بىلەن ساقىلىنى سىلىغاچ چىجېنجەينىڭ خوجايىنى لياڭ يىچېڭغا قاراپ جىم تۇردى. ئۇ لياڭ يىچېڭنىڭ مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدى. ناۋادا لياڭ يىچېڭ چىچاڭشىپ كەتسە، بۇنىڭغىمۇ ئەلھۆكمىلىللا دەيتتى. دېمەك، بۇ ھال ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرەتتى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا قانداقتۇر دىنىي ئەقىدىلەرنى چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرۇش بىھۇدە ئىش ئىدى. تورورىدىنىڭ نەزىرىدە مال ـ دۇنيا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت، نىجاسەت، چاكىنا كىشىلەر مېھرىنى ئۆزەلمەيدىغان ئارتۇقچە يۈك ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن لياڭ يىچېڭ كۈلۈپ، بىئېرگە:

— قارا سېنى، قورقۇپ كەتكىنىڭنى، قانچىلىك چوڭ ئىشكىن دەپتىمەن! — دېگەن پېتى كېلىپ، ئىبراھىمنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — كېرەك يوق، چېقىلىپ كەتكەن بولسا بوپتۇ. ئەتىدىن باشلاپ بىرنەچچە كېچە ئارتۇق ئىشلىسەم يەنە ئويۇپ چىقىمەن. بۇيرۇتما ئىگىسى دېگەن ۋاقىتتا پۈتۈپ چىقىدۇ، — دېدى.

ياش ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى «شاققىدە» كۆتۈرۈپ، لياڭ يىچېڭغا قاراپ:

— مەن . . . سىلىگە تۆلەپ بېرىمەن! — دېدى.

— تۆلەپ بېرىمەن؟ — بۇ بالىنىڭ بۇنچىلىك نوچىلىقىنى ئويلىمىغان لياڭ يىچېڭ چاقچاق قىلغاندەك:

— تۆلىيەلەمسەن؟ نېمەڭ بىلەن تۆلەيسەن؟ — دېدى.

— تۆلەيمەن! مەندە كۈچ بار، ئىككى قولۇم بار، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن! — ئىبراھىم شۇنداق دەپ، لياڭ يىچېڭغا تېخى يېتىلمىگەن كىچىك قوللىرىنى كۆرسەتتى. تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىدا يېرىلىپ، ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن قاداق چۈشكەن بۇ قوللارنىڭ جۈدەڭگۈ ھەم قاتتىق

ئۆگىلىرى قار ئاستىدىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغان بامبۇك يىلتىزىغا ئوخشايتتى.

لياڭ يىچىڭ ئىبراھىمنىڭ بىر جۈپ قولىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى ئىچىشقاندەك بولۇپ يىغلىۋەتكىلى قىل قالدى.

— ئۇستام، مېنى ئېپقالسىلا! — ئىبراھىم لېۋىنى چىشلەپ، ھەتتا ئۆزىگىمۇ غەلىتە تۇيۇلىدىغان بۇ گەپنى تۇيۇقسىز دەپ سالدى ۋە شۇئان ھېلىقى قاشتاش دەرياسىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئاتايدىغان جاي ۋە ئۇنىڭ ماكانى ئىدى.

لياڭ يىچىڭ ئۆزىنىڭ بېلىگە كېلىدىغان، لېكىن ئىرادىسى ئۆزى بىلەن تەڭ بۇ بالا بىلەن ئەمدىلا تونۇشۇۋاتقاندەك، بۇ بالىنىڭ قوللىرى ئارقىلىق قانلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە ئۆتۈشۈۋاتقاندەك ئۈندىمەي تۇراتتى. ئەمما ئۇ بۇ بالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، ئىككىلەنگەن ھالدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، چىرايى تەنتەنىلىك تۈس ئالغان توروردىنىغا قارىدى. بۇ بالا توروردىنىڭ بالىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەنزىل تېخى ئۇزاق ئىدى، بۇ مەنزىل ئۇلارنى مۇقەددەس كەبىگە باشلاپ باراتتى.

ئىبراھىم قولىنى تارتىۋېلىپ، ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئۆزىنى بېقىپ قاتارغا قوشقان، كەينىگە سېلىپ مىڭىلغان تاغ - دەريالاردىن ئاشقان توروردىنىغا تېڭىرقاپ قارىدى - دە، بىردىنلا يۈكۈنۈپ:

— بابا، مېنى كەچۈرسىلە! مەن ئەمدى سىلى بىلەن بىللە ماڭالمايمەن! — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 2 ـ باب سودىلىشىش

1960 ـ يىل 7 ـ ئاي.

كەچكى شەپەق «بىلىمدان» قەسرىنىڭ هويلا تېمى بىلەن
راۋاقنى قويۇق بىر قەۋەت ئالتۇن رەڭگە پۈركىگەنىدى، لەمپە-
نىڭ ئاستىدىكى قارامتۇل قىزىل دەرۋازا قارىيىپ تۇراتتى.
دەرۋازا ئالدىدىكى قەدىمىي تۇخۇمەك دەرىخى، تۇخۇمەك دەرىخى-
نىڭ غولى ۋە شىلدىرلاپ تۇرغان ياپراقلىرى قىزغۇچ تۇسكە
كىرگەنىدى. شاخلار گويا تومۇز يازنىڭ ئۇزۇن كۈننى قەستەن
ئۇزارتماقچى بولغاندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىرغاڭلاپ تۇرات-
تى.

ئۇزۇن سايە كۆك تاش بىلەن قوپۇرۇلغان پەلەمپەيگە چۈ-
شۈپ هايال ئۆتمەي، بىر قىزنىڭ گەۋدىسى دەرۋازا ئالدىدا پەيدا
بولدى. قەدەملىرىنى يېنىك ئالغان بۇ قىز پۇتىغا ئاق پايپاق
ۋە ياندىن ئېتىدىغان ئادەتتىكى قارا لاتا خەي كىيگەنىدى. ئۇنىڭ
چىرايلىق ۋە ئاپئاق پاقالچەكلىرىنى ئاپئاق يوپكىسى يېپىپ
تۇراتتى، ئوڭ مۈرىسىدە گۈل باسقان كۆك سومكا بار ئىدى.
ئۇ مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ ئىسسىپ كەتكەچكە، سۈتتەك ئاق
يۈزى سەل ـ پەل قىزارغانىدى. ئۇ پېشانىسىغا چۈشكەن چاچلى-
رىنى تۈزەشتۈردى. ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان كالتە چېچى
كەينىدە يەڭگىل پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتە چېچىنى مۇشۇن-
داق ئۆرۈۋالاتتى، لىنتا ئىشلەتمەيتتى، ئۆزىنى ئالاهىدە ياساپ
يۈرمىسىمۇ، ۋۇجۇدىدا ئاددىي، ئەمما تەبىئىي گۈزەللىك بەرق
ئۇرۇپ تۇراتتى.

ئۇ سەل هاسىراپ، هەم يېپىلغان دەرۋازىنىڭ مىس هالقى-

سىنى شاراقلاتتى.
— مانا، مانا! — ئۇ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىدىن چى-
قىۋاتقان خەي ھامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئاندىن دوكۇلدىغان
ئاياغ تىۋىشى كەلدى. دەرۋازىنىڭ تاقىقى شاراقلاپ، دەرۋازا
«غىچ» قىلىپ ئېچىلدى.
— شىنيۈكەنغۇ! مەن تېخى ئاكاڭ كەلگەن ئوخشايدۇ
دەپتىمەن! — دېدى خەي ھاما غۇدۇراپ.
— خەي ھامـا! — دېدى شىنيۈ تولا دەسسىلىپ ئوتتۇ-
رىسـى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئېگىزبوسۇغىدىن ئاتـلاپ. ئۇ
مۇرىسىدىكـى سومكىسىنى قولىغـا ئالدى، — مەكتىپىمىز بۇ-
گۈن. . . — بولدى، بولدى، ماڭا گەپ قىلما، — دەپ ئۇنىڭ
گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى خەي ھاما. شىنيۈ ھويلىغا كىر-
گەندىن كېيىن دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ، ھويلىغا بىر قارىۋەت -
تى، — بۈگۈن بۇ ھويلا يەنە تىنچ ئەمەس!
شىنيۈنىڭ چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى. ئۇنىڭ مەك-
تەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدىكى خۇشاللىقلىرى نەلەگىدۇر
يوقالدى. ئۇ خەي ھاما بايام دېگەن «تىنچ ئەمەس» ئىشنىڭ
نېمىلىكىنى بىلەتتى.
ئۇ بېشىنى سىلىپ، سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە دالدا تام-
نىڭ يېنىدىكى ھەشقىپىچەك بارىگىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ، نەقىش-
لىك ئىشىك ئارقىلىق، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئەمەس،
دەھلىز بىلەن ئۇدۇل غەرب تەرەپتىكى ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭ-
دى. تۆر ئۆيدە بولۇۋاتقان جېدەل ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.
جېدەل تۇرۇپ كۆچىيىپ، تۇرۇپ پەسىيىپ، تۇرۇپ توختاپ،
تۇرۇپ داۋام قىلاتتى.
— گەپ قىلمامسىز، زۇۋانىڭىز يەنە تۇتۇلۇپ كەتتىغۇ؟ —
بۇ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاچچىقى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ
ئادەتتىكى مۇلايىملىقى، ئەپۇچانلىقىدىن ئەسەر قالمايتتى، تەرى

www.uyghurkitap.com

تۇرۇلۇپ سۇرلۇك بولۇپ كېتەتتى. لېكىن بىشەم ئايال‌لارغا
ئوخشىمايتتى، چىنە ـ قاچىلارنى چاقمايتتى، ۋارقىراپ ئۆيىنى
بېشىغا كىيمەيتتى، ئاغزىنى بۇزمايتتى، قاتتىق چېچىلىپ كەت-
كەن چاغلاردىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ، ئىناۋىتىنى تۆكۈۋالىدىغان
ئىشلارنى قىلمايتتى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە دەخلى ـ تەرۇز
قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىتا-
ئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىشىنى ئۈ-
مىد قىلاتتى.

ـــ مەن. . . نېمە دەيمەن؟ بۇ ئائىلىدە مېنىڭ گېپىم ئۆت-
مىگەندىكىن، گەپ قىلمىغىنىم تۈزۈك! ـــ بۇ دادىسىنىڭ ئاۋا-
زى ئىدى. بۇ ئاۋازدىن خورلۇق، ئىلاجسىزلىق ۋە ئاچچىق
چىقىپ تۇراتتى. دادىسى ئاپىسىنىڭ ئەكسى ئىدى. ئۇ ئادەتتە
جىمىغۇر، كۆلكە ـ چاقچاقنى خالىمايتتى. بالىلىرى ئۇنىڭدىن
سەل تەپ تارتاتتى. خوتۇنى بىلەن تەگىشىپ قالغان ھامان كۆپ
ئەلەم تارتقان، ئۆزىنى ئاقلاشقا پېتىنالماي دەردىنى ئىچىگە
يۇتۇۋېتىدىغان ئەرلەردەك جىمىقىپلا كېتەتتى. ئۇ بۇنداق
چاغلاردا ھەمىشە بېشىنى سىلىپ، پاراكەندىچىلىكتىن ئۆزىنى
قاچۇرغاندەك ئورۇق قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئورۇندۇقتا
ئولتۇراتتى ياكى بولمىسا، قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئەنسىز
كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ، ئۇزاققىچە قىمىر قىلماي تۇراتتى.
سىدام پېشانىسى قارىداپ، كۆكۈچ چېكە تومۇرلىرى كۆپچۈپ،
قوۋۇزىنىڭ ئىككى يېقىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ ئىچىگە كىرىپ
كېتەتتى. ئۇ دەيدىغان نۇرغۇن گەپ ـ سۆزى باردەك ئاغزىنى
ئۆمەللەيتتىيۇ، لېكىن گەپ قىلمايتتى. قانداقلا ئۇسۇل قوللان-
سۇن، بەربىر ئوخشاشلا ئازاب چېكەتتى.

ئاپىسى يەنە گەپ قىلدى.

ـــ ھە، تازىمۇ تەتۈر گەپ بولدى بۇ! بۇ ئۆي سىزنىڭ،
بۇ ئائىلە سىزنىڭ، سىز ئىشلەپ پۇل تېپىپ ھەممىمىزنى

بېقىۋاتىسىز، سىز ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى تۇرسىڭىز، سىزگە كىم هۆتۆت - پۆتۆت دېيەلەيدۇ؟ — ئۇ گەپنى ناھايىتى ئاستا قىلاتتى، لېكىن ۋەزنى تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ گېپىنى خۇددى كالىنىڭ سىڭىرىنى چايناپ، ئاستا - ئاستا سىڭدۈرۈشكە، ئويلىنىشقا توغرا كېلەتتى. ھەربىر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ تەنە گەپ قىلىشقا ئۇستا ئىدى. ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن مەسخىرە ۋە زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇراتتى. شىنيۆ بەزىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، خانىش سى شىمۇ ئاپامغا ئوخشاش تەلەپپۇزدا گەپ قىلسا كېرەك دەپ ئويلايتتى.

— ھىم! راست شۇنداقمۇ؟ — بۇ دادىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى — ئەمىسە بۇ ئىشقا مېنى بىر قېتىم ئىگە قىل، ئۇنىڭ ئىشى بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، بولامدۇ؟

— ھىم! قوۋۇرغام! — دېدى ئاپىسى سوغۇق كۈلۈپ — مەن سىزنىڭ سېتىۋالغان خىزمەتكارىڭىزمۇ؟ مەن ئىككى تەرەپنىڭ ئادىمىمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئاپىسى! مېنىڭ كارىم بولماي كىمنىڭ كارى بولاتتى؟

— سېنىزە، ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالغىنىڭ! سەن. . . قانداقمۇ بىر ئاپىغا ئوخشايسەن! . . . قويە سېنى! — دادىسى ئۆزىنى تۇتالمايۋاتقاندەك قىلاتتى، ئاۋازى تېز ئىدى، ئاچچىق بىلەن تىناتتى. پارتلاش پەللىسىگە بېرىپ قالىدىغان بۇنداق جېدەل ئىلگىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. دادىسى ئاقىۋەتنى بىلەن ھېسابلاشماي، — مېنىڭ ئۆمرۈمنى نابۇت قىلىۋەتكىنىڭنى ئاز دەپ، ئەمدى ئۇنى نابۇت قىلماقچىمۇ سەن؟ — دېدى.

«جاراڭ - جۇرۇڭ» ئاۋاز ئاڭلاندى، تۆر ئۆيدە قانداقتۇر بىر نەرسە چېقىلدى. شىنيۆ چېقىلغان نەرسىنىڭ كۆك گۈللۈك پىيالە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ

سوقۇپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش ئوتىنىڭ يامراپ قايسى دەرىجىگە باربدىغانلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى.

خەي هاما ئۆز هۇجرىسىغا قايتماي، شىنيۈ بىلەن بىللە ئىچكىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. تۆر ئۆيدىكى جېدەل ئۇنى پارا-كەندە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوغىسى قايناپتتى، خىجىل بولات-تى، لېكىن بۇ ئۇرۇش ئوتىنى پەسەيتكۈدەك نوپۇز ئۇنىڭدا يوق ئىدى. ئۇ دادىسى بىلەن ئاپىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىق-نىڭ شىنيۈنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىنى خالىمايت-تى. ئۇنىڭ شىنيۈنى ئاڭلاپ قالمىسىكەن دېگەنلىرىمۇ بىكار بولدى. ئىككى پارچە ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغان بۇ ئايالنىڭ يۈرە-كى جىغىلداپ شىنيۈگە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار غەربىي هۇجرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. تۆر ئۆيدىكى جېدەل ئەۋجىگە چىقتى. ئەمدى نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. ئەزەلدىن مۇستەقىل قارىشى يوق بۇ ئايالنىڭ كال-لىسىغا ئۇشتۇمتۇت بىر ئەقىل كەلدى. ئۇ شىنيۈدىن پايدىلى-نىشنى ئويلاپ، تۆر ئۆيگە قاراپ گېلىنى قىرىپ قويدى. گەرچە تامىقىنى هېچنېمە بولمىغاندەك يېنىك هەم مۇنداقلا قىرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، جېدەلدىكى ۋە غەلىتە بۇ ئاۋازدىن: «ئىككىسى بىكارچىلىقتا نېمە قىلىشىۋاتىدىكىنە؟ شىنيۈ مەكتەپتىن كەل-دى، تاماق يەيدىغان چاغ بولدى!» دېگەندەك مەنە چىقاتتى.

تۆر ئۆيدىكى جېدەل شۇئان بېسىقىپ قالدى. خەي هاما كىشىنى هەيران قالدۇرۇپ ئاجايىپ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتى. شىنيۈ ئاپىسىنىڭ ئۆيدىن چىققانلىقىنى كۆردى.

خەن خانىم ئايۋاندا ئېرىنچەكلىك بىلەن قولىدىكى يەلپۈ-گۈچنى پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بايا ئېرى بىلەن سوقۇشقان چاغدىكى تۇرقى يوق ئىدى. ئۇ ئەللىكتىن ئاشقان، قارىماققا ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردەك كۆرۈنىدىغان، ئاق يۈزلۈك، كې-لىشكەن هەم تولغان، ئەمما سېمىز دەپ كەتكىلى بولمايدىغان

ئايال ئىدى. پۈتىغا لاتا خەي، ئۈچىسىغا قاتۇرۇپ دەزماللانغان كۆل رەڭ ئىشتان، جىگەررەڭ كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەنىدى. بىلەكلىرى ئاپئاق، قوللىرى يۇمران ۋە يۇمشاق ئىدى. ئۇڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا نەپىس ئالتۇن ئۈزۈك تاقىغانىدى، يىللار ئايلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى سالاپىتى-نى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇ كۆكتات ئالغىلى سېۋەت كۆتۈرۈپ چىقىدىغان قولۇم - قوشنىلىرىغا، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ كىر يۇ-يۇپ، تاماق ئېتىدىغان قېرى ئاياللارغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭغا سىڭايان قاراشقا ھېچكىم پېتىنالمايتتى، ئۆيدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئېرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ خەي ھاممىنىڭ نەزىرىدە ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ تەۋرەنمەس نوپۇزغا ئىگە خوجايىنى ئىدى.

ئۇ يەلپۈگۈچنى بىمالال پۇلاڭلىتىپ شىنيۆنىڭ ئۈن - تىنسىز دەھلىزنى بويلاپ ئىچكىرىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئاپا. . . — دەپ ئاپىسىنى ئەنسىز چاقىردى شىنيۆ.

— ھەي، مەكتەپتىن كەلدىڭمۇ؟ — دېدى خەن خانىم كۈلۈپ، — قارا، كۆيۈپ كېتىپسەن، يۈزۈڭ قىزىرىپ كېتىپ-تۇ.

شىنيۆ بېشىنى سىلىپ غەربىي ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بىلىنگەنىدى، بۇ كۈنىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىنمۇ؟ ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىزىرىپ كېتى-شىگە دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان جېدەل سەۋەبچى ئىدى.

خەن خانىم گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خەي ھاممىغا:

— بۈگۈن كەچلىك تاماقتا نېمە يەيمىز؟ — دېدى.

خەي ھامما بايامقى غوۋغا بۇلۇتلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەن-لىكىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

— چۆپ يەيمىز! بۈگۈن شىنيۈنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئازراق كالا گۆشى ئەكەلدىم، يەنە ئازراق. . . — دېدى.

— ھىم! — خەن خانىم ئاۋازىنى سوزۇپ دىمىقىنى قېقىپ ئاندىن، — بوپتۇ، تيەنشىنىڭ قايتىپ كەلگەندە تاماق يەيلى! — دېدى.

شىنيۈ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، سومكىسىنى كارىۋات ئالدىدىكى يېزىق ئۈستىلىگە قويدى. خەي ھامىنىڭ گېپىدىن قەلبى يېنىك دولقۇنلىنىپ، ئاندىن بۈگۈن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى. ھەي، ئۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. شىنيۈ نەچچە ئايدىن بېرى خۇددى ھەمىشە تەييار ھالەتتە تۇرغان جەڭچىدەك، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تەييارلىقىغا چۈشۈپ كېتىپ تۇغۇلغان كۈننى ئۇنتۇپ قالغانىدى. قارىغاندا، بۇ ئىشنى خەي ھاما تىلغا ئالمىسا، دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭمۇ ئېسىگە كەلمىگەن بولاتتى، بولمىسا ئۇلار مۇشۇنداق كۈندە سوقۇشارمىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى پەقەت خەي ھامىنىڭلا يادىدا ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىنىڭ خەي ھامىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى بىلدى. شىنيۈنىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى: ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا خەي ھاما كۆيۈنگەندەك كۆيۈنمەيدىكەن! بىراق ئاتا - ئانىسى بايا نېمە ۋەجىدىن سوقۇشتى؟ ئۇ بۇ جېدەلنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ: «ئۇنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ: «مەن ئۇنىڭ ئاپىسى!» دېگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ يەنە: «بالىنى نابۇت قىلىۋېتىشىڭگە يول قويمايمەن» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى. گەپ ئۇنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتامدۇ؟ ئەمما خەنزۇ تىلىدا ئەر - ئاياللارنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، شۇڭا گەپ ئۆزى ئۈستىدە ياكى ئاكىسى ئۈستىدە بولدىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ھەي، دادىسى ئىنگلىز تىلىنى ئىشلەتكەن

بولسا بەلەن بولاتتى، ئۇ چاغدا «she» بىلەن «he» ئىشلىتى-
لىپ، كىمنى دەۋاتقانلىقى ئېنىقلا مەلۇم بولاتتى. لېكىن ئاپى-
سى ئىنگلىز تىلى بىلمەيتتى... بولمىغۇر خىياللىرى ئۇنىڭ
ئۆزگە كۆلكىلىك تۇيۇلدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ
قويدى، كۈلكىسىدىن گاڭگىراش ۋە ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى.

ئاكىسى تيەنشىنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندىن كېيىن بىر
ئۆيلۈك ئادەم تاماققا ئولتۇردى. دەرۋازىنىڭ شىمالىدا ئىشكى
تۆر ئۆيگە قارايدىغان بەش ئېغىز ئۆي بار ئىدى. شەرق تەرىپىدى-
كى ئىككى ئېغىز ئۆيدە خەي ھامما ئولتۇراتتى، ئاشخانا ۋە
ئىسكىلات غەرب تەرەپتە ئىدى. ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆي
ئادەتتىكى مېھمانلارنى كۈتىدىغان ھەم تاماق يەيدىغان ئۆي ئى-
دى.

خەي ھامما چۆپ ئەكىردى. بۇ شىنيۆنىڭ ئون يەتتە ياشقا
تولغان تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئالاھىدە ئېتىل-
گەن تاماق ئىدى. بېيجىڭلىقلار چۆپ يېيىشكە ئامراق كېلىدۇ،
چۆپ بىلەن نامى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن تاماقلارنى قىلالاي-
دۇ، زاجاڭمىيەن، ماجياڭمىيەن... دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن
ھېچقايسىسى ئالاھىدە تاماق ھېسابلانمايدۇ، ئالاھىدىرەك ھېساب-
لىنىدىغىنى يەنىلا چۆپ. خەي ھامما چۆپنى بۆلەكچىلا كۆڭۈل
قويۇپ ئېتەتتى. خېمىرنى نېپىز يېيىپ ئۈزۈپ ۋە ئىنچىكە
كېسەتتى. قازاندىن چىنىغا ئېلىپ، ئۈستىگە موگۇ، جاڭجياكۇ
موگۇسى، ھەمدە يېڭى تازىلانغان راك، خوجار گۈلى، قورۇتۇل-
غان بامبۇك نوتىسى بىلەن قورۇلغان شورپىلىق قورۇما سېلى-
ناتتى. يېمەي تۇرۇپلا كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلەتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر 1960 - يىلى بولۇپ، دۆلىتىمىز «ئىق-
تىسادىي قىيىنچىلىق دەۋرى» گە كىرگەندىن بېرى كىشىلەر-
نىڭ دىققەت - ئېتىبارى پۈتۈنلەي تاماققا مەركەزلىشىپ قالدى:
قانداق قىلغاندا چەكلىك ئاشلىق نورمىسى بىلەن قورساقنى

تويغۇزغىلى، قانداق قىلغاندا بەدەندىكى كالورىيىنى تېخىمۇ ئۇ-
نۈملۈك ساقلىغىلى، قانداق قىلغاندا قىممەتلىك بىلەت ۋە كار-
تۇشكىلاردىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ. . . ئائىلە ئاياللىرى ۋە
ئادەتتىكى پۇقرالاردىن تارتىپ ئىدارە كادىرى، ئىشچى ۋە ئوقۇ-
غۇچىلارغىچە ھەممىسى قورساقلىرى ئاچلىقتىن كوركىراپ تۇر-
غاچقا، ھەر ۋاقىت مۇشۇ مەسىلىنى ئويلايتتى. «ئادەم ئۈچۈن
قورساق ھەممىدىن مۇھىم» دېگەن بۇ قەدىمىي ئاچچىق ھەقىقەت-
نى بىۋاسىتە ھېس قىلىشاتتى. بۇ يىل ئەتىياز كېتىپ ياز
كىرگەن چاغدا بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي ۋە لياۋنىڭدىكى
ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئاشلىق تۈگەپ، ئۈزۈكچىلىك خەۋپى پەيدا
بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. مەركەز جىددىي يوليورۇق چىقىرىپ
زەربىدارلىق بىلەن دەرھال بىر تۈركۈم ئاشلىق يۆتكەپ، جىد-
دىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە
تەدبىر قوللىنىپ پۇقرالار ئىشلىتىدىغان رەختنىڭ ئوتتۇرىچە
نورمىسىنى كېمەيتىپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ
نورمىلىق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ۋە ماي نورمىسىنى چۈشۈرۈپ،
«ئاشلىقنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان يېمەكلىك» لەرنى يىغىش ۋە
ئىشلەپچىقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. . . مۇشۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا، خەي ھامىنىڭ مۇشۇ بىر ۋاخلىق چۆپ ئۈچۈن كۆر-
سەتكەن جاپالىق تىرىشچانلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئۇ-
رۇش ئوپېراتسىيىسىگە ئوخشاتقىلى بولاتتى. شىنيۆ خەي ھا-
مىنىڭ مۇشۇ بىر ۋاخلىق تاماققا كېتىدىغان ماتېرىياللارنى
قوپقۇرۇق تۇرغان ماگىزىنلاردىن قانداق ئەكەلگەنلىكىنى بىل-
مەيتتى.

شىنيۆ بۇ بىر قاچا «ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرۈش» ئېشىنى
قولىغا ئېلىپ يىغلىۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇ ئون يەتتە ياشقا
كىرگەن. تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ئون يەتتىسى ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
دەسلەپكى نەچچە قېتىملىق تۇغۇلغان كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ

كەتكەنلىكىنى ئۇ يادىغا ئالالمايتتى. ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان بۇ كۈن گويا ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەندەك ئىزچىل خاتىرىلەنمەي كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قايسى كۈنى تۇغۇلغانلىقى تالاش - تارتىشتا قالغان مەسىلە ئىدى. دادىسى ئۇنى شەمسىيە 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇغۇلغان دەيتتى. لېكىن بۇ ئىككى كۈننىڭ بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىشى ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا قايسى كۈننى ئۆلچەم قىلىش كېرەك، ھېچ-كىم بىلمەيتتى. شىنيۆنىڭ ئاپىسى بىلەن خەي ھاما شەمسىيە دېگەنلەرگە پەرۋا قىلمىدى. بۇگۈنكى بۇ تۇغۇلغان كۈن شۇلار-نىڭ پرىنسىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، بۇنىڭغا دادىسىمۇ قار-شى تۇرمىدى. تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈش ئازراق ياخشى تىلەك-لەرنى تىلەش دېگەن گەپ ئىدى. ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرمى-غاچقا دادىسى تالىشىپ ئولتۇرمىدى. ناۋادا خەي ھاممىنىڭ يادىدا بولمىغان بولسا، بۇ كۈن يەنە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. شىنيۆ قاچىنى قولىغا ئېلىپ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن خەي ھاممىغا قاراپ:

— خەي ھاما، رەھمەت سىزگە، مەن ئۈچۈن. . . — دېدى.

خەي ھاما مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ:

— شىنيۆ، ئۇنداق دېمە، ئاپاڭغا رەھمەت ئېيت، بۇگۈن ئاپاڭ سەن ئۈچۈن ئازاب چەككەن كۈن! — دېدى شىنيۆگە.

شىنيۆ ئۆزىنىڭ گەپكە دىققەت قىلمىغانلىقىنى شۇئان ھېس قىلىپ «ۋىللىدە» قىزاردى - دە، ئاپىسىغا قاراپ خەي ھامما-نىڭ دېگىنى بويىچە:

— ئاپا، بۇگۈن ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن ئازاب چەككەن كۈنى، مېنى يورۇق دۇنياغا ئەكەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھ-مەت. . . — دېدى.

تاماق يېيىشكە تەرەددۇتلەنگەن خەن خانىم شىنيۆنىڭ ئەس-

تايدىللىق بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپ، خەي ھامىمىغا:

— بولدى، بولدى، بالىنى تەڭلىكتە قالدۇرمايلى! ئانا دېگەن ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈپ بىر كۈندە يەڭگىيدۇ، تولغاق ئازابى دېگەنلەرنى كىچىككىنە بىر قىزبالا نەدىن بىلسۇن. تاماق يەيلى! — دېدى.

خەن زىچى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. باياملقى جېدەل-نىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرى تېخى تارقاپ كەتمىگەن بولسا كېرەك، شىنيۆگە قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى:

— شىنيۆ، سەن ئون يەتتە ياشقا كىردىڭ! مەن ئۇنتۇپ قالىمدىم. . . مېنى كەچۈرگىن، تۇغۇلغان كۈنۈڭنى لايىقىدا ئۆتكۈزۈپ بېرەلمىدىم. . .

— چۆپ يېدىم، مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر! — دېدى شىنيۆ.

— يوغان تورتتىن بىرنى ئەكېلىپ، ئۈستىگە ئون يەتتە تال شام سانجىپ. . .

— مەن دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ تۇرۇپ «پۇۋ» لا قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتەتتىم، شۇنداقمۇ؟ مەن كىنودا كۆرگەن.

بۇ گەپ خەي ھامىمىغا غەلىتە تۇيۇلۇپ:

— قانداق ئىش ئۇ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ شام پۈۋلەيدىغان؟ — دېدى.

شىنيۆ كۈلۈپ:

— خەي ھاما، سىز بىلمەيسىز، بۇ چەت ئەللەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى.

— چەت ئەللەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنىڭ نەرى ياخشى؟ — خەن خانىم سەل تېرىكىپ خەن زىچىغا گۆلەيدى، — تامىقىڭىز-نى يەڭچۇ! بىلەرمەنلىكىڭىزنى يەنە بازارغا سالماقچىمۇ؟

خەن زىچى گەپ قىلمىدى. بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە «چەت ئەل» نىڭ گېپىنى قىلغىلى بولمايتتى، ئاسانلا ئەكسىيەتچى ئاتىلىپ

قالاتتى. بۇ جەھەتتە تاشقى سودا خىزمىتى قىلىۋاتقان خەن زىچى تولىمۇ سەزگۈر ئىدى. خەن خانىمىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى ئېتىلدى. بالىلارنىڭ ئالدىدا غەرب بۇرژۇئازىيە-سىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى توغرۇلۇق گەپ قىلىش ياخشى ئەمەس ئىدى.

داستىخان ئۈستىدىكى كۆڭۈلسىز كەيپىياتتىن ئىچى سى-قىلغان خەي هاما گەپكە قوشۇق سېلىپ:

— نېمە ئۇ، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، يەرلىك ئۆرپ - ئادەت دېگەنلەر، تامىقىڭلارنى ئىسسىقىدا يېمەمسىلەر؟ شىنيۆ، تيەنشىڭ، تاماق يەڭلار! — دېدى.

شىنيۆ ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندىن بېرى بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئاكىسىغا قاراپ:

— ئاكا، يېگىنە! — دېدى.

خەن تيەنشىڭ شىنيۆدىن سەككىز ياش چوڭ ئىدى، بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 541 - زاۋۇت-تا ئىشلەيتتى. بۇ مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر خەلق پۇلى باسىدىغان زاۋۇت ئىدى، نۇقتىلىق قوغدىلاتتى، تۇزۇمى ناھايە-تى چىڭ ئىدى. مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەچكىمى-كىن، ئۇنىڭ گېپى ئالتۇندىن قىممەت ئىدى. گەپ قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالدا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياتتى. هەر كۈنى ناشتا قىلىپ بولۇپلا ۋېلسىپتىنى مىنىپ ئىشقا كېتەتتى. كەچتە يەنە ۋېلسىپتىنى تاراقشىتىپ ئىشتىن يېنىپ كېلەتتى - دە، ئۆدۈل شەرقىي تەرەپتىكى هۇجرىسىغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇ ئادەتتە ئىش كىيىمى كىيىپ يۈرەتتى. خەي هاما تاماققا چاقىرغاندا هۇجرىسىدىن چىقىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي تامىقىنى يەپ بولۇپ يەنە هۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى. كېچىلە-رى هاجەتخانىغا چىقمىسا، ئۇنى ئەتىسى ئەتىگەندە كۆرگىلى بولاتتى. دادىسى: «بۇ بالا ساۋساۋنىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ كېتە-

ۋاتقان شۇي جىدەك بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ» دەيتتى. خەي هامما بەزىدە چېقىشىپ: «هوي تيەنشىڭ، چىرايىڭنى سەت پۇرۇشتۇرۇپ كىمگە ئاچچىق قىلىسەن؟» دېسە، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماستىن: «هېچكىمگە» دەپ جاۋاب بېرەتتى چى-رايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي.

بۇگۈن قۇياش غەربتىن چىققاندەك ئىش بولدى: تيەنشىڭ گەپ قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

— شىنيۇ، — دېدى ئۇ سىڭلىسىغا قاراپ ئاسان ئېچىل-مايدىغان قېلىن كالپۇكىنى تەستە مىدىرلىتىپ، — تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئاتاپ سوۋغا تەييارلىغانىدىم. . .

شىنيۇ هەيران قالدى ۋە:

— ئاكا، تۇغۇلغان كۈنۈم سېنىڭمۇ يادىڭدىمۇ؟ — دېدى.

تيەنشىڭ:

— يادىمدا، ئاخشام ئاسماندىكى هىلال ئاينى كۆرۈپ قال-دىم، شۇنىڭ بىلەن يادىمغا كەلدى. ئاي تولغان كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، ئاي ئەگىم بولغان كۈنى سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ، — دېدى.

خەن زىچى بىلەن خەن خانىم كېلىشىۋالغاندەك بىر - بىرىگە قاراپ يەنە شۇئان باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇلار ئوغلىنىڭ ئايغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، سىڭلىسىنىڭ تۇغۇل-غان كۈنىنىڭ غېمىنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

خەي هامما تەسىرلىنىپ:

— راست، سەن 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۇ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇغۇلغان، بۇنى قانداق ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن، قېرىنداش تۇرساڭلار! — دېدى.

شىنيۇ قىزىقسىنغان هالدا ئاكىسىغا تىكىلىپ قاراپ:

ئاكا، ماڭا نېمە سوۋغا قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

تيەنشىڭ جاۋاب بەرمەي، خىزمەت كېيىمىنىڭ يانچۇقىدىن

بىر كونۋېرتنى ئېلىپ، جىددىي تەرزدە سىڭلىسىغا تەڭلەپ:
— مە، ئالە! — دېدى.
شىنيۈ كونۋېرتنى ئالدىراش ئاچتى، كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن يېپيېڭى بەش يۈەنلىكتىن تۆتى چىقتى. دادىسى، ئاپىسى ۋە خەي هامما بۇنى كۆرۈپ شىنيۈگە ئوخشاشلا تاسادىپىيلىق هېس قىلىشتى.
— ئاكا، ماڭا نېمىدەپ پۇل بېرىسەن؟ — دېدى شىنيۈ سەل ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇ ئەسلىدە ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە پۇلدىنمۇ قىممەتلىك بولغان، بىرەر پارچە كىتاب سوۋغا قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى.
— مەن... يېنىمدا پۇلدىن باشقا نەرسە يوق! — دېدى تيەنشىڭ ساددىلىق بىلەن كۈلۈپ، — بۇ پۇلنى مەن ئىشلەپ تاپقان!
— لېكىن، سەن هەر ئايدا قىرىق يۈەنلا مائاش ئالىسەن! ئۆزۈڭ خەجلە، مەندە پۇل بار، دادام بەرگەن.
— ساڭا هەر ئايدا يىگىرمە يۈەن بېرەلەيتتىم يوققۇ، مەندە ئۈنچىلىك ماغدۇر يوق، — دېدى تيەنشىڭ، — سەن بۇ ئايدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىسەن ئەمەسمۇ، شۇڭا مۇشۇ پۇلغا ئاياغ ياكى قەلەم ئېلىۋالغىن، ئەمدى سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولىسەن!
تاماق يەۋاتقان خەن زىچى بىلەن خەن خانىمنىڭ چوكىلىرى توختاپ قالدى، بىراق هەر ئىككىلىسى گەپ قىلمىدى.
شىنيۈ شۇندىلا ئاكىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۈنىڭ ئىچى ئىسسىق بولۇپ كەتتى.
— ئاكا، سەن چوقۇم بىلىسەن، مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلەمدىمەن؟ — دېدى ئۇ.
— ئۆتەلەيسەن، — تيەنشىڭ شۇنداق دەپلا، سىڭلىسىغا قارىماي، بېشىنى سېلىپ تامىقىنى يەۋەردى. ئۇ تاماق يېيىش

ئارقىلىق ئۆز ھاياجىنىنى باسماقتا ئىدى.

— سەن ئۆتەلمىسەڭ، ئالىي مەكتەپكە كىم ئۆتەلەيدۇ؟ ھەي، مەن ئالىي مەكتەپتە ئەمەس، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالمىدىم! — دېدى تېيەنشىڭ.

ئۇنىڭ بۈگۈن ئاغزى ئېچىلىپ جىق سۆزلەپ كەتتى، ئادەت-تە بىر يىلدىمۇ بۇنچىلىك كۆپ گەپ قىلمايتتى. ئۇ ھاياجانلىن-نىپ كەتكەنىدى، ئەمما ئاتا - ئانىسىنى بىر قىسما قىلىپ قويغانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. ئۇلار چوكىلىرىنى تەڭلا قويۇپ تېيەنشىڭغا قارىدى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا گويا ئوغلىنىڭ ئالدىدا قەرزداردەك خىجالەتچىلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. خەي ھامما بىر ئېغىز گەپ قىلماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ ئەتكەن چۆپنى تەتۈر چايناپ ئولتۇراتتى، پىكىر - خىيا-لى تاماقتا ئەمەس ئىدى.

شىنيۈ قولىدىكى يېپيېڭى پۇللارنى سىلاپ ئۇندىمەي ئولتۇ-راتتى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىغا ئاكىسىنىڭ تارلىق قىلماستىن، ئەكسىچە مەستلىكى كېلىۋاتقانلىقىنى ئې-نىق بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى يەنىلا غەش ئىدى. ئاكىسىنىڭ نېمىشقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، ئوقۇشتىن بالدۇر توختاپ خىزمەتكە قاتناشقانلىقىنى ئۇ بىلمەيت-تى. ئاكىسىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا ۋە ئىستىقبالىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىگە ئۇ تەسىر يەتكۈزگەنمىدۇ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، شىنيۈنىڭ دادىسى ھەر ئايدا بىريۈزيىگىرمە يۈەن مائاش ئالىدۇ، مۇشۇنداق بىر ئائىلە ئۈچۈن ئىككى بالىنى ئوقۇتۇش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاكىسى ياخشى ئوقۇيالمىغان ئوخشىمامدۇ؟

تېيەنشىڭ شىنيۈنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ مەززىلىك چۆپنى يەپ بولۇپ، ئاغزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ:

— قارا، «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش» تامىقىنى يېگەنلىكىڭ-



www.uyghurkitap.com

دىن مەن شۇنچىلىك خوش! ئىمتىھاننى ياخشى بەرگىن، چوقۇم ئۆتۈپ كېتىسەن! مېنىڭدەك بولۇپ قالما، مېنى بېسىپ چۈش - كىن! — دېدى - دە، داستىخاندىن بىرىنچى بولۇپ ئايرىلىپ، ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.

شىنيۈ ئاكىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ-لاشماقچى ئىدى، لېكىن تامىقىنى يەپ بولالمىغان، ئۇنىڭ ئۇس-تىگە دادىسىغا دەيدىغان گەپلىرى بار بولغاچقا، ئورنىدىن قوز-غالمىدى.

— دادا، بۈگۈن مەكتەپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئانكېتى تارقاتتى، مۇئەللىم ئارزۇيۇڭلارنى يېزىڭلار دەيدۇ، — دېدى بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ئۇ.

— ھە؟ — دېدى نېمىنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرغان خەن زىچى چۆچۈگەندەك بولۇپ، — توشقۇزدىڭمۇ؟

— ياق، مۇئەللىم ئاتا - ئاناڭلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كېلىڭلار دېدى.

— ئاتا - ئاناڭلارنىڭ پىكرىنى. . . — خەن زىچى قىزى-نىڭ سۆزىنى قايتىلاپ، دەرھال ئىپادە بىلدۈرمەي ياندۇرۇپ قىزىدىن:

— ئۆزۈڭنىڭ پىكرى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ غەرب تىللىرى فاكۇلتېتى-نى يازايمىكىن دەيمەن!

— ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەمسەن؟

— ھەئە، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى كۆرىمەن،

— ھىم! — خەن زىچى خوش بولدى، قىزى دەل ئۆزى ئويلىغان كەسىپنى تاللىغانىدى.

— چەت ئەل تىلى ئۆگىنەمسەن؟ — دەپ سورىدى خەن خانىم ياقتۇرمىغان ئەلپازدا دادا - بالا ئىككىسىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، — دادا - بالا ئىككىڭلارنىڭ ئۆيدە چەت

www.uyghurkitap.com

ئەل تىلىدا سۆزلەشكىنىڭلار يەتمىگەندەك، سەن ئەمدى ئاشۇنداق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچىمۇ؟

— ئاپا، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى شىنيۆ، — ئىنگلىز تىلىنى بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىيەلىگەن بىلەن بولمايدۇ. . .

— بۇ دېگەن پەن! — دېدى خەن زىچى شىنيۆنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — سېنى مىسالغا ئالايلى، سەن ئۆز تىلىڭدا ھەرقانداق ئادەمدىن راۋان سۆزلىيەلەيسەن، ئەمما بىر خەتنىمۇ تونۇمايسەن، بۇنداق ئەھۋالدا سېنى خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن دېگىلى بولامدۇ؟.

— مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسىز؟ — دېدى خەن خانىم ئۆڭۈپ، — مېنى ساۋاتسىز، يارىماس ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىدەپ ئالغانتىڭىز؟ مېنىڭدىن ياخشىراقىنى ئالسىڭىز بولماسمىدى؟ مېنىڭدىن ياش، چىرايلىق ھەم چەت ئەل تىلى بىلىدىغانلارنى ئېلىۋېلىڭ!

— ئاپا! نېمىدېگىنىڭ بۇ. . . — دېدى ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتكەن شىنيۆ.

— راست دەۋاتىمەن! مەن ئەسكى، مەن بىشەم! ئۇ ساڭا ياخشى ئاپا تېپىپ بەرسۇن، چەت ئەللىك ئاپا تېپىپ بەرسۇن! — خەن خانىم گويا سوقۇشىدىغاندەك بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى.

خەن زىچى ئاچچىقىدا خوتۇنىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارىدى. يېڭى ئۇرۇش قىل ئۈستىدە تۇراتتى.

— ھەي، سىڭلىم، — خەي ھامما دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشتى، — ئەللىك ياشتىن ئاشقان تۇرۇقلۇق بالىڭىزنىڭ مازاق قىلىشىدىنمۇ قورقمايدىكەنسىز! ئانىلىق سالاھىيىتىڭىزنى ساقلىسىڭىزچۇ! بالىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئىشى مۇھىم. بىز بۇ ئىشلارنى بىلمەيمىز، ئارىلاشمىغىنىمىز تۈزۈك، ئۇ ئۆزى دادىسى بىلەن ئوبدانراق مەسلىھەتلەشمەمدۇ!

خەي ھامما بۇ ئائىلىنىڭ سىلىقلاش مېيى ئىدى، ھەمىشە ئىككى چىشلىق چاق مايسىراپ غىچىرلاپ كەتسە، شۇئان ماي سۈركەپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن چاق غىچىرلىماي، نورمال مېڭىۋېرەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇنچىلىك چوڭ نوپۇزى-مۇ يوق ئىدى، ئۇلار بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىللە ئۆتكەچكە، ئۇرۇشقاق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلىرىنى بىلىۋالغانىدى، شۇڭا ھالقىلىق پەيتلەردە ھەمىشە گەپنىڭ توچ-كىسىنى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش بېسىقىپ قالاتتى. بۇنى يات ئادەملەر چۈشەنمەيتتى. ھەتتا شىنيۆمۇ ئاتا ـ ئانىسى-نىڭ نېمىشقا ھەمىشە سوقۇشۇپ يەنە ھەمىشە ئەپلىشىپ قالىدى-غانلىقىنى بىلمەيتتى. ھازىرمۇ ئىككىسى يەنە ئەپلىشىپ قالغا-نىدى، ھېچبولمىغاندا جېدەل بېسىققانىدى.

خەن خانىم تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

خەن زىچى خوتۇنىغا بولغان ئاچچىقىنى بېسىپ، قىزىنىڭ ئوقۇش ئىشىنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ قىزىنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. قىزىنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۈنساناپ كۈتكەنىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ قىزى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ قىزىنىڭ ھايات يولىدىكى، چوڭ ئۆتكەل ئىدى. قىزى مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتسە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالاتتى، ئاندىن ئالىي مەكتەپ دىپلومىنى ئېلىپ جەمئىيەتكە چىقىپ، مۇستەقىل تۇر-مۇش يولىغا قەدەم قوياتتى. خەن زىچى ئالىي مەكتەپ بۇياقتا تۇرسۇن، باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ ئوقۇمىغان كىشى ئىدى، ئۆزى-نىڭ خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى ساۋاتىنى تۇرمۇشنىڭ مەج-بۇرلىشى ۋە كەسپىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن جاپاغا چىداپ ئۆزلۈ-كىدىن ئۆگىنىپ چىقارغانىدى. ئۇنى مۇھىت يېتىشتۈردى. تىيەنشىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچىلا ئوقۇيالىدى. . . ئۇ-نىڭ جەمەتىدىن ئالىي مەكتەپ دىپلومى ئالغان بىر كىشى چىق-

مىغانىدى، بۇنىڭدىن خەن زىچى قاتتىق ئۆكۈنەتتى. بۇ ئۆكۈنۈشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بىردىنبىر ئۈمىدىنى قىزىغا باغلىغانىدى. شۇ كۈنلەر كەلسە، مۇرادىغا يەتكەن دادا چىرايىغا كۈلكە ياغدۇرۇپ، قىزىغا: «ئەمدى مەن ساڭا يۈز كېلەلەيمەن ھەم ۋىجدانىمغىمۇ يۈز كېلەلەيمەن!» دېگەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىزغىن ئارزۇسىنى قىزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شىنيۈ يەسلىدە تىلى چىققان چېغىدىن تارتىپلا خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىللىرى بويىچە ئىپتىدائىي تەربىيىگە ئېرىشكەنىدى، خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىللىرىغا بولغان ئىنكاسى ئوخشاشلا سەزگۈر ئىدى. ئىككى - ئۈچ ياش مەزگىللىرىدە دائىم ئىشلىتىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئىگىلىگەن، باشقىلار بىلەن ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلىشالايتتى. خەن زىچى ئۆيدە قىزى بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئادەت ئۇن يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ شىنيۈنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس يارىتىپ بەرگەنىدى. شىنيۈنىڭ ھەرقايسى دەرسلەردە نەتىجىسى ئەلا ئىدى، بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلىدا نەتىجىسى ئالاھىدە ئىدى. بۇنىڭدىن قىلچە ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىنگلىز تىلىنى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئارزۇسى ۋە ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىدى، ئۇ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرغاچقا، دادىسى بۇنىڭدىن تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

— ناھايىتى ياخشى، شىنيۈ، — دېدى دادىسى، — مەندىمۇ ئاللىبۇرۇن مۇشۇنداق ئويى بار ئىدى. سەن ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى كەسپىدىنمۇ مۇۋاپىق كەسىپ يوق.

— دادا كەلگۈسىدە مېنىڭ تەرجىمان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلامسەن؟ — دېدى شىنيۈ، ئۇنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى خەن زىچى
قىزىغا مېھرىبانلارچە قاراپ ناھايىتى پەس ئاۋازدا، — كەسىپكە
ئىنتىلىش ئۇنىۋان ۋە نام بىلەن قانائەتلىنىشتىن دېرەك بەرمەي-
دۇ. سەن بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ، شۇ
نەرسىنى پۈتۈن يۈرەك قېنىڭنى سەرپ قىلىپ تەتقىق قىل،
ئىگىلە، شۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە خۇشاللىق تاپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەت-
مە. مانا بۇ كەسىپچانلىق، بۇ ھەممە نەرسىدىن مۇھىم...

— سېنىڭ قاشتاشقا مەپتۇن بولغىنىڭغا ئوخشاشمۇ؟ —
دېدى شىنيۈ كۈلۈپ.

— شۇنداق... — دېدى خەن زىچى. ئۇ كۆڭلىدە خور-
سىنىۋاتاتتى.

— بەك ياخشى بولدى، سەن مېنىڭ ئىشەنچىمنى چىڭىت-
تىڭ. — دېدى شىنيۈ تامىقىنى ھۇزۇرلىنىپ يېگەچ، — ئە-
مىسە ئارزۇيۇمنى شۇنداق يازىمەن جۇمۇ؟ ئانكېتنى ئەتە تاپشۇ-
رىمىز.

— سېنى بۇ ئارزۇيۇڭدىن ھېچكىم توسالمايدۇ. سەن چوڭ
بولدۇڭ، ئون يەتتە ياشقا كىردىڭ، — دېدى خەن زىچى ناھايىتى
ئېنىق جاۋاب بېرىپ، — ئىككىنچى ئارزۇيۇڭ نېمە؟

— ئىككىنچى ئارزۇيۇم يوق! — دېدى شىنيۈ ئويلىنىپ
ئولتۇرمايلا.

— يوق دەمسەن؟ ناۋادا بىرىنچى ئارزۇيۇڭغا يېتەلمەي
قالساڭچۇ؟ ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويۇشۇڭ كېرەك...

— مەن ئۆزۈمگە ئىمكانىيەت قالدۇرىدىغان ئىشنى قىلماي-
مەن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن!

— ھە! — خەن زىچى چۆچۈپ كەتتى، ئۇ گەرچە شىنيۈ-
نىڭ ئىقتىدارىنى بىلىسمۇ، ئەمما قىزىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئى-
شەنچىسىنىڭ مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان-
دى. قىزى خۇددى ئۆزىنىڭ كېلەچەك تەقدىرىنى ئۆز قولىغا

ئېلىنغۇالغاندەك قىلاتتى. خەن زىچى يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشتىن قۇتۇلغاندەك ئىنتايىن خۇش بولۇپ:
— سېنىڭ جاسارىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن، چېكىنىش يولى يوق، چېكىنىش يولى ئەزەلدىن قورقۇنچاقلارغا. . . قال - دۇرۇلغان! — دېدى.
— رەھمەت دادا! — دېدى شىنيۈ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن، — مەن چوقۇم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈمەن، شۇن - دىلا ساڭا يۈز كېلەلەيمەن!
— سىلەر دەۋاتقان بۇ «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» قەيەردە؟ يىراقمۇ؟ — دەپ سورىدى خېلىدىن بېرى گەپكە قوشۇق سېلىش - قا پېتىنالماي ئولتۇرغان خەي ھامما بىردىنلا. ئۇ بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئەس - يادى ئىككىسى - نىڭ گېپىدە ئىدى.
— يىراقلىقىغۇ يىراق ئەمەس، — دېدى خەن زىچى تامىقى - نى يېگەچ، تاماق ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەمدى تېتىۋاتاتتى، — ساياز - لىقتىكى قىزىل بىنا شۇ!
— نەدىكى، قاچانقى گەپنى دەۋاتىسەن، — دېدى شىنيۈ پىخىلداپ كۈلۈپ، — بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇ يەردە ئەمەس، شەھەرنىڭ سىرتىدا، يىراق!
خەن زىچى تېڭىرقاپ قېلىپ:
— بۇرۇنقى يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى.
شىنيۈ بېشىنى لىڭشىتىپ:
— دەل شۇ يەر! — دېدى.
— ھە؟ — بىر خىلدا تاماق يەۋاتقان خەن خانىم شۇئان ھەيران بولۇپ شىنيۈدىن سورىدى، — ئاشۇ مەكتەپ شۇمۇ؟
— نېمە بولدى؟ — دېدى شىنيۈ گاڭگىراپ.
— شۇ يەردە ئوقۇماقچىمۇسەن؟ — دېدى خەن خانىم چو -

كىسىنى قاچىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

— بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ مۇ-
ئەللىم بىزگە ئۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى مەكتەپ، تارىخى
ئۇزۇن. «4 - ماي» ھەرىكىتى ۋاقتىدا، تېخى. . . — شىنيۆ
ئاتا - ئانىسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامنامىسىنى يادلاپ
بېرىۋاتقاندەك ۋىچىرلاپلا كەتتى.

— ئۇ مەكتەپنى يامان دەۋاتقىنىم يوق. . . — دېدى خەن
زىچى دۇدۇقلاپ، — مەن دەيمەن. . .

خەي ھامما گەپكە قوشۇق سالدى:

— ئاپاڭ بىلەن داداڭ ئۇ يەرنى بەك يىراق دەۋاتىدۇ،
يېقىنراق مەكتەپكە ئىمتىھان بەرسەڭ بولمامدۇ؟

شۇنداق، — دېدى خەن زىچى خەي ھاممىنىڭ سۆزىگە ئۇ-
لاپلا، — باشقا مەكتەپلەرنى يازساڭمۇ بولىدىغۇ، مەسىلەن،
چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى، تاشقى سودا ئىنستىتۇتى. . .

— ياق، مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرى-
مەن! — دېدى شىنيۆ قەتئىيلىك بىلەن.

— نېمىشقا؟ شۇ يەرگە مېھرىڭ چۈشۈپ قالغانمۇ
نېمە؟ — دېدى خەن خانىم چىرايىنى تۈرۈپ.

— چۈنكى، — دېدى شىنيۆ دەسلەپتە ئاپىسىغا، ئاندىن
دادىسىغا قاراپ، — چۈنكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نومۇر
چېكى ئەڭ يۇقىرى، ئىمتىھاندىن ئۆتمەك بەك تەس، يۇقىرى
ئۆلچەم بويىچە قابىلىيىتىمنى سىنىماقچىمەن. ئاپا، ئىمتىھان-
دىن ئۆتۈپ كەتسەم، يىراقراق بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ دادا،
گەپ قىلە؟

داستىخان ئۈستىدە سۈكۈت ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

— بوپتۇ، ئارزۇيۇڭ شۇنچىلىك قەتئىي بولسا، مەنمۇ
سېنى زورلىماي! — دېدى خەن زىچى ئاخىر ئىلاجسىز قېلىپ.

— ئەمىسە مەن. . . — شىنيۆ خاتىرجەم بولالماي يەنە

www.uyghurkitap.com

سورىدى. ئۇ دادىسىنىڭ مۇجمەل ئەمەس، بەلكى ئېنىق جاۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

خەن زىچى بېشىنى سىلىپ:

— ئاپاڭنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باق... دېدى.

— ئاپا... — دېدى شىنيۈ تەڭلىكتە قالغاندەك ئاپىسىغا قاراپ.

— ماڭا گەپ قىلما، داداڭ ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىپ بولدۇڭلار، سېنىڭ يولۇڭنى توسايدىغان مېنىڭ نېمە ھەققىم؟ — دېدى خەن خانىم قىزىغا قاراپمۇ قويماستىن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئەزمىلىك بىلەن. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن كىشىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كېتەتتى. ئۇ چىنىنى ئىتتىرىۋېتىپ «لىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، خەن زىچىگە دوق قىلىپ، — ماڭا ئۇنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن دېمىگەنمىدىڭىز؟ مېنىڭ راستىنلا كارىم يوق جۇمۇ! — دېدى.

خەن زىچى قولىدىكى چوكىسىنى ئۈستەلگە قويدى، ئۇزۇق، ئېگىز گەۋدىسى خۇددى ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك شۇمشىيىپلا قالدى.

شىنيۈنىڭ كۆڭلى بىردىنلا غەشلىككە تولدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ كەچقۇرۇن جېدەللىشىپ قېلىشىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنداقتا ئۇلار نېمە ئىش توغرۇلۇق تالىشىدۇ؟ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئىشى ئۈستىدە تالىشىۋاتسا كېرەك. دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ يالغۇز قايسى مەكتەپنى يېزىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاپىسىنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشىنى تازا قوللاپ كەتمەيدۇ.

قاراڭغۇ چۈشتى. قەدىمىي تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ شاخلىرى يېنىك تەۋرىنىپ، يوپۇرماقلىرى شىۋىرلاپ تۇراتتى، كۈندۈزدى-

كى ئىسسىق يېنىپ كەتكەندى. مەيىن شامال كىشىگە ھۇزۇر
بېغىشلايتتى. ياز ئاخشىمىنىڭ تىنىق ئاسمىنىدا سان ـ ساناق-
سىز يۇلتۇزلار سوغۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. غەربىي جەنۇب
تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھىلال ئاي يىراقتىكى دەل ـ دەرەخ-
لەرنىڭ ئۇچلىرىدا، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە
شۇنچىلىك كىچىك ھەم شۇنچىلىك نەپىس، گويا قارا دۇخاۋىنىڭ
ئۈستىگە قويۇلغان پىل چىشىدەك، سۇدىن بىرلىك چىقىپ قال-
غان ئاق قاشتاشتەك، سۇدا لەيلەپ يۈرگەن قېيىقتەك كۆرۈنەت-
تى. بۇ قېيىق نەگە بارىدۇ؟

شىنيۈ خەي ھاممىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ئاندىن
ھۇجرىسىغا قايتتى. دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ جېدىلى، ئالىي
مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئارزۇسىنىڭ ھەل بولمىغانلىقى ئۇنى
بىئارام قىلاتتى، دەردىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنى
خەي ھاممىلا ياخشى كۆرەتتى، كۆيۈنەتتى، كۆڭلىنى ياسايتتى.
كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچراپ قالسا، تەسەللى تېپىش ئۈچۈن
ھەمىشە ئاۋۋال خەي ھاممىنىڭكىگە كىرەتتى. خەي ھامما مەيلى
ئۇلۇغ گەپ قىلسۇن ياكى تەتۈر گەپ قىلسۇن، ئۇنى كۈلدۈرۈپ
ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىاتتى. لېكىن بۇ قېتىم
خەي ھاممىنىڭ ئايەتۇلكۇرسى ئۆتمەي قالدى. ئالىي مەكتەپكە
ئىمتىھان بېرىدىغان ئىش ناھايىتى چوڭ ئىش ئىدى. بۇ ئىش
خەي ھاممىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەندى. ئۇ ئارا
تۇرالماي قايتا ـ قايتا: ئالدىرىما، ئاپاڭ بىلەن يەنە مەسلىھەتلى-
شىپ باقاي، ئالدىرىما، ئاپاڭ ساڭا كۆيۈنىدۇ. سەن ئۇنىڭ بىر
تاللا قىزى تۇرساڭ. ئۇ ھەممە ئىشتا سېنىڭ رايىڭغا باقماي
قالامدۇ؟ ئۇ سېنىڭ يىراق جايدا ئوقۇشىڭدىن خاتىرجەم بولال-
مايۋاتىدۇ. ئاپاڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىپ باقاي، دەيتتى.
مەن ئويلاپ كۆردۈم، بىر قىز بالىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ـ
ئوقۇماسلىقى ئانچە مۇھىممۇ ئەمەس. . . دەپمۇ قويىاتتى يەنە.

www.uyghurkitap.com

ھەي، خەي ھامما ساۋاتسىز، بىلىدىغانلىرى بەك ئاز ئىدى. چويلىدا توختىمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ، شىنيۈنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى.

شىنيۈ خەي ھاممىنىڭكىدىن چىقىپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماندىكى ھىلال ئاينى كۆرۈپ ئۆزىنى ئويلىدى. ئۇ ئاشۇ ئاسمان جىسمى بىلەن ئىسىمداش ئىدى. بۇنىڭدىن ئون يەتتە يىل ئاۋۋال ئاي تۇغقان چاغدا دۇنياغا كەلگەن، ھىلال ئايدەك كۆتۈرۈلۈپ، ئون يەتتە باھار يازنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ چوڭ قىز بولۇپ يېتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يولنى قانداق بېسىش كېرەك؟ ئاسماندىكى ئاينىڭ ئايلىنىش يولى بار، ئۇنىڭچۇ؟ ئۇ شۇ تاپتا «تۆت كوچا» ئاغزىدا قايان مېڭىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى.

ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ تۆردىكى ئۆيگە قارىدى. تۆردىكى ئۆيدە دادىسى بىلەن ئاپىسى بار ئىدى، چىراغ ئۆچۈك تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ قالغان - قالمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن يەنە سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى. بىراق ئايۋانغا بېرىپ، تۆر ئۆيدىن ھېچقانداق ئاۋاز كەلمىگەچكە، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئاخىر ئاپىسىنى ئويغىتىشقا جۈرئەت قىلالماي، بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، جىممىدە كېتىپ قالدى.

شىنيۈ ھۇجرىسىغا كىرىپ، چىراغنى ياندۇرماي، ئۆزىنى كىيىمى بىلەنلا كارىۋاتقا ئاتتى. پۇت - قوللىرىدا جان يوق ئىدى. ھۇجرا ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى، تالادىكى خىرە ئاي نۇرىدا دېرىزىگە چاپلىغان قەغەز ئاقۇچ كۆرۈنەتتى. تام تۈۋىدىكى ئىشكاپ، گىرىم ئۈستىلى، يېزىق شىرەسىنىڭ سايىسى ئەلەڭلەپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئادەمزاتسىز بىر جىلغىغا كىرىپ قالغاندەك يالغۇزلۇق ۋە مەيۇسلۇك ھېس قىلدى. كارىۋاتتا ئىككى يېنىغا

ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. بۇ ئىككى بېشىغا ۋادەكلىك گۈل چىقىرىلغان مىس كارىۋات ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن مۇشۇ كارىۋاتتا ياتقانىدى، ئاپىسىمۇ بۇرۇن مۇشۇ كارىۋاتتا ياتاتتى. خەي ھامىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپىسى شىنيۈ بىلەن ئاكىسى ئىككىسىنى مۇشۇ كارىۋاتتا يەڭگىگەنىكەن. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بوۋاق چاغلىرىدا ئاپىسىنىڭ ئۇنى قوچىقىغا ئېلىپ قانداق ئەمدۈرگەنلىكىنى، ئانا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە قانداق ئىجىل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پەقەت گۆدەك چاغلىرىدا بىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ياتىدىغانلىقىنى، كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، تامىقىنى يېگۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھويلىدا ئوينىتىدىغانلىقىنىلا ئەسلىيەلەيتتى. . . مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خەي ھاما قىلاتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى، خەي ھاما ئۇنىڭ سومكىسىنى ياماپ بېرەتتى، ئۇنى مەكتەپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قوياتتى، دەرستىن چۈشكەندە يولدىن ئېزىپ كېتەرمىكىن ياكى كوچىدا ئوغۇل بالىلار بوزەك قىلىپ قويارمىكىن دەپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. بۇ ھالەت بىرنەچچە يىل داۋاملاشتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدىيالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىپ قويمايدىغان بولدى. ھەر قېتىم مەكتەپتىن قايتقان چاغدا خەي ھاما ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى، كېچىكىپ قالسا، بىتاقەت بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ يولىغا قارايتتى. ھېلىمۇ يادىدا، ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى كىرلىكىدىكى قاننى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى.
ئاپىسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ: «چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىز بالا مۇشۇنىمۇ بىلمىگەن بارمۇ» دېگەندە، خەي ھاما شۇئان كىرلىكىنى يۇيۇپ شىنيۈگە ئاستا: «شىنيۈ، سەن ئەمدى چوڭ قىز بولۇپ قالدىڭ. قورقما، بۇ كېسەل ياكى يارا ئەمەس، ساڭا

كېيىن دەپ بېرىمەن. . . » دېگەنىدى، شۇ ئىشقا ھازىر بەش يىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىپ كېتىۋاتقان-لىقىنى، ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئازادە يېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ خەي ھاما ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ياتماي جەنۇب تەرەپتىكى ھۇجرىغا چىقىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ خەي ھاما يەنىلا ئۇنىڭ كىر قاتلىرىنى يۇيۇپ، يامىقىنى ياماپ بېرەتتى، ھەممە ئىشىغا كۆڭۈل بۆلەت-تى. بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنگە ئاتاپ قىلىنغان كەچلىك تاماقمۇ خەي ھامىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تەييار بولغانىدى. . . بۇ ئىشلارغا ئاپىسى كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتى-ھان بېرىشتەك كەسكىن جەڭ ئالدىدا تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ ھاياتى-دىكى چوڭ ئۆتكەل ئىدى، يالغۇز ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشىغا موھتاجلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىغىمۇ موھتاج ئىدى. دادىسى ئۇنى قوللىغىنى بىلەن قاتمۇقات غەم ـ ئەندىشىگە پېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى. خوتۇنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىغا كېلىشى ناھايىتى تەس ئىدى. بۈگۈن ھەرقانچە سۆزلەپمۇ گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي يەنىلا خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراشقا مەجبۇر بولدى. خوتۇنىنىڭ «كارىم يوق» دېگىنى قەتئىي ئارىلىشىمەن، توسايمەن دېگىنى ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان مۇشۇ جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ يولىغا توساق قۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

شىنيۈ تىتىلداپ بولماي، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇردى. ئۇستەلدە تۇرغان ئانىسىنىڭ «ئار-زۇسى» نى يازىدىغان كاتەكچىسى بوش ئىدى، ئەتە مۇئەللىمگە قانداق تاپشۇرۇشنى بىلمەيتتى. قەتئىي نىيەتكە كەلگەن قىزنىڭ

ئالدىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر توساق تۇراتتى، بۇ توساقنى ئۇنىڭ ئاپىسى قۇرغانىدى.

كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تېخى تولدۇرۇپ بولۇنمىغان ئانكېت ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئانكېت ئۈستىدىكى ياش داغلىرىنى سۈرتۈپ، ئانكېتنى ئاۋايلاپ ئىنگلىز تىلى دەپتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى. ئىككى بىلىكىنى يېزىق ئۈستىلىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، چىراغقا قارىدى. پىكىر - خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى ئۇشتۇمتۇت ئۈستەل چىرىغىنىڭ يېنىدىكى ياغاچتىن گۈللۈك نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان نەپىس كىچىك ئەينەك رامكىغا چۈشتى. رامكىدا ئاپىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ئالتە سۇڭلۇق سۈرىتى بار ئىدى. ئاپىسى سۈرەتتە سىپايە، سالاپەتلىك قىياپەتتە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ ئىنچىكە قوللىرى چىرايلىق ئىدى، بىر قولىنى ئۇنىڭ بېلىگە ئۆتكۈزۈۋالغان، يەنە بىر قولىدا قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ تىزىدا بۇلاقتەك غۇبارسىز كۆزلىرىنى ئاپپاراتنىڭ ئەينىكىگە تىكىپ، تاتلىق جىلمىيىپ، ئاپىسىغا چىڭ يېپىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن، يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۈچىسىدا ئاق كۆڭلەك، پۇتىدا ئاق پايپاق بىلەن ئاق خۇرۇم ئاياغ بار ئىدى. كىشىگە ئاپىسى خۇددى ئويۇنچۇق قاتارىدىكى ئەجنەبىي قونچاقنى قۇچاقلىۋالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەنىدى. يۈزىنىڭ كىپتى، قاش، كۆز، بۇرۇن ۋە ئاغزى ئاپىسىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ سۈرەتتىكى ئۆزىنى كۆرۈپ، ئاپىسىغا بارغانچە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاپىسى كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشمىدى. ئون يەتتە يىلدىن مۇشۇ بىر پارچە سۈرەتلا قالغانىدى. ئۇ بۇ سۈرەتكە چەكسىز مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ باشقىدىن

www.uyghurkitap.com

بالىلىقىغا يېنىپ، ئاپىسىنىڭ قويىنىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ، بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان ئانا ـ بالا مېھرىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. سۈرەتتىكى ئاپىسى ھازىرقى ئاپىسىدىن كۆپ ياش ئىدى. ئۇ چاغدا ئاپىسى چېچىنى بۇدۇر قىلغان، چىرايلىق ياش چوكان ئىدى. ھازىر قېرىدى، كىيىم كىيىشلىرىمۇ ئۆزگەردى. لېكىن يۈزىنىڭ كىپتى ۋە قاش ـ كۆزلىرىدە ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس ئىدى، ئەمما ئوبرازىدا، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىدە ئۆزگىرىش ئەڭ چوڭ ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەم تۇتۇلۇپ، دەم ئېچىلىپ قالىدىغان چىرايىنى كۆرگەندەك بولدى. گەرچە ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن، يېقىملىق گەپ قىلغان چاغلىرى بولغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئاپىسى ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى، بەزىدە ئاپىسىنىڭ تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئاپىسىدىن قورقىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزگەرمەي سۈرەتتىكىگە ئوخشاش مەڭگۈ خۇشخۇي ۋە مۇلايىم تۇرۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. شۇ چاغدىكى مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق نەگە كەتكەندۇ؟ ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا كۆرگىلى ھەم تۇتقىلى بولمايدىغان، لېكىن ھەمىشە ھېس قىلغىلى بولىدىغان ھاڭنى قانداق كۆچ پەيدا قىلغاندۇ؟ ئاپا، مەن سېنى قانداق قىلسام چۈشىنىمەن؟

شىنيۈ قايغۇ ـ ھەسرەت دەستىدىن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن مۇشۇ كېچىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. تۆردىكى ئۆيدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قىزىنىڭ ئوقۇش ئىشى توغرۇلۇق تۈن كېچىدە ماھىيەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان خەن زىچىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىر

ياستۇققا باش قويمىغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغانىدى. تۆردىكى
ئۆينىڭ شەرقىي ھۇجرىسى بۇرۇن ئىككىسىنىڭ ھۇجرىسى ئى-
دى، ئىشىكى قوش قاناتلىق ئىدى. قارىياغاچ ياغىچىدا ياسال-
غان، قارا سىردا سىرلانغان ئىشكاپ تامغا يۆلەپ قويۇلغانىدى.
جەنۇب تەرەپتىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە چۆرىسى مىس بىلەن قاپلان-
غان، قاغىتۇمشۇق ۋە قۇلۇپلىرى مىستىن ياسالغان تۆت كىيىم
ساندۇقى قاتار قويۇلغان، شەرق تەرەپتە بىر چاي ئۈستەلى بىلەن
ئىككى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق بار ئىدى. كارىۋاتقا يېقىن جاي-
دا، تومپۇچكا بىر تەرەپتە، پۇل ساندۇقى بىلەن گىرىم قۇتىسى
يەنە بىر تەرەپتە تۇراتتى. بۇ بىر يۈرۈش ئۆي بىساتلىرىنى خەن
زىچى مۇشۇ تۇرالغۇغا كۆچۈپ كىرگەندە سېتىۋالغانىدى. بۇ ئۆي
بىساتلىرىغا يىگىرمە بەش يىل بولغان، مۇشۇ كەمگىچە ئىسكەتى-
دىن كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كونارغان ھەم سىرلىرى ئۆ-
چۈپ كەتكەنىدى. شىمال تەرەپكە قويۇلغان مىس كارىۋات ئۆي-
نىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. خەن زىچى پۈتۈن
ئائىلىسى بىلەن «بىلىمدان» قەسرىگە كۆچۈپ كىرگەندىن كې-
يىن، شىمال پاسونىدا سېلىنغان كاڭنى بۇزۇپ ئاچىقتۇرۇۋې-
تىپ، غەرب پاسونىدىكى مۇشۇ مىس كارىۋاتنى قويۇۋالغانىدى.
ئىككى بېشىدىكى ئېگىز ۋادەككە گۈل - گىياھلارنىڭ شاخلارغا
چىرماشقان كۆرۈنۈشى قۇيۇپ چىقىرىلغان بۇ مىس كارىۋاتتىن
قەدىمىي ئەجنەبىي پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ۋادەككە قۇيۇپ چىقى-
رىلغان گۈللەرنىڭ ئويمان يەرلىرى داتلىشىپ ئالا - بۇلىماچ
بولۇپ، ئېگىز يەرلىرى سۈركىلىپ پارقىراپ كەتكەنىدى، بە-
ئەينى ئاسارئەتىقىگە ئوخشايتتى. بۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئاتاقتا ئەر -
خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھۇجرىسى ئىدى، كارىۋاتتا بىر جۈپ ياس-
تۇق، بىر جۈپ يوتقان تۇراتتى، ئەمەلىيەتتە خەن زىچى قىرىق
ياشتىن ئاشقاندىن تارتىپ بۇ ھۇجرىدا يېتىپ باقمىدى. غەرب
تەرەپتىكى كۇتۇپخانا ئۇنىڭ ھۇجرىسى، غەربچە چوڭ ساپا كارد-

ۋىتى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئالاھىدە سەنئەت بۇيۇملىرى
ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىگە ئىشقا باراتتى، كەچتە قايـ
تىپ كېلەتتى. كۈتۈپخانا ھەم ھۇجرا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان
بۇ ئۆي داۋاملىق قۇلايلىق تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
سىرنى بالىلارمۇ بىلمەيتتى.

بۈگۈن خەن زىچى قائىدىنى بۇزۇپ روھسىز ھالەتتە خوتۇـ
نىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇردى. خەن خانىم ئۇخـ
لىمىغانىدى. ئېرىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالدـ
يىپ قاراپ پەسەنت قىلمىدى. خەن زىچى شەرق تەرەپتىكى تامغا
يۆلەپ قويۇلغان ئورۇندۇقتا نېمىدەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي،
بېشىنى سالغىنىچە خېلىغىچە جىم ئولتۇردى.

— نېمە گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، يەنە شۇ ئىش ئۈچۈن
كىرگەنسىز؟ — دېدى خوتۇنى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھەئە، — دېدى خەن زىچى، — مەن شىنيۆگە ماقۇل
بولغان، سەن ئەمدى...

— مەنمۇ ماقۇل بولدۇمغۇ؟ — دېدى خوتۇنى سوغۇق كۈـ
لۈپ.

— سېنى قانداقمۇ ماقۇل بولدى دېگىلى بولسۇن؟ بالا
قورققىنىدىن گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي قالدى.

— ئۇ دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىنى دېدىغۇ؟ ھىم، مەن
يەنە... — خەن خانىم شۇنداق دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتـ
تى.

— مەن بىلىمەن، سەن ئۇنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا
ئىمتىھان بېرىشىگە يول قويمايسەن... — دېدى خەن زىچى
ھەسرەت بىلەن خورسىنىپ. بۇ خورسىنىش ئۇنىڭ كۆڭلىدە
ئۇزۇندىن بۇيان بېسىلىپ ياتقان تالاي گەپلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى. لېكىن ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى، بۇ گەپلەرنى خوتۇنىغا
دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ خەن خانىمغىمۇ پۈتۈنلەي

ئايدىڭ ئىدى: ئېرى بۇنى قىزىغا دېيەلمەيتتى ھەم بىلىندۇر-مەيتتى.

خەن خانىم بىر دەم تۇرۇۋېلىپ:

— ھىم، مەيلى قايسى ئالىي مەكتەپ بولسۇن، ئىمتىھان بەرمىسۇن! — دېدى، چىرايى تۇرۇلۇپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى خەن زىچى ئېغىر خىيالدىن دەررۇ ئۆزىگە كېلىپ.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ قىز بالا دېگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە! چوڭ بولۇپ قالدى، ياتلىق قىلىۋەتسەم خاتىرجەم بولىمەن، بولمىسا تالادا يۈرۈپ تۇتۇق بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەجنەبىي تىلدا سۆزلىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ سىز ئۇنى چەت ئەلگە ئەۋەتمەكچىمۇ؟

— مېنىڭ. . . زادىلا ئۇنداق ئويۇم يوق! — دېدى خەن زىچى تېرىكىپ، — مەن پەقەت ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرماقچى، ئۆز ئارزۇيۇمغا يەتمەكچى! بۇ بالا ياخشى ماتېرىيال، سىلىقلاش-مىغان قاشتاش، ئۇنى ئوبدان تاراپ ياراملىق ماتېرىيالغا ئايلان-دۇرۇش كېرەك. ئاتا - ئانىسى بولغان بىزنىڭ ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئۇ ئوقۇشنى يېرىم يولدا تاش-لاپ قويسا بولمايدۇ، ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىدۇ، بىزنىڭ. . . بىزنىڭ مۇشۇ بىر تاللا قىزىمىز بار!

— ئوغلىمىزمۇ بىر تاللىغۇ؟ — دەپ خەن خانىم ياندۇ-رۇپ سورىدى ئېرىدىن، — تيەنشىڭ ئوقۇشنى يېرىم يولدا تاشلىۋېتىپ، ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىۋەتتى، بۇنىڭغا نېمە دەي-سىز؟ ئۇمۇ شىنيۆگە ئوخشاش سىزنىڭ پۇشتىڭىزدىن بولغاڭ-غۇ!

خەن خانىم ئېرىنى گەپتە تۇتۇۋالدى.

تيەنشىڭنى تىلغا ئېلىشى بىلەن خەن خانىمنىڭ يىغانى

تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى:

— باللارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىدىڭىز! تيەنشىڭ دۆتمىدى؟ يارامسىزمىدى؟ ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشىگە يول قويمىدىڭىز؟ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئىمتىھان بەرگۈزمەي زاۋۇتقا ئەكىرىپ شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەردىڭىز، شۇ يىلى ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەنىدى. . .

ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە ھېساب ـ كىتاب بار ئىدى. خەن خانىم بۇرۇنقى قايغۇلۇق ئىشلارنى ئويلاپ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— بولدى بەس. . . — دېدى خەن زىچى خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى سىلىپ. ئۇ يۈزىنى ئالىقىنىغا قويۇپ بارماقلىرى بىلەن قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن قاپقارا پېشانىسىنى سىلايتتى. خوتۇنىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك تەگكەن گەپلىرى ئۇنىڭ كونا يۈرەك يارىسىنى قوزغىۋەتكەنىدى، — بولدى بەس، تيەنشىڭنىڭ ئوقۇشتىن قېپقىلىشىنى ئويلىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ. مەن دادىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. شۇ چاغدا. . . ھەي، تيەنشىڭغا مۇشۇ پۇرسەت نېسىپ بولمىدى، كىشىنىڭ ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى پۇرسەتكە باغلىق، تەقدىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش تولىمۇ تەس!

— ياخشى پۇرسەت شىنيۈگە نېسىپ بولغان ئىكەنده. پۇلنى بولۇشىچە خەجلىسۇن، ئوقۇشنى قانغۇچە ئوقۇسۇن. لېكىن ئۇ ئاكىسىنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟ — دېدى خەن خانىم يېشىنى سۈرتۈپ، — مەن شىنيۈگە كۆيۈنمەيمەن ئەمەس، كۆيۈنىمەن، بۇ ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرگىنىممۇ ئەمەس. قىز بالا دېگەن ھامان قىز بالا، ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

— دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. پەر-

زەنتلىك بولۇش ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئەمەس، پەرزەنتلەر ئۈچۈن. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاپسۇن! — دېدى خەن زىچى خوتۇنىغا قاراپ، — ئوغلۇمنىڭغۇ بەختىگە ئۇلتۇردىم، ئەمدى قىزىمنىڭ بەختىگە ئۇلتۇرسام بولمايدۇ!

خەن خانىم بايا ئېرىنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلەپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل ئارام تاپقاندەك بولغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھازىر گەپنى ئايلاندۇرۇپ يەنىلا شىنيۈنىڭ ئۈستىدە توختىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شىنيۈ دادىسىنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

خەن خانىم بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، كۆڭلىنى بۇزۇپ كۆز يېشى قىلمىدى، قاقشىغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالمىدى. كۆز ئالدىدىكى ئىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك ئىدى. خەن خانىم سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە:

— يېرىم كېچە بولغاندا ئاغزىمدىن بىر ئېغىز گەپ ئېلىش ئۈچۈن مېنى گەپ بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرمەن دەمسىز؟ مەن بۇگۈن جاۋاب بەرمەيمەن، قېنى، نېمە قىلالايسىز كىن؟ قولىڭىزدىن كەلسە، بۇ ئىشقا ئۆزىڭىز ئىگە بولۇڭ، ماڭا مەسلىھەت سالماڭ! — دېدى سوغۇقلا.

— بۇنداق . . بۇنداق قىلما، سادىغاڭ كېتەي! — خەن زىچى خوتۇنىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى ئالدىدا لاتىدەك بوشاپ كەتتى، خوتۇنىغا بىچارىلارچە قاراپ بوش ئاۋازدا زارلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— شىنيۈ يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا ئىمتىھان بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش كېرەككى، ھەرگىز سوغۇق سۇ سېپىشكە بولمايدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ بالا تېخى كىچىك، بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ مەيلى، بالى-

نى بۇنداق قىينىما. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشى بۇگۈن يادىمىزغا كەلگەن ئىش ئەمەس. بىز بۇرۇنلا مۇشۇ نىيەتنى كۆڭلىمىزگە پۈككەن ھەم شىنيۈگە ۋەدىمۇ بەرگەن. ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلساق بولماس! خوش بوپكېتەي . . .

خەن زىچىنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك ئىدى، مۇسكۇللىرى تارتىشىپ تۇراتتى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە پۇشايمان ۋە قورقۇنچ ئەكس ئېتەتتى، ئۇمىد ۋە ئىنتىلىش ئۇچقۇنلىرىمۇ پىلدىرلاپ قالاتتى. ئۇ ئورۇندۇقتىن ئېگىلگەن پېتى خوتۇنىنىڭ ئالدىدا تىزلانغىلى قىل قالدى.

كارىۋاتنىڭ بېشىغا سىڭايان يۆلىنىپ ئولتۇرغان خەن خانىم ئېرىغا ئالىيىپ قارىدى. ئېرىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىشى ئورۇنلۇقتەك، ئېرىنى بۇ ئىشتىن توسىمىدى.

— ۋەدە بەرگەن؟ ئاشۇ ۋەدە ھېلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟ سىز ھەقىقەتەن لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەمكەنسىز. مەن بۈگۈن سىزدىن بىر «ۋەدە» ئالاي! — خەن خانىم ئېرەنسىزلىك بىلەن گەپنى ناھايىتى يىراققا ئېپكەتتى. بۇ گەپنىڭ مەزمۇنى بىلەن بايامقى تالاش - تارتىشنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق ئىدى.

— تيەنشىڭ يىگىرمە بەش ياشقا كىردى، بۇنى بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى خەن زىچى — ئۇ 35 - يىلى تۇغۇلغان، يىگىرمە بەش ياشقا كىردى، تۇغۇلغان كۈنىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ . . .

— مەن تۇغۇلغان كۈنىنىڭ گېپىنى قىلمىدىم، بىر ۋاخ چۆپ يېيىش - يېمەسلىك ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ چوڭ ئىشتىن بىرى بار، ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى خەن زىچى خوتۇنىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— ئوغۇل بالا چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ. ئۇنى ئۆيلەشنىڭ

تەييارلىقنى قىلىدىغان چاغ كەلدى. ئۇنى بويتاق پېتى قېرىتى-
ۋېتەي دەمسىز؟
— ئۇ! — خەن زىچى شۇندىلا بۇنىڭ راستتىنلا چوڭ ئىش
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، — لېكىن، ئۇنىڭ تېخى يۇرگىنى
يوققۇ؟
— ھىم، سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسا، مېنىڭمۇ كارىم بول-
مايدۇ؟ ئوغلىمىزنىغۇ نابۇت قىلىۋەتتۇق، ئەمدى نەۋرىلىك بو-
لۇش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويساق بولماس. مەن شۇنىڭ
غېمىدە. سىزگە دەيدىغان گېپىم، سىز بىلەن مەن پۇل توغرۇ-
لۇق مەسلىھەتلىشىمەن. مېنىڭ مۇشۇ بىر تاللا ئوغلۇم بار،
چوڭ توي قىلىمەن، سىز مېنى ئالغان چاغدىكىگە ئوخشاش
ئۇنداق جىم - جىم توي قىلىدىغان ئىش يوق. پۇل خەجلەشنىڭ
تەييارلىقنى قىلىڭ!
— قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟ — خەن زىچى شۇنداق دەپ،
خۇددى يانچۇقىدىن دەرھال پۇل چىقىرىدىغاندەك ئىختىيارسىز
ھالدا جۇڭسەنفۇ چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ كەتتى. ئۇزۇندىن
بۇيان يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان قەرزدارلىق تۇيغۇسى ئۇنى ئوغ-
لىغا بولغان ئاشۇ قەرزنى ئادا قىلىشقا ئۈندەيتتى.
— مۇشۇنچىلىك پۇل كېتىدۇ، — دېدى خەن خانىم ئىك-
كى بارمىقىنى چىقىرىپ.
— ئىككى مىڭ يۈەن؟ — دېدى ئۇ چۆچۈپ، — شۇنچە-
لىك كۆپ پۇل كېتەمدۇ؟ ئۇنچىلىك پۇل چىقىرالمايمەن. . .
— ئاشپۇزۇللارغا كىرگۈدەك پۇلنى چىقىرالايسىز، قىزد-
ڭىزنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتتىڭىز، ئەمدى ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇتماقچى بولۇۋاتىسىز، ئۇ پۇلنىڭ كۆچى بىلەن
ئوقۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا پۇل چىقىرالايسىز، ئوغلىڭىزغا كەلگەن-
دە پۇل چىقىرالامسىز؟
— بۇ. . . ئۆزۈڭ ئېنىق بىلىسەن، ئامانەت قويغان پۇل

يوق، ھەر ئايلىق مائاشىمنىڭ سانى بار. ئائىلىمىزنىڭ قۇرۇق جازىسىلا قالدى يا بۇ ھويلىنى ساتقىلى بولمىسا!

— سىزدە ئازراق قالدى - قاتتى نەرسىلەر بار ئەمەسمىدى؟ ئوغلىڭىزغا ھەقىقىي كۆيۈنسىڭىز، يۈرىكىڭىزنىڭ ئۇچىدىكى گۆشتىن ئازراق كېسىڭ...

خەن زىچىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ھۇجۇم قىلىپ، قەلبىدىكى سەزگۈر رايونغا چېقىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ شەخسىي سىرى، مەخپىيىتى، مەنىۋى تۈۋرۈكى، ھاياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، تالاي يىللاردىن بېرى ھېچكىم ئاياغ باسمىغان، يالغۇز ئۆزىلا ياشاپ كېلىۋاتقان كىچىك زېمىنى ئىدى. بۇ كىچىك زېمىننى ئۇنىڭ «يۈرىكىنىڭ ئۇچى» غا ئوخشاتسا ئارتۇق كەتمەيتتى. خوتۇنى مانا مۇشۇ كىچىك زېمىنغا قول ئۇزىتىۋاتاتتى.

— بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ، كۆزۈم قىيمايدۇ! — خەن زىچى شۇنداق دەپ، تىترەپ كەينىگە چېكىندى.

— ئەمىسە، شنيۈنىڭ ئوقۇشتىن قېلىشىغا يۈرىكىڭىز چىدامدۇ؟ — خوتۇنى ئۇنىڭغا سالماقلىق بىلەن باشقا بىر ياقتىن زەربە بېرىشكە باشلىدى.

خەن زىچى گاڭگىراپ قالدى، بۇ بىر يالىڭاچ سودىلىشىش ئىدى.

خەن زىچى يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. ئۇ تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلالمايتتى، شۇڭا سىپايىلىك بىلەن:

— ياق، گېپىمنى ئاڭلا، بولمايدۇ. مېنىڭ ئاللىبۇرۇن ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىمنى سىرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، بولمىسا، دۆلەت بىلەن شەخسلەرنىڭ شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلغان چاغدىلا مېنى بۇرژۇئازىيىگە چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. مەن ھازىر دۆلەت كادىرى. ئۇ نەرسىلەر... ناۋادا ئېغىزغا

چىقىپ كەتسە، چۈشەندۈرۈپ بولغىلى، خەقنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. باشقىلار مېنى نېمە دەيدۇ؟ . . . مەن . . . بىراقلا تۇ-گىشىپ كېتىمەن! — دېدى.

— سىز قورقماڭ! — دېدى خەن خانىم خاتىرجەم هالدا. ئۇ ھەممە ئىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغاندەك، خېيىمخەتەر-نىڭ ئالدىنى ئالغاندەك ۋە بۇ ئىشتىن چاتاق چىقمايدىغاندەك خەن زېچىنىڭ قورقۇنچلۇق گەپلىرىدىن مىتمۇ قىلىپ قويمىدى، — مەن قاچان سىزنىڭ بېشىڭىزغا چىققان؟ سىز مۇشۇ ئۆينىڭ تېغى! بۇ ئىشتا سىز ئوتتۇرىغا چىقمايسىز، ئوتتۇرىغا چىقىشىد-ڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ ئىشقا ھېچكىمگە قۇيرۇق تۇتقۇزماي-دىغان بىر ئادەمنى سالىمەن. سىز ھېچنېمىگە ئارىلاشمايسىز، ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسىڭىز، ئىشىڭىز تۈگەي-دۇ. كېلىن كىرگۈزۈشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر پاتمان ئىشلارغا ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ؟

خەن زېچى خوتۇنى كۆرسەتكەن بۇ يولنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، خوتۇنى بۇ ھەقتە قاتتىق ئويلانغان ھەم بۇ نىيەت خوتۇند-دا بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە پەيدا بولغان ئەمەس!

— ئەنسىرىمەڭ، ئوتتۇرىدا ماڭغان ئادەمگە ئازراق پۇل بەرسەكلا بولىدۇ. ئۇ قايسى ئائىلىنىڭ ئىشىغا مېڭىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، — دېدى خوتۇنى ئۇنى كەيپىياتىنى يەنىمۇ تۇراقلاشتۇرۇپ، بالدۇرراق خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن.

خەن زېچى گەپ قىلمىدى. گويا ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سان-جىلغان ئۆتكۈر پىچاق «يۈرىكىنىڭ ئۇچى» ئەتراپىدا لىڭشىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ھەي، ئىككىمىزگىلا تەس! — دېدى خەن خانىم ئۆزد-نى پىچاق تۇتقان ئادەمدەك سەزمەي، بەلكى خەن زېچى بىلەن تەقدىرداش ئادەمدەك سېزىپ، — بالىلىرىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلماي ئامال يوق.

ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپ خەن زىچىنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ گەپ بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىنى پۈرتىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ قىلتىقىغا قەدەممۇ قەدەم چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ قىلتاقتىن چىقىشنىڭ تەسلىكىنى، خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدى.

ھىلال ئاي غەربتىن شەرقىي ـ جەنۇبقا يانپاشلاپ، قويۇق قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئاسمان بىلىنەر ـ بىلىنمەس بوزىرىشقا باشلىدى. خەن زىچى خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىدىن گەپ قىلماي چىقىپ، يېنىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ، ھۇجرىسىغا يانداش غەرب تەرەپتىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ مەخپىي دۇنياسىغا كىردى. . .

تاڭ ئاتتى. كېچىچە كىرپىك قاقمىغان شىنيۆ سومكىسىنى ئېسىپ دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر جۈپ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئاپىسى بايا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— شىنيۆ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىڭگە تەقەززامەن. . . — دېدى. ناشتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن خەي ھاما كۆز يېشى قىلدى. ھەيران بولغان شىنيۆ قۇلىقىغا ئىشەنمىدى. ئاپىسى سۈرەتتىكى مېھرىبان قىياپىتىگە يانغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئاپىسىنى بويىنىدىن قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ سەل ـ پەل پۈرۈلگەن چىرايىغا مىننەتدارلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى. ئاھ ، ئاپا!

خەن زىچى قولىنى كەينىگە قىلىپ دەرۋازا ئالدىدىكى كۆك خىش بىلەن قوپۇرۇلغان پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ قىزى ماڭغان تەرەپنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭمۇ ئىشقا بارىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ نەچچە قەدەم مېڭىپ،

قەدىمىنى توختىتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن شىنيۈنىڭ مانان باسقان تاڭ سەھەردە يېنىك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، چىرايىدا ئادەتتە ئاسان كۆرگىلى بولمايدىغان تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. قىزى ئۈمىد يولىغا، مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم قويغانىدى. قىزى بەختلىك ئىدى، لېكىن دادىسىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئۇ مەڭگۈ بىلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

# 3 ـ باب قاشتاش كېمە

ئوقۇغۇچىلار جاۋ قەسرىگە ئوت قويۇۋېتىپ ئىشنى يوغىند-
تىۋەتتى. مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئوتتۇزدىن
ئارتۇق ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭ
شەھىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش تاشلاپ، نارازىلىق بىلدۈ-
رۈپ، پۈتكۈل مەملىكەتكە ئومۇمىي تېلېگرامما يوللىدى. ئارقى-
دىن شاڭخەي، گۇاڭجۇ ۋە تيەنجىندىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ نامايىش
قىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تيەنجىندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
داھىيسى ماجۇن ئىسىملىك بىر خۇيزۇمىش. لياڭ يىچىڭ ئوقۇ-
غۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەل-
مەيتتى، بېيجىڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودا بۇنىڭدىن كېيىن خاتىر-
جەملىك بولمايدىغانلىقىنىلا بىلەتتى. بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار
كوچىغا چىقىپ ئىئانە يىغقاندا، ئۇلارنىڭ قايناق ھاياجانلىق
سۆزلىرىنى دېگەندەك چۈشەنمەي تۇرۇپ چىچېنجەيدىكى بىر
قاشتاش پەتنۇسنى ئىئانە قىلىۋەتتى. بۇ پەتنۇس ئىبراھىم
چېقىۋەتكەن ھېلىقى قاشتاش پىيالە بىلەن پار ئىدى. جۇڭگو-
لۇقلار جۇڭگونىڭ ياخشى بولۇشىغا ئىنتىزار، ئۇ نامراتلىققا
كۆنۈپ قالغان، كۈنلىرى ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ
ئۈچۈن بىر پەتنۇس ھېچگەپ ئەمەس! لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن
چىچېنجەي بىرەر پالاكەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ پەت-
نۇسنى ئۇلارغا كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بىرەرىگە ئېيتىپ قويمى-
سۇن دەپ، ئوقۇغۇچىلارغا يالۋۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا
بىرمۇنچە ياخشى گەپ قىلىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، شوئار توۋلاپ
يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئەر يۈرەك ئەزىمەتلەر ئىدى. ئەمەلدارلار-

دىن، ئەسكەر ـ ساقچىلاردىن، ئۆلۈمدىن قورقمايتتى، كۆڭلىگە پۈككەن نىشانغا قاراپ ئىنتىلەتتى، ھېچنېمىدىن قورقماي توختىماي ئالغا باساتتى.

توروردىنمۇ كەتتى. ئۇ مىڭ يىللىق يىپەك يولىنى بويلاپ، قەلبىدىكى مۇقەددەس جاي مەككە مۇكەررەمگە قاراپ يول ئالغانىدى.

ئىنسانلار ئۆز ئېتىقادىدىن تەۋرەنمەيدىكەن، ھەرقايسىسى مۇقەددەس ئېتىقادى ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، قارارگاھىغا قاراپ ماڭىدىكەن.

ئىبراھىم دادىسى توروردىن بىلەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماي بېيجىڭدا قېپقالدى. ئۇ قوينى كەڭ مىڭ يىللىق بۇ پايتەختتە مەپتۇن بولۇپ قالغان، قىممەت باھالىق قاشتاش بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان چىچېنجەي ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. شامالدا ئۇيان ـ بۇيان ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ ئۇرۇق ئاخىر بۇ گۆھەر جاينى ئۆزىگە ماكان قىلدى. جىنشۇيچياۋ كۆۋرۈكى ئاستىدا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار، شېجىتەندىكى بەش خىل رەڭلىك توپراق ئۇنىڭ بېيجىڭدا ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كېرەك. ئۇ بېيجىڭدا يىلتىز تارتىپ، بىخلىنىپ، چېچەكلەپ مېۋە بەرمەكچى بولدى، شۇڭا ھەج سەپىرىدە تۇيۇقسىز نىشانىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ بۇ قارارغا كېلىشى ھەرگىزمۇ قاشتاش پىيالىنى تۆلەپ بېرىش ئۇچۇن ئەمەس ئىدى. توروردىن بابا چوڭقۇر خورسىنىپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئىبراھىمنى مەجبۇرلىمىدى، ئىبراھىم ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتى دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىبراھىم شۇ چاغدا ئېتىقادنىڭ زادى قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ كەتمىگەنلىكتىن، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان قاشتاش ئويمىكەشلىكىگە ئۆزىنى ئاتىۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇمۇ بىر خىل ئېتىقادقۇ؟ ئاھ، باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىغا قارىغاندا بۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان

ئېتىقاد.

چىچېنجەينىڭ خوجايىنى لياڭ يىچىڭ ئىبراھىمنى رەسمىي شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شاگىرت قوبۇل قىلىشى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىنى ئۆز ۋۇندىن بىرى ئاللادىن تىلەپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئېرىشىش نېسىپ بولمايۋاتقان ئوغلىغا قالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئاللا ئۇنىڭغا جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن بىر شاگىرتنى يەتكۈزدى، ئاللانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ئۇ قانداقمۇ رەت قىلسۇن. ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى ناھايىتى ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا كۆجە كۆيدۇرۇپ، باش ئۇرۇش كەتمەيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يوسۇنى «قول بېرىش» ئىدى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت بىر - بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى. قاشتاش ئويمىكەشلىكىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىككى جۈپ قول، ئوخشاش بىر كەسىپكە مەپتۇن بولغان ئىككى يۈرەك بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاندى.

لياڭ يىچىڭ ئىبراھىمنى ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدۇرغىلى تۇپراق بېشىغا ئاچىقتى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەنىدى. ۋايىغا يەتكەن قاشتاش ئويمىكەشلىك ھۈنىرى شۇلاردىن قالغانىدى، ئەمدى بۇ ھۈنەر ئىبراھىمغا قالىدۇ. لياڭ يىچىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى. ئىبراھىم گەرچە لياڭ جەمەتىنىڭ پۇشتى بولمىسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمان ئىدى، تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قان ئوخشاشلا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ئىدى. ھاياتلىقتىن ئەسىر يوق بۇ قاقاسلىققا يۈزلەنگەن ئىبراھىم ئېقىۋاتقان دەريانى كۆردى. يەتتە چې كېلىدىغان تەن، بىر ئوچۇم تۇپراق، مۇسۇلمانلار ھەممە نەرسىسىنى قالدۇرۇپ يالىڭاچ پېتى بىر - بىرلەپ كەتتى. ئۇلاردىن ئۆزۈن قاشتاش دەرياسى ھاسىل بولدى. ئىبراھىم شۇ تاپتا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن قوزغالغان ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن بۇ دەريانى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېچىدۇ، بۇ ئىرادە تەقدىرنى ئۇ بىر ئۆمۈر ئۆزگەرتەلمەيدۇ.
— ئۇستام، بىزنىڭ پىرىمىز مۇشۇ يەرگە كۆمۈل-
گەنمۇ؟ دەپ سورىدى ئىبراھىم قاتار كەتكەن قەبرىلەرگە قاراپ
لياڭ يىچىڭدىن. ئۇ تورورىدىن بىلەن جاھان كېزىپ يۈرگەن
كۈنلەردە تالاي ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلاردىن ھەر
خىل كەسىپلەرنىڭ پىرى بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى: سىرچى ۋە
نەققاشلارنىڭ پىرى ۋۇداۋزى، تۆمۈرچىلەرنىڭ پىرى لى لاۋ-
جۈن، ئاشپەزلەرنىڭ پىرى گوڭ لېيزۇ، تامچىلارنىڭ پىرى
گۇڭ لۇبەن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇزۇن دەرياسى بار،
كىشىلەر بۇ دەريانىڭ بېشىنى تولۇپ - تاشقان ھۆرمەت بىلەن
تىلغا ئېلىشىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ قاشتاش دەرياسىنىڭ بېشى نەدە؟
ئۇنىڭ بۇنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى.
— پىرىمىزنى دەمسەن؟ — دېدى لياڭ يىچىڭ ئەجدادلىرى-
نىڭ قەبرىلىرىگە قاراپ تۇرۇپ. ئۇ ئىبراھىمنىڭ سوئالىغا
جاۋاب بېرەلمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەنىدى.
ئۇ سۇ ئورۇندۇقىنىڭ ئۆزىگە دادىسىدىن قالغانلىقىنىلا بىلەتتى،
دادىسىغا دادىسىنىڭ دادىسىدىن قالغانىدى. لياڭ يىچىڭ مۇشۇن-
داق بىر ئەۋلاد بىر ئەۋلادتىن ھېسابلاپ باقتى. ئۇلارنىڭ پىرى
زادى كىم؟ ئۇ قارا تۇرك ئىدى، جەمەت شەجەرىسىمۇ يوق
ئىدى، ئۆزىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز
ئىدى. ئۇ ئەپسۇس - نادامەت ئىچىدە خورسىنىپ:
— ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، پىرىمىزنىمۇ ئېنىق دەپ بې-
رەلمىسەم - ھە! — دېدى.
ئىبراھىم ئۇستازىغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇستازى-
نى بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ بېقىشقا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك بىر
خىل جاھىللىق چىقىپ تۇراتتى.
— لېكىن، — دېدى لياڭ يىچىڭ ئويچانلىق بىلەن —
بېيجىڭدىكى قاشتاش ئويمىكەشلىكىنىڭ بىر پىرى بار، كىشىلەر

ئۇنى ھۆرمەتلەپ «چۇ پىرىم» دەپ ئاتىشىدۇ.

— چۇ پىرىم؟ ئۇ كىمۇ؟

— بۇ چۇ پىرىم خۇيزۇ ئەمەس. ئۇ زاتنىڭ نامى - شەرىپى چۇچۇجى، ئۆزى تويىن ئەۋلىيا چۇچۇجى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شەنـ دۇڭلۇق. ئۇ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەپكەش كۆتۈـ رۈپ يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ، كىتاب، قەغەز ۋە قەلەم - سىياھ سېتىپ كۈنلىرىنى جاپادا ئۆتكۈزگەن. كېيىن تويىن بولۇپ جاھان كېزىپ كۆپ ھۈنەرلەرنى، بولۇپمۇ قاشتاش ئويمىـ كەشلىكىنى ئۆگەنگەن. ئۇ خېنەن، سىچۈەن، شەنشى، گەنسۇ ۋە ئەڭ يىراق جاي شىنجاڭغىچە بارغان، خوتەننىڭ قاشتاش چىقىدىغان تاغلىرىنى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. ئۇ غەربىي شىمالدىن مىڭبىر جاپادا بېيجىڭگە قايـ تىپ بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بەييۈنگۈەندە تۇرۇپ قالـ غان...

ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ئىبراھىمـ نىڭ قەلبىدە يېقىملىق تۇيغۇ ھاسىل قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۇستازىنىڭ قىسقا بايانىنى تولۇقلىدى. چۈنكى ئۇمۇ جاھان كەزگەنىدى. شۇغىنىسى، ئەۋلىيا چۇچۇجىدـ گە ئوخشاش ھۈنەر ئۆگەنمىگەن، قاشتاش قىدىرمىغانىدى. چىـ جېنجەي بىلەن ئۇستازى لياڭ يىچىڭنىمۇ تونۇمايتتى، قاشتاش روھىنىڭ ئۇنى يىراقتىكى شىمالدا ساقلاپ تۇرغانلىقىدىن ھەم خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمدى ئۇ كەلدى!

لياڭ يىچىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ جاھاننى ئۇرۇش قاپلىغان، پۇقرالارنىڭ كۈنى ناھاـ يىتى تەس، تىرىكچىلىك قىلاي دېسە ئىش يوق، ھەممە ئادەم بىكار يۈرىدىغان زامانلار ئىكەن. ئەۋلىيا چۇچۇجى بىر قىسىم زېھنى ئوچۇق، قولى ئەپچىل ياشلارنى تاللاپ، ئۇلارغا قاشتاش

ئۈيمەكەشلىكىنى ئۆگەتكەنىكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خا-
نى چىڭگىزخان ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى ئوردىغا چاقىرتقان. ئۇنىڭغا ئاز ئۇچرايدىغان بىر پارچە
يېشىل تاشنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن شاھانە بىر بۇيۇم ياساشقا
بۇيرۇغان. ئەۋلىيا چۇچۇجى يېشىل تاشنى ياندۇرۇپ ئەكېلىپ،
ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، قايتا - قايتا ئويلىنىپ، ئۇ تاشتىن
ياپراقلىرى ياپيېشىل لىگا ئىشلەپ چىڭگىزخانغا ھەدىيە قىلغان.
چىڭگىزخان بۇ يېشىل لىگانى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالغان. بۇ لىگا
ئۇستىدە قاپقىقى، ئاستىدا تەگلىكى بار قۇتا ئىكەن. ئاغزىنى
ئاچسا، ئىچىدە ئۇزۇن يېشىل زەنجىر، زەنجىرگە ئۆتكۈزۈلگەن
ھالقىلار قۇتىنىڭ ئاغزىدىن تەگلىكىگىچە تۇتىشىپ تۇرىدىكەن.
چىڭگىزخان ئۇنىڭ ھۈنىرىگە ئاپىرىن ئەيلەپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە
ئاق قاشتاش بېرىپتۇ. ئەۋلىيا چۇچۇجى بۇ قاشتاشتىن ئاق
قاشتاش لوڭقا ئىشلەپتۇ. ئۇ لوڭقا شۇنداق نېپىزكى، تۇتسا
ئالىقاندىكى سىزىقلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

... چىڭگىزخان كېيىن ئەۋلىيا چۇچۇجىغا «ئاق قاشتاش
پىرى» دەپ نام بېرىپتۇ، بۇ بىر رىۋايەت. يەنە مۇنداق بىر خىل
رىۋايەتمۇ بار. كېيىن ئەۋلىيا چۇچۇجىنى ئوردىدىكىلەر سەل
ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىڭ-
گىزخان ئۇنىڭغا بىر قاشتاش قەدەھ بەرگەنىكەن، بىر كۈنى
چىڭگىزخان بەييۈنگۈەنگە بېرىپ، ئۇنىڭ قاشتاش قەدەھنى ئىش-
لەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋلىيا چۇ-
چۇجى: «ئۆزلىرى بەرگەن مۇقەددەس بۇيۇمنى ئىشلىتىشكە نېمە
ھەددىم؟ ئۇ بېشىمنىڭ ئۇستىدە تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
چىڭگىزخان ئۇنىڭ بېشىغا سەپسېلىپ قاراپتۇ. ئەۋلىيا چۇچۇجى
بۇ قاشتاش قەدەھنى تېشىپ، تۇرگۇچكە ئۆتكۈزۈپ تاجىغا ئوخ-
شاش بېشىغا تۇرۇۋالغانىكەن. چىڭگىزخان ئۆز ھىممىتىنى ئۇ-
نىڭ بېشىغا قويۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا «سەن قاش-

تاشچىلىقنىڭ پىرى ئىكەنسەن! » دەپتۇ. مەن بىر ساۋاتسىز ئادەم. بۇ ئىككى خىل رىۋايەتنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان، بىلمەيمەن. بىراق، ئەۋلىيا چۇچۇجى شۇنىڭدىن تارتىپ بېيجىڭدا قاشتاشچىلىقنىڭ پىرى بولۇپ قالغان، كىشىلەر تەرد- پىدىن «چۇ پىرىم» دەپ ئاتالغان. جاھانكەزدى تويىنلارنىڭ ئارىسىدا «سۇ ئورۇندۇقى قوشىقى»نى يادلاپ بېرەلەيدىغانلار بەييۇنگۇەندىن چىقىدۇ. بىزگە ئوخشاش كاسىپلار ئۇلارنى مېھ- مان ئورنىدا كۆتىمىز. 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۇ پىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، كاسىپلارنىڭ ھەممىسى بەييۇنگۇەنگە بېرىپ چۇ پىرىمنى تاۋاپ قىلىدۇ؛ 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۇ پىرىمنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان كۈنى، كاسىپلار گۈڭگۈرت زاۋۇتى ئەتراپىغا جايلاشقان چاڭچۇنلۇكلەر ئۇيۇشمىسىغا يىغىلىپ، چۇ پىرىمنىڭ ھەيكىلىگە تاۋاپ قىلىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىز خۇيزۇلار چۇ پىرىمگە تاۋاپ قىلغىلى بار- مايمىز. ئەجدادلىرىمىز ھۈنەرنى قانداق ئۆگەنگەن، بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئۇلار يا مۇشۇ چۇ پىرىمدىن ياكى باشقا پىرىملاردىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك.

لياڭ يىچىڭنىڭ بۇ گەپلىرى ئىبراھىمنى قانائەتلەندۈ- رەلمىدى.

— مەن باشقا پىرلەر بارمىكىن دەيمەن، چۇ پىرىمنىڭمۇ پىرى بار بولغىيدى؟ — دەپ، ئىبراھىم خىيالغا پاتتى. لياڭ يىچىڭ دېگەن رىۋايەت ۋە چاقچاق ئارىلاشقان بۇ ھېكايە ھېلىقى ئۇزۇن دەريانىڭ بېشى ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە سۈرۈشتۈرۈشى، تىنماي سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. . .

ئىككىسى چىچېنجەيگە قايتقاندا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بول- غانىدى. ئىبراھىم ھازىردىن باشلاپ ئۇستازىنىڭ خوتۇنىنى «قوشناچ»، بىئېر بىلەن يۇئېرنى «سىڭلىم» دەپ چاقىرىدىغان بولدى، ئۇلارنى ئىسمى بىلەن چاقىرمىسا بولمايتتى.

— سىزنى نېمىدەپ چاقىرىمىز؟ — دېدى داستىخانغا تاماق
قويۇۋېتىپ بىئېر ئۇنىڭدىن.
— مېنىما؟ ئىبراھىم دەپ چاقىرىڭلار! — دېدى ئۇ بى-
ئېرنىڭ قولىدىن قورۇما بىلەن چوكىلارنى ئېلىۋېتىپ كۈلگى-
نىچە، — مەن يېڭى كەلگەندە ئىسمىمنى بىلگەن ئەمەسمۇ؟
— ئۇ شۇنداق، بۇ دېگەن سىزنىڭ قۇرئانچە ئىسمىڭىز،
ئەسلى ئىسمىڭىز نېمە؟
— ئەسلى ئىسمىم؟
— شۇنداق — دېدى لياڭ يىچىڭمۇ گەپكە ئارىلىشىپ —
بىز مۇسۇلمان، ھەممىمىزنىڭ قۇرئانچە ئىسمىمىز ھەم ئۆز
ئىسمىمىز بار. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، مېنىڭ قۇرئانچە ئىسمىم
ئابدۇللا، ئۆز ئىسمىم لياڭ يىچىڭ. سىنىڭچۇ؟ ئىبراھىمدىن
باشقا ئىسمىڭ نېمە؟
— مېنىڭ يەنە بىر ئىسمىم بار ئىدى، مېنى ھېچكىم
ئۇزۇندىن بۇيان. . . — دېدى ئىبراھىم خىجالەتچىلىكتە بېشى-
نى سىلىپ، — دادام بىلەن ئاپام ھايات چېغىدا مېنى شياۋچې-
زى دەيتتى. . .
— شاۋچېزى؟ — قايتىلىدى بىئېر. بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا
كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.
شاۋچېزى قىزىرىپ كەتتى.
لياڭ يىچىڭ كۈلۈپ:
— بۇ ئەركىلەتمە ئىسمىڭكەن، رەسمىي ئىسمىڭ بولۇشى
كېرەك. ئەمدى سەن ھۈنەرۋەن بولىسەن، كۆزگە كۆرۈنىسەن،
خەقلەر سېنى «شياۋچېزى» دەپ چاقىرسا بولمايدۇ. فامىلەڭ
نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.
شياۋچېزى گەپ قىلمىدى، شۇنچە يىلدىن بېرى ھېچكىم
ئۇنىڭدىن فامىلىسىنى سورىمىغانىدى. ئىگە - چاقىسىز بىر
يېتىمنىڭ فامىلىسى بىلەن كىمنىڭ كارى؟ ئۇنىڭغا ئۇنى بېقى-

www.uyghurkitap.com

ۋالغان توروريدىن بابا «ئىبراھىم» دەپ ئىسىم قويغان، شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ، فامىلىسىمۇ مۇشۇ بولۇپ قالدى.
ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇستاز ئۇنىڭدىن
سورىغاندا، ئۇزاق - ئۇزاقلاردا قالغان ئۆتمۈشنى يەنە كۆز
ئالدىغا كەلتۈرگەن ئىبراھىمنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن ئىپادىلى-
گۈسىز تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى.

— بولمىسا، بىزنىڭ فامىلىمىزنى قوللانامسىز؟ — دې-
دى بىئېر.

— ياق، مېنىڭ فامىلەم بار، — دېدى شياۋچىزى لېۋىنى
چىشلەپ تۇرۇپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىپ، — مېنىڭ
فامىلەم خەن.

— ھىم، — دېدى لياڭ يىچىڭ ئويغا پېتىپ، — ساڭا
رەسمىي ئىسىم قويۇش كېرەك. خەن. . . خەن نېمە؟

بىرنەچچە تال خەت بىلىدىغان بۇ ھۈنەرۋەندە شاگىرتىغا
ئىسىم قويغۇدەك ماغدۇر يوق ئىدى. لياڭ يىچىڭ ئۇنىڭغا
چاقىرماققا ئاسان، ياڭراق ھەم قاشتاشچىلىق كەسپى بىلەن
ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋەتلىك، مەسىلەن، «جۇنبېي»،
«بىڭيۇ» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ «بىلىمدان» قەسرىدىكى ھەزرەتتىن مەسلىھەت سورى-
غىلى شياۋچىزىنى باشلاپ شۇ يەرگە ماڭدى.

«قاشتاش مەستانىسى» لياڭ يىچىڭنىڭ شاگىرت قوبۇل
قىلغانلىقىنى، لياڭ ئۇستامنىڭ ۋايىغا يەتكەن ھۈنىرىگە ۋارىس-
لىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىققانلىقىنى ئۇقۇپ قالتىس خۇشال
بولدى. ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا:

— شياۋچىزى؟ بۇ سىلىنىڭ مۇبارەك دۇكانلىرىنىڭ نامى
«چىجېنجەي» دىكى چىغۇ؟ ئىككى خەتنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ
«زىچى» دېسەك بولغۇدەك. قەدىمىي زاماندا قاشتاش سىلىقلاش ئۇستى-
سى لۇزىگاڭ ئىدى، ھازىر خەن زىچى، ياخشى ئىسىم! — دېدى.

خەن زىچى دېگەن بۇ ئىسىم شۇنىڭدىن تارتىپ ئىبراھىم، يەنى شياۋچىزىنىڭ رەسمىي ئىسمى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن قاشتاشچىلىق ساھەسىدە نام چىقىرىپ، پايتەختنى داڭ قالدۇرۇشىغا كەلسەك، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى لياڭ يىچىڭمۇ مۆلچەرلىمىگەنىدى.

باھار كېتىپ كۈز كەلدى، قىش بىلەن ياز نەچچە ئالماشتى. دەرۋازا ئالدىدىكى تېرەك ئۈچ قېتىم كۆكلىدى، ھويلىدىكى ئانار ئۈچ قېتىم مېۋىلىدى. خەن زىچى مىڭدىن ئارتۇق كېچە - كۈندۈزنى سۇ ئورۇندۇقى ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ، چوڭ يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. مۇقىم تۇرمۇش، ئىللىق ۋە ئىناق ئائىلە كەيپىياتى ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت سەرگەردانلىقتا يۇرۇپ مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىنى ئىللىتتى، ئاددىي ۋە يېتەرلىك تاماقتىن ئۆسمۈرلۈكتىن ياشلىققا قاراپ كېتىۋاتقان ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئوزۇقلۇققا بولغان جىددىي ئېھتىياج كاپالەتكە ئىگە بولدى. قاشتاش سىلىقلاش ماھارىتىگە بولغان قەتئىي ئىنتىلىش ئۇنىڭدا ئىجادىيەت بىلەن ھاياتنى تولۇقلايدىغان ئىشەنچىنى قوزغىدى. قايناق پايتەخت مۇھىتىدا ئۇ رىقابەت بىلەن پۇت تىرەپ تۇرىدىغان خاراكتېرنى ياراتتى. ئۈچ يىل ۋاقىتتا ھاياتنى يېڭىدىن باشلىدى، ئۇستازىنىڭ يۈرەك قېنىنى قوبۇل قىلىپ، بېيجىڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئاستا - ئاستا يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئۇستازىغا ئوخشاش ئېگىز، مۇرىلىرى كەڭ، بېلى چىڭ ئىدى. ۋۇجۇدىدىن ياشلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. چىرايىدىن گۆدەكلىك ۋە ئۇياتچانلىق كېتىپ، لېۋىنىڭ ئۈستىگە مايسىدەك يۇمشاق بۇرۇت چىقىشقا باشلىدى. ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ بالا ئۆز يېشىدىن چوڭراق ھەم قاۋۇل كۆرۈنەتتى، چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزلىرى قاشتاشقا چۈشۈپ قالسا، ئۆزىنى خۇددى توشقانغا ئۇرغان بۈركۈتتەك شىددەت بىلەن ئۇراتتى. سۇ ئورۇندۇقىدا

ئولتۇرسا قاتقان يېرىك قوللىرى ماھىر ئاشپەزنىڭ قوللىرىدەك سازلىنىپ كېتەتتى. ئاللا لياڭ يىچىڭدىن يەنە بىرنى يارانقانىدى. ئۇ ئۇستازنىڭ كەڭ قورساق ۋە مۇلايىم مىجەزىگە ۋارىسلىق قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقىنى دورىمىدى. بۇرۇنقى جەنۇب ۋە شىمال تەلەپپۇزى ئارىلاشقان تەلەپپۇزنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، ساپ بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بولدى. كىشىلەرگە كەمتەر، سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. تېگى - تەكتىنى بىلمىگەنلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن سەرگەردان چاغلىرىدىكى قوراي-دەك ئاۋاق ۋە بىچارە سىياقىنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمايتتى. ئۇ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تورورىدىن باباىدىن ئاز - تولا خەنزۇچە خەتلەرنى ئۆگەنگەنىدى، ھازىر ۋاقىت چىقىرىپ ئېرىيۇتاڭ باسقان «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «مىڭ خەتلىك نامە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇستازىنىڭ ھېسابات خاتىرىلىشىگە قارىشىدىغان، خەت - چەكلەرنى قىينالماي يازىدىغان بولۇپ قالدى، گەرچە ئۇنى چوڭ دۇكانلاردىكى كاسسىرلارغا، «بىلىمدان» قەسىرىدىكى ھەزرەتكە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇستازىنىڭ نەزىرىدە ئۇ «بىلىملىك» ئادەمگە ئايلانغانىدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇستازى كۈندىن - كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتاتتى، چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن يۈزى بارغانسېرى پۈرلىشىپ، قاپقارا چاچلىرىنى ئاق ئارىلاشقا باشلىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ چېچىغا قونغان قاشتاش توزۇندىلىرى ئەمەس، بۇنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايتتى. يىل بويى سۇدىن چىقمايدىغان، كاربونىدتا تاۋلانغان قوللىرى قاداق بېسىپ قاغجىراپ كەتكەن قەدىمىي دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھاياتى توختىماي جىسمانىي مەشغۇلات قىلىدىغان قوللىرىدا ئىدى.

دۇكانغا ئىككى سۇ ئورۇندۇقى قاتار قويۇلغانىدى. ئۇستاز

بىلەن شاگىرت ئىككىسى ئالدىراش ئىشلەيتتى، ئىككى دۇكاندىن چىققان ئاۋاز بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەس گەپلىرى ئىدى. خەن زىچى ئادەتتە گۈلدان، تۇتقۇچ ۋە قۇتا قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلاتتى. پايدىسى ئاز بۇنداق بۇيۇملارنىڭ بازىرى ياخشى ئىدى. خېرىدارلار ئالاھىدە بۇيرۇتقان نەپىس بۇيۇملار لياڭ يىچىڭنىڭ قولىدىن چىقاتتى. ئۇ مۇشۇنداق نەپىس بۇيرۇتمىدىن بىرنى ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئۈچ يىل بولغانىدى، مۇشۇ كەمگىچە قولىدىن چىقىرىپ بولالمىدى.

بۇ، مەخسۇس ئەجنەبىيلەرگە مال ساتىدىغان «خۇيىۋەنجەي» نىڭ خوجايىنى پۇ شۇچاڭ بۇيرۇتقان بۇيرۇتما ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بۇيرۇتقان كىشى سام خونتېر ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك ئىدى. بۇ كىشى جۇڭگونىڭ رەسىم ۋە ئاسارئەتىقىلىرىگە ئالاھىدە خۇمارى بار ئىدى. جۇڭگوغا نەچچە قېتىم كەلگەن بۇ ئىنگلىز پۇ شۇچاڭنىڭ كونا خېرىدارى ئىدى. ئۇ ناھايىتى نەپىس سىزىلغان بىر پارچە رەڭلىك رەسىمنى كۆتۈرۈپ پۇ شۇچاڭنىڭكىگە كېلىپ، بۇ رەسىمنى قاشتاشقا ئويۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. پۇ شۇچاڭ گەرچە قاشتاش بۇيۇملىرى ساتىدىغان «خۇيىۋەنجەي» نىڭ خوجايىنى بولسىمۇ، لېكىن قاشتاش تاراشلاشنى بىلمەيتتى ھەم پىششىقلاش دۇكىنىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىن يىغقان ئاسارئەتىقىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېڭى بۇيرۇتمىلارنى مەخسۇس قاشتاش تاراشلايدىغان، لېكىن مال ساتىدىغان دۇكىنى يوقلارغا بۇيرۇتاتتى. چىچېنجەي مۇشۇنداق ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. پۇ شۇچاڭ سام خونتېردىن بۇيرۇتمىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ لياڭ يىچىڭنى ئىزدىمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. لياڭ يىچىڭ رەسىمنى ئېچىپ كۆردى. بۇ «جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرى» دېگەن رەسىم ئىدى. رەسىمدە دولقۇنلۇق دېڭىز، ھەيۋەتلىك

www.uyghurkitap.com

كېمە، يەلكەن، بايراقلار، سالماق رول تۇتۇپ تۇرغان رولچى،
چاتقۇچنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ، دولقۇن بىلەن ئېلىشىۋات-
قان يېرىم يالىڭاچ ئون نەچچە ماتروس تەسۋىرلەنگەنىدى. پالۇ-
بىدا ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، قولىغا قورال ئالغان مۇھاپىزەت-
چىلەر تۇراتتى. غەلىتە كىيىنىۋالغان يول باشلىغۇچى ئالدىغا
قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، دېڭىز سەپىرىنىڭ خەتەرلىك
ئىكەنلىكىنى سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇچىسىغا
قىزىل تون كىيگەن قەددى - قامەتلىك بىر ئەزىمەت سول قولىدا
كومپاس، ئوڭ قولى بىلەن دېڭىزنى كۆرسىتىپ كېمىنىڭ بې-
شىدا كۆكرىكىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۇ يەتتە قېتىم دېڭىزغا
سەپەرگە چىقىپ دۇنياغا تونۇلغان، تولۇق ھوقۇقلۇق ئاغۋات
جېڭ خې ئىدى. بۇ رەسىم ئۈنسىز تارىخ ئىدى، رەسىمنى
كۆرگەن كىشى گويا يەر - جاھاننى لەرزىگە سالغان دولقۇنلار-
نىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، يۈز - كۆزلىرىگە مۇزدەك دېڭىز شامىلى
ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھاياجىنىنى باسالماي قالاتتى.

لياڭ يېچىڭ بۇ رەسىمگە قاراپ خېلى بىر ھازاغىچە گەپ
قىلمىدى. تەكشى قەغەزگە سىزىلغان رەسىمدىكى تاغ - دەريالار-
نىڭ ئارىلىقلىرى ناھايىتى يىراق ئىدى. ھەيۋەتلىك كېمىدىكى
ئۆي، ماچتا، يەلكەن، بايراقلار كىشىگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ
بېرەتتى، ھەرقايسىسى ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا
سىزىلغانىدى. نەقىشلىك سالاسۇن بىلەن تۈۋرۈكلەر گاھ تۈپتۈز
ھالەتتە، گاھ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ لەپەڭلەپ تۇرغان ھالەتتە بىر -
بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، دەم ئۈزۈلۈپ، دەم تۇتىشىپ كەتكەن-
دەك قىلاتتى. رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى، كىيىم -
كېچىكى، ياش قۇرامى، قىياپەت - تۇرقى ناھايىتى جانلىق
ئىدى. . . ماھىر رەسسامنىڭ قولىدىغان چىققان بۇ رەسىمنى
قاشتاشقا ئويۇپ نەپىسلىكتە يېگانە سەنئەت بۇيۇمى يارىتىش،
دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ قىيىن ئىدى

پۇ شۇچاڭ لياڭ يىچىڭنىڭ زۇۋان سۇرمىگەنلىكىنى كۆرۇپ شۇنداق دېدى:

— لياڭ خوجايىن، بۇ ئىشنى ئالاھىدە سىلىنى دەپ ئالدىم. خاسىيەتلىك توقماق بولمىسا ئەجدىھا ئوردىسىغا كىرىش نە ھاجەت؟ خونتېر ئەپەندى دېدى: جۇڭگولۇق جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرى ئىسپانىيىلىك كولومبۇنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن ئاز-كەم يۈز يىل بۇرۇن بولغان، بۇ بىرىنچى مۆجىزە؛ جۇڭگو رەسساملىقى نۇر شولىسى چۇشۇرۇلمەي، تاق سىزىق سىزىش، رەسىمنى قىزىل ۋە كۆك رەڭ بېرىپ نەپىس چىقىرىش جەھەتتە غەرب رەسساملىقىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇ ئىككىنچى مۆجىزە؛ جۇڭگونىڭ قاشتاش ئويمىچىلىقى كۆركەم، كىشىگە بېرىدىغان تەسىرى ئۆزگىچە، بۇ ئۇچىنچى مۆجىزە. خونتېر ئەپەندى مۇشۇ ئۇچ مۆجىزىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن سەنئەت بۇيۇمىنى قەدىرلەپ ساقلىماقچىكەن. لياڭ خوجايىن، چەت ئەللىكلەردىن بۇنداق سىرداش تاپماق تەس. مۇشۇنداق بۇيۇمدىن ئۆمۇرلىرىدە بىرنىلا ۋۇجۇدقا كەلتۇرەلىسىلە، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىدىلا!

لياڭ يىچىڭ يەنىلا ئۇندىمىدى. ئۇنىڭدا بۇنچىلىك ھۇنەر يوق ئەمەس، بار. بۇنداق بۇيرۇتمىلارنىڭ قول تۇتىدىغانلىقى، بولمىدى دېگەندە ئۇچ يىل كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم. مۇشۇنداق بىر بۇيرۇتما بىلەن ئۇچ يىل ئۆتۇپ كەتسە، بىر ئۆي ئادەم نېمە يەيدۇ؟

يېڭىلا شاگىرت بولغان خەن زىچى ئۇستازىنىڭ ئوينى بىلمەيتتى. كۆز ئالدىدىكى رەسىم ۋە پۇ شۇچاڭنىڭ ئادەمنى زۇقلاندۇرىدىغان سۆزلىرى ئۇنىڭدا ئىجادىيەت ئىستىكىنى قوزغىدى. ئاخىر ئۇ گەپكە ئارىلىشىپ:

— ئۇستام، بۇ ئىشنى سىلى قىلالايدىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىمىزنىڭ ئىككى جۈپ قولى بار! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

لياڭ يىچىڭ ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلماي، ئىچىدە يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ دېگەندەك، سەن نېمىنى بىلىسەن، دەپ ئويلىدى.

لياڭ يىچىڭنىڭ ماقۇل بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پۇ شۇچاڭ دەرھال چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، رەسمىنى ئاستا يۆگد-گەچ، خورسىنىپ تۇرۇپ:

— لياڭ خوجايىنىنىڭ كۆزى يەتمىگەن ئىكەن، قولى چېۋەر باشقا بىر ئۇستىنى تاپاي. ئەسلىدە، خونتېر ئەپەندىمۇ ماڭا پالانچى قىلسۇن، شۇنىڭغا بەرگىن دېمىگەن. ئۇنىڭغا سۈپەتلىك بۇيۇم كېرەك. بىز ئۇزۇندىن بۇيان باردى - كەلدى قىلىشىۋاتىمىز، شۇڭا سوراپ باقاي دەپ ئالدىلىرىغا كېلىشىم. بولمىسا، بۇ بۇيرۇتمىنى قوبۇل قىلىدىغانلار ساماندەك، مېنى ھېممەت قىلمىدى دەپ قالمىسۇن دەپتىمەن. قانداق، لياڭ خوجايىن؟ بولمىسا. . . — دېدى.

— توختىسىلا! — دېدى لياڭ يىچىڭ بىردىنلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بۇ رەسىمنى قويۇپ قويسىلا!

پۇ شۇچاڭ كۈلۈپ:

— يەنىلا لياڭ خوجايىنىنىڭ كۆڭلىدە سان بار. ھەقىقىي ئىنسان ئەسلى قىياپىتىنى ئاسان ئاشكارىلىمايدۇ، ئەسلى قىياپىتىنى ئاسان ئاشكارىلىغان ئىنسان ھەقىقىي ئىنسان بولالمايدۇ، يەنىلا قولۇمنى قايتۇرمىدىلا. باھاسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئاسان. سىلىگە يوشۇرماي ئېيتاي، بۈگۈن زاكالەت ئالغاچ كەلدىم. مانا بۇ نەق ئالتە يۈز تەڭگە، سانىۋالسىلا، قالغىنىنى ئىش پۈتكەندە ھېسابلىشىمىز! — دېدى.

پۇ شۇچاڭ شۇنداق دەپ، بىر ھەميان ئېغىر يۈەن شىكەي تەڭگىسىنى خالتىدىن ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى. لياڭ يىچىڭ پۇل ئېلىشقا خەن زىچىنى بۇيرۇدى. پۇ شۇچاڭ گەرچە ئاغزىدا «مەسلىھەتلىشىش ئاسان» دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە باھاسىنى

ئۆزى توغرىلاپ بولغان، مەسلىھەتلىشىشكە ئورۇنمۇ قالدۇرمىغا-
نىدى. قائىدە بويىچە پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئالدىن تاپشۇ-
رۇلاتتى. پۇ شۇچاڭ ئالتە يۈز تەڭگە بەردى. لياڭ يىچىڭ
ئىچىدە ھېسابلاپ، پۇشۇچاڭنىڭ ئۇنىڭغا جەمئىي ئىككى مىڭ
تەڭگە بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلدى.

— لياڭ خوجايىن، ناۋادا مۇۋاپىق كۆرسىلا، — پۇ شۇ-
چاڭ شۇنداق دەپ يېنىدىن يېزىپ تەييار قىلىپ قويۇلغان ئىككى
نۇسخا توختامنى چىقاردى، — ھۆججەت قالدۇرغىنىمىز تۈزۈك-
مىكىن؟ بىر ھېسابتىغۇ ئىككىمىز كونا بۇرادەر، ئىلگىرى
ئۆششاق - چۈششەك ئىشلاردا ھۆججەتلىشىپ، قول قويۇشۇپ
يۈرمىدۇق، لېكىن بۇ قېتىم بۇنىڭغا ھەممە دەسمايەم كەتتى.
كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ، ئېغىزدا دېگەن گەپ
ئىسپات بولالماس، ھۆججەت يېزىپ ئىسپات قالدۇرايلى، ھې-
سابلىق دوست ئايرىلماس، گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە،
كېيىن ھېساب - كىتاب تۈگىگەندە ھەممىمىزگە ياخشى بولىدۇ،
شۇنداقمۇ؟

لياڭ يىچىڭ توختامنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. توختامنىڭ
مەنىسىنىمۇ ئاساسەن چۈشەندى: ئەتىۋارلىق بۇ كېمىنىڭ سۇرد-
تى قاشتاشقا رەسىمدىكىگە ئوخشاش ئويۇپ چۈشۈرۈلىدۇ، ئىك-
كى مىڭ تەڭگە ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئالدىن
بېرىلىدۇ. مۇددىتى ئۈچ يىل، مال ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇلىدۇ،
قايسى تەرەپ توختامنى بۇزسا، بارلىق زىياننى شۇ تەرەپ تۆلەي-
دۇ، دېگەندەك گەپلەر ئىدى. بۇ پۇ خوجايىن ھەقىقەتەن سىقسا
سۇيى چىقمايدىغان كاززاپ ئىدى، ئۇنىڭ پەرەز قىلغان ئىش
مۇددىتى لياڭ يىچىڭ كۆڭلىدە ھېسابلىغان ئىش مۇددىتى بىلەن
ئوخشاش چىقتى.

لياڭ يىچىڭ ئارتۇق گەپ قىلماي، توختامنامىغا قىڭغىر -
قىيسىق قىلىپ ئىسمىنى يېزىپ، پۇ شۇچاڭ يۈكلىگەن مىڭ

پاتمان ئىغىرلىقتىكى يۈكنى يەلكىسىگە ئالدى
پۇ شۇچاغ چوڭقۇر تىنىۋېتىپ، خاتىرجەم بولۇپ يولىغا ماڭدى.
— ئۇستاز، بۇ ئىش. . . — دېدى خەن زىچى ئۇستازىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىتاقەت بولۇپ. ئۇستازى بۇ ئىشنى گەرچە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇستازىدا ئىشەنچ بارلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتكەنىدى. ئۇ ئۇستازى بىلەن بۇ «ئەتىۋارلىق كېمە»نى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە نۇرغۇن ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالاتتى.
— بۇ جاننى ئالىدىغان ئىش! پۈتۈن كۈچۈم مۇشۇنىڭغا كېتىدۇ! — دېدى لياڭ يىچىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ.
— ئەلۋەتتە، چىچېنجەي داڭقىنى مۇشۇنىڭغا تايىنىپ. . .
— ياق، مەن بۇ ئىشنى چىچېنجەينىڭ نامىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزۈمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالمىدىم، ئۇ بەرگەن پۇلغىمۇ موھتاج ئەمەسمەن. خان ئوردىسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئۇ ئاغۋاتى مۇسۇلمان، بىزگە ئوخشاش خۇيزۇ بولغانلىقى ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم!
— نېمە؟ ئۇ. . . خۇيزۇما؟ — دېدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ياش خەن زىچى.
— بىز خۇيزۇلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ تارىختا مەڭگۈلۈك نام قالدۇرغان كىشىلەر چىققان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پاك ئەمەلدار» خەي رۈي بىلەن بۇ رەسىمدىكى جېڭ خې بىز بىلەن قانداش. ئادەم ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ، شۇلارنى ئۇ- لۇغلاش ئۈچۈن، قېرى جېنىمنى تىكىپ بولسىمۇ بۇ قاشتاش كېمىنى پۈتتۈرىمەن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى- غا بۇز كېلەلەيدىغانلىقىنى ئەجنەبىيلەر كۆرۈپ قويسۇن!
لياڭ يىچىڭنىڭ سۆزلىرىدە خۇيزۇ مىللىتىنىڭ غۇرۇرى ئۇرغۇيتتى. ئۇ گەرچە ئۆز جەمەتىنىڭ شەجەرىسىنى بىلمىسە-

مۇ، ئەمما تارىختا نامى قالغان خۇيزۇلارنى ئاتلىغانىدى. جىڭ
خېنىڭ فامىلىسى ما، ئىسمى سەنباۋ، ئەسلى يۇرتى يۈننەندىن،
بوۋىسى ۋە دادىسى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان
كەبىنى تاۋاپ قىلغان، كىشىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ «ما ھاجى-
لار» دېيىشەتتى. «ھاجى» مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇقەد-
دەس جاينى تاۋاپ قىلغانلارغا بېرىلىدىغان ئالاھىدە شەرەپ، يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى
يۈننەننى بېسىۋالغاندا، ئائىلىسى خانىۋەيران بولغان ئون ئىككى
ياشلىق ما سەنباۋ قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، بەختكە قارشى
مىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، شەپقەتسىزلەرچە
ئاختا قىلىنىدۇ. ئاندىن ئوردىدا كىچىك ھەرەم خادىمى بولىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى ھەرەم خادىملىرى ساۋاتسىز بولۇشى كېرەك،
دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. ماسەنباۋ ئوردىغا كىرگەن بولسىمۇ،
كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قۇل ئىدى. كېيىن تۆھپە يارىتىپ، زاتى
پەس دېگەن ئاتاقتىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلىدۇ، بىراق خان
جەمەتى ئۇنىڭغا ئوخشاش «ما فامىلىلىكلەرنى ئوردىغا كىرىش»
تىن چەكلىگەچكە، فامىلىسىنى جېڭغا، ئىسمىنى جېڭ خېغا
ئۆزگەرتىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭلې يىلى، جېڭ خې پەر-
مانغا بىنائەن كېمىچىلەر ۋە ئەمەلدارلار بولۇپ يىگىرمە يەتتە
مىڭ سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئاتمىش ئىككى
كېمىگە تاۋار - دۇردۇن، ئالتۇن - كۈمۈش، مىس، تۆمۈر،
پار - پۇر قاچا ۋە قاشتاشلارنى بېسىپ يىراق ئوكيانغا سەپەر
قىلىدۇ. ئىلگىرى - ئاخىر يەتتە قېتىم سەپەرگە چىقىپ،
ئاتمىش تۆت يېشىدا قايتىپ كېلىدۇ. جېڭ خې ھاياتىدا تارتقان
كۈلپەتلەر، ياراتقان تۆھپىلەرنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تارتقان
كۈلپەتلىرى ۋە ياراتقان تۆھپىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بول-
مايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ بارلىقىنى مىڭ سۇلالى-
سىغا بېغىشلىۋەتكەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا كۆرگەن خورلۇق-

www.uyghurkitap.com

لارنى، ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئاڭلىغان ھاقارەتلەرنى ئۇن-
تۇپ كەتتىمۇ؟ ياق، ئۇنتۇپ كەتمىدى. بولمىسا ئۇنىڭدا كېيىن-
كى كۈنلەردىكى دەھشەتلىك دولقۇنلۇق پايانسىز دېڭىزدا مىڭ
ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ، ھەيۋەتلىك كېمىنى ھەيدەپ، مۇقەددەس
جاي مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ جەمەتىنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى «ما
ھاجى» ئاتىلىپ، جىمى ئىقلىمدا نام قازانغان جۇڭگولۇق مۇ-
سۇلمان بولالىغۇدەك ئۈنچىلىك جاسارەت بولمىغان بولاتتى. ئۇ
ھەرقانچە رىيازەت چەككەندىمۇ ئاللانى ياد ئەتكەن، ئۆزىنىڭ
خۇيزۇ ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىغان...

— ھەي، خۇيزۇلار، خۇيزۇلار... — لياڭ يىچىڭ ئۇ-
لۇغ - كىچىك تىنىپ «جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرى» دېگەن
رەسىمگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

پۇ شۇچاڭ ئەتىسى بىرىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر چى بەش سۇڭ،
كەڭلىكى بەش سۇڭ ۋە ئېگىزلىكى بىر چى كېلىدىغان بىر پارچە
ئېسىل ئاق قاشتاشنى ئەۋەتتى. بۇ كېلەچەكتىكى كۆركەم كې-
مىنىڭ ھامىلىسى ئىدى.

لياڭ يىچىڭ بۇ قاشتاشنى رەسىمگە سېلىشتۇرۇپ ئۇدا ئۈچ
كۈن قايتا - قايتا كۆردى.

— ئۇستاز، كۈندىلا قارايلا، ئەجەب قوللىرىغا ئال-
مايلىغۇ؟ — دېدى خەن زىچى ئۇستازىنىڭ ئورنىدا تىت - تىت
بولۇپ.

— ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى تەس بولىدۇ، ئالدىرىغان
بىلەن بولمايدۇ، — دېدى لياڭ يىچىڭ، — رەسىم سىزماقچى
بولغان رەسسام «كۆڭلىدە سان بولسا» ئاندىن قولىغا قەلەم
ئالىدۇ، بىزچۇ، ئالدىمىزدا تۇرغان بىر پارچە قاشتاش كۆزد-
مىزگە پۈتۈپ بولغان بۇيۇم سۈپىتىدە كۆرۈنگەن چاغدا، ئاندىن
ئىشقا كىرىشىمىز. بۇ بىر پارچە قاشتاشنى قېلىپقا ئوخشاتساق،
ھېلىقى ئەتىۋارلىق كېمە مۇشۇ قېلىپنىڭ ئىچىدە بولغان بول-

دۇ. بىز مۇشۇ قىلىپتىن ئەتىۋارلىق كىمىنى ئايرىۋالىمىز، كېرەكسىز يېرىنى يۇنۇپ چىقىرىۋېتىمىز، كېرەكلىك يېرىنى ئېپقالىمىز. بىزنىڭ بۇ كەسپىمىز لاي قونچاق ياساشقا ئوخشىمايدۇ، لاي قونچاق ياسىغان ئادەم خەق ماۋۇ يېرى بولماپتۇ دېسە، شۇ يەرگە بىر پارچە لاي چاپلايدۇ، بولمىسا، بۇزۇۋېتىپ باشقىدىن ياسايدۇ. بىزنىڭ ماتېرىيالىمىز قاتتىق ھەم چۈرۈك، چوڭراق پۇچۇلۇپ كەتسە چاپلىغىلى بولمايدۇ، بىر مىللىمېتىرئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتسە ئەجرىمىز ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتىدۇ.

— ئۇستاز، مۇشۇ كەمگىچە ئويلاپ بولالمىدىلىمۇ؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى لياڭ يىچىڭ راستچىللىق بىلەن، — مەن خەقنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدىمايمەن، يالغۇز مۇشۇ كىمىنىلا يۇنۇپ چىقىرىش، قارا، بۇ بىر پارچە قاشتاش سوزۇنچاق كەلگەن، ئالدى كەڭ، كەينى تار، ئۇستى سەل يۇمىلاق، شەكلىگە قاراپ تاراشلىسا، كىمىنىڭ نەق ئۆزى شۇ. لېكىن ئۇنىڭدا بۇ كىمىنىڭ دېڭىز ياكى دەريادا كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. پۇ خوجايىن بىزگە بۇيرۇتمىنى رەسىمدىكىگە ئوخشاش بولسۇن دېگەن. بۇ ئەتىۋارلىق كىمىنىڭ دېڭىز - ئوكياندا كېتىۋاتقان قىياپىتىنى، ھەيۋىتىنى چىقىرىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇيرۇتما جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىگە قانداق ئوخشىسۇن! ئۇنىڭ ئۇستىگە كىمىدىكى ماچتا، ئارغامچا، يەلكەن، بايراقلار ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرغاندەك تۇرسا بولمايدۇ... ئېلىپ ماڭغاندا ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ.

خەن زىچى سوكۇتكە پاتتى. ئۇستازى دېگەن بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ئۇ ئويلاپ يەتمىگەنىدى. سۇ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇشنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان خەن زىچىنىڭ سۆزلىگۈدەك تەجرىبىسى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇشتۇمتۇت، كۆز ئالدىدىكى قاشتاش ئويمىچىلىقى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بىر ئىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

www.uyghurkitap.com

— ئۇستاز، «بىلىمدان» قەسىردىكى ھېلىقى نەقىشلىك
ياغاچ دالدا تام يادىلىرىدىمۇ؟ ئۇنىڭدىكى تاغ، دەل ـ دەرەخ ۋە
ئۆيلەرنىڭ يېقىن كۆرۈنۈشكە كۆپتۈرمە نەقىش بېرىلگەن، ئاس-
تى تەرەپتىكى يىراقتىن كۆرۈنگەن تاغ، سۇ، رەڭدار بۇلۇت
ۋە ئايغا... باستۇرما نەقىش بېرىلگەن... — دېدى.

— ھە، مەندىمۇ شۇنداقراق ئوي بار، — دېدى لياڭ يى-
چىڭ شاگىرتىنىڭ بىر كۆرگەن نەرسىنى شۇ زامان ئېسىگە
ئەكېلەلەيدىغانلىقىدىن زوقلىنىپ، — مەن شۇ تاپتا قانداق قىلى-
سام، ياغاچچى ۋە رەسساملاردىن پايدىلىنىپ بۇنىڭ ئامالىنى
قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتىمەن. بۇرۇن چوڭلارنىڭ ئاغ-
زىدىن ئوردىدا قاشتاشتىن ئويۇپ ياسالغان چوڭ بىر تاغ ھەيكى-
لى بارلىقىنى، چيەنلۇڭ زامانىسىدا ياسالغانلىقىنى ئاڭلىغانلى-
قىم يادىمدا...

لياڭ يىچىڭنىڭ كۆز ئالدىدا شۇئان چيەنلۇڭنىڭ 35 ـ
يىلى ياڭجۇلۇق بىر ئويمىكەش قاشتاشتىن ئويۇپ چىققان قىم-
مەتلىك سەنئەت بۇيۇمى «كەچ كۈزدىكى تاغ مەنزىرىسى» نامايان
بولدى. بۇ قاشتاش تاغقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ تۈمەن
ئىش كۈنى كەتكەن، بەش ـ ئالتە يىلدا ئاندىن پۈتكەن، ئۈچ
مىڭ سەر ئاق كۈمۈش سەرپ قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى ئوردى-
سىدىكى رەسسام جىن تىڭبياۋنىڭ «كەچ كۈزدىكى تاغ مەنزىرى-
سى» ناملىق رەسىمى ئاساس نۇسخا قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ
كۆك قاشتېشى ئىشلىتىلگەن. بۇ قاشتاش ئېغىر، يولى كۆپ،
رەڭگى سۈس سېرىق. ھۈنەرۋەنلەر بۇ قاشتاشنىڭ مۇشۇنداق
خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئورمانلىق تاغنىڭ كەچ كۈزدى-
كى بىر پۈتۈن مەنزىرىسىنى تەسىرلىك ھەم خۇددى راستتەك
قاشتاشقا ئويۇپ چۈشۈرگەنىدى. بولۇپمۇ ئەپ كەلگەن يېرى
شۇكى، ھۈنەرۋەنلەر ئەسلى رەسىمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە
كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئېسىلىۋالماي، قاشتاش-

نىڭ تەبىئىي شەكلىگە ئاساسەن ئويمان ـ چوڭقۇر يېرىگە شىپاڭ ـ
ئايۋانلارنى، كۆۋرۈك ۋە كىچىك ئېقىنلارنى ئورۇنلاشتۇرغان
ھەم پېرسوناژلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ بەرگەن. قاشتاش تاغ-
نىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى تاغنى مەركەز قىلغان ئاساستا بەزىدە
توپ، بەزىدە شالاڭ، بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا كۆرۈنۈپ
تۇرغان ئادەم ۋە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن پۈتكۈل ستېرېئولۇق
ھالەتتە قايتا نامايان بولغان، رەسسامنىڭ ئەسىرى ئەسلى ئۇس-
لۇبىنى ۋە قىممىتىنى يوقاتمىغان. . .
لياڭ يىچىڭ پىكىر يولى ئېچىلىپ، ئەتىۋارلىق كېمىنىڭ
ئوكيان سەپەر يۈنۈلۈشىنى ئاخىر تاپتى. خام ھالەتتىكى ئاشۇ
بىر پارچە قاشتاش ماتېرىيالىغا قايتىدىن تەپسىلىي قاراۋاتقان
لياڭ يىچىڭنىڭ كۆز ئالدىدا بۇيرۇتمىنىڭ پۈتكەن چاغدىكى
مەنزىرىسى گەۋدىلەنگەندى.
بۇ بۇيرۇتما ئۈچ قاتلام ۋە ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل
ئۇسۇل بىلەن ياسىلاتتى: بىرىنچى قاتلام، ئەتىۋارلىق كېمە،
كېمە گەۋدىسى دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە بولاتتى، بۇنىڭدا كېمە-
نىڭ بېشى ئېگىز، كېمىدىكى ئۆيلەر ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ،
پالوبا، غالتەك، ياكور، تۆمۈر زەنجىرلەر ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.
جېڭ خې بىلەن مۇلكى ئەمەلدار، مۇھاپىزەتچى، يول باشلىغۇ-
چى، كېمىچى، رولچى ۋەھاكازالار ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقان ھالدا
كىشىگە خۇددى تىرىكتەك تۇيۇلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر يۇمىلاق
ئويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ئەينەن چىقىرىلاتتى، لېكىن قىلچە
بىخەستەلىك قىلىنىشقا بولمايتتى؛ ئىككىنچى قاتلام، ماچتا، يەل-
كەن، ئارغامچا ۋە بايراقلار باستۇرۇپ ئويۇش ۋە قاپارتما ئويۇش
ئۇسۇلى بىرلەشتۇرۇلگەن ئاساستا چىقىرىلاتتى. بۇنىڭدىن دېڭىز
شامىلىدا جەۋلان قىلىۋاتقان بايراقلار، لەپىلدەۋاتقان يەلكەن ۋە
پۇلاڭشىۋاتقان ئارغامچىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەت-
كەن كۆرۈنۈشى ھاسىل بولاتتى؛ ئۈچىنچى قاتلام، يۇقىرىدىكى

ئىككى قاتلامنىڭ ئاساسى ئىدى. ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن دولقۇن-
لار، لەيلەپ يۈرگەن رەڭدار بۇلۇتلار، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان
چايكىلار، ئۇپۇقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاي، كۆكتىكى غۇۋا
يۇلتۇزلار تېيىز ئويما بىلەن ئويۇپ چىقىرىلاتتى. ئىككىنچى
قاتلامدىكى ماچتا، يەلكەن، ئارغامچا ۋە بايراقلار دېڭىز ۋە كۆك
بىلىنەر - بىلىنمەس بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كېتەتتى، ئەسلى
ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى بۇزۇلمايتتى.

قاشتاش تاراشلىغان ئاۋاز يەنە ياڭراشقا باشلىدى. لياڭ
يىچىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان مەشغۇل بولۇپ
كېلىۋاتقان مۇشۇ ئىنچىكە ئىشقا، ئۆزىگە ئاتا - بوۋىلىرىدىن
قالغان، يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مۇشۇ ئىشقا ئاتىۋەت-
كەنىدى. ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىنتىلىشلىرىنى، مۇسۇلمانلار-
نىڭ ئېتىقادىنى مۇشۇ قاشتاش كېمىگە باغلىدى. خەن زىچى
ئۇستازىغا ھەمراھ بولۇپ كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇر-
غۇچە، قاراڭغۇ چۈشكەندىن تارتىپ كۈن چىققىچە ئىشلەيتتى.
ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئىككىسى جاھىل تاشقا جان بېغىشلاش-
تەك ئىجادىيەت يولىدا دەم ئالايمۇ دېمەيتتى. لياڭ يىچىڭ باشتا
شاگىرتىنى قارا ئىشلارنى دادىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئىن-
چىكە ئىش باسقۇچىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۆزى قىلدى. خەن
زىچى باشقا بىر سۇ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئۇستازىغا ئۇنىڭ
ئۆمرىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئە-
سەرنى پۈتتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن پارچە - پۇ-
رات ئىشلارنى قىلىپ ئائىلىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقتى ۋە ئۇستا-
زىنى غەمدىن خالاس قىلدى. قاشتاش كېمە جاپالىق مېھنەت
جەريانىدا ئاستا - ئاستا دۇنياغا كەلمەكتە ئىدى. خەن زىچى
خۇددى ئۇزۇن دەريا ساھىلىنى ئۇستازى بىلەن بىللە سەيلە
قىلىپ يۈرگەندەك، قاشتاش كېمىدىكى سىرلىق ئۆزگىرىشلەر-
گە كۈندە دىققەت قىلاتتى. ئۈچ يىل ۋاقىت ئانچىمۇ ئۇزۇن

ئەمەس!

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭى بىر ئەۋلادلار قاتارغا قوشۇل-
دى، بىئېر بىلەن شىنىيۆمۇ چوڭ بولدى. ئون بەش ياشقا
كىرگەن بىئېر چوپچوڭلا قىز بولۇپ قالغانىدى. قىز بالا چوڭاي-
غانسېرى رەڭ تۈزەيدۇ. بىئېرنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى يۇمى-
لاق يۈزى سوزۇنچاق ھالەتكە كىرگەنىدى، ئەتلىرى ئاپئاق،
قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن سۇس يېشىل نۇر چاقناپ تۇراتتى.
قاشلىرى قارلىغاچ قانىتىدەك قىيغاچ ئىدى، بىر تال قىلىپ
ئۆرۈۋالغان قويۇق قاپقارا چاچلىرى بېلىگە چۈشۈپ تۇراتتى،
خېلىلا بوي تارتىپ قالغانىدى، تولۇق يېتىلىۋاتقان سۇمباتىنى
كەڭ كىيىملەر يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا
ئەگىشىپ ئۇ دادىسى بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتىنىڭ ئالدىدا ئەركىن
گەپ قىلالمايتتى. ئىككىسى ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ يۇكنى ئۆزلۇ-
كىدىن ئۇستىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تامىقىنىڭ ھۆددىسىدىن ۋاق-
تىدا چىقاتتى. ئەتكەن تاماقلىرى تەملىك ئىدى. تۆت پەسىللىك
كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇپ - ياماش ئىشلىرىنى ئاپىسىنىڭ
تاپشۇرۇقىسىز ئۆزى بىلىپ قىلاتتى. ئاپىسى ياشىنىپ قالغانى-
دى، ھەمىشە ئاغرىپ قالاتتى. بىئېر ئاپىسىنىڭ قولىنى پۈتۈن-
لەي سوۋۇتقانىدى. ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى ھازىر خەن زىچىغا
قالغانىدى. ئۇ بىئېرنىڭ دادىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت
بولۇۋاتاتتى. مال كىرگۈزۈش، پۇل ئەكېلىش ئىشلىرىنى دادى-
سى خاتىرجەم ھالدا خەن زىچىغا تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ قىلغان
ئىشىدىن زادىلا چاتاق چىقمايتتى. خەن زىچى سىرتتىن قايتىپ
كېلىپلا، ھېساباتنى ئۇستازىغا بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇس-
تازىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى، بىر چەتتە ئاڭلاپ تۇرغان
بىئېرنىڭمۇ ئوخشاشلا كۆڭلىدە سان بار ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ
كۆڭلى خەن زىچىدىن توق ئىدى ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. كە-
سىپداشلىرى لياڭ خوجايىنىنىڭ شاگىرتى قانداقمۇ ئۇنىڭ شا-

گىرتىغا ئوخشىسۇن؟ ئوغلىغىلا ئوخشايدۇغۇ، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلىرى ھەسەت قىلىشىپ، كۈيئوغلىغا ئوخشايدۇ، دەپمۇ قويۇشاتتى. بۇ گەپلەر لياڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى، ئۇلار ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى تايدىنى يوق گەپلەر ـ دە! ئوغلىغا ئوخشىسا نېمە بوپتۇ، كۈيئوغلىغا ئوخشىسا نېمە بوپتۇ؟ سەن ئۆيۈڭدىكى قىزىڭنى سەكسەن ياشقىچە ساقلامسەن؟ بىئېر غەزەپ بىلەن كۆڭلىدە شۇنداق دەيتتى، ئۇنى كۆرگەندە ھودۇقاتتى، تەمتىرەپ كېتەتتى.

خەن زىچى بىلەن سۆزلەشكۈدەك پۇرسەت بىئېرغا ئانچە كۆپ نېسىپ بولمايتتى. ئۇ بارا ـ بارا ئاپىسىنى تارتىپ چوڭ بولۇپ، باشقا مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلىرىغا ئوخشاش، كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى پاك ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇپ، يەتتە ئىقلىمدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممە يەردە مەۋجۇت ئاللاغا دەيتتى، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئاللانىڭ ئاڭلايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللانىڭ بىلىدىغانلىقىغا ۋە ئاللانىڭ ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئەمىنلىك ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىئېرنىڭ سىڭلىسى يۈئېر يەتتە ياشقا كىرگەندى، بىئېرغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئارىلاپ كېلىدىغان مېھمانلار ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە، بىئېرنىڭ بۇ سىڭلىسىنىڭكىدىن خېلى خوپ ئېگىز ئىدى. ئەمما يۈئېر بىئېردىن تەلەيلىك ئىدى. ئۇ مەكتەپ يېشىغا بارغاندا كونچە مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. لياڭ يېچىڭ قىزلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يۈئېرنى مەكتەپكە بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، خوتۇنى: «بىز خۇيزۇلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلىرىنى كۆرمىدىم، ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ چوڭ بولسا ئەرگە تېگىپ خەقنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، تامىقىنى ئېتىدۇ!» دېدى. لياڭ يېچىڭ خوتۇنىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلـ

ماي: «مېنىڭ قورسىقىمدا ئازراق ئوماچ بولسا، چىچىنجەي بۈگۈنكى مۇشۇ ھالدا بولمىغان بولاتتى. مەنغۇ ھۈنىرىمگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن، بالىلىرىمچۇ؟ قىزلىرىمنىڭ ھۈنىرى يوق، ناۋادا ساۋاتسىز بولۇپ قالسا، ئۇلارنى كېيىن جاپا تارتىپ قالامدىكىن دەيمەن. بىئېرگە ئىمكانىيەت بولمىدى. يۈئېرنىڭ كېلەچىكىنى نابۇت قىلىۋەتسەم بولمايدۇ! » دېدى. خەن زىچىمۇ يۈئېر ئۈچۈن گەپ قىلىپ: «قوشناچ، مەكتەپكە جىق پۇل كەتمەيدۇ. ئۇستاز ئىككىمىز ئىشلەپ يۈئېرنى ئوقۇتىمىز! » دېدى بىئېر ئادەتتە سىڭلىسىنى ئاپىسىغا ئوخشاش كۆرەتتى، سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنى بېسىپ چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ: «ئاپا، ئۆي ئىشلىرىغا مەن يېتىشىمەن، يۈئېر قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق. ئۇنىڭ بىر نەچچە يىل بولسىمۇ ئوقۇغىنى تۈزۈك. ساۋاتى چىقسا، بىزگە ئايەتلەرنى خاتىرىلىشىپ بېرىدۇ! » دېدى. لياڭ يېچىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ مۇستەقىل قارىشى يوق ئايال ئىدى، شۇڭا يۈئېرنى ئوقۇشتىن توسىمىدى.

يۈئېر مەكتەپتىن كېلىپلا ئىچكىرىدىكى دۇكانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— دادا، چى ئاكا، مەن توشقان ئەۋلىيانى ئالدىم! — دېدى.

لياڭ يېچىڭنىڭ كۆڭلىدە ئەتىۋار كېمىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، شۇڭا قىزىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويماي:

— نېمە ئۇ توشقان ئەۋلىيا دېگەن؟ بىز خۇيزۇلار ئۇنداق ئەۋلىيالارغا تېۋىنمايمىز! — دېدى.

خەن زىچى قولىدىكى ئىشنى قويۇپ يۈئېرنىڭ قولىدىن لاي ئويۇنچۇقنى ئالدى، بۇ ئېگىزلىكى ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىر چىقىدىغان ياسىلىشى قوپال، لېكىن ئوماق ئويۇنچۇق ئىدى: بەدىنى ئادەمنىڭ بەدىنىگە، يۈزى توشقاننىڭ يۈزىگە ئوخ-

www.uyghurkitap.com

شايدىغان، قۇلاقلىرى دىڭ، قىزىل تون كىيگەن، ئاغزى يىد-
رىق، ھىجىيىپ تۇرغان كۈلكىلىك مەخلۇق ئىدى.

— ئۇستاز، بۇ ئەۋلىيا ئەمەس، ئويۇنچۇق ئىكەن. تاۋۇز چاغىنىغا ئاز قالدى. كوچىلاردا ساپلا توشقان ئەۋلىيا سېتىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر ھېسابتا پۇل تاپقىلى بولىدىغان سودا. قاشتاشتىن توشقان ئەۋلىيا ياساپ ساتساق، بىزنىڭ ياسىغىنىمىز بازار تاپىدۇ. تاۋۇز چاغىنىغىچە سېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بولدى قىلساقمۇ بولاتتى! — دېدى.

— بوپتۇ، ياساپ كۆرۈپ باق، — دېدى لياڭ يىچىڭ ئىشەنچ قىلالماي، — كاللاڭ نېمانداق تېز ئىشلەيدۇ سىنىڭ!

خەن زىچى ئۇ ئويۇنچۇقنى تاۋۇز چاغىنى كېلىشتىن ئاۋۋال ياساپ باقىدىغان بولدى. قاشتاشتىن ياسىغان توشقان ئەۋلىيا بازارغا سېلىنغىچە، ئۇستازىنىڭ قاشتاش كېمىسىمۇ قولدىن چىقىپ بولاتتى.

— تاۋۇز، تاۋۇز، قوم تاۋۇز!

— ئۆزى ۋاگوندەك، تىلىمى قېيىقتەك، تەمى ھەسەلدەك تاۋۇز، بىر تەڭگىگە بىر تىلىم!

باققالنىڭ سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان ئاۋازى توشقان ئەۋلىيا بىلەن تولغان كوچىنى بىر ئېلىپ، تاۋۇز چاغىنىنىڭ كۈنسايىن يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

بىئېر تاۋۇزنى پىچىپ پەتنۇس بىلەن دۇكانغا ئەكىرىپ:

— دادا، چى ئاكا، ئۇسسۇزلۇقىڭلارنى باسقاچ ئارام ئېلىڭلار! — دېدى.

لياڭ يىچىڭ سۇ ئورۇندۇقىدىن تۇرغۇسى كەلمەي تەستە تۇردى. قىپقىزىل تاۋۇزنى كۆرۈپ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، تاۋۇزدىن بىر تىلىم ئېلىپ، يېمەي تۇرۇپ بىئېردىن:

— ئاپاڭغا ئەكىرىپ بەردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يەنە بار، ئاۋۋال ئاكام بىلەن ساڭا ئەكىردىم! — دېدى

بىئىر.

لياڭ يىچىڭ قولىدىكى بىر تىلىم تاۋۇزنى يۈئېرگە، پەت-نۇستىن يەنە بىر تىلىم ئېلىپ، ئۇنى بىئېرگە بېرىپ، ئاندىن خەن زىچىنى تاۋۇز يېيىشكە دەۋەت قىلدى، ئىككىسى بىللە تاۋۇز يېدى.

يۈئېر سومكىسىنى قويۇپ قويۇپ، تاتلىق ھەم مۇزدەك تاۋۇز يېگەچ، دادىسى ئۈچ يىلدىن بېرى ياساۋاتقان ئەتىۋارلىق كېمىگە قاراپ:

— ۋاھ، بۇ كېمە قاچان پۈتىدۇ؟ چى ئاكام، بۇ كېمە پۈتكەندىن كېيىن قولىمىزغا نۇرغۇن، نۇرغۇن پۇل كىرىدۇ، سىلەرنى تيەنچياۋ، لوڭفۇ ئىبادەتخانىسى بىلەن بېيخەيگە ئاپى-رىپ ئوينىتىپ كېلىمەن، دەيدۇ.

— ئاز قالدى، — دېدى لياڭ يىچىڭ. قىزىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا تاۋۇزنىڭ تەمىدىنمۇ تاتلىق تۇيۇلۇپ كەتتى، — سەن ئايغا قارا، ئاي كۈنسېرى تولۇپ قاشتاش پەتنۇستەك يۇملاق بولغاندا تاۋۇز چاغىنى بولىدۇ، بۇ كېمە شۇ چاغدا ئاساسەن پۈتىدۇ.

خەن زىچىمۇ شۇ كۈننى زارىقىپ كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ يۈئېرگە قاراپ:

— شۇ چاغدا مەن سىلەرنى يىخېيۈەنگە ئاپىرىمەن، ۋەنشۇ-شەن تېغىغا ئاچىقىمەن. قولۋاقتا چۆشىمىز، ئۇستاز، قۇشناچ، بىئېر ۋە سەن ھەممىمىز چۆشىمىز، قولۋاقنى مەن ھەيدەيمەن، كۆلنىڭ كۆلىنى بىر ئايلىنىپ چىقىمىز. باشتا لوڭۋاڭمياۋنى ئايلىنىمىز، ئاندىن ئون يەتتە سۆڭگۈچلۈك كۆۋرۈكتىن ئۆتى-مىز، بولامدۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ! — دېدى يۈئېر بۇدرۇق قوللىرىنى پۇلاڭلى-تىپ. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا تاۋۇزنى ئالدىراپ يې-گەچكە، بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقى خۇددى خالدەك ئۇنىڭ يۈزىگە

چاپلىشىپ قالدى.

خەن زىچى ئۇنىڭ يۈزىدىكى «خال»نى ئېرتىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خۇشال بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا! بىز يەنە پەنيۈندىيەن ئالدىدا سۈرەتكە چۈشىمىز. ئۇستاز بىلەن قوشناچ ئوتتۇرىدا، بىئېر ئىككىڭلار ئىككى ياندا، مەن ئارقىدا تۇرىمەن... — دېدى.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشىغۇ! — يۈئېر خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتكىلى قىل قالدى.

بىئېر مىيىقىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى. خەن زىچى تەسەۋۋۇر قىلغان چىرايلىق كۈنلەر يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئۈزۈن ۋاقىت قالمىغانىدى.

ئۈچىنچى ئايئاق يەكتەك كىيگەن خەن زىچى بىر - بىرىگە زىچ قويۇلغان يايمىلاردىن ئايلىنىپ، قىستا - قىستاق ئادەملەر توپىدىن ئۆتۈپ، گۈڭگۈرت زاۋۇتى جايلاشقان شەرقىي كوچىدىن چىقتى، يەنشۇ كوچىسىدىن شەرققە بۇرۇلۇپ، خۇيلاڭفاڭغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ گۈڭگۈرت زاۋۇتىدىكى خۇيىيۈەنجەيگە مال ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كېتىۋاتاتتى. خۇيلاڭفاڭ بىلەن گۈڭگۈرت زاۋۇتىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇستازى رىكشا ياللىسۇن دەپ ئۇنىڭغا يىگىرمە يارماق بەرگەنىدى، بۇ پۇل بېرىپ - كېلىشكە يېتەتتى. بىرىنچىدىن، مالنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىككىنچىدىن، يۈز - ئابرۇيى ئۈچۈن رىكشىغا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. قەدىمىي ئاسارئەتىقە ساھەسىدىكىلەر مەيلى كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، سىرتلارغا چىققاندا بۇنىڭغا دىققەت قىلاتتى. شاگىرتلارمۇ قاتۇرۇلغان يەكتەك كىيىپ كوچىغا چىقاتتى. خەن زىچى خۇيىيۈەنجەيگە رىكشىدا بېرىپ، رىكشىچىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئىشلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ ئۆيگە پىيادە قايتتى، بۇنىڭدا پۇل تېجىلىپ قالاتتى.

خەن زىچى كوچىدا كېتىۋاتاتتى. ھەممە يەر تاۋۇز چاغىنى ئالدىدىكى بايرام تۇسىگە كىرگەنىدى. «كونا قەرزنى تىلغا ئالما قايغۇرۇپ، خۇشال - خۇرام ئۆتسۇن كۇنۇڭ يىغلىما، يېقىنلاشـ تى قۇتلۇق چاغان پەيتلىرى، كوچىلاردا ساپلا توشقان ئەۋلىيا.» تاۋۇز چاغىنى بىر يىلدا بىر كېلىدىغان چوڭ بايرام بولۇپ، سودىگەرلەر ئەتىياز ۋە يازلىق ھېساباتنى ئېنىقلايدىغان، قەرز- دارلار قەرزلەرنى قايتۇرىدىغان مەزگىل ئىدى. بۇ مەزگىلدە گەرچە بەزى ئائىلىلەر خۇشال بولۇپ، بەزى ئائىلىلەرنى غەم باسسىمۇ، لېكىن چاغاننىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر- نىڭ قەلبىدىكى غەم - قايغۇ بۇلۇتلىرى تارقىلىپ كېتەتتى. خەن زىچى ئالىيېشىل توشقان ئەۋلىيالارنى كۆرۈپ زوق بىلەن ئۆز ئىجادىيىتىنى ئويلىدى. بۇگۇن خۇيىيۇەنجەيگە ئاپىرىپ بەرگەن قاشتاش توشقان ئەۋلىيالارنى كۆرۈپ پۇ خوجايىن ئۇنى ماختاپ كەتكەنىدى. بۇ توشقان ئەۋلىيالارنى كىشىلەر بىرنەچچە كۇنگە قالماي تالىشىپ سېتىۋالاتتى، تالاي كىشىلەرنىڭ قۇتلۇق بايرى- مىغا ئاز - تولا ھۇزۇر - لەززەت قوشۇلاتتى. «قاشتاش بۇيۇم- لىرى ئائىلىسى» بولغان لياڭ ئائىلىسىمۇ تاۋۇز چاغىنىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. خۇيىيۇەنجەي بۇيرۇتقان ئەتىۋارلىق كې- مىنىڭ توختامىمۇ ئۇچ يىل ئالدىدىكى كۇز كۇنلىرى تۈزۈلگەنـ دى. مۇددىتىمۇ توشۇپ قالدى. ئۇستازى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار ئىشنى تۈگەتسە، مالنى تاپشۇرۇپ پۇلنى ئالسا، بۇ يىلقى تاۋۇز چاغىنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولاتتى.

كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرىدىن مەدەت ئالغان خەن زىچىنىڭ قەلبى يايراپ كېتىۋاتاتتى.

خەن زىچى ئۆتۈپ كەتكەن ئۇچ يىل ئىچىدە بىرلا ئىشتىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى: «بىلىمدان» قەسرىدىكى ھەزرەت ئالەم- دىن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئادالەتسىزلىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى- نى، چوڭقۇر بىلىمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، قاشتاش

تونۇيدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇ دۇنياغا كەتكەنىدى. خەن زىچى ئەسلىدە ئۇنىڭدىن تالاي نەرسىلەر توغرىسىدا تەلىم ئالماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇچ يىلنى سۇ ئورۇندۇقىدا باش كۆتۈرمەي ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزدى، بوش ۋاقتى ئاساسەن يوق ئىدى. باشتا ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت تېخى كۆپتەك تۇيۇلغانىدى. ئەمدى ياشانغان ۋە كېسەلچان ئۇ بوۋاي تەرەپباللا كېتىپ قالدى. «قاشتاش مەستانىسى» دىن قالغان ئون مىڭ جىلدلىق قەدىمىي كىتابلار بىلەن ئۇ بىر ئۆمۈر يىغقان قاشتاشتىن ياسالغان قەدىمىي بۇيۇملارنى نەۋرىسى سېتىۋەتتى. يېتەرلىك مەبلەغقە ئىگە قەدىمىي بۇيۇ لا دۇكانلىرى بۇ كىتابلار بىلەن قەدىمىي بۇيۇملارنى تالىشىپ سېتىۋېلىشتى. لياڭ يىچىڭنىڭ ئۇنچىلىك ماغدۇرى بولمىغاچقا، بارماق چىشلەپ قالدى. كېيىن «بىلىمدان» تۇرالغۇسىمۇ سېتىۋېتىلدى. لياڭ يىچىڭ بىلەن خەن زىچى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەرگە بارمايدىغان بولدى. ئىلگىرىكى «بىلىمدان» قەسرىدە قاشتاش ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىت بولمىسىمۇ، ئاز ئۇچرايدىغان بىر قىسىم قىممەتلىك بۇيۇملار بار ئىدى. ھەزرەت بۇلا ىنى قەدىرلەپ، باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلم تتى. ئەمدىلىكتە قىممەتلىك بۇيۇملار سېتىلىپ، تۇرالغۇمۇ چۆلدەرەپ قالغانىدى. ھەزرەت كۆز ئالدىغا كەلسە ئۇنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. ھەزرەت باقىي دۇنياغا كەتكەن بىلەن ئۇ يىغقان نەرسىلەر پانىي دۇنيادا قالدى. قاشتاش مىڭ يىل ياشايدۇ، ئون مىڭ يىلغىچە ياشلىقىنى يوقاتمايدۇ، ئۆلمەيدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە چىچېنجەي كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئاشۇ قىممەتلىك بۇيۇملارنى يىغىۋالغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا يەنە ئۇلۇغۋار بىر پىلانىمۇ بار. بۇ پىلاننى ئۇ ئۇستازىغا دەيدۇ.

خەن زىچى چىچېنجەيگە بېرىپ يەكتىكىنى سىلىۋېتىپ، ئۇستازىغا ھېساباتنى مەلۇم قىلىپ، ئاندىن مالنىڭ پۇلى بىلەن

رىكشىدىن ئاشقان پۇلنى لياڭ يىچىڭغا بەردى.

— قارا سېنى! — دەپ كايىدى خەن زىچىنغا لياڭ يىچىڭ ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — مالنى بەردىڭمۇ؟ پۇ خوجايىن نېمە دېدى؟

— توشقان ئەۋلىيادىن كۆپرەك ئەكەل، دېدى، — دېدى خەن زىچى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇستازىنىڭ تەرلەپ كەتكەن دۈمبى-سىنى يەلپۈپ تۇرۇپ — ئۇ يەنە مەندىن: قاشتاش كېمە تاۋۇز چاغىنىغىچە پۈتەمدۇ؟ دەپ سورىدى. مەن پۈتىدۇ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇستاز بوپتىمۇ؟ — دېدى.

— مەنمۇ بۇ ئىشنى تاۋۇز چاغىنىغىچە سوزمايمەن، — دېدى لياڭ يىچىڭ كۈلۈپ، — مال ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇلسا، ھەر ئىككىلا تەرەپكە ياخشى

— ئۇستاز، قاشتاش كېمىنى ئالغىلى ھېلىقى ئەجنەبىيمۇ كەپتۇ. مال ئالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ. بايا ئۇنى خۇيىيۇەنجەيدە غىل - پال كۆرۈپ قالدىم...

— پۇ خوجايىن ساپلا ئەجنەبىيلەر بىلەن سودا قىلىشىدۇ. ئۇ يەرگە ئەجنەبىيلەر كۆپ بارىدۇ، قايسىسى ئىكەنلىكىنى قان-داق بىلىسەن؟

— راست، باشتا دىققەت قىلماپتىمەن. سېرىق ساقال، يېشىل كۆز بىر ئەجنەبىينى پۇ خوجايىن ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار ئەجنەبىيلەرنىڭ تىلىدا كالدىرلىشىپ سۆزلەشتى...

— سەن ئۇلارنىڭ ئەجنەبىي تىلدا دېيىشكەن گەپلىرىنى بىلمەيسەن!

— ئەلۋەتتە، مەن دۇكاندا ساقلاپ تۇردۇم. پۇكەيدىكى شاگىرتلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ خونتېر ئەپەندىنىڭ بايا پۇ خوجايىندىن: قاشتاش كېمە قانداق بولدى؟ دەپ سورىغانلىقىنى دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خونتېر دېگەن ئەجنەبىي ئاشۇ سې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىق ساقال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— هە، بەلكىم، پۇ خوجايىن ئۇنىڭغا نېمە دېدى؟

— بۇنى بىلمەيمەن. خۇيىۇەنجەينىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى سۇرۇشتە قىلىش بىئەپ. پۇ خوجايىن شاگىرتلىرىنى يامان قاتتىق تۇتىدىكەن. ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا ھېچنېمە دېمەيدۇ، بايامقى گەپنى مۇنداقلا ئاڭلاپ قالدىم.

— كېرەك يوق، ئەجنەبىي دەل ۋاقتىدا كەپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق كىمە ھەيكىلىنى ئىپپكېتىشىنى كۆتۈۋاتىمەن!

— ئۇستاز، مال ئالغىلى ھېلىقى ئەجنەبىي بىزنىڭكىگە ئۆزى كېلەمدۇ؟

— ياق، بىز مالنى پۇ خوجايىنغا تاپشۇرىمىز. بىز پۇ خوجايىن بىلەن توختاملاشقان ئەمەسمۇ، مالنى ئەجنەبىيگە پۇ خوجايىن بېرىدۇ.

— پۇ خوجايىن نېمىشقا بىزنى ھېلىقى ئەجنەبىي بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدۇ؟

— ئەلۋەتتە كۆرۈشتۈرمەيدۇ - دە. بۇ دېگەن ئۇنىڭ سودىسى، — دېدى لياڭ يىچېڭ شاگىرتىغا قاراپ، — بوگۇن ساڭا نېمە بولدى؟ «خونتېر ئەپەندى»، «خونتېر ئەپەندى»لا دەپ قاپسەنغۇ؟

— مېنىڭ، — دېدى خەن زىچى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ قاشتاش كىمىگە خونتېر ئەپەندىنىڭ قانچە باھا قويىدىغانلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ!

— ئىككى مىڭ تەڭگىدىن ئارتۇق باھا قويىدۇ، ھەممىسىنى بىز ئېلىۋالساق، پۇ خوجايىنغا نېمە قالىدۇ؟

— ئۇ ئوتتۇرىدا قانچىلىك پايدا ئالىدۇ؟ — دېدى خەن زىچى بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزىقىپ.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز، — لياڭ يىچېڭ پايدىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، — سودىگەر دېگەن سالغان دەسمايىسىنىڭ

پايدىسىنى كۆرىدۇ. ئەپكەشتە كۆكتات ساتىدىغانلارمۇ پايدا ئالىدۇ، پايدىنى ئاز ئالامدۇ ياكى كۆپ ئالامدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بىلگىسىگە باغلىق!

خەن زىچىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— مېنىڭچە، مۇشۇ قاشتاش كېمىدىن پۇ خوجايىن بىر تۈمەندىن كۆپ پايدا ئالىدۇ! — دېدى ئۇ.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — دېدى لياڭ يىچىڭ. شاگىرتىنىڭ گېپى ئۇنىڭغا بوگۈن سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

— ئۇلارنىڭ سودىسىنى كۆردۇم. بىر ئەجنەبىي ئايال مەن ياسىغان بىر قاشتاش لوڭقىنى بەش يۈزتەڭگە ئاقچا بېرىپ ئەكەتتى. پۇ خوجايىن بۇ مالنى بىزدىن ئون نەچچە تەڭگىگە ئېلىپ دۇكانغا سالغان. ھېسابلاپ باقسىلا، نەچچە قاتلىنىپتۇ؟

لياڭ يىچىڭ خېلى بىر ھازاغىچە گەپ قىلمىدى. ئاخىر يەڭگىل تىنىپ:

— بىز ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرالمايمىز، ئۇ دېگەن سودىگەر، قولى بىلەن ئەمەس، ئاغزىدىكى گېپى بىلەن ئىش قىلىدۇ، بىز دېگەن ھۈنەرۋەن، ئاغزىمىزدىكى گېپىمىز بىلەن ئەمەس قولىمىز بىلەن ئىش قىلىمىز. ئۈچ يۈز ئاتمىش كەسىپنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ يوسۇنى ئۆزگىچە بولىدۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە كۆز قىزارتمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە چوڭچىلىق قىلمايدۇ. سودىگەرلەر بىر كاپام ئاش بىلەن سەمرىپ، بېيىپ كېتىدۇ. ناۋادا تەلىيى ئوڭدىن كەلمىسە، يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، تاماق قاچىسى چېقىلىدۇ، جېنىنى جان ئېتەلمەيدۇ. ھۈنەرۋەنلەر ھۈنىرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئاز يەپ ئاسان تىرىلىدۇ. مەيلى ئاچارچىلىق يىللىرىدا بولسۇن، ئىككى بىلىكىمىز بار، ئاچ قالمايمىز!

— ئۇستاز، ئادەم قورساق ئۇچۇن ياشىسا بولمايدۇ. بىزدە

هامان ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بولۇشى كېرەك. باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋەرسەك خەق بىزنىڭ ھۈنىرىمىز ۋە قان - تەرىمىزدىن پۇل تاپسا بولماس! — دېدى خەن زىچى. ئۇستازىنىڭ ئوي - پىكرى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئورۇنسىز تۇيۇلدى.

— ئەمىسە، سەن نېمە قىلماقچى؟ — دېدى شاگىرتىنىڭ تەنبىھ ئارىلاش تەلەپپۇزدا قىلغان گېپىدىن رەنجىگەن لياڭ يىچىڭ.

— مېنىڭچە... خۇيىۋەنجەينى قايرىپ قويۇپ ئەجنەبىيلەر بىلەن بىۋاستە سودا قىلىش كېرەك! — دېدى خەن زىچى ئۇستازىغا تىكىلىپ قاراپ. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئويلانغان، بايا يولدا كېلىۋېتىپ كۆڭلىگە پۈككەن تەسەۋۋۇرىنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويدى.

لياڭ يىچىڭ شاگىرتىغا ئەجەبسىنىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭغا شاگىرتى جۆيلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ پۇ خوجايىن بىزنىڭ كونا خېرىدارىمىز، مەنپەئەتنى دەپ تۇزكورلۇق قىلساق، كىشىنىڭ ئېشىغا توپا چاچساق بولمايدۇ. بىزنىڭ لياڭ جەمەتى مۇنداق دىيانەتسىز ئەمەس!

— ئۇستاز، سىلى بەك ياۋاشكەنلا! — دېدى خەن زىچى خورسىنىپ، — پۇ خوجايىن پايدىنى دەپ بىز بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىنساپ نېمە قىلسۇن؟ ناۋادا ئۇنىڭدا ئىنساپ بولسا خۇيىۋەنجەي چىجېنجەيچىلىكمۇ بولالمايتتى. ئاڭلىسام، پۇ خوجايىن ئەسلىدە ئەسكى - تۈسكى يىغىدىغان ئادەمكەن. باشقىلارنىڭ سودىسىنى تارتىۋېلىپ، قەدەممۇ قەدەم ئىگىلىك تىكلىگەن، يۈزى قىزىرىپمۇ باقمايتىكەن سودىدا ئادەمنى ئە- مەس، بەلكى پۇلنى تونۇش كېرەك. كىمنىڭ بىگىسى بولسا، شۇ كۆكلەيدۇ. «رۇيفۇشاڭ» غا قارىسىلا، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قوشناچ مېنى رەخت ئەكېلىشكە ئەۋەتكەندى، شۇ يەردىكى بۇرا-

دەرلەردىن ئاڭلىسام، رۇيفۇشاڭ ئەسلىدە شەندۇڭنىڭ ماتىرىنى ساتاتتىكەن. ئەجنەبىيلەر مېلىدىن كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدىغان-لىقىنى بىلىپ، سەكسەن تۇمەن دەسمايە سېلىپ ھازىرقى دۇ-كىنىنى سالغانمىش، ئۇنىڭ دۇكىنى سەككىز چوڭ دۇكاننىڭ بىرى. خەق مۇۋاپىق تاپسىلا قىلىۋەرگەن يەردە بىزگە يۈز - خاتىرە، ساداقەتمەنلىك قىلىپ نېمە كەپتۇ؟

لياڭ يىچىڭ بۇ بالىنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇنچىلىك قارىيىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئىشنى ئويلاشقا پېتىنالايدىغان-لىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ سوغۇق كۈلۈپ:

— سەنمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچىمۇ؟ لېكىن ئەجنەبىيلەر بى-لەن مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئەجنەبىيلەرنىڭ تىلىنى بىلىش كېرەك! — دېدى

— ئەجنەبىيلەرنىڭ تىلى قانچىلىك نېمىدى؟ ئادەمنىڭ زۇۋانىغۇ شۇ؟ پۇ خوجايىنمۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ تىلىنى، يېزىقىنى بىلىدىغان بولۇپ تۆرەلگەن ئەمەس، ئۆگەنگەن. مەن ئۈچ يىلدا ھۈنەرلىرىنى ئۆگەندىم، يەنە ئۈچ يىلدا ئەجنەبىيلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنەلمەمدىم؟ — دېدى خەن زىچى. ئۇنىڭ قەلبى خۇددى يې-پىنى قويۇپ بەرگەنسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان لەگلەككە ئوخ-شايتتى.

— شياۋچىزى! — دەپ قاتتىق توۋلىدى لياڭ يىچىڭ سۇ ئورۇندۇقىدىن بىردىنلا تۇرۇپ.

— ئۇستاز... — خەن زىچى چۆچۈپ، ئۇستازىغا سارا-سىمە ئىچىدە قاراپ قالدى. بۇ ئۇستازىنىڭ ئۈچ يىلدىن بىرىنچى قېتىم خاپا بولۇشى ھەم ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمىنى بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىشى ئىدى.

لياڭ يىچىڭنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى، قاشتاش تۈزۈن-دىلىرى قونغان، تەر باسقان پېشانىسىدىكى تومۇرلىرى كۆپ-جۈپ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى قانغا تولغانىدى.

— بۇ كىم؟ ئەجەب تونىيالمايۋاتىمىنا! ئۈچ يىلدا ئەجەب نوچى بولۇپ كېتىپسىنا! ھۈنىرىمنى ئۆگىنىۋېلىپ، مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدۇڭمۇ؟ چىچېنجەي ساڭا ئەمدى كىچىكلىك قىلىۋاتامدۇ؟ ساڭا دەپ قوياي، سەن تېخى ئۇستا بولۇپ چىقمىدىڭ!

— ئۇستاز، بۇ . . . بىلمەن . . .

— سەن نېمىنى بىلىسەن؟ كىشىلەر لياڭ يىچىڭ شاگىرتىنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ دېيىشىدۇ، باشقا دۇكانلاردىكى شاگىرتلار قانداق؟ باشقا شاگىرتلارنىڭ قانداق شاگىرت ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ سەھەر تۇرىدۇ، كەچ ياتىدۇ، تاياق يەيدۇ، تىل ئىشتىدۇ، ھەممە ئادەم ئىشقا سالىدۇ. ئۈچ يىلدا سۇئورۇندۇقىنىڭ يېنىغا بارالمايدىغان شاگىرتلار ساماندەك. ھۈنەر دېگەننى ئوغرىلىقچە ئۆگىنىدىغان گەپ. نېمىشقا ھۈنەرۋەنلەردە، شاگىرتىغا ھۈنەر ئۆگەتكەن ئۇستاز ئاچلىقتا ئۆلىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، بىلەمسەن؟ مەن ساراڭكەنمەن، سېنى يات كۆرمىدىم، باشقىچە خىياللاردا بولمىدىم. مېنىڭ ئوغلۇم يوق، قېرىغاندا ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمىم يوق، شۇڭا قېرىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ، قوللىرىم ئىشقا كەلمەي، سۇئورۇندۇقنى تەپكۈدەك كۈچ قالمىغاندا ماڭا ھېچكىم بىر قاچا تاماق بەرمەيدۇ، ئۇ چاغدا ھالىمدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ سېنى خەۋەر ئالىدۇ دەپ پۈتۈن ھۈنىرىمنى تاكى نازۇك يەرلىرىدىن تارتىپ ئۆگەتتىم! سېنىڭ تېخى ئۇستا بولماي تۇرۇپلا ئالجىيىدىغانلىقىڭنى كىم بىلسۇن!

خەن زىچى ئۇستازىنىڭ ئۆزىگە بۇنچىلىك ئاچچىق بىلەن كايىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇپ، ئۇستازىنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلاپ ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاستا - ئاستا پەسكە سىرغىماقتا ئىدى.

ئۇستازىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۈچ يىللىق جاپالىق مۇساپىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئۇستازىدىن مىننەتدار ئىدى. ئۇستازى ئېپقالمىغان بولسا، بۈگۈنگە قەدەر سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ياكى تورورىدىن بابا بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمگە كېتىۋېتىپ، كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەردە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولاتتى. ئۇ ھازىر ئۇستازىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن چوڭ ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇستازىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. ئۇستازى ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇنى ئىككى قىزىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ كەلدى. چۈنكى ئۇ ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇستازىنىڭ ئۈمىدى ئۇنىڭدا ئىدى، ئۇ بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. لېكىن كۆڭلىدە: ئۇستاز، سىلى ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىلا، بۇنى بىلىمەن، يەنە تىلغا ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىلى مېنى ۋاپاسىز دېدىلە. ئۇستاز، بۇ ئادىل بولمىدى، ئادىل بولمىدى، دەيتتى.

خەن زىچى مۇشۇلارنى ئويلاپ بىرى بېشىدىن يۇندى تۆككەندەك، چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ھاقارەت ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈندىمەي تۇرۇشى ھاقارەتنى تەن ئالغانلىقى بولۇپ قالاتتى، ئۇستازىنىڭ، قوشناچىنىڭ ۋە ئىككى سىڭلىسىنىڭ نەزىرىدە يارامسىز شاگىرت بولۇپ قالاتتى، ھەممە ئىش بۇرۇنقى قېلىپىغا چۈشۈپ، خەقلەرمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە قاراشقا مەجبۇر بولاتتى. ياق، ئۇ تەن ئالمايدۇ، چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن راستىنىلا سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق تىل ئاڭلاشقا رازى ئىدى ھەتتا ئۇستازى ئۇرسىمۇ گەپ ياندۇرماي جىم تۇرغان بولاتتى. لېكىن ئۇ خاتا قىلمىدى.

— ئۇستاز — دېدى خەن زىچى يېشىنى ئېرتىپ، — ناۋادا دۇكان ئايرىيدىغان نىيىتىم بولسا، سىلىگە ئوچۇق دەمتىم؟ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتىم. پۈتۈن ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىۋېلىپ

www.uyghurkitap.com

سىلى بىلەن خۇشلاشقان، چىچېنجەيدىن چىقىپ يىراقلارغا كەت-
كەن بولاتتىم. سىلى مېنى نېمە قىلالايتتىلە؟ ئۇستاز، مەن
كەتمەيمەن! مەن چىچېنجەيگە كىرگەن كۈندىن باشلاپ چىقىپ
كېتىش خىيالىدا بولۇپ باقمىدىم. مەن چىچېنجەينى ئۆز ئۆ-
يۈم، سىلىنى ئۆز دادام دەپ بىلىمەن! مەن سودىمىزنىڭ چوڭ-
راق بولۇشىنى، نام قازىنىشىنى، دۇكاننىڭ ئالدىنى بېزەپ
ئۇستىگە خۇييۇەنجەينىڭكىگە ئوخشاش سېرىق ھەلدە خەت يېزىل-
غان ۋىۋىسكا ئېسىشنى ئارزۇ قىلىمەن. خەقنىڭ سودىسىغا كۆز
قىزارتىش، گۇلدەك ھۈنىرىمىزنى ياراتماسلىق ماڭا يات. بىز-
دەك ھۈنەرۋەنلەر تولىمۇ جاپاكەش، يەنە كېلىپ قاتتىق ئۇۋالچى-
لىق تارتىۋاتقان قوۋم. بىز قولىمىزغا تايىنىپ تاغار - تاغارلاپ
پۇل تاپىمىز، ئەمما تاپقان پۇلىمىز خەقنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ
كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار نېمىدەپ تەييارغا ھەييار بولىدۇ؟ بىز ئۆلگۈ-
دەك جاپا تارتىۋاتىمىز؟ كۈنلىرىمىز مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋې-
رەمدۇ؟ سىلى ئەللىك ياشقا بېرىپ قالدىلا، قوشناچ بولسا
ئاغرىقچان. بىئېر چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ياتلىق بولىدۇ، يۈئېر-
نىڭ ئوقۇشىغىمۇ پۇل كېرەك. ھۈنەرگە تايانغان بىلەنلا ئىش
تاڭ ئاتامدۇ؟ ئۇستاز، سىلى يىراقنى ئويلىمىسىلا بولمايدۇ!

لياڭ يىچىڭ ئۆزىنىڭ بايا قاتتىق گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى
بىلىپ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ تۇراتتى. خەن زىچىننىڭ گەپلىرى-
نى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى ۋە خەن زىچىننىڭ
مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— زىچى، كۆڭلۈڭنى پۈتۈنلەي چۈشەندىم، سەن يىراقنى
ئويلايدىكەنسەن، بەندىلەر بەخت - ئامەتنى ئۆزى يارىتالمايدۇ،
ئاللا بېرىدۇ، تالاشسا بولمايدۇ! دادام جان ئۈزىدىغان چاغدا
ماڭا: ئىگىلىك تىكلىمەك تەس، ئۇنى ساقلىماق تېخىمۇ تەس.
چىچېنجەينى ساڭا تاپشۇردۇم، دېگەن. مەن دادامغا: دادا، خا-
تىرجەم بول، ئەجدادلىرىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلماي-

مەن، قەلەندەر بولۇپ كەتسەممۇ، سۇ ئورۇندۇقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىمەن، دېگەنىدىم. دادام مۇشۇ گېپىمنى ئاڭلاپ كۆز يۇمغان. ئەجدادلىرىمدىن قالغان مۇشۇ دۇكاننى ئوبدان ساقلىشىم، ئۇنى قالايمىقان تەپمەسلىكىم كېرەك. كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئىگىلىك ۋەيران بولىدۇ، ئۇ چاغدا يۈز يىلدىن كېيىنمۇ ئەرۋاھلارنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن. ھەي، بۇ كۈنگە كەلگەندە خام خىيالغا تايانساق بولمايدۇ. ھۈنەرگە تايىنىپ، چىشىمىزنى چىشلەپ ئىلگىرىلىمىسەك، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ. بىئېر بىلەن يۈئېرنى قولىدا ھۈنىرى بار بىرەر خۇيزۇ يىگىتكە ئۆز قولۇم بىلەن بېرىپ، سېنىمۇ ئۆيلەپ قويسام، ئاندىن چىجېنجەينى ساڭا تاپشۇرسام دەيمەن. شۇ چاغدا قۇشناچىلىق بىلەن ئىككىمىز پۇتلىرىمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا خاتىرجەم كېتىمىز! — دېدى.

ئىككىسى تەڭلا يىغلاپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىشتى، بىر - بىرىنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىشتى. خەن زىچى قوزغىغان بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى. ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى. سۆزلەۋېرىشكە ھېچقايسىسىنىڭ رەۋىتى يوق ئىدى. كۆز يېشى بەزىدە ئاجايىپ سىرلىق رول ئويناپ ئوخشاش قاراشتا بولمىغانلارنى بىلىپ - بىلمەيلا بىر يەرگە ئەكېلىپ قويىدۇ. كۈنچە ئاڭ كىشىنىڭ دىلىنى ئىللىتىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كۆكلەۋاتقان بىخ كۆيۈنۈش ئىچىدە تۈنجۇقۇپ ئۆلىدۇ!

يۈئېر جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا دەرس تەييارلاۋاتاتتى، بىئېر يىڭنە ئىش قىلىۋاتاتتى. ئاپىسى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا خەن زىچىغا ئەكەلدۈرگەن رەختتە بىئېر بىلەن سىڭلىسىغا كىيىم تىكىۋاتاتتى. خەن زىچى ئەر كىشى تۇرۇپ رەختنىڭ ياخشىسىنى تاللىغانىدى. بۇ تېگى يېشىل، چېكىم - چېكىم ئاق

گۈللۈك رەخت ئىدى. گۈللىرى ياپپېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا تۇرغان قاشتاش گۈلگە ئوخشايتتى. يېنىك ھەم يۇمشاق ئىدى. بۇ رەختنى قولىغا ئالغان ھەرقانداق كىشى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. بىئېر سىڭلىسىنىڭ بويىنى ئۆلچىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ كونا كىيىمىگە ئۆلچەپ، ئىككى ئەستەرلىك چاپانلىق چىقاردى. ئەستىرىگە كونا رەختنى ئىشلىتىپ تىكىۋاتاتتى. تاۋۇز چاغنى يېقىنلىشىپ قالغان، دادىسىنىڭ ئەتىۋارلىق كېمىسىمۇ قولدىن چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. خەن زىچى پۇتۇن ئائىلىدىكىلەرنى ۋەنشۇشەنگە ئاپىرىپ سۈرەتكە چۈشۈرمەكچى بولغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ يەرگە يېڭى كىيىم كىيىپ بارسا تازا ياخشى بولاتتى. بىئېر چوڭ بولۇپ سۈرەتكە چۈشۈپ باقمىغانىدى. ئۇنداق يىراق يەرلەرگە بارمىغاچقا، بالدۇرلا تەييارلىق قىلدى.

ئاشۇ كۈنى سىڭلىم بىلەن يېڭى كىيىم كىيىپ سۈرەتكە چوقۇم ياخشى چۈشىمىز. ۋەنشۇشەندە سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەر، ئۇلار قايسى ئائىلىنىڭ قىزلىرىدۇ، رەسىمدىكى ساھىبجامالاردىنمۇ چىرايلىقكەنغۇ، دېيىشىپ كېتەر. بىلگەنلەر، قاشتاش بۇيۇملىرى ئۇستىسى لياڭ يىچىڭنىڭ قىزلىرى، دەيدۇ چوقۇم. شۇ چاغدا بىئېر ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ، قورقمايدۇ، ئىزا تارتمايدۇ، بولمىسا سۈرەتكە سەت چۈشۈپ قالىدۇ... بىئېر مۇشۇلارنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

— ئاچا، نېمىگە بۇنداق كۈلۈپ كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئاچىسىدىن يۈئېر.

— خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن! قارا، بۇ يېڭى كىيىمگە، سەن خۇشال بولمامسەن؟

— ھە، مېنى خۇشال ئەمەس دەمسەن؟ يېڭى كىيىم قاچان ئۇچامغا چىقار دەپ ئولتۇرىمەن. كۈندە ئايغا قاراپ، ئاينىڭ خۇددى قاشتاش پەتنۇستەك يۇملاق بولۇشىغا ئىنتىزارمەن. ئاچا، ئاينىڭ تولمىقى نېمانداق ئاستا؟

— ئاز قالدى! — دېدى بىئېرگە تۆگمە قادىشىپ بېرىۋاتقان ئاپىسى، — چىلانلار قىزارسا ئاي تولىدۇ. بىز خۇيزۇلار تاۋۇز چاغىنىغا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمىز، بۇ بىز ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلە جەم بولىدىغان قۇتلۇق كۈن، شۇ كۈنى سىلەرگە ئىچكە دالچىن گۈل، پۇرچاق ۋە چىلان قىيمىسى سېلىنغان مۇسۇلمانچە ئاي توقاچ ئېلىپ بېرىمەن. تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئالىمىز ‹بۇگۈن كەلدىم بۇ يەرگە، قۇم ئالما، ئالما، ھىدى خۇشبۇي مېۋىلەردىن ئالامسىلەر!›، — كېسەلچان ئانا ئەتىۋارلىق قىزلىرىغا قاراپ، كۆڭلىدە قوزغالغان شېرىن ھېسلارنى باسالماي باققاللارنىڭ قوشىقىنى ئاستا غىڭشىپ ئېيتىپ، تاۋۇز چاغىنى توغرۇلۇق بولۇۋاتقان پاراڭغا ئاز - تولا خۇشاللىق بەخش ئەتتى، — داداڭلار ئۈچ يىلدىن بېرى باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى بولدى!

ئانىنىڭ يۇمشاق سۆزلىرى يۈئېرنىڭ قەلبىدە چەكسىز ئىنتىلىش پەيدا قىلدى. ئۇ قولىدىكى موي قەلەمنى قويدى - دە، كاڭغا چىقىپ، دېرىزىدىكى قەغەز پەردىنى قايرىپ، تولۇش ئالدىدا تۇرغان ئايغا تەقەززالىق بىلەن يەنە قارىدى.

ھويلا سالقىن ئىدى، ئاي نۇرىدا قىزارغان چىلان ۋە پىشقان ئانارلار ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى، دېرىزىنىڭ تۈۋىنى بىر ئالغان بارماق ئوت بىلەن يەسمەن گۈللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى، تامنىڭ تۈۋىدىكى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى قۇرت - قوڭغۇزلار گۈزەل پەيتنى تېزراق يېتىپ كېلىشكە ئالدىرىتىۋاتقاندەك چىرىلدىشاتتى.

ئالدى تەرەپتىكى دۇكان دېرىزىسىدىن چىراغنىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. لياڭ يىچىڭ قولىدىكى جىڭ خې دېڭىزدا سەپەر قىلغان قاشتاش كېمىگە بىر خىلدا كۆڭۈل قويۇپ پەرداز بېرىۋاتاتتى. توختامنىڭ مۇددىتى توشۇپ قالغانىدى. ئۇنى پۇ

www.uyghurkitap.com

خوجايىن، خونتېر ئەپەندى، قەدىناس خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزى ساقلاۋاتاتتى. بۇ ئەتىۋارلىق كېمىنىڭ قولدىن چىقىدىغان ۋاقتىنى ئۆزىمۇ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۈچ يىل، بۇ نەقەدەر جاپالىق مۇساپە! ئۇ تەجرىبىلىك رولچىغا ئوخشاش رولنى مەزمۇت تۇتۇپ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلار ئىچىدە ئېھتىيات بىلەن ئىلگىرىلىدى، قىلچە بىخەستەلىك ۋە بوشاڭلىق قىلمىدى. مانا ئەمدى يىراق سەپەر ئاياغلىشىش ئالدىدا، كېمە-نىڭ بېشىدا كۆز يېتىم يەردە كۆرۈنگەن قىرغاققا قاراپ تۇرات-تى.

لياڭ يىچىڭ يېنىك تىنىپ قويۇپ، يىرىك قولى بىلەن قاشتاش كېمىنى سىلايتتى، چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئاسان ئەمەس، لياڭ يىچىڭ «ماھاجى» جېڭ خې بىلەن بىللە ئامان ـ ئېسەن مەنزىلگە يەتتى! ئۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق جىڭ خېغا، شىددەتلىك بوران ۋە دەھشەتلىك دولقۇنلارغا پەرۋا قىلماي پالوبىدا تۇرغان ھەر بىر ئادەمگە دىققەت بىلەن قاراپ، ئۆزىنى مۇشۇ ھەيۋەتلىك سەپتىكىلەرنىڭ قاتارىدا مەككە مۇكەررەمگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزلىرى بىلەن بىللە تورورىدىن بابامۇ باردەك ھېس قىلدى! ئاھ، بابا، سىلى ھازىر نەدە؟ مېنىڭ يۈرىكىم سىلى بىلەن بىللە، ئىبراھىمنى ئېپقالدىم، ئۇنى قاتار-غا قوشتۇم، بۇ قاشتاش كېمە، مۇسۇلمانلارنىڭ كېمىسىنى ئىبراھىم مەن بىلەن بىللە ئويۇپ چىقتى!

لياڭ يىچىڭ، بۇ قاشتاش كېمە سېرىق ساقال، كۆك كۆز ئەجنەبىي خونتېر ئەپەندىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولسا، ئۇ قانداق ھەيران بوپكېتەر، نېمىدەپ ماختاپ كېتەر ـ ھە! ئۇ چوقۇم بىز بىلمەيدىغان يات تىلدا: پاھ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق قابىلىيەتلىكلەرمۇ بار ئىكەن. دەرۋەقە «ئۈچ مۆجى-زە» نى بىرلەشتۈرۈپتۇ، دەيدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلماقتا ئىدى. خونتېر ئەپەندىنىڭ بۇ قاشتاش كېمىنى قانداقتۇر بىر خەلقئارا-

لىق كۆرگەزمىدە كۆرگەزمە قىلسا، تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر-
نىڭ قايىل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. بۇ
قورۇق خىيال ئەمەس ئىدى. مىنگونىڭ 15 - يىلى ئامېرىكى-
نىڭ كالىفورنىيە شتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن پاناما خەلقئارا كۆرگەز-
مىدە بېيجىڭنىڭ پىل چىشى ھەيكىلى ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىش-
كەن ئەمەسمىدى! لياڭ يىچىڭ بۇ قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى
كۆرگەزمىگە قويۇش ئۈچۈن ياسىغان ئەمەس، ئۇنىڭ نۇرغۇن
يۈرەك قېنى ۋە ئېتىقادى سىڭگەن. بۇ قاشتاش كېمە ھەيكىلى
يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ، پۈتكۈل جاھاندىكىلەرگە جۇڭگو قاشتاش
ئويمىچىلىقىنىڭ قانداق ھۈنەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەلىسىلا ئۇ
قانائەتلەنگەن «قاشتاش بۇيۇملىرى ئۇستىسى لياڭ جەمەتى» نىڭ
نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ئۆچمەي كەلگەن شۆھرىتىگە داغ تەگكۈز-
مىگەن بولاتتى. بۇ ئەتىۋارلىق كېمىنى كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە
چوقۇم مۇسۇلمانلارمۇ بار. ئۇلار بۇنىڭ جۇڭگولۇق بىر مۇسۇل-
ماننىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى بىلسە، ئۇ «دوستلار» جەزمەن
چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىدۇ! لياڭ يىچىڭ مۇشۇلارنى خىيال-
دىن ئۆتكۈزدى. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، قاشتاش كېمە ھەي-
كىلىگە «قۇرئاندىكى ئايەت» لەر ئويۇلمىغان، لياڭ يىچىڭنىڭ
نام - شەرىپىمۇ چېكىلمىگەن، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ!

لياڭ يىچىڭ چۈشىنىكسىز ئەپسۇس يۇتتى. ھۈنەرۋەن دې-
گەن ھامان ھۈنەرۋەن، ھۈنەرۋەن ئۆزىنى كىتاب يازىدىغان ئە-
دىبكە، قەلەم تەۋرىتىپ رەسىم سىزىدىغان رەسسامغا سېلىشتۇ-
رالمايتتى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن
«ئىشى» نىڭ ئۇستىگە سۆز يازالمايتتى، تامغىسىنى باسالماي-
تتى. ھۈنەرۋەنچىلىك پەس ئىش، قەدىمدىن تارتىپ: «ياخشى
ئادەم دۇكانغا يولىماس، ياخشى ئات تۇگمەنگە» دېگەن گەپ بار.
مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاقتىدىكى قاشتاش ئۇستىسى لۇزىگاڭ قاش-
تاش بۇيۇملىرى ياساش ئۈچۈن ئوردىغا چاقىرتىلغان، ئۇنىڭ

ئۆزى ياسىغان بۇيۇملىرىغا ئىسىم قالدۇرۇشقا يول قويۇلمىغان.
لوزىگاڭ مۇشۇ ئىش تۇپەيلى كاللىسىدىن ئايرىلىشقا قىل قال-
غان. . . ھۇنەرۋەن كىشى بۇنى ئويلاپ نېمە قىلىدۇ؟ دۇنيادا
ئۈچ يۈز ئاتمىش ھۇنەر بار. ھۇنەرنىڭ ئالدى قاشتاش ئويما-
كەشلىكى، نام قالدۇرغان ھۇنەرۋەندىن قانچىسى بار؟ شەھەرىس-
تاندىكى خان سارىيى، يىخېيۇەندىكى ۋەنشۇشەن، تيەنتەندىكى
ۋەنچۇتەي، دۇئا ـ تىلاۋەت سارىيى، لۇگۇچياۋدىكى شىر ھەيكە-
لى، خۇيىۇگۇەندىكى يۇنتەي، يەنە تېخى سەددىچىن سېپىلى،
مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياغاچچى، تاشچى ۋە تامچىلار ياسىغان
ئەمەسمۇ؟ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ھەممە نەرسە چىن شىخۇاڭ
ۋە سى شىتەيخۇغا مەنسۇپ بولۇپ كەتتى. قايسى بىر ئۇستام
نام ـ شەرىپىنى يېزىپ قالدۇرالىدى؟ قانچىلىغان ھۇنەرۋەنلەر-
نىڭ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ، ئىسسىق جانلىرىدىن ئاي-
رىلغانلىقىنى كېيىنكىلەردىن كىم بىلىدۇ؟

سۇ ئورۇندۇقى يەنە ھەرىكەتكە كەلدى، چاق يەنە ئايلاندى.
لياڭ يىچىڭ چىگىچ خىياللارنى ئۇنتۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن
ئىجادىيەتكە بېغىشلاشتىن كىرىشىپ كەتتى. ئوردا خوجىسى
جېڭ خېنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقنى كۆپ كۆرگەن كۆزلىرى
بىلەن قاشلىرى ئاستىدىكى ئارىلىقنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن
نەقىشلەۋاتاتتى. قولىدا كومپاس، كۆزلىرىنى مەككە مۇكەررەمە-
گە تىككەن ئاتاقلىق بۇ جوڭگولۇق مۇسۇلمان كېمىدىكىلەرنىڭ
بوران ـ چاپقۇن ۋە دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىشىغا باشچىلىق
قىلىۋاتقان پەيتتە جەزمەن ئازاب ـ ئوقۇبەت، شان ـ شەرەپ
ۋە نومۇس ـ خورلۇقلارنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى سالماق ۋە تەمكىن،
كۆڭلى كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ تۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى
كۈنلەردە دۇنيا دېڭىز قاتنىشى تارىخى بىلەن تۆھپىكار جوڭگو
مۇسۇلمانلىرى تارىخىنىڭ شانلىق بېتىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەش-
ھۇر نامىنى قالدۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيتتى.

لياڭ يېچىڭ جېڭ خېنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە چەكسىز ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. كىرپىكلىرىنىڭ تىترىشى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئاشۇ كۆزلەردىكى ئالامەتلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ۋايىم يېدى. ئاشۇ كۆزلەر، جېڭ خېنىڭ كۆزلىرى ئۇزاق سەپەردىكى ھارغىنلىق، بوران - چاپقۇن ۋە دولقۇنلارنىڭ كېمىنى تىنىمسىز چايقىشىدىن چارچىغاندەك بىردىنلا غۇۋالىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەم ئېلىشى كېرەكمۇ؟ ياق. . . لياڭ يېچىڭنىڭ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. . . كۆزلىرىگە نېمە بولدى؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى نېپىز بىر قەۋەت بۇلۇت توسۇۋالغاندەك، بۇ بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان، تېخىمۇ يوغان ئېچىشقا تىرىشتى. ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان جېڭ خېنى كۆرەلمىدى!

— ئۇستاز، سىلى. . . — دېدى ئۇستازىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان خەن زىچى. يۈكسەك سەنئەتتىن ئۇنىڭغا ئوخشاش لەززەتلىنىش شەرىپىدىن باشقىلار بەھرىمەن بولالمايتتى. خەن زىچى ئۇستازىنىڭ چىرايىنىڭ تازا ئەپ ئەمەسلىكىنى سەزدى.

لياڭ يېچىڭنىڭ پۈتلىرى ئىشتىن توختىدى. ئۇ ھارغىن كۆزلىرىنى بوش يۇمۇپ، كۈلگىنىچە:

— بۇ ئىش تۈگەي دېگەنسېرى كۆزنى بەك يەپ كېتىۋاتىدۇ، ! — دېدى.

خەن زىچى ئۇندىمەستىن ئۇستازىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قاپاقلىرىنىڭ ئاستى - ئۈستىگە پىچاق بىلەن ئويغاندەك نەچچە قەۋەت قورۇق چۈشۈپ كەتكەنىدى. قاش ۋە كىرپىكلىرىگە قونغان قاشتاش توزۇندىلىرى قىروۋغا، بۇنىڭدىن تالاي يىللار ئالدىدىكى ئاسارئەتىقىدىكى داغلارغا ئوخشايتتى. نەچچە ئون يىل ئويمىكەشلىك بىلەن ئۆت-

كەن ھايات بۇ ئۇستازنى قەددى پۈكۈلگەن قاشتاش ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى! ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرى بۇرۇن نۇرلۇق قارامتۇل ئىدى، مانا ئەمدى، بۇ كۆزلەر خىرەلەشتى، قىپقىزىل سىزىقلارغا تولغان كۆز ئالمىسى ئىككى تال ھېقىققا ئوخشايتتى. خەن زىچى ئۇستازى ئۇچۇن ئازابلاندى، خىجىللىق تارتتى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت دادا ـ بالىدىن پەرقلەنمەيتتى. مەن ئۇستازىمنىڭ قانچىلىك غەم ـ قايغۇسى ۋە جەبىر ـ جاپاسىغا ھەمدەم بولالىدىم؟ دەپ ئويلىدى خەن زىچى.

— ئۇستاز، سىلى ئارام ئالسىلا، ئەتە قىلسىلىمۇ بولىدۇ...

— ئەتە؟ ئەتە سەككىزىنچى ئايغا ئۆتكەن ئىككىمۇ؟ مال تاپشۇرىدىغان كۈننى ساقلاپ ئولتۇرمايلى. مېنىڭچە، بىر كۈن بولسىمۇ...

— ئەمىسە، مەن قىلاي، سىلى دەم ئالسىلا، بولمىسا قاراپ ئولتۇرسىلا.

لياڭ يىچىڭ قەتئىي ھالدا بېشىنى چايقاپ:

— بولمايدۇ! قەدىمدىن تارتىپ گەۋدە قىسمى شاگىرتنىڭ، بېزەك بېرىش ئۇستازنىڭ قولىدىن چىقىدۇ، دەيدىغان نىزام بار، بۇنى بۇزۇش ھەددىم ئەمەس.

— ئۇستاز، نىزاملىرىنى بۇزمايمەن، — دېدى خەن زىچى — سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بىر دەم ئىشلەي، نازۇك يېرىگە كەلگەندە يەنە سىلىگە بېرىمەن...

ئۇستاز ئۆزىگە ئىشىنىدىغان يارامىلىق بۇ شاگىرتىغا قاراپ بىر پەس ئىككىلىنىپ، يەنىلا ماقۇل بولمىدى:

— زىچى، بۇ ساڭا ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس. ئۈچ يىل جەريانىدا سەن ھۈنەرنى تولۇق ئۆگەندىڭ، مەندىن قېلىشمايسەن. بۇ قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى ئىككىمىز بىللە ئويۇپ چىقتۇق. سەن ئازراق، مەن كۆپرەك قىلدىم. يىرىك يەرلىرىنى

ساڭا قىلدۇردۇمغۇ؟ ھازىر ئىشنىڭ زىل يېرىگە كەلدۇق، چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەيمەن، يەنىلا مېنىڭ بىر قوللۇق چىقىرىۋەتكىنىم تۈزۈك. مەن ئۆمرۈمدە تالاي قاشتاشنى تاراشلىدىم، ماڭا ئەڭ يارايدىغىنى مۇشۇ. بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېيتقان ناخشام. مۇشۇ ناخشامنى ئېيتىپ بولسام، مەن قاشتاش ئۇستىسى دېگەن نامغا ئېرىشىمەن. ئاندىن ساڭا ئەقىل كۆرسىتىپ، سېنىڭ نام چىقىرىشىڭنى كۆرىمەن. زىچى، يەنە ئازراق چىدا. . .

كۆڭۈلنى تىل ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئىزھار قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇستاز شاگىرتىنى يەنىلا تولۇق چۈشەنمىدى. «چاتاق چىقىپ قالمىسۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا خەن زىچى سىناپ بېقىشقا ئالدىراپ سۇنغان قوللىرىنى ئۇنسىز تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ كۆڭلىنى بۆلۈش خىيالى يوق ئىدى. ئۇستازىم نەچچە ئون يىل توپلىغان تەجرىبىلىرى بىلەن كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىنى جارى قىلسۇن، دېدى خەن زىچى كۆڭلىدە. بۇ بىر سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەت شادلىقى ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىش يولىدىكى مۇھىم بىر ئېلىشىشى ئىدى،

— يادىڭدا بولسۇن، — دېدى لياڭ يىچىڭ ئازراق دەم ئېلىپ. ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرى ئەسلىگە كەلگەندەك، كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ئەمىن تاپقاندەك بولدى، — ھۈنەرۋەن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى جېنى ۋە يۈرىكى دەپ بىلگەندە، جېنى بىلەن يۈرىكىنى شۇ ئىشىغا ئاتىۋېتىدۇ. بۇنداق ئىش تىرىك چىقىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، «ئەجەل» يېتىپ كەلسە، ئادەم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قاراپ يول ئالىدۇ، لېكىن سەندىن قالغان ئىش يەنىلا دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. دۇنيادىن تالاي ھۈنەرۋەنلەر ئۆتتى، شۇلارنىڭ قايسىبىرى بۈگۈنكى كۈنگىچە ياشىدى؟ ئۇلار ئويغان قاشتاش بۇيۇملىرىنىڭ ھەربىرى ھېلىھەم شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟

چاق يەنە پىرقىرىدى. لياڭ يىچىڭ شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈن-

لەي ئۇنتۇغانىدى. ئۇنىڭ جېنى ۋە يۈرىكى ئەتىۋارلىق كېمە ھەيكىلى ھەم جېڭ خې بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى. كېمە ھەيكىلىدىكى يەلكەن كۆپۈپ، بايراقلار جەۋلان قىلىپ، رولچى ۋە كېمىچىلەر توۋلىشىپ كەتتى. ياڭراق بۇرغا ۋە كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازلىرى قاشتاش دۇكىنىدا جاھاننى لەرزىگە سېلىپ ياڭرايتتى. جېڭ خې كېمىنىڭ بېشىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك بەستى دولقۇنلارنىڭ چايقىشى بىلەن گاھ كۆرۈنۈپ گاھ غايىب بولاتتى، سەپەر ئۈستىدىكى كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ، نۇرلۇق كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەنىدى...

بىردىنلا ھەممە نەرسە ھېش ـ پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا توختىدى. لياڭ يېچىڭنىڭ قوللىرى بوشاپ، پىرقىراۋاتقان چاقنىڭ ئۈستىگە ھالسىز يىقىلدى.

— ئۇستاز، ئۇستاز! — دېدى خەن زىچى گويا ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر يېرىلغانلىقىنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ. ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ئۆزىنى ئېتىپ، پۇت ـ قوللىرى يۇمشاپ كېتىۋاتقان ئۇستازىنى يۆلىدى.

لياڭ يېچىڭ شاگىرتىنىڭ قويىندا كۆزلىرىنى ناھايىتى تەستە ئېچىپ:

— كېمە، كېمە! — دەپ ھالسىز ئىڭرىدى. شۇ ئەسنادا كۆزلىرى نۇرلىنىپ. ھاياتى بىلەن يۈرەك قانلىرىدىن ھاسىل بولغان نىشاننى ئىزدىمەكتە ئىدى. كۆزلىرى قاشتاش كېمە بىلەن ئۇچراشقاندا قارىچۇقلىرى ئاقار يۇلتۇزدەك يېنىپ، تارالغان يورۇقلۇق پارچىلىنىپ شۇئان ئۆچتى...

ئاھ قاشتاش كېمە! ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ مەنزىلگە يېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ كېمىگە كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازا تېگىپ جېڭ خېنىڭ يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئوڭ قولى سۇنۇپ كەتكەنىدى. بۇ «جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرى» دېگەن ئىنتايىن

مۇھىم قىسمى ئىدى، پۈتكۈل قاشتاش كېمىنىڭ يادروسىمۇ
مۇشۇ ئىدى. يەتتە قېتىملىق، دېڭىز سەپىرىدە يۆنىلىش كۆر-
سەتكەن قول سۇندى، ئەجىر بىكار كەتتى. بۇنى ئەۋلىيا چۇچۇ-
جى، لوزىگاڭمۇ ئورنىغا كەلتۈرەلمەيتتى.

— ئاھ! — لياڭ يىچىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق
ۋارقىرىدى. ئاغزىدىن چاچراپ چىققان قىپقىزىل قان بىلەن
ئاپئاق قاشتاش كېمە قىزىلغا بويالدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ —
ئاچقۇچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جان تەسلىم قىلىپ،
قاشتاش كېمىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. ئىسسىق قان لياڭ يىچىڭ
بىلەن سۇنۇق قاشتاشنى بىر گەۋدە قىلىۋەتكەنىدى.

— ئۇستاز، ئۇستاز! — خەن زىچى ئۆزىنى ئۇستازىنىڭ
ئۈستىگە ئاتتى. دۇكاندا ئېچىنىشلىق سادا ياڭرايتتى.

لياڭ يىچىڭ ئۆمرىنى خوراتقان سۇ ئورۇندۇقى ئالدىدا پۈت -
قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقان پېتى قىلىۋاتقان ئىشلىرى
بىلەن ئۇن - تىنسىز خوشلاشتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ ئىشلى-
رىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇندىيالماي، قاشتاش كېمە بىلەن
بىللە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىدى. ئۇ يىرىك قوللىرى بىلەن
دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپ كاردىن چىققان قاشتاش كېمىنى مەھكەم
قۇچاقلىغان، قانغا تولغان كۆزلىرى چەكچەيگەن، خۇددى، ئال-
لا، ماڭا ۋاقىت بەرگىن، دەۋاتقاندەك ئاغزىنى يوغان ئاچقان
ھالەتتە ياتاتتى

ئاي نۇرىغا چۆمگەن جىمجىت ھويلا پاتىپاراق بولۇپ كەت-
تى.

# 4 . ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ

باش كۈزنىڭ سالقىن شامىلى يازنىڭ چىدىغۇسىز تومۇز ئىسسىقىنى ھەيدەپ كېتىپ، غەربىي ھۇجرىنىڭ ئالدىدىكى تاش ئالمىلار قىزىرىشقا باشلىدى.

ئالىي مەكتەپلەرگە مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھاننىڭ ئاياغلاشقانلىقىغا بىر ئايدىن ئاشقانىدى. لېكىن سۈرلۈك ئىمتىھان مەيدانىدا ئىمتىھان قەغىزىگە خەت يازغان چاغدىكى «شىرت ـ شىرت» قىلغان ئاۋاز ھېلىھەم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. تەبىئىي ئاپەت پەيدا قىلغان ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك تېنى ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشتىھاسىغا ھەم بىلىمگە بولغان كۈچلۈك تەشنالىقىغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويغانىدى. جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز كۆزلەر تېخىمۇ يوغان، تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئەتە ئۈچۈن ئېلىشماقتا ئىدى. بۇ، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش، مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قازىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق سەلتەنەتلىك مىنۇتلاردا ھەر بىر ئادەم باراۋەر ۋە سەمىمىي ئىدى. تەقدىرنىڭ تاللىشى ئالدىدا ھەرقانداق ياسالمىلىق، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ئالدايدىغان ساختىلىقلارنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايتتى، ھەقىقىي بىلىم بىلەن ئەمەلىي ئىقتىدارلا جانغا ئەسقاتاتتى. باشتا شىنيۆمۇ سەل ـ پەل جىددىيلىشىشتىن خالىي بولالمىدى، ۋۇجۇدىنى چۈشىنىكسىز ۋەھىمە چىرمىۋالدى. ئەمما ئىمتىھان قەغىزىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە بىر قېتىم كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئېگىز ـ پەس سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ:

«ئۆزۈڭنى ئىمتىھان مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقاندەك سەز. سىنىپتا ئالدى بولغان ئوقۇغۇ-چى ئىمتىھانىنىمۇ ئالدى بولۇپ بېرىدۇ، ھەممىڭلارنىڭ يەلكىسى-دىكى باش ئوخشاش، ھېچكىمنىڭ بېشى ئون ئەمەس، كىمدىن قورققۇلۇق؟» دېگەن گەپلىرىنى ئويلىدى. ئاكىسى ئالىي مەك-تەپكە ئىمتىھان بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ گەپلى-رى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. شىنيۈ كۆڭۈل توختاتتى. ئۇ ئۆزى نىشانلىغان مەنزىلگە قاراپ ماڭسىلا بولاتتى. ساڭا ھېچكىم يار-دەم بەرمەيدۇ، سەنمۇ ھېچكىمگە ياردەم بەرمەيسەن، سىناق ۋە تاللاشنى ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ قوبۇل قىلىسەن! سەن كىشى-لىك تۇرمۇشتىكى بۇ چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشىڭ كېرەك. چۈنكى سېنىڭ ئىككىنچى ئارزۇيۇڭ يوق، بۇ، چېكىنىش يولۇڭ يوق دېگەنلىك! ئۈكۆز ئالدىدىكى ئىمتىھان قەغىزىدىن باشقا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدى. ئۇ قاقشال دەرەخلەرگە پەلەككە تاقاشقان، پايانى يوق، قۇشلارنىڭ ناۋاسى تەرك قىلىن-غان، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان قاپقاراڭغۇ ئورمانغا كىرىپ قال-غاندەك قىلاتتى. بۇ ئورماندا بىر چىغىر يوللا بار ئىدى، بۇ چىغىر يول ئاي نۇرىدا ئالىبۇلىماچ كۆرۈنەتتى. ئۇ شەبنەم قونغان ئوت - چۆپلەرنى دەسسەپ، تاش يېيىتىلغان مۇزدەك يولنى بويلاپ، پەلەمپەي بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى...

شىنيۈ غەلىبە قىلدى. پوچتىكەش: «خەن شىنيۈنىڭ خې-تى!» دەپ توۋلاپ، ئۇنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئەكېلىپ بەردى. دادى-سى ئۇقتۇرۇشنى ئالدى بىلەن ئېچىپ كۆردى، ئۇقتۇرۇشتىكى خەتلەرنى ئوقۇپ ھاياجاندىن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. بىر ياندا ئاڭلاپ تۇرغان خەي ھامما پەرتۇقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلى-رىنىڭ قۇيرۇقىدىكى ياشلىرىنى ئېرتىپ: «ئاللا! ئاللانىڭ ھىممىتى، ئىنشائاللا!» دېدى. ئاكىسى ئۇقتۇرۇشنى قولىغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ نەچچە قېتىم تەپسىلىي كۆرۈپ، ئاندىن تەنتەنىلىك بىلەن شىنيۆگە بېرىپ: «يارايسەن!» دېدى. ئاپىسى بولسا چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي «هە!» دەپلا قويدى. بۇ كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئاۋاز ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنۈۋاتامدۇ ياكى يىراققا كېتىش ئالدىدا تۇرغان قىزىغا چىدىمايۋاتامدۇ؟

شىنيۆ پۈتكۈل تەتىل داۋامىدا ئاساسەن ئۆز تەييارلىقى بىلەن بەند بولدى. خەي هامما ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى سۆكۈپ باشقىدىن تىكتى، كۇزلۇك، قىشلىق كىيىملىرىنى يېڭىلىدى. ئۇ ئەندۇك بازىرىغا بېرىپ، ئاكىسى بەرگەن پۇلغا سىدام كىرلىك، ئاق ياستۇق قېپى ۋە خۇرۇم ئاياغ ئالدى. ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇ يەردە قويمايتتى. ئاپىسى ئوقۇش باشلىنىغان شۇ ئاينىڭ تاماق پۇلى ۋە ئۇششاق - چۇششەك خىراجەت ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئون بەش يۈەن پۇل بەردى. دادىسىمۇ شۇنچىلىك پۇل بېرىپ: «بۇ پۇلنى ئاپاڭ بىلىپ قالمىسۇن!» دەپ تاپىلىدى. دادىسى ئۆزىنى ئەركىن تۇتقان بولسىمۇ خۇددى خوتۇنىدىن يوشۇرۇن ئەسكى ئىش قىلىپ قويغاندەك جىددىي ۋە سىرلىق هالەتتە ئىدى. بۇ هال شىنيۆنى ئويغا سېلىپ قويدى، ئاتا - ئانىسى نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ بۇ «خۇسۇسىي» پۇلنى رەت قىلماقچى بولدى، لېكىن دادىسىنىڭ مېھرىبان ۋە غەمكىن كۆزلىرىنى كۆرۈپ بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. دادىسى ئۇنىڭغا ئانچە كونىراپ كەتمىگەن قوڭۇر چامادانىنى بەردى. ئۇ «مىراس» قوبۇل قىلغاندەك تەسىراتقا كېلىپ كۆڭلىدە: دادا، سەن مېنى كىشىلىك هايات يولىغا ئۇزىتىپ قويدۇڭ، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. مەن بۇنىڭدىن باشقا سەندىن يەنە نېمە تەمە قىلىمەن؟

شىنيۆ ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە كىتاب - دەپتەرلىرىنى چامادانغا سالدى. گويا مۇهىم بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان-

دەك چامادانىنى نەچچە قېتىم يېپىپ نەچچە قېتىم ئاچتى.

— سەنزە، ھۇجراڭنى مۇشۇنداقلا كۆچۈرۈپ ئەكېتەي دەمسەن! — بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشقان ئاپىسى شىنيۆنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇشقا قاراپ تۇردى.

— راست دەيسىز، بۇ تۇرمۇشقا چىققاندەك بىر ئىش! — دېدى خەي ھاما شىنيۆنىڭ كىيىملىرىنى قاتلىشىپ بېرىۋېتىپ، — ئۇ يەرگە بارغاندا، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدۇ. ئۆينىڭ قەدىرى سىرتقا چىققاندا ئۆتۈلىدۇ، شۇڭا ھەممە نەرسە تولۇق بولۇشى كېرەك!

— بۇنىمۇ ئېلىپ كېتەمسەن؟ — سورىدى ئاپىسى ئۇنىڭدىن. شىنيۆ ئەينەك رامكىدىكى سۈرەتنى چامادانغا سېلىۋاتاتتى.

— ئۇ سىرتتا ئۆيىنى سېغىنىدۇ. ئىككىڭلار چۈشكەن سۈرەتنى ئېلىۋالسا نېمە بوپتۇ، ئۇ سىزدىن ئايرىلىپ باقمىغان تۇرسا! — دەپ چۈشەنچە بەردى خەي ھاما، ئۇنىڭ چۈشەنچە بېرىشى ئارتۇقچە ئىدى، ئاپا بولغان كىشى قىزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى.

ئەمەلىيەتتە، شىنيۆنىڭ ئوي - پىكرىنى چۈشەنمەك ناھايىتى تەس ئىدى. سۈرەتتىكى ئاپىسى تۇرمۇشتىكى ئاپىسىدەك ئۇنداق سىرلىق ئەمەس، بەلكى مېھرىبان ھەم مۇلايىم، ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ مەڭگۈ سۈرەتتىكىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. سۈرەت يېنىدا بولسا كۆڭلى پۈتۈن تۇراتتى. بىراق، ئاپىسى ئۇنىڭ سۈرەتنى ئېپكېتىشىنى خالىمايتتى. «ئەمىسە. . . قويۇپ قوياي!» شۇ ئوي بىلەن شىنيۆ ئىككىلەنگەن ھالدا ئەينەك رامكىنى چامادانىدىن چىقىرىپ، ئاپىسىغا قارىدى.

— بولدى، قويىدىغان يەر يوق، — دېدى ئاپىسى سوغۇقلا. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قىزىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋېتىپ، — ياش بىر يەرگە بارغاندا ئەينەككىمۇ قارىمايدىغان تۇرسام، ياش ۋاقتىمدىكى سۈرەتكە قارايدىغان نەدە ۋاقىت؟ — دېدى خورسىنىپ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتامدۇ ياكى شىنيۈگە چۈشەندۈرۈۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

ئادەم ھاياتتا تۇرمۇشتا كۆپ چۈشەندۈرۈشكە موھتاجمۇ؟ ئانا - بالىغا چۈشەندۈرۈش كېتەمدۇ؟ لېكىن ئۇ ئاپىسى بىلەن پات - پاتلا ئۆزئارا چۈشەنچە بېرىشىپ ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى، ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىش پۇرسىتى ئىنتايىن كەم ئىدى. خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. نەتىجىدە، بىر قەۋەت شەكىلسىز پەردە تېخىمۇ قېلىنلايتتى. شىنيۈ ئاپىسىنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى، لېكىن ئوي - خىيالىنى بىلمەيتتى. نۇرغۇن ئىشلاردا ئاپىسىنىڭ پوزىتسىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولاتتى. ئوچۇق ئىزھار قىلىنغان ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىنكى چۈشەندۈرۈش ئۇنى باشقا - باشقا ئىككى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئاپىسىنىڭ ئوي - خىيالى زادى نېمە، ئۇ كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئاپىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بەرگەنىدى. مانا ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتتى. ئاپىسى نېمىشقا خۇشال بولمايدۇ؟ ئاپىسى پەرۋاسىزلىق، ئىلاجسىزلىق روھىي ھالىتىنى يوشۇرالمىدى. بۇ ھال ئاپىسى چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ ياتلىشىپ كەتكەندەك، شىنيۈنى ئېسەنگىرىتىپ ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. ئاپىسىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شىنيۈ قولىدا ھېلىقى سۈرەت، قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئويلىنىپ، ئەينەك رامكىنى ئەسلى جايىغا قويۇپ قويدى. ئاپىسى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت يەنە بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، شىنيۈ ھەتتا بۇ ئائىلىنىڭ تارتىشقۇدەك يېرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ پات ئارىدا بۇ يەردىن كېتىدۇ، بۇ تار ماكانىدىكى دىمىق هاۋانى تاشلاپ كېتىدۇ، يېپيېڭى تۇرمۇشنى باشلايدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي ياۋروپا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ مۇقەد-دەس دەرسخانىسى ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ! ئۇ خۇددى ئۇۋىسىدىن پاتراق ئايرىلىپ كۆك ئاسمانغا تەلپۈنگەن قارلىغاچ بالىسىدەك، يازلىق تەتىلنىڭ تېزراق تۈگەپ يېڭى مەكتەپكە بالدۇرراق بې-رىشكە تەقەززا ئىدى.

بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى.

شىنيۈ يۈك - تاقىسىنى جايلاپ تەييار بولدى. بىر ساياھەت سومكىسى، بىر چامادان ۋە بىر جاۋۇر، چىش چوتكىسى، چىش پاستىسى ۋە بىر كۇرۇشكا سېلىنغان تور سومكا، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى مۇشۇ ئىدى. ئۇ ئەينەككە قارىدى، ئۇستۋاشلىرى ناھايىتى رەتلىك ئىدى: ئۇچىسىغا يېڭى ئۇزۇن ئاق شايى كۆڭ-لەك، كۆك سارجا ئىشتان كىيگەن، بېلىگە ئۇزۇن لېنتىلىك بەللىك تاقىغان، مەيدە تەرىپىگە ھەرە چىش شەكىللىك جىيەك تۇتۇلغان كۆڭلىكىنى ئىشتانىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. بۇ تۇر-قى بىلەن تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى، پۇتىدا يېڭى ئالغان خۇرۇم ئايىغى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ئەينەككە قارىدى، خۇشال بولغاچقىمىكىن، ئاپئاق ۋە يۇمران مەڭزىگە سۇس قىزىللىق يۈگۈرگەنىدى. چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تارى-غان بولۇپ، بىرەر تال چۇۋۇق چاچمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھايال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش قالمىغانىدى، ئەمدى يولغا چىقسا بولاتتى.

خەي ماما، شىنيۈ مۇشۇ كەتكىنىچە ياقا يۇرتلارغا كېتىدى-غاندەك، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك كۆز ياشلىرىنى يەنە ئېرتىشقا باشلىدى.

— خەي ماما، نېمىگە يىغلايسىز؟ مەن سىزنى كۆرگىلى

www.uyghurkitap.com

شەنبە كۈنلىرى قايتىپ كېلىمەن. نەچچە كۈن دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. يولۇمغا قاراپ ئولتۇرۇڭ، ھە! — شىنيۈننىڭ كۆڭلىمۇ سەل بۇزۇلغاندەك بولدى. ئۇ بۇ ئائىلىگە يەنىلا تارتىشاتتى، بولۇپمۇ خەي هاممىغا. ھەي، خەي هامما! خەي هاممىنىڭ ئۇنى چىن كۆڭلىدىن يولغا سالغۇسى كېلەتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭ كېتىشىگە يۈرىكى چىدىمايتتى، ئۇ كەتسە، خەي هامما ئىچ ئاغرىقى تارتىپ قالاتتى!

— ھە، ھە. . . — خەي هامما ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى.

ئاكىسى گەپ قىلماي ھۇجرىغا كىرىپ، شىنيۈننىڭ نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئاچىقىپ، ۋېلىسىپتىنىڭ كەينىگە تاڭدى.

ئەسلىدە، ئوتتۇرا مەكتەپنىكى ساۋاقدىشى چېن شۇيەن ئۇنى ئۆزىتىپ قويغىلى كەلمەكچى بولغانىدى. شىنيۈ چېن شۇيەننى ساقلىمىدى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان چاغدا چېن شۇيەن يېنىك سانائەت ئىنستىتۇتىغا تىزىملاتقان ھەم ئىككىسى باغلاشقان، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشكەنىدى، ئالىي مەكتەپكە ئىككىسىدىن بىرى ئۆتۈپ كەتسە، ئۆتەلمەي قالغىنى ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۇزىتىپ قويىدىغان، ئۆتۈپ كەتكىنى ئىككىسىگە «ۋەكىل» بولۇپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغانىدى. نەتىجىدە چېن شۇيەن ئۆتەلمىدى. شىنيۈ ئۇنى يوقلاپ باردى. چېن شۇيەن يىغلاپ تۇرۇپ: «شىنيۈ، مېنىڭ پېشانەم شور ئىكەن! لېكىن سەن ئۈچۈن خۇشالمەن، خۇدا ھەققى! مەن يەنىلا سېنى ئۇزىتىپ قويىمەن. گېپىمىز گەپ بولسۇن، بىرىنچى سېنتەبىر چۈشتىن ئاۋۋال. شۇنداق بولسۇن؟ سەن ئۆيۈڭدە مېنى ساقلا. . .» دېگەنىدى. بىراق، بۇنداق قىلىشقا شىنيۈ قانداق چىدىسۇن؟ تەقدىر ياشلارنى ئۆزئارا تالىشىشقا سېلىپ، يەتكۈچە رەھىمسىزلىك قىلدى. غالىبلارنى

يېڭىلگەنلەر ئۇزىتىپ قويۇش دېگەنلىك قەدىناس دوستىنىڭ يارى-
سىغا تۇز سېپىش دېگەنلىك ئىدى! «شۇيەن، مېنى تىللىما، —
دېدى ئۇ ئىچىدە، — ئىككىمىز ئوخشاش بولمىغان ئىككى
مەكتەپ ھەم ئىككى خىل كەسىپكە تىزىملاتقان. سېنىڭ ئور-
نۇڭنى تارتىۋالمىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. لېكىن ماڭا كەلگەن بۇ
ئامەتكە سەن شېرىك بولالمايسەن، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغۇم
يوق!» ئۇ مېڭىش ۋاقتىنى بىر كۈنى ئالدىغا سۈرگەنىدى. «شۇ-
يەن، خوشلاشماي كېتىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر!»
— ماڭايلى! — دېدى ئاكىسى. ئۇ سىڭلىسىنى ھويلىدا
ساقلاپ تۇراتتى.

شىنيۆ غەربىي ھۇجرىدىن چىقتى. ھويلا كۈن نۇرىغا پۈر-
كەنگەن، تاش ئالما دەرىخى مەيىن شامالدا شىۋىرلاپ تۇراتتى.
دادىسى ئىشقا كەتكەنىدى. ئۇ ماڭغۇچە شىنيۆگە: «مەن خاتىر-
جەم بولدۇم. ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرا!!» دېگەنىدى. ئاپىسى شۇ
تاپتا تۆر ئۆيدىكى ھۇجرىسىدا ئىدى، ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى.
ئۇنىڭ قىزىغا بىرەر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلغۇسى يوقمىدۇ؟

— ئاپا، مەن ماڭدىم، — دېدى شىنيۆ تۆر ئۆينىڭ ئايۋانى-
دا تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىغا بويۇنداپ.

— مېڭىۋەر، مېڭىۋەر، بۇ كۈن ھامان كېلەتتى. . . —
ئاپىسىنىڭ ئاۋازى خۇددى قىزىنى ياتلىق قىلغۇسى يوق، ئەمما
چارىسىز قالغان ئانىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش چىقتى.

شىنيۆنىڭ چىرايى يەنە تۇتۇلدى. زۇۋان سۈرمەستىن بىر-
دەم تۇردى. ئاپىسى چىقمىدى، ھۇجرىغا كىرىش شىنيۆگە بى-
ئەپ تۇيۇلدى، ئاخىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاكىسى بىلەن بىللە
سىرتقا قاراپ ماڭدى.

خەي ھامما ئۇنى ئۇزىتىپ ھويلىدىن چىقتى. كەينىدىن
ئەگىشىپ كوچىنىڭ ئاغزىغىچە باردى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسى-
نىڭ چوڭ يولغا چىققانلىقىغا قاراپ، ئۇلارغا كۆزىنى ئۈزمەي

www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇردى.

— 19 - يول ئاپتوبۇسغا چىقىپ ھايۋانات باغچىسىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، 32 - يول ئاپتوبۇسغا چىقىسەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشىسەن. مەن ئۇقۇشتۇم، جەنۇبىي دەرۋازىدا تىزىمغا ئالدۇرىدىكەن. مەن سېنى شۇ يەردە ساقلايمەن! — دېدى ئاكىسى شىنيۆگە.

— مەن ئالدىڭدا بېرىپ بولسامچۇ!

— بېرىپ بولالمايسەن، مەن ئاپتوبۇستىن تېز ماڭىمەن!

— نېمىشقا؟

— چۈنكى... مەن ۋېلسىپىتلىك، ھەر بېكەتتە توختىمايمەندە!

بۇ راست گەپ ئىدى، ئاپتوبۇس بىلەن بەسلىشىپ ماڭغان ئاكىسىنى شىنيۆ نەچچە بېكەتتىن كېيىن كۆرەلمىدى...

ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن سالقىن شامال كىرىپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس يول بويىدىكى توخۇمەك ۋە ئاق تېرەك دەرەخلىرىنى كەينىگە تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. شىنيۆنىڭ قەلبى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇچار قۇشقا ئوخشايتتى. ئاھ، سېنتەبىر ئاسمىنى نېمىدېگەن تىنىق!

...

— بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا كەلدۇق، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە بارىدىغان يولداشلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈڭلار! — دېدى بېلەت ساتقۇچى يۇقىرى ئاۋازدا بېكەتنىڭ نامىنى ئاتاپ. شىنيۆ بۇ گەپنىڭ ئۆزىگە دېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئالدىئالا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە كېلىۋالغانىدى. ئاپتوبۇس بېكەتتە توختاش بىلەن تەڭ ئاپتوبۇستىن ئالدىراش چۈشتى. يول ياقىسىدا ساقلاپ تۇرغان ئاكىسى ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلاتتى.

«بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن خەت بار چوڭ ئاپتوبۇس
ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئەكەلگە-
لى بېيجىڭ ۋوگزالىغا بارغان مەخسۇس ئاپتوبۇس ئىدى. سىرت-
تىن بېيجىڭغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىلىرى
ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم
يۇرتىنى بالدۇرراق كۆرۈش ئۈچۈن بويۇندىشىپ ئالدى تەرەپكە
قارىشاتتى.
تيەنشىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار ئاپ-
تۇبۇسقا ئەگىشىپ ئالدى تەرەپكە ماڭدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى چوڭ يولنىڭ شىمال تەرىپىدە كۆ-
رۈندى. رەڭگارەڭ بايراقلار جەۋلان قىلغان دەرۋازىنىڭ ئالدى
خۇددى بۇتخانا سەيلىسىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. بېيجىڭدىن قوبۇل
قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ يۇك - تاقلى-
رى ئېغىر، چىرايلىرىدا كۈلكە، بىر - بىرىگە سالام بېرىشەت-
تى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ يۇك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى.
قايسىسى قېرىنداشلىرىنى ئۇزىتىپ كەلگەن، قايسىسى ئوقۇغۇ-
چىلارنى قوبۇل قىلىدىغانلار پەرقلەندۈرۈش تەس ئىدى.
تيەنشىڭ ۋېلىسىپىتىنى دەرۋازا ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ،
يۇك - تاقنى يەشتى، يۇك - تاقنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى
ئالدى، شىنيۆ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەي تۇرۇپلا
بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەم يېقىملىقلىقىنى ھېس
قىلدى.
— ئەمىسە. . . مەن كەتتىم، — دېدى تيەنشىڭ شىنيۆگە.
— ئاكا كىرىپ مەكتىپىمىزنى كۆرۈپ چىق! — دېدى
شىنيۆ ئاكىسىنى تارتىپ. بۇ مەكتەپ گويا ئۆزىنىڭ مەكتىپى-
دەك ئىختىيارسىز «بىزنىڭ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى ئۇ.
بولدى، مەن كېتەي! — دېدى تيەنشىڭ تەرسالىق بىلەن،
ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ بېشىنى بۇراپ، قوبۇل قىلغۇچى كىشىگە

www.uyghurkitap.com

رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.
شىنيۈ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لېكىن بىردىنلا چۈ-
شەندى: ئاكىسىنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە كىر-
گۈسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئۆمرىدە ئالىي مەكتەپكە كىرەل-
مەيتتى، سىڭلىسىنى مەكتەپكە ئەكىلىپ قويۇش ئۇنىڭ كۆڭلى-
نى يېرىم قىلىدىغان ئىش ئىدى. ھەي، مېنى ئاكام ئەكىلىپ
قويمىسا بولغانىكەن، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى چېن شۈيەنىنىڭكىگە
ئوخشاش، دەپ ئويلىدى شىنيۈ كۆڭلىدە، ئاتا ـ ئانام ئۇنى
نېمىشقا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈزمىگەندۇ؟ ئۇنىڭ ئىم-
تىھاندىن ئۆتەلمەي قالىدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى كەلگەن ئوغۇل ـ قىزلىرىغا
مېھرىبان ئانىدەك قۇچىقىنى كەڭ ئاچقانىدى، تىزىملىتىش ئور-
نىغا: «يېڭى ساۋاقداشلارنى قارشى ئالىمىز!» دېگەن يوغان پلا-
كات ئېسىلغان، قاتار ـ قاتار قويۇلغان ئۈستەللەرنىڭ ئالدى
تىزىملاتقىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغانىدى.
ــ ساۋاقداش، نۆۋەت سىزگە كەلدى! سىز قايسى فاكۇل-
تېتنىڭ؟
ــ غەربىي ياۋروپا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ، ئىنگلىز تىلى
كەسپى، ــ دەپ سالماق جاۋاب بەردى شىنيۈ. يېڭى كەلگەن
ئوقۇغۇچىلار خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇشتىن قورقاتتى.
ــ ھۆي، بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسىكەن! ــ ئېگى-
شىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تىزىملىتىۋاتقان شىنيۈ كەينىدىكى بىرى-
نىڭ ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.
شىنيۈ قىزىقسىنغان ھالدا كەينىگە ئۆرۈلدى، گەپ قىلغان
كىشى ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت ئىدى. ئۇ شىنيۈ كۆرگەن
تۇنجى ساۋاقداش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنگلىز تىلدا:
ــ سىزمۇ ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇمسىز؟ ــ دەپ سورىدى

ئۇنىڭدىن.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ شىنيۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىشقا تەمشىلىپ:

— ئەكېلىڭ، نەرسە كېرەكلىرىڭىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەي، بىزنىڭ سىنىپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقى 27 - بىنادا.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى شىنيۇ. چامادانىنى ئۆزى كۆتۈردى، سەپەر سومكىسى بىلەن تور سومكىسىنى ھېلىقى يىگىت كۆتۈردى. شىنيۇ يىگىتنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە قىزغىن ياردەم بەرگەنلىكىدىن خۇش ئىدى، ناتونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن سەل قورۇناتتى.

ئىككىلىسى تىزىملىتىش ئورنىدىن شەرققە قاراپ ماڭدى. يىگىت ماڭغاچ ئۇنىڭدىن:

— ساۋاقداش، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسمىم خەن شىنيۇ — دەپ جاۋاب بەردى شىنيۇ ئىنگلىز تىلىدا.

— خەن شىنيۇ...

— سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭ؟ فامىلەم چۇ، چۇ يەنچاۋ، — ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

بۇنىڭدىن ھەيران بولغان شىنيۇ چۇ يەنچاۋغا زەن قويۇپ قارىدى. ئۇ كاجى رەختتىن ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، چىرايىدىن سىپايىلىقى چىقىپ تۇرغان، كۆزەينەك تاقىغان ناھايىتى ئاددىي بىر يىگىت ئىدى. شىنيۇ ئىسمىنى سورىغان چېغىدا ئۇنىڭ خىجىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى، شىنيۇنىڭ ئىسمىنى باشتا شۇ سورىغان ئەمەسمىدى؟

چۇ يەنچاۋ دەل مۇشۇ ئىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن گەپنى يېڭى تېمىغا يۆتكىدى:

www.uyghurkitap.com

— سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن كېلىپ بولدى. . .

ئۆزىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان شىنيۈ بالدۇرراق كەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ:

— سىنىپىمىزدا قانچىلىك بالا بار؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئون ئالتە.

— قىز ساۋاقداشلارچۇ؟

— تۆت.

— سىز قايسى ئىمتىھان مەيدانىدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى شىنيۈ يەنە.

— چۇ يەنچاۋ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— مېنىڭ ئائىلەم شاڭخەيدە، — دېدى.

ئۇلار ياتاق بىناسىغا كىرىپ پەلەمپەيگە قەدەم قويدى.

— خەن شىنيۈ، — دېدى چۇ يەنچاۋ خەنزۇ تىلىدا، — ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز!

— شۇنداقمۇ؟ — شىنيۈ قىزىرىپ كەتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىش سەۋىيىسىگە ئىشەنچىسى بولسىمۇ، لېكىن يىگىتنىڭ يۈز تۇرانە ماختىشىدىن سەل ئوڭايسىزلاندى. ئۇنىڭ بايا چۇ يەنچاۋ بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىشى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، شۇڭا چۈشەندۈرۈپ:

— ئاڭلىسام، ئىنگلىز تىلى كەسپىدىكىلەر مەكتەپتە چوقۇم ئىنگلىزچە سۆزلىشىشى كېرەككەن، سىز مەندىن ئىنگلىزچە سوئال سورىۋېدىڭىز، مەنمۇ. . .

— مەن ئادەتلىنىپ كەتكەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ خىجىل بولۇپ، — ئەمەلىيەتتە بۇنداق بەلگىلىمە يوق.

شىنيۈ تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى سالغان پېتى:

— مەنمۇ ئادەتلەنگەن، — دېدى.

— سىز ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرمۇ؟

— ياق! ئوخشامدىكەنمەن؟

— سىز ئىنگلىز تىلىنى چەت ئەلدە ئۆگەنگەندەك قىلىسىز. . .

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى شىنيۆ، — سىزمۇ بەك ئوبدان سۆزلەيدىكەنسىزغۇ؟ چەت ئەلدە ئۆگەنگەنمىدىڭىز؟

— ياق، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — مەن مۇشۇ يەردە ئۆگەنگەن.

شىنيۆ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالدى. . .

— ياتاققا كەلدۇق! — چۇ يەنچاۋ يۇك - تاقنى قويۇپ ئىشىكنى چەكتى، ياتاقتىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ:

— ئۇلار چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، كىرىڭ! — دېدى.

شىنيۆ ئۇنىڭ كەينىدىن ياتاققا كىردى، نەرسىلىرىنى يەرگە قويدى. ئۇنىڭ بايا قىلغان گېپىدىن گۇمانلىنىپ:

— سىز مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇمسىز؟ سىزمۇ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

چۇ يەنچاۋ سەل ئوڭايسىزلىنىپ:

— مەن مۇشۇ سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى. . . — دېدى ئۇ قىزىرىپ.

شىنيۆ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇنى يېڭى ساۋاقداش ئوخشايدۇ دەپ بىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇئەللىمى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئەللىملىرىنىڭ ھەممىسى چاچلىرى ئاقارغان پروفېسسورلار دەپ ئويلايتتى.

— چۇ مۇئەللىم، مېنى كەچۈرۈڭ. . . — دېدى يۈزى ئوت بولۇپ يانغان شىنيۆ خىجىللىقتا بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەي، — بىلمەپتىمەن. . . مەن تېخى سىزنى. . .

شىنيۆنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقىنى كۆرگەن ياش سىنىپ مەسئۇلى خاتىرجەمسىزلىنىپ كەتتى، چۇنكى بۇ ئۇقۇشماسلىقنى ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇ تولىمۇ ياش ئىدى، باشقىلار ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا ئوقۇغۇچى دەپ قالاتتى، ئۇ ئەھۋالنى ئېنىق دېيىشتىن خىجىل بولاتتى.

— خەن شىنيۆ ساۋاقداش، كېرەك يوق، — دېدى ئۇ خىجىل بولغان ھالدا چۈشەندۈرۈپ، — مەكتەپ پۈتتۈرگىنىمگە ئەمدى بىر يىل بولدى، مېنى مۇئەللىم دېسىڭىز تازا كۆنەلمەيمەن. ساۋاقداشلارنىڭ مېنى ئۆزلىرىنىڭ ساۋاقدىشى قاتارىدا كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شىنيۆ نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، مۇئەللىمگە قاراشقا پېتىنالمايتتى، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن نەرسە - كېرەكلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. چۇ يەنچاۋ بۇ قاتمال كەيپىياتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن شىنيۆنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ:

— كېلىڭ، نەرسىلىرىڭىزنى جايلاشتۇرايلى، — دېدى.

— مۇئەللىم، سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ئۆزۈم قىلاي...

— ماقۇل، سىز ئاۋۋال ئورۇنلىشىۋېلىپ، ئاندىن ئاشخانىغا بېرىپ تاماق بېلىتى ئېلىۋېلىڭ يا بولمىسا مەن... — چۇ يەنچاۋ يانچۇقىغا قولىنى سالدى.

— بولدى، مۇئەللىم، تاماق بېلىتىنى ئۆزۈم بېرىپ ئالاي، قىز ساۋاقداشلار كەلسە، ئاشخانىنىڭ ئورنىنى ئۇلار ماڭا دەپ بېرىدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئارام ئېلىڭ، چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنى بار، جېڭ شاۋجىڭ سىزگە ئۇقتۇرىدۇ. مەن كەتتىم، — چۇ يەنچاۋ ياتاقتىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

— رەھمەت سىزگە، مۇئەللىم! — دېدى شىنيۆ، ئۇ مۇئەللىمنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، ئۆپكە-

سىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى، بايا چۇ يەنچاۋ بار چاغدا
ئىزا تارتىپ تىنالماي قالغانىدى.

ئەمدى ئۇ ياتاقتا ئۆزى يالغۇز ئىدى، روھى ھالىتىدىكى
جىددىيلىك سەل پەسەيگەنىدى. كارىۋاتقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن
يۇك - تاقلىرىنى يېشىشكە تۇتۇندى.

شىنيۈ ياتاقنى كۆزدىن كەچۈردى، ياتاق چوڭ ئەمەس ئى-
دى، ئوتتۇرىغا تارتىملىق ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىگە
قوش قەۋەتلىك بىر جۈپ كارىۋات قويۇلغانىدى. بۇ تۆت كىشى-
لىك ياتاقنى ئۇنىڭ ھۇجرىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.
سول تەرەپتىكى قوش قەۋەتلىك كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى كارىۋاتقا
قىزغۇچ گۈللۈك كىرلىك سېلىنغان تاۋار تاشلىق نېپىز يوتقان
بىلەن سۆس يېشىل لۈڭگە يوتقان قاتلاپ قويۇلغانىدى، كارىۋات-
نىڭ بېشىدا كەشتە ئىشلەنگەن ياستۇق تۇراتتى. ئاستىدىكى
كارىۋاتقا تور پاختا سېلىنغان، تور پاختىنىڭ ئۈستىدە كىرلىك
يوق، بامبۇك بورا بار ئىدى، يوتقاننىڭ تېشى كاناپتەك قىلاتتى،
ناھايىتى يىرىك، گۈللىرى تولىمۇ غەلىتە ئىدى. ياستۇقمۇ
بامبۇكتىن توقۇلغانىدى. ئوڭ تەرەپتىكى قوش قەۋەتلىك كارى-
ۋاتنىڭ ئۈستىدىكى كارىۋاتتا ھەربىي ئەدىيالغا ئوراقلىق يوتقان -
كۆرپە شۇ پېتى تۇراتتى، ئاستىدىكى كارىۋات بوش ئىدى.
ئۇنىڭغا شۇلا ئورۇن قالغانىدى. ئۇ سومكىسىنى كارىۋاتقا ئې-
لىپ، ئۆزىنىڭ «ئائىلىسى»گە جايلىشىش ئۈچۈن سومكىدىن
يوتقان كۆرپىسىنى يەشمەكچى بولدى، لېكىن يەنە توختاپ قال-
دى. بۇ ئورۇن دېرىزىگە ۋە ئۈستەلگە ياندىشىپ تۇراتتى، كىملا
بولسا مۇشۇ يەردە كىتاب ئوقۇشى، بىر نەرسە يېيىشى، پاراڭلى-
شىشى، ھەتتا قارتا ئوينىشى مۇمكىن ئىدى. . . ئۇ خاتىرجەم-
رەك ئورۇننى ئارزۇ قىلاتتى، بىراق ئۈستىدە ئىككى كىشىلىكلا
ئورۇن بار ئىدى. بىرىگە ئادەم جايلىشىپ بولغان، يەنە بىرىگە
بىرەيلەن يۇك - تاقسىنى قويۇپ قويغانىدى. ئۇ بالدۇرراق

كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆكۈندى. بۇ كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك ئون يەتتە ياشلىق بىر قىزنىڭ ئۆكۈنۈشىگە يېتەرلىك ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش خىيالى كەلدى. توغرا، بۇ يوتقان ـ كۆرپە-نىڭ ئىگىسى يېڭىلا كېلىپ، مۇنداقلا تاشلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۈستىدە يېتىش نىيىتىمۇ يوقتۇ، پەستە يېتىشنى خالايدىغاندۇ. شۇ ئوي بىلەن شىنيۈ كارىۋاتنىڭ قىرىنى دەسسەپ تۇرۇپ ئۈستىدىكى كارىۋاتتا تۇرغان ئېغىر يۈك ـ تاقنى پەسكە، ئۆزىنىڭكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئاندىن ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، كارى-ۋاتقا چىقىپ، سومكىسىدىن «كاك سۇپۇرگە» سىنى ئالدى ـــ دە، چاڭ ـ توزانلارنى سۇپۇرۇپ ئورۇننى راسلاشقا باشلىدى. بۇ ئىشلارنى قىلغىچە ھاسىراپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئورۇننى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئورۇننىڭ ھەقىقە-تەن ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تۆت كىشىلىك بۇ ماكاندا كىچىك بىر جايغا ئېرىشتى. ئۇ ياستۇقىنى قويۇپ يېتىپ باقتى. بۇ ئورۇن ئۇنىڭغا ياردى، پۈتكۈل ياتاق ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىچىدە ئىدى، خالىغان ئادەمى بىلەن پاراڭلىشا-لايتتى، گەپ قىلغۇسى كەلمىسە ئۇنىڭغا ھېچكىم ھالاقىت بې-رەلمەيتتى «كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنكەن!» دېدى ئۇ مەغرۇرلى-نىپ.

بىنادىن ناخشا ئېيتىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازى كەلدى: «ئورمانلاردىن ـ دېڭىزدىن ئۆتۈپ كەلدۇق ھەر يەردىن، مىڭلىغان ياش بولدۇق بىر يەرگە جەم، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ چۆشەيلى بىز ساماغا، ياڭرىتىپ دوستلۇق كۈيىنى راسا! . . . » ناخشىغا ماسلاشقان قەدەم تىۋىشلىرى ياتاق تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شىنيۈ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ ياتاققا شامالدەك ئۈچ قىز كىرىپ كەلدى. ئۈستىدىكى كارىۋاتتا ھەيران بولۇپ ئۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرغان شىنيۈنى

كۆرگەن بۇ ئۇچ قىز بىردىنلا تېڭىرقاپ قېلىشتى.

ــ هوي، خاتا كىرىپ قالدۇقمۇ نېمە؟ ــ دېدى چېچىنى كالتە ئۆرۈۋالغان قىز كەينىگە داجىپ،

ــ مۇشۇ شۇ! ــ دېدى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كونا ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان قىز ئىشىك نومۇرىغا، ئاندىن شىنيۆگە قاراپ، ــ سىز يېڭى كەلدىڭىزمۇ؟

شىنيۆ ئالدىراش كارىۋاتتىن چۈشۈپ:

ــ ھېلىراق كەلدىم، ئىسمىم خەن شىنيۆ، ــ دېدى.

ــ قارشى ئالىمىز! مېنىڭ ئىسمىم جېڭ شاۋجىڭ، ــ دېدى ساپ بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا ھەربىي كىيگەن قىز. ئۇ جۇدەڭگۇ، چىرايى تاتىراڭغۇ قىز ئىدى. ئۇستىدىكى ئەرەنچە ھەربىي كىيىم بىلەن ئاۋازى بىر - بىرىگە پەقەتلا ماس كەلمەيتتى.

ــ مېنىڭ ئىسمىم لۇ شيۇجۇ، خۇبېي يىچاڭ رايونىدىن، ــ دېدى چېچىنى كالتە ئۆرىۋالغان قىز ئەيمىنىپ. ئۇ يۇزى يۇمىلاق، مەڭزلىرى قىپقىزىل، قاش - كۆزى چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇچىسىدىكى يەرلىك رەختتىن تىكىلگەن تاغاردەك كىيىمدە بەدەن ھالىتى كۆرۈنمەي قالغانىدى.

ــ سىز كەلدىڭىز، سىنىپىمىزدىكى قىز ئوقۇغۇچىلار تولۇق بولدى. بىز جەمئىي تۆت! ــ دېدى جېڭ شاۋجىڭ شىنيۆنى تارتىپ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

شىنيۆ ھەممىنىڭ ئاخىرىدا كىرگەن قىز ساۋاقدىشىغا قاردى. ئۇ بويلىرى نازۇك، يۇزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، ئۇچىسىغا قارا يوپكا، ئۇزۇن يەڭ سۇس جىگەررەڭ كوپتا كىيگەن، چېچېنى بۇدۇر قىلىۋالغان قىز ئىدى. ئۇ بايام شىنيۆگە كۇلۇمسىرەپ قاراپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گەپ قىلمىغانىدى. شىنيۆ ئۇنى ئۇستىدىكى ئورۇننىڭ ئىگىسى دەپ پەملىگەنىدى، دەرۋەقە، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئورنىغا

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلى-
شىشنى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. شىنيۆنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ ئىسمىم شيې چيۇسى، شاڭخەيدىن كەلدىم، —
دېدى كۈلۈپ. ئۇ «شاڭخەي» دېگەن گەپنى «ساڭخەي» دەپ،
ئورتاق تىلغا شاڭخەي تەلەپپۇزىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى.

شىنيۆ كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ جېڭ شاۋجىڭغا قا-
راپ:

— قارىغاندا ئىككىمىزلا بىر يەرلىك ئىكەنمىز! — دېدى.

— ھوي، بىز ھەر يەر ھەر يەردىن كەلدۇق، ئورتاق
ئىنقىلابىي نىشان ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلدۇق! — دېدى جېڭ
شاۋجىڭ خۇددى ھەممىنى قوچاقلايدىغان قىياپەتتە قوچىقىنى
كەڭ ئېچىپ قانداقتۇر بىر سىياسىيوندەك، — ئىنقىلابىي قو-
شۇندىكى ھەممە كىشى بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، بىر - بىرىنى
ئاسرىشى، ئۆزئارا ياردەم بېرىشى كېرەك!

شىنيۆ جېڭ شاۋجىڭنىڭ تەبىئىي ئوقۇغۇچىلار داھىيسى-
دەك تەشكىللاتچىلىق تالانتىنى دەرھال بايقىدى. كەلگۈسىدىكى
سىنىپ باشلىقى شۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— كېلىڭ، خەن شىنيۆ، ئورنىڭىزنى جايلاشتۇرۇپ بې-
رەي! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ ئۆزىنى رەھبەر ھېسابلاپ. ئۇ
كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— مېنىڭ يۈك - تاقىمنى بۇ يەرگە كىم ئەپچۇشۇپ قوي-
دى؟ — دېدى ئۇ.

شىنيۆ چۆچۈپ كەتتى، كۆڭلىدە، ئاپلا چاتاق بولدى، دەپ
ئويلاپ قىزىرىپ كەتتى:

— مەن...

جېڭ شاۋجىڭ ئۈستىدىكى كارىۋاتقا قارىدى، ئورۇننىڭ
ئىگىسى ئالماشقانىدى. جېڭ شاۋجىڭ بىگىز قولىنى شىنيۆگە

تەڭلەپ:

— كېيىن كەلگەنلەرنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئەجەب ئويلىماپتىمىنا؟ — دېدى.

شىنيۈ خىجىل بولۇپ:

— مەن... مەن ئۇستىدە يېتىشقا ئامراق ئىدىم، شۇڭا... — دۇدۇقلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، پەستە ياتقۇسى يوقلۇقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى دېمىدى.

يېڭى تونۇشقان ساۋاقداشلارنىڭ ئورۇننى دەپ قىزىرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن قورقۇنچاق لۇ شيۇجۇ پوكاندەك قىزىرىپ:

— بولدى، تالاشماڭلار، مەن ئورنۇمنى تېگىشىپ بېرەي. لېكىن مېنىڭمۇ ئورنۇم پەستە... — دېدى.

شاڭخەيلىك قىز شىي چيۇسى چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن پەرۋاسىز قاراپ ئولتۇراتتى.

— بولدى، بولدى! — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى جېڭ شاۋجېڭ، — چاقچاق قىلىپ قويدۇم. راستىمكىن دەپ قالماڭ! مەنچۇ، بۇ يەرنى پويىزنىڭ ياتاقلىق ۋاگونىغا ئوخشىتىمەن. مەيلى كىم بولسۇن، «چۈشۈش» «چىقىش» تىن قېچىپ پەستە يېتىشنى خالايدۇ. شۇڭا بۇ ئورۇننى كېيىن كېلىدىغان ساۋاقداشقا ئەپ قويغان. ئەمىسە «پەس» ماڭا تەۋە بولدى:

جېڭ شاۋجېڭ خۇددى باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ھەم يول قويۇش بىر خىل ھۇزۇرلۇق ئىشتەك شۇ قەدەر ئىشەنچلىك ۋە شۇ قەدەر تەبىئىي سۆزلەيتتى.

ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان چىرايى ئادەتتىكىچە بۇ ساۋاقداش شىنيۈنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

جېڭ شاۋجېڭ ئورنىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرى ھەربىيلەرنىڭكىدەك ماش رەڭ ئىدى. شىنيۈ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى جەزمەن ھەربىي دەپ پەرەز قىلدى،

لېكىن سورىمىدى. جېڭ شاۋجىڭ ئورنىنى تۈزەشتۈرگەچ:
— يۈك - تاقامنى ئەكېلىپ قويغىلى نەچچە كۈن بولدى، كەچتە ئۆيگە بېرىپ ياتتىم، بىزنىڭ ئۆي بۇ يەرگە يېقىن! — دېدى، ئەمما ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى دېمىدى.
— تاق، تاق، تاق! — بىرى ئىشىك چەكتى.
— كىم، كىرىڭ؟ — دېدى جېڭ شاۋجىڭ ئىشىككە قا-راپ.
ئىشىك سىرتىدىكى ئادەم جاۋاب بەرمىدى، ياتاققىمۇ كىر-مىدى، ئىشىكنىمۇ قايتا چەكمىدى، بىر ئوغۇل بالىنىڭ شاڭ-خەي تەلەپپۇزىدا:
— شيې چيۇسى بارمۇسىز؟ سىرتلارنى ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟ — دېگەن ئاۋازى كەلدى.
— بولىدۇ! — گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرغان شيې چيۇ-سى خۇشال ھالدا جاۋاب بېرىپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ سىرتقا ماڭدى.
— توختاڭ! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ شيې چيۇسىنى توخ-تىتىپ، — ئايلىنىپ كەلسىڭىز بولىدۇ، چۈشتىن كېيىنكى سىنىپ يىغىنىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!
شيې چيۇسى سائىتىگە قاراپ:
— ۋاقىت تېخى بالدۇركەن، ۋاقىت توشقاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارىمەن، — دەپلا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئى-شىك ئالدىدا تۇرغان شاڭخەيلىك ئوغۇل ساۋاقداشنى ئىشىك توسۇۋالغاچقا شىنيۆ ئۇنى ئېنىق كۆرەلمىدى.
— بىزمۇ مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ كەلمەيلىمۇ؟ مەن ئاخشام كەلگەن، مەكتەپ قىياپىتىنىڭ قانداقلىقىنى تېخى بىلمەيمەن! — دېدى لۇ شيۇجۇ. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى شىنيۆنىڭ كۆڭلىگە ياقتى.
— ياخشىغۇ!، — شىنيۆ شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ سوئال

ـەزىرى بىلەن جېك شاۋجىڭغا قارىدى، — يۇرۇڭە؟
— سىلەر بېرىڭلار، مەن سەل تۇرۇپ چۇ مۇئەللىم بىلەن
چۈشتىن كېيىنكى سىنىپ يىغىنىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىمىز.
يادىڭلاردا بولسۇن، يىغىن سائەت ئۈچتە ئېچىلىدۇ، 32 ـ بىنا،
201 ـ ياتاقتا، ئوغۇللار ياتىقىدا! — دېدى جېك شاۋجىڭ.

ئۇ دەرۋەقە ئوقۇغۇچىلار داھىيسى ئىدى، شىنيۇ، بۇنداق
كىشىلەرنىڭ يىغىنغا بولغان قىزىقىشى باشقا ھەممە نەرسىگە
بولغان قىزىقىشىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ھامان ئالدىراش بولىدۇ،
دەپ ئويلىدى. ئىككىسى ئۇنى ئارتۇقچە زورلاپ كەتمەي چىقىپ
كەتتى.

ئۇلار بىنادىن چۈشتى. شىنيۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قەدىمىي
ـام بىلەن ئاتالغان بۇ «27 ـ بىنا» غا سەپسىلىپ قارىدى. بۇ
ياۋروپا ئۇسلۇبىدا كۆك خىش بىلەن سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك
بىنا ئىدى. ئۈستى تەرىپى جۇڭگونىڭ قورۇلۇش ئۇسلۇبىغا
ئوخشايتتى. بۇ بىنا كىشىگە جۇڭگو ۋە ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى
شىيخې دوختۇرخانىسىنى ئەسلىتەتتى. پار ـ پۇر كاھىش ئە-
مەس، بەلكى كۆك كاھىش ئىشلىتىلگەنىدى. بىنا ئالدىدىكى
چىملىقتا ياپپېشىل قارىغاي بىلەن مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ
تۇراتتى. شىنيۇ كېلەر ۋاقتىدا ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ
بەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېسىگە ئېلىۋالماقچى بولدى. قاتار كەت-
كەن ئوخشاش بىنالارنى پەرقلەندۈرۈش تەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە نەگىلا قارىسا قارىغاي ۋە مەجنۇنتاللار كۆكىرىپ تۇراتتى.
ھېلىمۇ ياخشى شىنيۇ بۇ قاتاردىكى «بىنا» نىڭ تېمىدىكى نو-
مۇرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تۇرغان بىنا «27 ـ نومۇرلۇق» بىنا
ئىدى. ئۇ شۇندىلا خاتىرجەم بولۇپ لۇ شيۇجۇ بىلەن بىنانىڭ
ئالدىنى بويلاپ شىمال تەرەپكە ماڭدى.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقى بۈك ـ باراقسان دەرەخلىك، بىنا-
لارنىڭ ئالدى ـ كەينى گۈللۈك ئىدى. جۇڭگو ۋە ياۋروپا

ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بىنالارنىڭ تولىسى 27 ـ نومۇرلۇق بىنا-
دىن چوڭ ھەم كۆركەم كۆرۈنەتتى. ئۆگزىلىرى ھايۋانلارنىڭ
سۈرەتلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن، گىرۋەكلىرىگە سىر بىلەن رە-
سىملەر سىزىلغانىدى. بۇ يەردە ماڭغان كىشى ئوردا ۋە بۇتخانى-
لارغا خاس سۈكۈناتنى ھەم باغچە تۈسىنى ئالغان داچىلارغا خاس
ئاددىي ۋە يېقىملىق تۇيغۇنى ھېس قىلاتتى.

— مەكتىپىمىزنىڭ ئىچى نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدې-
گەن چوڭ! — دېدى لۇ شيۇجۇ ھەيران بولغىنىچە ئەتراپقا توي-
ماي قاراپ، — بىزنىڭ ناھىيىمۇ بۇنچىلىك چوڭ ئەمەس، چېڭ-
خۇاڭمياۋمۇ بۇنچىلىك چىرايلىق ئەمەس!

— راست، — دېدى شىنيۈمۇ قەۋەت زوقلىنىپ. ئۇ بېي-
جىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى لۇ شيۇجۇ ئېيتقان ناھىيە بازىرىغا ۋە
چېڭخۇاڭمياۋغا سېلىشتۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇمۇ قات-
تىق ھاياجانلانغانىدى، — مېنىڭمۇ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كې-
لىشىم، گۈگۈڭ بىلەن يىخېيۈەندىن قالسىلا بۇ يەردىنمۇ گۈزەل
يەر ھېچ يەردە يوق! ئاڭلىسام، بۇ يەر ئىلگىرى خان جەمەتىنىڭ
باغچىسى ئىكەن، يۈەنمىڭيۈەن بىلەن تۇتاشمىش. ھېلىمۇ ياخ-
شى، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى قويغان ئۇلۇغ
ئوت بۇ يەرگە كەلمەي، بۇ چىرايلىق مەكتەپ بىزگە قاپتىكەن!

لۇ شيۇجۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمما بۇ
سەھرالىق قىزمۇ خۇددى دۆلەتنىڭ گۈللەنگەن ۋە ھالاكەتكە
يۈزلەنگەن چاغلىرىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن-
دەك ھەسرەتلىك تىنىپ:

— ھەي، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى!
لېكىن، بىز يەنە شۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىمىز ھە! — دېدى.

— تىلدا نېمە گۇناھ؟ — دېدى شىنيۈ ئىختىيارسىز، —
سىز ئىنگلىز تىلىنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— ھەي! — دېدى لۇ شيۇجۇ يەنە خورسىنىپ، — مەن

ئوتتۇرا مەكتەپتە رۇسچە ئۆگەنگەن، ئارزۇيۇمغىمۇ رۇس تىلى كەسپىنى يازغان، مېنى ئىنگلىز تىلى كەسپىگە بۆلۈپ قويىدى-غانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

شىنيۆنىڭ بۇنداق غەلىتە ئىشنى ئاڭلىشى بىرىنچى قېتىم ئىدى.

— سىزنىڭ رۇس تىلى ئىمتىھانىدىكى نەتىجىڭىز ناھايىتى ياخشى ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، شۇنداق دېيەلەيمەن! — قورقۇنچاق لۇ شيۇجۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى.

— كەسپىڭىزنى ئۆزگەرتىش خىيالىڭىز بارمۇ؟

— يوق، ھەددىم ئەمەس، — لۇشيۇجۇ يەنە قورقۇپ كەت-تى، — ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئاسان ئەمەس تۇرسا، كەسىپ تاللاشقا پېتىنالامدىمەن؟ كونىلار «كىمگە تەگسەڭ شۇنىڭ پېشى-نى تۇت!» دەپتىكەن.

شىنيۆ ئۇنىڭ قاملاشمىغان ئوخشىتىشىغا ۋە دېھقانلارغا خاس سەۋر - تاقىتىگە ئىچىدە كۈلدى، لېكىن خەقنى مازاق قىلسا بولمايتتى، پەقەت تەسەللى بېرىشلا كېرەك ئىدى.

— كېرەك يوق، ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى باشتىن باشلاي-سىز، بىرىنچى يىللىقتا ھەممىنى نۆلدىن باشلايدىغان گەپ! — دېدى شىنيۆ. ئۇ لۇ شيۇجۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن خىجىل بولدى. بىراق ئىچىدە: قارىغاندا، قوبۇل قىلىنغانلار-نىڭ ھەممىسىنىڭلا ئەلاچى بولۇشى ناتايىنكەن دەپ ئويلىدى.

شىنيۆنىڭ تەسەللىسى ئۇنۇم بەرگەن بولسا كېرەك، پەردى-شانلىقتىن ۋاقتىنچە قۇتۇلغان لۇ شيۇجۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يامراپ:

— ئالدىمدا قىيىنچىلىق كۆپ، ماڭا كۆپرەك ياردەم بې-رەرسىز! مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا ئۆيگە ھېلىقىدەك خەت ئە-ۋەتمىگەيمەن! — دېدى.

— قانداق خەت؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن شىنيۈ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

— بىر قوشاق بار بىلمەمسىز؟ — لۇ شيۈجۇ شۇنداق دەپ، ئۇ قوشاقنى زوق بىلەن ئېيتتى:

Father mother ھۆرمەتلەيدىكەن ئۇ چىن دىلىدىن،
بالىسى مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن book،
ھەرقايسى پەنلەردە ئالار ئىكەن good،
ئۆتەلمەپتۇ بىرلا English تىلىدىن.

بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە قوشاق ئىدى، ئورتاق تىلغا يەرلىك شىۋە، خەنزۇچىغا ئىنگلىز تىلى ئارىلاشقانىدى. لۇشيۈجۇ بۇ قوشاقنى جاراڭلىق ئاۋازدا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئاجايىپ ياخشى ئوقۇدى. خۇبېيلىك بۇ سەھرالىق قىز ئەسلىدە ئۇنچىلىك قورقۇنچاقمۇ ئەمەس ئىكەن، ئاغزى ئېچىلىپ كەتسە، پاساھەتلىك گەپلەرنى قىلىدىكەن.

شىنيۈ قورسىقىنى تۇتۇپ ئىختىيارسىز «كىكىلداپ» كۈلۈپ كەتتى.

— قارىڭا سىزنى، مېنى مازاق قىلىۋاتىسىز! — دېدى لۇ شيۈجۇ قىزىرىپ:

— ياق، سىزنى مازاق قىلمىدىم، بۇ قوشاق ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى! — دېدى شىنيۈ كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ، — سىز ئىنگلىز تىلىنى بەك توغرا تەلەپپۇز قىلدىڭىز، ئىنگلىز تىلىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ كېتىسىز!

— ئەمىسە خۇداغا شۈكۈر!

ئۇلار بىر پارچە قارىغايزارلىققا كىرىپ قالدى، ئېگىز - پەس دۆڭلەر يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. ئىككىسى ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يولنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپ تېپتىنچ ئىدى. ئۇلار بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇڭغا -

سولغا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىردىنلا ئۈستىنى بىر قەۋەت مانان
باسقان سۇ بويىغا چىقىپ قالدى.
چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا چوڭ بولغان لۇ شيۇجۇ سۇنى
كۆرۈپ چەكسىز سۆيۈنگەن ھالدا:
— ئاھ، بىز كۇنمىڭ كۆلىگە چىقىپ قاپتۇق! — دېدى.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دېدى شىنيۈ — كۇنمىڭ كۆلى
يىخبېيۈەندە، بۇ كۆلنى مەن نامسىز كۆل دەپ ئاڭلىغان.
— قانداق كۆل بولسا بولمامدۇ. «نامسىز كۆل» نىڭ
ئىسمى يوق كۆل بىلەن پەرقى نېمە؟ — لۇ شيۇجۇ شۇنداق
دېگىنىچە خۇشاللىقىدا پەسكە يۈگۈردى. ئۇ كۆل ياقىسىنى
بويلاپ بەلگىسىز تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
كۆپكۆك سۇ دولقۇنلىنىپ، كۆل بويىدىكى تېرەك بىلەن
مەجنۇنتاللار شىلدىرلىشىپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن
مۇنارنىڭ سايىسى سۇدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. شىنيۈ كۆز ئالدىدى-
كى بۇ مەنزىرىگە مەپتۇن بولدى. ئاھ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى، مېنىڭ بىرىنچى ئارزۇيۇم، مېنىڭ ئائىلەم!
— قاراڭ، كۆلدە كېمە بار ئىكەن! — دېدى لۇ شيۇجۇ
يەنە بىر يېڭى بايقىغان نەرسىسىنى مەلۇم قىلغاندەك يىراقنى
كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ كېمىگە ئالاھىدە مۇھەببىتى بار ئىدى.
— بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، كېمىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك ئارال
باردەك قىلىدۇ، كېمىگە شۇ يەردىن چىققىلى بولىدۇ، — دېدى
شىنيۈ.
كۆلنىڭ ياقىسى ئەگرى - بۈگرى، چىغىر يول كۆڭۈللۈك
ئىدى. ئۇلار مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. كىچىك ئارال-
نىڭ شىمال تەرىپىدىكى قىرغاققا يېقىن يەردە بىر توپ قەدىمي
ئارچا دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغنىڭ باغرىدىكى تۆت
خاتىرە تاش چىمىلدىققا ئوخشايتتى. خاتىرە تاشلارنىڭ ھەر بىرد-
گە بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بىر مىسرادىن شېئىر
ئويۇلغانىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

دەل ـ دەرەخ سايىسى تەۋرىنىپ تۇرغان،
بويىدا تاش كېمە مەرۋايىت كۆلنىڭ،
شەپەقتىن رەڭ ئالغان گۇگۇم مەھەلدە،
شاماللار سىيپايدۇ يۈزىنى ئۇنىڭ.

شىنيۈ خاتىرە تاشتىكى مىسرالارنى تېخىمۇ تەپسىلىي كۆر-مەكچى بولدى، لۇ شيۈجۇ كېمىگە چىقىشقا ئالدىراپ تۇراتتى. ئىككىسى يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار بىر بىنانىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ، كىچىك بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، تاش پەلەمپەي بىلەن ئارالغا چىقتى. ئارالدا دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر شىپاڭ بار ئىدى. ئۇلار شىپاڭنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. كۆلدىكى كېمە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بۇ ئەسلىدە تاش كېمە ئىدى، بۇ شىنيۈگە يىخپيۇەندىكى تاش كېمىنى ئەسلەتتى. توغ-را، ئۇ بايا ئوقۇغان شېئىردىكى «تاش كېمە» دېگەن سۆز مۇشۇ يەرنى كۆرسەتسە كېرەك. لېكىن بۇ «تاش كېمە» نىڭ ئۈستى يوق ئىدى، شەكلى كېمىنىڭ شەكلىگە ئوخشايتتى.

كېمىگە ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان لۇ شيۈجۇ كەينىگە ئۆرۈ-لۈپ شىنيۈگە قولىنى ئۇزاتتى. شىنيۈ كېمىنىڭ دۈم كۆمتۈرۈ-لۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، كېمىگە ئاۋايلاپ چىقتى. بۇ ئەسلىدە مىدىر ـ سىدىر قىلمايدىغان كېمە ئىدى.

ــ ھا، بۇ مەڭگۈ ھەيدىگىلى بولمايدىغان كېمىكەنغۇ! ــ دېدى شىنيۈ خورسىنىپ.

ــ ياق، بۇ كېمىنى تەسەۋۋۇرىمىزغا تايىنىپ ئورنىدىن قوزغىتىمىز! ــ دېدى ھاياجىنىنى باسالماي قالغان لۇ شيۈجۇ تەجرىبىلىك بېلىقچى قىزلارنىڭ قىياپىتىدە، ــ مېھمانلار چىڭ ئولتۇرۇڭلار، كېمە ھازىر ماڭىدۇ! كېلىدۇ مايمۇنلارنىڭ قى-قاسلىرى ئىككى ياقتىن، كېمە ماڭار قاتمۇ قات ئېگىز تاغلار ئارىسىدىن!

لۇ شيۇجۇنىڭ جۇشقۇن ھېسسىياتى شىنيۈگىمۇ يۇقتى. ئۇ ئۆزىنى گويا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان چاڭجياڭ دەرياسىدا كېمىدە كېتىۋاتقاندەك، بۇ كېمە ئۇنى ئېلىپ يىراقلارغا، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنىڭ مەنزىلگاھىغا باشلاپ بارىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

كۈن ئېرىنچەكلىك بىلەن غەربكە قىيسىيىپ، بۇ تاش كېمىنى كىچىك ئارالنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۆز باغرىغا ئالدى. گۈزەل مەنزىرە ۋە يۇكسەك غايىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى قىز ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى.

— ئاپلا! — دېدى بىردىنلا شېرىن خىيالدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلگەن لۇ شيۇجۇ، — سائەت ئۇچتە سىنىپ يىغىنى بار ئىدى، ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

شىنيۈ دەرھال جېك شاۋجىڭنىڭ گېپىنى يادىغا ئالدى، سائەت ئۇچتە! ھازىر سائەت نەچچە بولدى كىم بىلسۇن! ئىككىلىسىنىڭ سائىتى يوق ئىدى. «تېزراق يولغا چىقىش كېرەك» بىردىنبىر ئامال مۇشۇ ئىدى.

ئىككىسى قىرغاققا چىقىپ ئالدىراش ماڭدى.

— ئوغۇللار ياتىقىنى قەيەردە دېگەن؟ — دەپ سورىدى شىنيۈ لۇ شيۇجۇدىن.

— ھەي، قايسى بىنا، قانچىنچى نومۇر، ئېسىمدە يوق! — دېدى لۇ شيۇجۇ كېكەچلەپ، — سىز بايام ئېنىق ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— مەن. . . بالدۇر كەلگەندىكىن سىزنى بىلىدۇ دەپتىمەن!

چاتاق بولدى! يولدىن ئېزىپ قالغان ئىككى قوزا بىر ـ بىرىگە قېيىدىسىمۇ بەربىر ئىدى. شىنيۈ ئاخىر بولماي:

— ئەمىسە، ئاۋۋال ياتاققا بارايلى، «27 ـ بىنا» يادىمدا، قىزلار ياتىقىدا بىرەرى بولۇشى مۇمكىن. راست، سىنىپ يىغىنىنى نېمىشقا ئوغۇللار ياتىقىدا ئاچىدىكىنە؟ — دېدى.

بۇنداق تالاش ـ تارتىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن مېڭىپ، ئالدى بىلەن ھېلىقى خاتىرە تاشلارنى تېپىپ ئاندىن يىراقتىكى مۇنارنىڭ سايىسىنى بەلگە قىلىپ ئالدىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بايا شۇ ياقتىن كەلگىنى ئۇلارنىڭ يادىدا ئىدى. ئىككىسى قىرغاقتا قايان مېڭىشنى بىلەلمەي پىرقىراپ كەتتى. بۇ يەردە چىغىر يوللار كۆپ ئىدى، بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى ھەم ئوخشىمايمۇ قالاتتى.

كۈن رەھىمسىزلىك بىلەن غەربكە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. غەرب تەرەپتىن شەپەق كۆتۈرۈلدى. سۇ بىلەن ئاسمان ئوخشاش رەڭگە كىردى. بىر نەچچە تال بېلىق كۆل يۈزىدە دولقۇن چاچرىتىپ پىلتىڭلايتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا ھەرقانچە گۈزەل مەنزىرىگىمۇ قارار كۆزى يوق ئىدى. ئۇلار ھەتتا «ئۆي» گە بارىدىغان يولنىمۇ تاپالماي قالغانىدى. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئالدىنى نەچچە قېتىم توساپ 27 ـ بىنانى سورىدى. بەزىلەر: «مەنمۇ يېڭى كەلدىم، بىلمەيدىكەنمەن» دەپ جاۋاب بەرسە، بەزىلەر قولى بىلەن كۆرسىتىپ: «ئاۋۋال شەرققە، ئاندىن جەنۇبقا قاراپ ماڭساڭلار، يول ئېغىزىغا چىقىسىلەر، يەنە غەربكە بۇرۇلۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «L» يول بىلەن ئۇدۇل جەنۇبقا ماڭساڭلار يېتىپ بارىسىلەر!» دەيتتى. ئۇلار بۇنداق جىق يول بەلگىلىرىنى قانداقمۇ يادىدا تۇتالىسۇن؟ ئۇلار مۇشۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرى بايا يولغا چىققان نامسىز كۆلنىمۇ تاپالمىدى.

— ئاپلا، ئاپلا چاتاق بولدىغۇ! — لۇ شيۇجۇ قايتا ـ قايتا «ئاپلا» دەۋەردى، — يىغىنغا بارالماسلىقىمىز بۇياقتا تۇرسۇن، بۇگۈن ئاخشام ياتىدىغان يەرمۇ يوق، تاماقسىز ئاچ قالىدىغان بولدۇق!

شىنيۈ شۇندىلا ئۆزىنىڭ چۈشلۈك تاماق يېمىگەنلىكىنى

ئەسلەپ، قورسىقىنىڭ كورۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. لېكىن، هازىرقى مۇھىم مەسىلە تاماق يېيىش ئەمەس ئىدى.

ئىككىسىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىردىنلا بىرىنىڭ «لۇ شيۇجۇ، خەن شىنيۆ» دەپ ئۇلارنى چاقىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاڭلاڭە، بىزنى چاقىرىۋاتقان كىمدۇ؟ — دېدى لۇ شيۇجۇ خۇشال بولۇپ.

شىنيۆ كەينىگە ئۆرۈلۈپ يىراققا قارىدى، تونۇش بىرى ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، كۇل رەڭ ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، چاسا كۆزەينەك تاقىغان بىر يىگىت ئىدى. . .

— چۇ مۇئەللىم. . . — شىنيۆ هاياجانلىنىپ سەكرەپ كەتتى.

كېچە، مەكتەپ قورۇسى جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. نامسىز كۆلدىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارال بىلەن قىرغاقتىكى مۇنار ئەتراپىدا لەيلەپ يۈرەتتى.

شەرق تەرەپ خىرە - شىرە سۈزۈلۈشكە باشلىدى. 27 - بىنادىكى قىزلار ياتىقىدا ياتقان شىنيۆ چۈش كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ چۈشىدە هېلىقى كۆلنى ۋە تاش كېمىنى، ئۆزىنى يەلكەن چىقىرىپ كېمە هەيدەۋاتقان هالەتتە كۆردى. . .

بۇ چاغدا، «بىلىمدان» قەسرىدە ئۇنىڭ ئاپىسى ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى.

خەن خانىم بارلىق تەقۋادار مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش هەر ئەتىگىنى تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئاۋۋال ئاللانىڭ: «ناماز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئەلا!» دېگەن چاقىرىقىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىنىڭ ئارىلىقى مەسچىتكە خېلى يىراق ئىدى. مۇسۇلمانلارنى نامازغا ئۇندەپ «پەشتاق»تا ئېيتىلغان «ئەزان» نى ئۇ هەرگىز

ئاڭلىيالمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىندىن بۇيان پەشتاقتا چى-
قىپ ئەزان ئېيتىش شەكلىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغانىدى، خەن خا-
نىم يەنىلا ئۆزلۈكىدىن ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى بەش
ۋاخ ناماز ئۆتەيتتى، «بامدات نامىزى» ئەڭ مۇھىم ئىدى، قازا
قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى.

خەن خانىم غەربىي ھۇجرىدا ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى ئويغىتىد-
ۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىسىنىڭ
شەرق تەرىپىدىكى «تاھارەت ئالىدىغان ئۆي» گە كىردى. ھاۋا
مۇزدەك ئىدى. ئۇ ئۈن چىقارماستىن «تاھارەت» ئېلىشقا تۇتۇن-
دى: قولىنى يۇزىنى يۇدى، ئاغزىنى چايقىدى، بۇرنىغا سۇ
ئالدى، ھۆل قولى بىلەن چېچىنى سىلىدى، پۇتىنى يۇيۇپ،
ئاندىن ئىستىنجا قىلدى. تاھارەت ئېلىش مۇقەددەس ئىش، ئۇ
گۇناھ - كەبىرلەرنىڭ تازىلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەندە
گۇناھكار، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ گۇناھكار بولىدۇ. ئاللا
بولسا بەندىنى گۇناھتىن خالاس قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-
لام ساھابىلىرىدىن: «مۇبادا سىلەر ھەر كۈنى بەش ۋاخ تاھارەت
ئالساڭلار، بەدىنىڭلار يەنە مەينەتچىلىك ئىچىدە قالامدۇ؟» دەپ
سورىغاندا، ساھابىلىرى: ياق، مەينەتچىلىكنىڭ سارقىندىسىمۇ
قالمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

خەن خانىم ئاپئاق يۈزىنى كۆڭۈل قويۇپ يۇدى. چاچنىڭ
چۆرىسى، قۇلاقلىرىنىڭ كەينى ۋە گەجگە پاكىزە يۇيۇلمىسا ناماز
دۇرۇس بولمايتتى. ئۇنىڭ قاشتاشتەك سىلىق مۇسكۇللىرى
بوشاپ كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇقلار پېشانىسىغا
ۋە ئىككى مەڭزىگە قاراپ كېڭەيگەن، كۆز خالتىلىرى بىلىنەر-
لىك پەسكە ساڭگىلىغانىدى. ئۇ قېرىغانىدى! ئۇ يۈزىنى سىلاپ
ياشلىقىنى، شىنيۈنىڭكىگە ئوخشاش گۈل بەرگىدەك يۈزىنى
ئەسلىدى، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بول-
سۇن؟ ئانا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ قىزىغا سېلىشتۇرماسلىقى كې-

رەك. شىنيۆنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىشى بىلەن يىراق ئۆتمۈشتە
قالغان ئىشلار كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، كۆڭلىنى قۇتۇلغىلى بول-
مايدىغان بىرقاتار پەرىشانلىقلار چۇلغىۋالدى: ئانا ـ قىز، قان ـ
قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئۇلارنى قاپلاپ تۇرغان، بىر ـ
بىرىنى مەڭگۈ ئايرىپ تۇرغان بىر قەۋەت پەردە، يېقىنلاشقىلى
ھەم يىراقلىشىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇ ھال ئۇنى تۇرۇپ ـ
تۇرۇپ قىينايتتى. . .
خەن خانىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، بۇ ئىشلارنى ئويلى-
ماسلىققا، پانىي ئالەمنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى كاللىسىدىن
چىقىرىۋېتىشكە نىيەت باغلاپ، ئىخلاس بىلەن نامازغا تۇردى.
بۇ ئۇنىڭ توققۇز يېشىدىن تارتىپ ھەر كۈنى قىلىپ كېلىۋاتقان
مەشغۇلاتى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ئائىلە ئىگىلىكى
روناق تېپىپ گۈللەنگەن ياكى كۇتۇلمىگەن ۋەقەلەرگە دۇچار
بولۇپ غۇربەتچىلىكتە قالغان چاغلاردا بولسۇن، پەقەت ئۈزۈپ
قويماي كېلىۋاتاتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ قا-
دىر ئاللاغا تېخىمۇ بەكرەك تېۋىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئاللا ئۇنى
كىشىلىك تۇرمۇش يولىغا يېتەكلەيدىغان بىردىنبىر ئىلاھ ئى-
دى. ئۇ تەنتەنىلىك سۈكۈنات ئىچىدە ئىبادەت قىلىۋېتىپ «مەر-
ھەمەتلىك ئاللاغا بولغان سېغىنىش» نىڭ خاسىيىتىنى ھېس
قىلاتتى.
خەن خانىم بورا ئۈستىدە يۈزىنى مەككە ـ مۇكەررەم تەرەپ-
كە قارىتىپ قىيامدا تۇردى؛ قوللىرىنى قۇلىقىغا قەدەر كۆتۈ-
رۈپ، ئاللاغا بولغان سەمىمىيىتىنى ئىزھار قىلدى؛ رۇكۇدا
تۇرۇپ ئاللاغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىپادىلىدى؛ سەج-
دىگە چۈشۈپ، پېشانىسى ۋە بۇرنىنى يەرگە تەگكۈزدى ۋە ئاللاغا
چىن كۆڭلىدىن ھەمدۇسانا ئوقۇدى. ئاندىن خېلى بىر ھازاغىچە
يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، بايىقى ھەرىكەتلەرنى باشتىن بىر نەچچە
قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلەرنى قىلچە بىخەستەلىك

قىلماي ئۇرۇنداش بىلەن بىرگە ئاللاغا بولغان مەدھىيە سۆزلە-
رىنى ئەرەب تىلىدا ئاستا ئوقۇدى:

بارلىق ھەمدۇسانا ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر،
ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ
ئىگىسىدۇر. ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەي-
مىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ
ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن بەخت - سائادەت ئىنئام
قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن.
ئەي ئۇلۇغ ئاللا! مېنى ياراتقان، نېمەتلىرىڭ بىلەن ئۆس-
تۈرگەن، ياشاتقان سەندۇرسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.
سەن مېنى ياراتقان، مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن. سېنىڭ ئىرا-
دەڭگە بويسۇنىمەن. . . ماڭا كۆرسەتكەن مېھىر - شەپقىتىڭگە
ئىقرارمەن. گۇناھى - كەبىرلىرىمنى بويىنۇمغا ئالىمەن. مېنى
مەغپىرەت قىلغايسەن! مېنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت
قىلالمايدۇ!

. . .

بۇ چاغدا، تەن سۈپىتىدىكى «ئادەم» گويا غايىب بولۇپ
كەتكەندەك بولۇپ، سەمىمىي ۋە ساددا روھلا پۈتكۈل ئىقلىمىنىڭ
ئىگىسى بولغان ئاللا بىلەن گۇناھى - كەبىردىن قورقۇش،
ياخشىلىققا ئىنتىلىش ھېسسىياتى ئىچىدە بىۋاسىتە سۆزلىشى-
دۇ، گۇناھلىق ئىشلارنى تىلغا ئالمايدۇ، گۇناھلىق ئىشلارغا
نەزەرنى سالمايدۇ، گۇناھلىق ئىشلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاللانى
كۆڭلىدە ياد ئېتىدۇ. ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ جىمى ئىش - ھەرى-
كىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. «ئىسلام» دېگەنلىك ئەرەب
تىلىدا «ئىتائەت قىلىش»، «مۇسۇلمان» دېگەنلىك، ئاللاغا ئى-
تائەت قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر!

تەنتەنىلىك سۈكۈنات ئىچىدە ئىبادەت قىلىۋاتقان خەن خا-
نىمنىڭ روھى خۇددى كۆكتە بىمالال ئۇچۇپ يۈرگەندەك قىلاتـ-
تى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ يېرىمى گويا تۇتۇندەك ئۆتۈپ كەتتى.
بۇ جەرياندا راھەتمۇ كۆردى، جەبىر - جاپامۇ چەكتى، خۇشالمۇ
بولدى، خاپىلىقمۇ تارتتى. رەزىللىكلەرنى جازالىغاندا، ئۆزد-
ىنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئۆكۈنگەنىدى؛ ئۇ خاتىرجەملىك ۋە ئى-
ناقلىقتا قىزغىن ئىنتىلگەنىدى، لېكىن ئۇ ئىنتىلگەن بۇ نەر-
سىلەر خۇددى سۇدىكى ئايدەك، ئەينەككە بېسىلغان گۈلدەك
ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ۋە ھەيۋىتىنى
جېنىنىڭ بارىچە قوغدىدى، ئەمما مۇلايىم ۋە كۆڭلى - كۆكسىنى
كەڭ تۇتۇشتەك ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمىدى. لېكىن تۇرمۇش-
تىكى ئەرزىمەس ئۇششاق - چۇششەك ئىشلارغا يولۇققاندا ئۆزد-
نى تۇتالماي قالاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەۋېتىد-
دىغان ئىتتىك ئاغزىنى يېرىم ئەسىرلىك ھايات «ئىككى ئېغىز-
دىن ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان» ھالغا ئەكېلىپ قويغانىدى ھەتتا
ئېرى بىلەن قىزىغىمۇ كەمدىن كەم گەپ قىلاتتى. ئۇ ئەسلىدە
كۆڭلىدە گەپ ياتمايدىغان ئايال ئىدى، ئەمما كىشىلىك تۇرمۇش-
نىڭ ئاچچىق - چۇچۇكى ئۇنىڭ قەلبىنى بېكىك دۇنياغا ئايلاند-
دۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبى ھەممىگە قادىر ئاللاغىلا ئوچۇق ئى-
دى. . . گۇناھ بولسۇن، ساۋاب بولسۇن، ياخشىلىق ياكى ياماذ-
لىق بولسۇن، بىلگۈچى ئاللاغا ھەممە نەرسە ئايدىڭ ئىدى. توۋا
قىلسا، ئاللا ھەممىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، ئاللانى پاناھ تارتماق-
لىق، ئاللانى ياد ئەتمەكلىك زۆرۈردۇر! ئاللا ئۇنىڭغا رەھىم
شەپقەت قىلغايسەن!

. . .

خەن خانىم ئىبادىتىنى توگىتىپ خېلى بىر ھازادىن كېيىن
تاڭ ئاتتى. خەن زىچى بىلەن تيەنشىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ،
يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. خىزمىتى بار ئەرلەر ئەزەلدىن

www.uyghurkitap.com

ناماز ئوقۇمايتتى. خەي هاما جەنۇبي هۇجرىدا يالغۇز ناماز
ئوقۇيتتى. ئوخشاش بىر ئاللاغا يۈزلەنگەن بۇ ئىككى مەزلۇم
هەرقايسىسى ئۆز گۇناهلىرىغا تۆۋا قىلىشىپ، كېيىنكى ئۆمۈر-
لىرىگە خاتىرجەملىك تىلىشەتتى.

خەي هاما پۇرچاق سۈتى، پوشكال ئەكەلگەندى. بىر
ئۆيلۈك ئادەم ئاشخانىدا ناشتا قىلدى. داستىخاندا شىنيۈ بولمى-
غاچقىمىكىن، خۇددى دۇنيانىڭ يېرىمى يوقتەك هېچقايسىسى
گەپ قىلمىدى. تيەنشىڭ بېشىنى كۆتۈرمەي پوشكالنى ئىككى - ئۈچ
يالماپلا يەۋەتتى. گېلىغا كەپلىشىپ قالغان پوشكالنى يۇتۇۋەت-
مەيلا ۋېلىسىپىتىنى ئىتتىرىپ ئىشقا كەتتى. خەن زىچىنىڭ
پوشكالنى يېگۈسى كەلمىدى، ئاچچىق دەملەنگەن پەمىلچاينى
ئىچتى. بىر ئوتلاپ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ مۇزدەك هاۋادىن
ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ، ئاندىن ئاستا - ئاستا
سىرتقا چىقاردى. پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن يەنە بىر ئوتلا-
پ قىرتاق چاينىڭ تەمىنى تېتىۋاتقاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ
قويدى. چاي ئىككى قېتىم جىقلاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
ئىشقا ماڭدى.

خەن خانىم بىلەن خەي هاما گېلى تىكىلىپ قالغاندەك
پوشكالنى تەتۈر چاينىشىپ ئولتۇراتتى، ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلى
داستىخاندا ئەمەس ئىدى.

— تاق، تاق، تاق، — دەرۋازىدىكى مىس هالقىنىڭ ئاۋا-
زى ئاڭلاندى.

خىيال بىلەن ئولتۇرغان خەي هاما «لىككىدە» ئورنىدىن
تۇرۇپ:

— كىم؟ — دەپ سورىدى دەرۋازىغا قاراپ مېڭىپ.

— مەن! — بۇ قىز بالىنىڭ يۇمشاق ئاۋازى ئىدى.

خەي هاما تەمتىرەپ:

— ئاللا! — شىنيۈ قايتىپ كەپتىمۇ - نېمە؟ — دېدى.

ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ توختىمايتتى.

ئاشخانىدىكى خەن خانىم تېڭىرقىغان هالدا:

— ئۇ تېخى تۈنۈگۈن كەتكەن ئىدىغۇ، بۇ ئەتىگەندە نېمىگە كەلگەندۇ؟ — دېدى.

— شۇنى دېسىڭىزا... — خەي هاممىمۇ جىددىيلىشىپ دەرۋازىنىمۇ ئاچالماي قالدى.

دەرۋازا ئېچىلدى، هويلىغا شىنيۆنىڭ ساۋاقدىشى چېن شۇيەن كىرىپ كەلدى.

— خەي هاما! — دېدى ئۇ. چېن شۇيەن بۇ يەرگە بىر-نەچچە قېتىم كەلگەنىدى، خەي هاممىنى تونۇيتتى هەم ئۇنى شىنيۆگە ئوخشاش «خەي هاما» دەپ چاقىراتتى.

خەي هاما شۇندىلا «ئۇھ» دەپ، سەل ئۈمىدسىزلەنگەندەك:

مېنى ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىزا، — دېدى.

شۇيەن، ئۇنىڭ روھىي هالىتىگە دىققەت قىلماي ئىشىكتىن كىرىپلا:

— شىنيۆنىڭ تەييارلىقى پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شىنيۆ؟ ئۇ تۈنۈگۈن كەتتى!

— كەتتى! — چېن شۇيەننىڭ چىرايىغا شۇئان مەيۈسلۈك تېپىپ چىقتى، — ئۇ نېمىشقا ئوغرىلىقچە كېتىپ قالىدۇ؟ بىز دېيىشىپ قويغان ئەمەسمىدۇق...

— هەي! — بۇ قىزنىڭ ئالدىدا خىجىللىق هېس قىلغان خەي هاما شىنيۆنى ئاقلاپ، — راست، ئىككىڭلارنىڭ دېيىشىپ قويغىنىڭلارنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانىدىم. قائىدە بويىچە ئۇ سىزنى ساقلىسا بولاتتى. نەچچە يىل بىللە ئوقۇدۇڭلار، ئايرىلىش ئالدىدا گېپىڭلارمۇ بار بولغىيدى. لېكىن ئۇ ئويلىنىپ...

خەن خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ قولىدىكى يېرىم پوشكالنى «شاققىدە» قويۇپ، ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ، خەي هاممىنىڭ

www.uyghurkitap.com

گېپىنى بۆلىۋەتتى:

ــ شۇيەن قىزكەنغۇ! مەكتەپتىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ، شىنيۈ سىزگىمۇ قارىماي ئالدىراش كېتىپ قالدى. ئۇنى ئاكد- سى ئاپىرىپ قويدى. قارىغا، ئاۋارە بولۇپ كەپسىز! ــ دېدى ئۇ.

ــ يەڭگە، ــ دېدى چېن شۇيەن زورىغا كۈلۈپ، ــ بۇغۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، يۇك ـ تاقىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان ئادەم بولسا، ئۇنى كىم ئاپىرىپ قويسا بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ شىنيۈ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى، ئالىي مەكتەپكە چىقتى. مەنمۇ بەك خوش! شىنيۈ مەندىن ئېشىپ چۈشتى، مەندىن. . .

چېن شۇيەن شۇنداق دەۋېتىپ، ھېسسىياتىنى باسالماي خۇددى گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

خەن خانىم چېن شۇيەننى ئىلگىرى نەچچە قېتىم كۆرگەن، لېكىن تازا دىققەت قىلمىغانىدى. بۈگۈن ئۇ خەن خانىمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. خەن خانىم بۇ قىزغا سەپسېلىپ قارىدى. چېن شۇيەن شىنيۈدەك ئېگىز بويلۇق، ئەمدىلا تولۇشقا باشلىغان، سېمىز ئەمەس، قاملاشقان قىز ئىدى، شىنيۈنىڭكىدەك ئاق بولمىغىنى بىلەن قارا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، قاش ـ كۆزلد- رى جايىدا ئىدى. ياشقا تولغان كۆزلىرى بۇلاقنى ئەسلىتەتتى. چېچىنى شىنيۈنىڭكىدەك ئۆرىۋالمىغان بولسىمۇ، قىسقا كېسىپ تەكشى قىلىۋالغانىدى. ئۇ قانائەتچان، چاققان قىز ئىدى. ئۇ- چىسىدىكى كىيىملەر شىنيۈنىڭ كىيىملىرىگە يەتمەيتتى. سىدام كۆڭلەك، كۆك ئىشتان، ئاق پايپاق ۋە لاتا خەي كىيگەنىدى. كىيىنىشلىرى بەك رەتلىك ئىدى. ناۋادا شىنيۈ ئىككىلىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇ بۈگۈن شىنيۈنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا چاقىرىپ كەلگەن بولسا، خەن خانىم ئۇنىڭ بۇنچد- لىك ئىززىتىنى قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن ھەممىدىن

ئىخلاسى قايتقان بۇ قىز خەن جەمەتىنىڭ ھويلىسىدا بىچارىلارچە تۇراتتى. تاش يۈرەك خەن خانىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمىدى. بايا خەي هاما بۇ قىزنىڭ بىر قىسما بولۇپ قېلىدىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنى توساپ يالغان ئېيتقانىدى، نەتىجىدە، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. خەن خانىم ئېچىنىپ، ئۆزىنى قاندافتۇر چېن شۆيەننىڭ ئالدىدا قەرزداردەك ھېس قىلدى.

— شۆيەن، ناشتا قىلدىڭىزمۇ؟ — خەي هاما شۇنداق دەپ چېن شۆيەنگە خەيرىخاھلىق قىلغاچ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» بۇ بېيجىڭلىقلارنىڭ سالام - سائەت سۆزى ئىدى. لېكىن ئاشلىق يېتىشمەيۋاتقان مۇشۇ ئاي - مۇشۇ كۈنلەردە بۇ گەپ ناھايىتى ئاز ئېيتىلاتتى.

— ئۆيدە ناشتا قىلغان، — دېدى چېن شۆيەن يېشىنى توختىتىپ، ئۇ يەنىلا دالدا تامنىڭ يېنىدىكى ھەشقىپىچەك بارىڭىنىڭ ئاستىدا تۇراتتى. شىنيۆ بولمىغاندىكىن، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرگەن چېن شۆيەن:

— يەڭگە، خەي هاما، ئەمىسە مەن كەتتىم، — دېدى. شىنيۆنىڭ ھامىمىسىنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي:

— كېلىپلا كېتىدىغان نەدە ئۇنداق ئىش بار؟ — دېدى. خەن خانىم:

— شۇنداق ئەمەسمۇ! شىنيۆ بولمىسا كەلمەمتىڭىز؟ شۆيەن، ئۆيگە كىرىڭ، ئىككىمىز ئازراق پاراڭلىشايلى، — دېدى.

چېن شۆيەن بىر دەم ئىككىلەندى، مۇشۇنداق كېتىپ قېلىش ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ خەن خانىم بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. خەن خانىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— شۆيەنگە چاي دەملەڭ، — دېدى خەي ھامىغا.

چېن شۆيەن بۇرۇن شىنيۆنى ئىزدەپ كەلگەن چاغلاردا، ئالدى ھويلىدىكى مۇشۇ باراڭ ئاستىدا تۇراتتى، شىنيۆنى خەي هاما چاقىرىپ قوياتتى. ئىككىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ پاراڭلى-

شاتتى ياكى ئويىنغىلى سىرتقا ماڭاتتى، ئۇ ھېچقاچان خەن جەمەتىنىڭ ئىچكەركى ھويلىسىغا كىرىپ باقمىغانىدى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭمۇ كىرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ بىرىنچى قېتىم خەن خانىم بىلەن بىللە نەقىشلىك ئىشىكتىن كىرىپ ئىچكەركى ھويلىنىڭ شۇنچىلىك چوڭ ھەم شۇنچىلىك كاتتا ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئىختىيارسىز ھەر خىل ئادەملەر يىغىلغان ھويلىدىكى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئويلاپ، شىنيۆ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان - زېمىن پەرقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىردى، خەن خانىم ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. چېن شۈيەن سەل ئەيمەندى. ئوتتۇرىسىغا مۇزدەك گرانىت تاش ئېلىنغان، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان شىرە بىلەن ئورۇندۇق ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تاماق يەيدىغان ھەم تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان كونا شىرە بىلەن ئورۇندۇققا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆزىنى پەرۋاسىز قىياپەتكە سېلىپ خەن جەمەتىنىڭ مېھمانخانىسىنى، نەقىشلىك دېرىزە پەردىسى، چوڭ ئۇزۇنچاق ئۈستەلنى ۋە توزنىڭ پەيلىرى سېلىنغان چوڭ لوڭقىنى، تامدىكى خەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى... ئىچىدە: شىنيۆ ھەقىقەتەن ماي ئىچىدىكى بۆرەككەن، ھەممە نەرسىسى تەل ئىكەن، مېنىڭ ھېچنېمەم يوق، دەپ پۇچۇلاندى، ئادەم بىلەن ئادەم بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ئوخشىمايدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ، دەپ ئويلىدى.

خەي ھاما نەپىس قاپقاقلىق كۆك پىيالىدە چاي ئەكەلدى. چاينىڭ پۇرىقى شۇنچىلىك خۇشبۇي ئىدى. چېن شۈيەن چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ ئاستا يۇتتى، ئاغزىدا چاينىڭ خۇشبۇي پۇرىقى قالدى. بۇ چاي ئۇ ئۆيدە ئىچىدىغان چايغا پەقەت ئوخشىمايتتى.

— شۈيەن، ئاتا - ئاناڭىز تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى خەن خانىم.

— تىنچلىق. . . — دېدى چېن شۈيەن بوشلا، — ئۇلار ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي. ئۆينىڭ ئىشلىرى ئاپامغا قاراشلىق، دادام ئەتىگەن چىقىپ كەتسە، كەچتە كېلىدۇ. ئىدارىدە ئىش ئالدىراش ئىكەن. ھۇنەرۋەن دېگەن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدىكەن، تىرىكچىلىك دەڭە!

— ھەي، ھەممە ئۆي ئوخشاش، — دەپ گەپ قىستۇردى خەي ھامما. ئۇ چاينى ئەكېلىپ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغا تېخى بالدۇر بولغاچقا، ئىشى يوق، بىر چەتتە ئولتۇراتتى، — بىزنىڭ ئۆينى ئېيتايلى، شىنيۈننىڭ دادىسى، ئاكىسى ئەتىگەندە چىقىپ كېتىپ قاراڭغۇدا كېلىدۇ، كۈنىمىز دادا - بالا ئىككىسىنىڭ ئايدا تاپىدىغان بىريۈز ئاتمىش يۈەن پۇلىغا قاراشلىق!

— دادامنى خەن تاغامغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ! — چېن شۈيەن كۆڭلىدىكى گەپنى دەۋەتتى.

— قاراڭە، دېگەن گېپىڭىزنى! — دېدى خەي ھامما تەكەللۇپ بىلەن كۈلۈپ، — ھەممىسى قاشتاش كەسپىنىڭ نېنىنى يەۋاتقانلار، ھەممىسى پېشقەدەم، سىزنىڭ دادىڭىزچۇ. . .

خەي ھامما گېپىنى قىلىپ بولغۇچە خەن خانىم ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى.

شەرقىي ھۇجرىغا قاراپ بېقىڭا، تيەنشىڭ ئەتىگەن ئىشقا ماڭىدىغان چېغىدا كىر كىيىملىرىنى سېلىپ قويدىمۇ - قانداق؟ بۇ بالا كىرلىرىنى ئۆزى يۇمىغان، يا ئۇندىمىگەن! — دېدى ئۇ خەي ھاممىغا.

— ماقۇل، قاراپ باقاي! — دەپ ئالامەت مەسئۇلىيەتچان خەي ھامما شەرقىي ھۇجرىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن خەن خانىم چېن شۈيەنگە:

— خەن تاغىڭىز دادىڭىزنى بۇرۇنلا يوقلاپ بارماقچىدى، خىزمەت ئالدىراش بولغاچقا چولىسى تەگمىدى. ئۇلارنىڭ شىركىتىدە ئادەم كۆپ ئەمەس، مەيلى رەھبەرلەر، مەيلى خىزمەت-

www.uyghurkitap.com

داشلىرى بولسۇن، ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. سېتىۋالىدىغان، سىرتقا چىقىرىدىغان بۇيۇملارنى ئۇ ئالدىن ئۆتكۈزىدۇ، شۇنىڭدىمۇ خالىتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇنى «نوپۇزلۇق»، «مۇتەخەسسىس» دەيدۇ! — دېدى.

چىن شۇيەن:

— بۇنىڭ ھەممىسى راست، قاشتاش ساھەسىدىكىلەر خەن تاغامغا ھېچكىمنىڭ يېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىقرار، ئۇ ھۈنەرگە پىششىق، كۆزى مال تونۇيدۇ، چەت ئەل تىلىغا پۇختا. ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ. مېنىڭ دادام باش كۆتۈرمەي ئىشلەشنىلا بىلىدۇ. سۇ ئورۇندۇقىدىن ئايرىلسا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ! — دېدى.

خەن خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خەن تاغىڭىز ھۈنەرنى تاشلىۋەتكىنىگە نەچچە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، دادىڭىز بىلەن كەسىپداش، ھۈنەرۋەنلەرنى بەكلا چوڭ كۆرىدۇ. دائىم: بېيجىڭدىكى كەسىپداشلارنىڭ ئاردىسىدا سىلىق ئىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشتا چېن خوجايىن ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دەيدۇ.

خەن خانىم كەسپىي ئاتالغۇلارنى دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ «سىلىق ئىش» دېگىنى، زوقئىنىش قىممىتىگە ئىگە قاشتاش بۇيۇملىرىنى، «يىرىك ئىش» دېگىنى، پارقىرىتىپ پەرداز بەرمەيدىغان ئۈزۈك، ھالقا ۋە بىلەزۈك قاتارلىق زىبۇزىننەتلەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ كەسپىي ئاتالغۇلار قاشتاش بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان چېن شۇيەنگە تونۇشلۇق ئىدى. ئەلۋەتتە، خەن خانىمنىڭ دادىسىنى مۇشۇنداق ماختىغانلىقىدىن چېن شۇيەن خوش بولدى. لېكىن ئۇ خەن خانىمنىڭ گېپىنىڭ ئىچىدە گەپ بارلىقىنى بىلەلمىدى: قاشتاش بۇيۇملىرى ساھەسىدە ئاغزىغا تايىنىدىغانلار بىلەن قولىغا تايىنىدىغانلار باراۋەر ئەمەس، قولىدىكى ھۈنىرىگە تايىنىدىغان دادىڭىزنى خەن زىچى بىلەن تەڭ

ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. دېگەندەك مەنە بار ئىدى. ئەمەلىيەت-تە، چېن شۇيەنمۇ مۇشۇنداق قاراشتا ئىدى. خەن خانىمنىڭ مۇناسىۋەتنى توغرىلاش ئۈچۈن بەرگەن بۇ بېشارىتى پۈتۈنلەي ئارتۇقچە ئىدى.

— ھىم، — تامىقىنى چاكىلداتتى چېن شۇيەن. خەن خا-نىمنىڭ دادىسىنى «چېن خوجايىن» دەپ بۇرۇنقى ھۆرمەتلىك نامى بىلەن ئاتىغانلىقى چېن شۇيەنگە غەلىتە ئاڭلىنىپ كەتتى.

— دادامنىڭ ھۈنىرى ھەرقانچە ياخشى بولغىنى بىلەن، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىكار ئۆتۈپ كەتكەن دېسىمۇ بولىدۇ! يا قورۇ - جاي قىلمىغان، يا تۆت تەڭگىنى نېرى تىقىپ قويمىغان، ئاخىر بېرىپ «كىچىك كارخانا خوجايى-نى» دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ ئۆلتۈردى! — دېدى چېن شۇيەن.

خەن خانىم چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— ھوي، بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ سىياسىتى، ھېلىمۇ يادىم-دا، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان چاغلاردا ئاز - تولا قول ئىلكىدە بارلارنىڭ ھەممىسى يا كاپىتالىست يا كىچىك كارخانا خوجايىنى قىلىپ قويۇلغان-دى! — دېدى.

چېن شۇيەن ئۆپكىسىنى باسالماي:

— بىزنىڭ نەدە قول ئىلكىمىزدە بار بولسۇن؟ ئىككى ئېغىز ئۆيىمىز، بىر سۇ ئورۇندۇقى، قولىمىزدا ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بار ئىدى. دادام قانداقمۇ «خوجايىن» بولسۇن؟ ئۇ ئادەم ياللىمىغان، بازاردىن كونا - يالغان نەرسىلەرنى ئەكې-لىپ، ئۇششاق - چۈششەك زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ئۆزى ساتاتتى، ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ رىكشىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان، پىيادە مېڭىپلا يۈرگەن ئادەم ئىدى. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان چاغلاردا يول تاپقانلار، پۇل تاپقانلار قېچىپ قۇتۇلدى، بەزىلەر تارقىلىپ

كەتتى، ھېچقايسىسى ئۆزىگە بالا ـ قازانى يىغىن يولاتمىدى. دادام دېگەن ساراڭ بىرى كۆزىنى ئېتىپ قويغاندەك، خەق نىمە قىلسا، ئۇمۇ شۇنى قىلغانمىش. «قاشتاش ھەمكارلىق كوپىراتىپى» قۇرۇلىدىكەن، ھۈنەرۋەنلەرنى ئالىدىكەن، ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى تاپشۇرمىسىمۇ بولىدىكەن دېگەن گەپلەر چىققانمىش. دادام ئىككى قېتىم يىغىنغا قاتنىشىپتۇ. بىر كۈنى خېپىيلىك بىر يۇرتلۇقى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: سەن يىرىك ئىش قىلىدىغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا بىزنىڭ زەگەرخانىغا كىرمەيسەن؟ دەپتىكەن، دادام يېرىم يولدا «قاشتاش ھەمكارلىق كوپىراتىپى» دىن چىقىپ، زەگەرخانىغا كىرىپتۇ. ئىككى مىڭ يۈەن بىلەن سۇ ئورۇندۇقىنىمۇ تاپشۇرۇپتۇ. ھەر نىمە بولسا «خوجايىن» بولدۇم، خىزمەتچى دەپ ئاتالغانلاردىن ياخشىراق دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى «كىچىك كارخانا خوجايىنى» دەپ مەلۇم قىپتۇ. ھەي، ئۇ نېمىنى بىلەتتى؟ كېيىن بىر يىغىن ئېچىلىپلا ئۆزىنىڭ ئىشچىلار بىلەن بىللە ئەمەسلىكىنى، ئۇ قاتناشقان يىغىنلارنىڭمۇ مەزمۇنىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بايقاپ، شۇندىلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، ئۆزىگە ئۆزى بالا تاپقانلىقىنى بىلىپتۇ...

باياتىندىن بېرى قورۇنۇپ ـ تارتىنىپ ئولتۇرغان چېن شۈيەن قىزىپ كېتىپ بىر پاتمان گەپنى قىلىپ تاشلىدى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ ئىش ئىدى. دادىسىنى بىر ئۆمۈر داغدا قويغان بۇ تەجرىبە ـ ساۋاق ۋە پېشكەللىكلەر ئاپىسىنىڭ دادىسىغا قىلغان تاپا ـ تەنىلىرىنى تولا ئاڭلىغان چېن شۈيەنگە ياد بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دەردلىرىنى مۇلايىم ۋە مېھرىبان خەن خانىمغا تۆكۈپ ئىچىنى بوشىتىۋالدى. شىنيۈ بىلەن ساۋاقداش بولغاچقا، شىنيۈنىڭ ئاپىسىنى يات ئادەم قاتارىدا كۆرمىدى. ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن خەن ئائىلىسىنى سېلىشتۇردى: خەن تاغام ئۆتمۇشتە چوڭ سودا

بىلەن مەشغۇل بولغان، بۈگۈن يەنىلا مۇشۇنداق ياخشى ئۆيدە بۇرۇنقى تەۋرىمەي ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ قانداق بولۇپ كاپىتالىست ياكى كىچىك كارخانا خوجايىنى بولماي، بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرىدىغان دۆلەت كادىرى بولغاندۇ؟ ھەي، تەقدىر، ھەي تەقدىر، سەن ئادىل ئەمەس! مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋاتقان چېن شۇيەن ئىختىيارسىز:

— دادام قانداقمۇ خەن تاغامدەك چېچەن بولسۇن! — دەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق خورسىنىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇ چېچەنمۇ؟ — دېدى خەن خانىم پەرۋاسىزلىق بىلەن — ئۇ ئازادلىق ھارپىسىغىچە ئىگىلىكنى خاراب قىلىۋەتكەن، بولمىسا، ھۆكۈمەت ئۇنى «پرولېتار» قىلىپ ئايرىمىغان بولاتتى.

بۇ گەپنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي مەنالىق گەپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. خەن خانىم خەن زىچىنىڭ ئىگىلىكنى قانداق«خاراب» قىلىۋەتكەنلىكىنى دېمىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەۋېتىدىغان چېن شۇيەنگە ئوخشاش ئۇنداق ئاق كۆڭۈل ئەمەس ئىدى. چېن شۇيەنىنىڭ كەلسە - كەلمەس گۇمانلاردا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئائىلىسىگە مۇقام بەلگىلىگەن خەن خانىم چېن شۇيەنىنىڭ بۇ ئائىلىگە قىزىقىسىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

چېن شۇيەنمۇ خەن خانىمنىڭ ئاغزىنى كوچىلىمىدى، بۇ ئائىلىنىڭ بەخت - سائادىتىدە ئۇنىڭ نېسىۋىسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئادەمدىن تۇرىلىپ، بىكاردىن - بىكار «كىچىك كارخانا خوجايىنى» دەپ ئاتىلىپ قالغان، ماۋۇ «پرولېتارىيات» ئائىلىسىدىن كۈنى ئېغىر بولۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ بالىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەتلەندى، ناۋادا ئۇنىڭ ئائىلىسى خەن ئائىلىسىدەك كاتتا بولۇپ «بۇرژۇئازىيە» دېگەن ئاتاقنى ئالغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى. «ھەي، شىنيۇ نېمىدېگەن

www.uyghurkitap.com

بەختلىك! ئائىلىسىنىڭ كاساپىتىگىمۇ ئۇچرىمايدۇ. داڭلىق ئا-
لىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپمۇ كەتتى. مەن قانداقمۇ
ئۇنىڭغا ئوخشاي، مېنى ھەتتا يېنىك سانائەت ئىنستىتۇتىمۇ
ئالمىسا!» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ.

چېن شۇيەن ئۇياق - بۇياقتىن سۆزلەپ، ئاخىر گەپنىڭ
توچكىسىغا كېلىپ توختىدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىكى
ئۈچۈن ئۇنىڭ دىلى ئۇزۇك ئىدى، بۇگۈن بەرگەن ۋەدىسى ئۇ-
چۇن شىنيۆگە يۈز كېلەلمەي ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەنىدى. يولدا
كەلگۈچە ئىككىلىنىپ، يەنىلا غەيرىتىگە ئېلىپ كەلگەن بولسى-
مۇ، شىنيۆ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتمەي كېتىپ قالغانىدى. بۇ
ھال ئۇنىڭ ھەسرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، ئىختىيارسىز
ئۇنىڭغا يىغا ئولاشتى.

خەن خانىم دىلى نازۇك بۇ قىزغا خەيرىخاھلىق نەزىرى
بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قال-
دى. چېن شۇيەن ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالغانلىقى-
نى پۈتۈنلەي دادىسىدىن كۆرىدىغاندەك، شىنيۆنىڭ تەركىبى
ئۆزىنىڭ تەركىبىدىن ياخشى بولغاچقا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ
كەتتى دەپ ھېس قىلىدىغاندەك قىلاتتى. خەن خانىم ھۆكۈمەت-
نىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە «تەركىبكە قاراپ» ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، بىراق بۇنداق دېسە شىنيۆگە ئۇۋال
بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئالىي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىنى پۇلغا
سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئىمتىھان بېرىدىغان گەپ، قورساقتا
ئۇماچ بولمىسا، ئالىي مەكتەپكە كىرىش مۇمكىن ئەمەس. خەن
خانىم خەن زىچىنىڭ قىزىغا بەرگەن باھاسىغا ئاساسەن شىنيۆ-
نىڭ بىگىسىغا تايىنىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قات-
تىق ئىشىنەتتى. چېن شۇيەن بۇ جەھەتتە شىنيۆگە يەتمىسە
كېرەك. ئەمما بۇ گەپنى چېن شۇيەنگە توغرىدىن - توغرا دېگىلى
بولمايدۇ، ئۇ ھار ئالىدۇ. چېن شۇيەننىڭ ئۆز ئائىلىسىدىن

نومۇس قىلىشقا كەلسەك، خەن خانىم بۇنى توغرا تاپمايدۇ.
مەيلى نېمىلا دېمەيلى، ئۇنىڭ دادىسىمۇ نەچچە ئون يىل تىجارەت
بىلەن شۇغۇللانغان ، قول ئىلكىدە ئىككى مىڭ تەڭگىسى بار
ئادەم ئىدى، كۈنى ئىككى قولىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدى-
غانلارنىڭ كۈنىدىن ياخشى ئىدى. «تۆگە ھەرقانچە ئورۇق بول-
سىمۇ ئاتتىن چوڭ». تېگىنى سۈرۈشتۈرسە، دۆلەتكە تايىنىپ
كۆتۈرۈلگەن ئىشچىلارنىڭكىدىن تېگى چىڭ ئىدى، ئۇلارنى كەم-
سىتىپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. لېكىن بۇ گەپنى ئېنىق دېيىش
تەس. خەن خانىم ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىر چېن شۇيەننىڭ
كۆڭلىنى باشقىچە بىر يول بىلەن ياسىماقچى بولدى.
— قىزىم، بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ. سىزمۇ بۇنداق
بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ يۈرمەڭ! گېپىمنى ئاڭلاڭ، قىزبالا دېگەن
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇسا كۇپايە، ئالىي مەكتەپتە ئو-
قۇش - ئوقۇماسلىق ھېچگەپ ئەمەس. بىزنىڭ تيەنشىڭمۇ ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇمىغانغۇ، ھازىر مانا مەخپىي زاۋۇتتا ئىشلەۋاتما-
دۇ، ئۇنىڭ كىمدىن نەرى كەم؟ سىزچۇ، شىنيۆنى دورىماڭ،
ئۆيدە بىر نەچچە يىل ئاپىڭىزغا ئوبدان ياردەملىشىڭ! — دېدى
خەن خانىم.
چېن شۇيەن قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆزلىرىدىكى ياشنى
ئېرتتى:
— ئاپامغىمۇ ناھايىتى تەس، ئىككى ئىنىم ئوقۇيدۇ، تاماق
يەيدۇ، كىيىم كىيىدۇ، ئوقۇش پۇلى تاپشۇرىدۇ. دادامنىڭ
سەكسەن يۈەن ئايلىقى قانداق يەتسۇن؟ شۇڭا ئاپام ماڭا: سېنىڭ
ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىكىڭ مېنىڭ بەختىم، دەمدۇ!
— توغرا دەپتۇ — دېدى خەن خانىم بېشىنى لىڭشىتىپ —
بالدۇرراق خىزمەتكە چىقسىڭىز، ئاپىڭىزنىڭمۇ غېمى ئازلايدۇ.
— داداممۇ شۇنداق دېدى. ئۇ ماڭا خىزمەت تېپىپ بې-
رىشنى بىرسىگە ھاۋالە قىلدى. ئاڭلىسام، سىر زاۋۇتىنىڭ

ئاسارئەتىقە دۇكىنىدا بىر ئۇستام بار ئىكەن، ئىلگىرى دادام بىلەن بىللە شاگىرت بولغان ئىكەن، شۇ ئادەم ياردەم قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . .

— ھە؟ بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقسا ياخشى بولغۇدەك، ئاتا كەسپىڭىزگە ۋارىسلىق قىلغۇدەكسىز! خەن تاغىڭىز كەلسە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەي، ئۇ بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيدۇ، بىزنىڭ ياردىمىمىز لازىم بوپقالسا، بۇ ئىشقا خەن تاغىڭىزنى ماڭغۇزاي.

— بۇنىڭدا بەك ئوبدان بولاتتى، — دېدى چېن شۈيەن خەن خانىمدىن مىننەتدار بولۇپ، — چوڭ ئاپا، مەن ئاسارئەتىقە دۇكىنىغا كىرىۋالسام، سىزگە ئوبدان رەھمەت ئېيتىمەن.

— ھەي، يات ئادەمدەك گەپ قىلماڭ، بىز خۇيزۇلار بىر - بىرىمىزگە تۇغقان! — خەن خانىمنىڭ «بىز خۇيزۇلار بىر - بىرىمىزگە تۇغقان» دېگىنى، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى خۇيزۇلار ئارىسىدىكى يېقىنچىلىقنى ۋە مۇشۇ مىللەتكە خاس بولغان ھېسسىياتنى كۆرسىتەتتى. چېن شۈيەننىڭ چېيىنى ئىلقلاپ قويۇپ، پەرۋاسىز ھالدا:

— شۈيەن، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز شىنيۈدىن چوڭ. . . — دېدى.

— شىنيۈدىن ئىككى ياش چوڭمەن، بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىردىم، چاغان كەلسە ساق يىگىرمە ياشقا كىرىمەن. مەن مەكتەپكە كېيىنرەك كىرگەن، سىنىپتا ھەممىسىدىن مېنىڭ بويۇم ئېگىز ئىدى. . .

— يىگىرمە ياشقا؟ ياتلىق بولىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قاپتۇ، بۇ ئىش ئوقۇشتىن مۇھىم. لايىقىڭىز بارمۇ؟

چېن شۈيەن قىزىرىپ كەتتى.

— چوڭ ئاپا، خىزمەت ئورنۇم بولمىسا، بۇ ئىشقا كىمنىڭ رەۋتى؟ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇھەببەتلەشمەيدۇ. . .

خەن خانىم كۈلۈپ كەتتى:
— خىجىل بولماڭ! ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ، سىزنىڭ غېمىڭىزنى ئاپىڭىزمۇ قىلىشى كېرەك. بىز خۇيزۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى ئادەملەر كۆپ!
چېن شۇيەن گەپ قىلمىدى، بېشىنى كۆتۈرمەي چاي ئىچىۋاتاتتى.
خەن خانىم خەي ھاممىنى بايا ئىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇ شەرقىي ھۇجرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى ئاختۇرۇپ تيەنشىڭنىڭ كىرىنى يوغان داسقا سېلىپ چىقىپ، ھويلىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، بىر خىلدا يۇيۇۋاتاتتى.
— قاراڭلار، ياقىدىكى كىرنى! قانداق كىيگەندۇ بۇنى؟ — دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ.
چېن شۇيەن پىيالىنى قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا قاراپ ماڭغاچ:
— ھاما، سىز ئارام ئېلىڭ، مەن يۇيۇۋەتەي! — دېدى.
— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ سىز دېگەن مېھمان تۇرسىڭىز! — دېدى ئۇ ئالدىراپ.
چېن شۇيەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ خەي ھاممىنىڭ يېنىغا باردى:
— نېمە بولىدۇ؟ ئۆيدىكى كىرلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن يۇيىمەن. بۈگۈن مەن بىكار. . . — ئۇ شۇنداق دەپ، خەي ھاممىنىڭ قولىدىن تاختاينى ئېلىۋالدى.
خەن خانىم چېن شۇيەننى توسمىدى، كۈلۈپ قويۇپ:
— سىز شىنيۆدىن چاققانكەنسىز! شىنيۆ چوڭ بولۇپ بىرەر قېتىممۇ ئاكىسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ باقمىدى! — دېدى.
خەي ھاما چېن شۇيەنگە تەڭ كېلەلمەي، قوللىرىدىكى ماغزاپنى پەرتۇققا ئېرتتى ۋە خىجىل بولغان ھالدا:
— قىزىم، بۈگۈن چۈشتە كەتمەي مۇشۇ يەردە تاماق يەڭ! — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەن خانىم:

— ھېچقانداق تەييارلىق بولمىسا نېمىنى يەيدۇ؟ مۇنداق بولسۇن، شۇيەن، ئەتىلا يەكشەنبە كېلىدۇ، شىنيۆمۇ چوقۇم كېلىدۇ، ئۇ سىزنى ساقلىسۇن، — دېدى.

— يەكشەنبە كۈنى جەزمەن كېلىمەن! — دېدى چېن شۇ-يەن خۇشال بولۇپ، ئۇ كىر ياقىنى كۈچەپ ئۇۋۇلاۋاتاتتى.

— خەي ھامما، — دېدى خەن خانىم ئۇنىڭغا يەنە دەرھال ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، — ئۇ ئىككىسىگە ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

— ماقۇل، ماقۇل! — خەي ھامما خۇشاللىقىدا تېرىسىگە سىغماي قالدى، شىنيۆنىڭ ئۆيگە كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭ-لى ئالامەت سۆيۈنۈپ كەتتى، — ئەتە سەھەردە تيەنچياۋدىكى ئەركىن بازاردىن تىرىك توخۇ، كۆكتات بازىرىدىن تىرىك بېلىق ئەكېلىمەن!

خەي ھامما شۇئان تەييارلىققا چۈشتى. ئۇ شىنيۆگە ھار-دۇق ئېشى ئېتىش ئۈچۈن گويا جەڭگە تەييارلىق قىلغاندەك كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تەييارلىق قىلماقچى بولدى. لېكىن خەن خانىم كۆڭلىگە چوڭ بىر ئىشنى پۈككەندى، بۇ ئىش ھازىرچە يالغۇز ئۆزىگىلا مەلۇم ئىدى.

# 5 ـ باب تاۋلىنىش

لياڭ يىچىڭنىڭ ئېچىنىشلىق هالدا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشى چىچېنجەيدىكىلەرگە گويا ئاسمان ئۆرۈلۈپ يەر يېرىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

كەينىدىكى هۇجرىدا شېرىن خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان ئانا ـ بالا ئۇچەيلەن تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن ئەنسىز ئاۋازنى ئاڭلاپ ئالدىدىكى دۇكانغا يۈگۈردى. لياڭ يىچىڭ خەن زىچىنىڭ قوينىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈزى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە يەر قىپقىزىل قان ئىدى، خەن زىچىنىڭمۇ ئۇستازىغا ئوخشاش روهى چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇستازىنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىپ، قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا دۇكاندىكى هەممە نەرسە قېتىپ قالغاندى.

بەي ئاغىچا بىلەن يۈئېر ئۆزلىرىنى لياڭ يىچىڭنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ پەرياد سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئونبەش ياشلىق بىئېر ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىن ئىدى. دادىسىنىڭ بايامقى ئېچىنىشلىق توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دۇكانغا يۈگۈرۈپ كىرگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەنى كۆرگەن بىئېر ئائىلىسىنىڭ بېشىغا قانداق تەقدىرنىڭ چۈشكەنلىكىنى دەرهال چۈشەندى. ئۇ دادىسىنىڭ قېرىلىق يەتكەن هارغىن چىرايىغا، ئوچۇق كۆزلىرىگە قاراپ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ياش كۆزلىرىدىن يامغۇردەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ يا پەرياد سالمىدى، يا دادىسىنى تارتقۇشلاپ ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكمىدى، دادىسىنىڭ بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىنى بىلدى. دادىسى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىۋاتقان پەيتتە، ئىمانى ۋە يۈكسەك

www.uyghurkitap.com

ئېتىقادى بىلەن تىپتىنچ ۋە بىمالال كېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا هالاقىت بەرمەسلىك كېرەكلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ چوڭ قىزى تۇرۇقلۇق ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە دادىسىنىڭ يېنىدا بولالمىغانلىقى ۋە ئىمان ئېيتىشنى دادىسىنىڭ ئېسىگە سالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈندى. بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش ئىدى. شۇ تاپتا دادىسىنىڭ روهى يىراقلاپ كەتمىگەن، ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، ئەنە، كۆزلىرى ئوچۇق، ئاغزى يوغان ئېچىقلىق پېتى ياتامدۇ! ئۇ ئىخلاس بىلەن: «لا ئىلاهە ئىللاللاھ، مۇهەممەدەن روسۇلىللا» دەپ ئىمان ئېيتقاچ، دادىسىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئاغزىنى ئاستا سىلىدى، دادىسى كۆزلىرى بىلەن ئاغزىنى يۇمدى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇنى ئاڭلىغانلىقىغا، قېرىنداشلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ۋە ئېتىقادىنى ئېلىپ خاتىرجەم رېھلەت قىلغانلىقىغا ئىشەندى.

بەي ئاغىچا ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ دۇكاننى بېشىغا كىيدى. يۈئېر جېنىنىڭ بارىچە:

— دادا، دادا! . . . — دەپ توۋلايتتى.

بىئېر سىڭلىسىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ باغرىغا يېقىپ:

— ئوبدان سىڭلىم، دادامنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزما! — دېدى.

ئۈشتۈمتۈت يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن گاڭگىراپ قالغان خەنزىچى بىئېرگە قاراپ:

— سىڭلىم ، ئەمدى. . . قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دېدى.

— چى ئاكا، دادامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئىككىمىزگە قاراشلىق، سىز دەرهال بېرىپ مەسچىتتىن تاختىراۋان ئەكېلىڭ! — دېدى بىئېر. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي ئىدى.

لياڭ يىچىڭنىڭ ئۆلۈمى قولۇم ـ قوشنىلارنى چۆچۈتىۋەت-

تى. ئاخۇنلار، يۇرتلۇقلىرى، كەسىپداشلار كەينى - كەينىدىن پەتىلەپ كەلگىلى تۇردى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشاتتى ھەتتا غەيرىي دىندىكى خەنزۇلارمۇ چوڭقۇر خورسىنىپ:

— ھەي ئىسىت، قالتىس ھۈنەرۋەن ئىدى - دە! — دېيىشىپ كەتتى.

تاختىراۋان ئەكېلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ تاختىراۋانى بىر-پارچە تاختايدىن ئىبارەت ئىدى. «تاختىراۋان» دەپ ئاتالغان بۇ تاختاينىڭ ئورنىنى ھېچقانداق تاختاي باسالمايتتى. بۇ مېيىتنى پاكىزە يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان تاختاي ئىدى، ئادەتتە مەس-چىتتە تۇراتتى، قازا قىلغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان مۇشۇ تاختايدا ياتقۇزۇلۇپ ۋۇجۇدى پاكلىناتتى.

لياڭ يىچىڭ تاختىراۋاندا بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە قارىتىلغان ھالدا جىمجىت ياتاتتى. ئۇ ھازىر ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ئىدى. چە-جېنجەيدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلار ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ ئاۋارە قىلمايتتى. ئەجدادلىرىدىن قالغان بۇ قاشتاش دۇكىنى ئۇنىڭ قولىدا تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى گۈللىنىشى، خارابلىشىشى، مەۋجۇت بولۇشى ۋە ھالا-كەتكە يۈزلىنىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئۇ ئائىلى-سىدە بولۇۋاتقان پاتىپاراقچىلىقتىن، قېرىنداشلارنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىدىن ۋە ئازابلىق يىغىسىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇنىڭ روھى ئاللانى ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنى قوغلىشىپ يەنە بىر قېتىملىق يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان بىر كۈنى بارىدىغان ماكانىغا قاراپ يول ئالغانىدى.

مېيىت نامىزى مەرھۇم جان ئۈزۈپ ئۈچىنچى كۈنى يەنى قەمەرىيە 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە بېكىتىلدى. بەي ئاغىچا بىلەن يۈئېرنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، ئۇلار مېيىتنى مەڭ-

www.uyghurkitap.com

گۇ ئۆيدە ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. لياڭ يىچىڭ بولمىسا، تۆۋرۈكى ئۆرۈلگەن بۇ ئۆيدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق جاھانسازلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن بىئېر ئۈنىمىدى.

ــ ئاپا، بولمايدۇ. مېيىتنى ۋاقتىدا يەرلىككە قويۇۋەتكەن ياخشى. دادامنى ئۇزىتىۋېتەيلى، ئۇنىڭ روھى ئەمىن تاپسۇن، ــ دېدى ئۇ

جامائەتمۇ:

ــ لياڭ خانىم، قىزىڭىز راست ئېيتىدۇ، ــ دېيىشتى.

بىر ئۆمۈر ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بەي ئاغىچا بۇنى قانداقمۇ بىلمىسۇن! ئەمما، ئىدراك ئارقىلىق ھېسسىياتنى يېڭىش ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بەي ئاغىچا يىغلايتتى، بىقارار ھالەتتە ئىدى. زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى قىزى بىلەن يۇرتداشلىرىغا تاپشۇرغانىدى.

ناۋادا يۇرتداشلار ياردەم قىلمىغان، جامائەت ئۇستىدە تۇرمىغان بولسا بىئېر ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يولۇققان ئۆلۈمنى ئۇزىتىشقا، ئىشلارنى جاي ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بولاتتى. ئونبەش ياشلىق بىئېر شۇ تاپتا چوپچوڭلا بىر قىز بولۇپ قالغانىدى. ئاپىسىنىڭ يارامسىزلىقى، دادىسىنىڭ شۇكۇر ـ قانائەتچانلىقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ رول ئوينىغانىدى. ئۇ ئۆينى قولىغا ئالغان ئون يىلدىن بۇيان قەيسەر، سالماق بىئېر بولۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسى چۆل باياۋاندا قازا قىلغان تەقدىردىمۇ دادىسىنىڭ مېيىتىنى ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا يۇدۇپ بولسىمۇ ئەكېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يوسۇنى بىلەن يۇيۇپ تاراپ يەرلىككە قويىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى: ئۇ تىنىقىلا بولسا، ئەرسىز قالغان ئاپىسىغا تۇللۇقنىڭ ئازابىنى، دادىسىز قالغان ئاجىز سىڭلىسىغا يېتىملىكنىڭ دەردىنى بىلىندۇرمەي، ئۆينى بۇرۇنقىدەك كۆكلىتىپ كېتىدىغانلى-

قىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆيىدە يەنە ئۆيگە تۈۋرۈك بولغۇدەك ئەركىشى — ئۇنىڭ ئاكىسى خەن زىچى بار ئىدى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم - سىم كۈز يامغۇرى يېغىپ كەتتى. نېمىشقا؟ بىر ئۆمۈر پاك ۋە ھالال ياشىغان لياڭ يىچېڭ يەرلىكىدە ياتىدىغان كۈنى ئاللا نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆپكۆك، تىنىق ئاسماننى ۋە يارقىن كۈن نۇرىنى كۆرسەتمەيدۇ! بەلكىم ئۇ ھايات ۋاقتىدا ياراتقان ئىگىسىگە كۆپ قەرزدار بولۇپ قالغان، قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن چوڭ-قۇر قايغۇ - ئازاب قالغان بولۇشى مۇمكىن.

كۈز يامغۇرى چىچېنجەينى نەمخۇش قىلىۋەتكەنىدى. بەي ئاغىچا، بىئېر ۋە يۈئېر نەم يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېيىت يۇغۇچىلارنىڭ مېيىتنى ئاستىراق يۇيۇشىنى تىلەيتتى...

خەن زىچى ئاق چىمىلدىق ئىچىدە، ئۇستازىنىڭ يېنىدا، تولىدا ئىۋرىق، مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان مەس-چىتتىكى مەخسۇس «مېيىت يۇغۇچىلار» نىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ مېيىتنى يۇيۇشىغا ياردەملىشىپ ئۆرە تۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، قازا قىلغان كىشى يۇيۇپ - تارالغان-دىن كېيىن ھايات ۋاقتىدىكى بارلىق گۇناھلىرىدىن خالاس بو-لاتتى. لياڭ يىچېڭنىڭ بىرەر تۇغقىنى، يا ئوغلى يوق ئىدى، ئەتىۋارلىق ئىككى قىزى دادىسىغا ھەرقانچە ۋاپادار بولغان بىلەن-مۇ، مېيىتنىڭ يېنىغا يېقىن بارالمايتتى. شۇ مەيداندا ئۇستازى بىلەن دادا - بالىغا ئوخشاش بولۇپ كەتكەن خەن زىچىلا لياڭ يىچېڭنىڭ بىردىنبىر تۇغقىنى ئىدى. ئۇستازىنىڭ ياداڭغۇ ۋە سولغۇن چىرايىغا قاراپ تۇرغان خەن زىچىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ يىل ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇستازى بىلەن مۇشۇنداق بالدۇر ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. ئۇ تېخى ئۇستا بول-مىغان، ئۇستازىنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىغانىدى، ئۇستازى

www.uyghurkitap.com

ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۇستازى ئۆمرىدە بېھىساپ نەپىس قاشتاش بۇيۇملىرى ياسىغانىدى، مانا ئەمدى قۇرۇق قول، يالىڭاچ پېتى ئىككى مېتىر ماتاغا ئورالغان ھالدا ياتاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىدىغان تەئەللۇقاتى شۇلا ئىدى!

بارلىق «گۇناھى - كەبىرلىرى» دىن خالاس بولغان لياڭ يىچىڭ تەختىراۋاندا ياتاتتى، جىسمى ماتا بىلەن ئورىۋېتىلگەنىدى، سىم - سىم يامغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى يۇماقتا ئىدى.

ئىمام قىبلىگە قاراپ مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى يېنىدا تۇرۇپ، مەرھۇم ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت ئوقۇدى، مەرھۇمغا ئاقىۋەت ۋە مەرھۇمنىڭ بالدۇرراق جەننەتكە كىرىشىنى تىلىدى.

جىنازا نامىزى تۈگىدى، سەككىز مۇسۇلمان يىگىت لياڭ يىچىڭنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالدى. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەندە قازا قىلسا، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، يېقىنلىرى ئۈزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويىدۇ، دەپنە خادىملىرىنى «ياللاش» كەتمەيدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئاچلىقتا ئۆلۈپ قالغان تىلەمچىنىمۇ يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويىدىغان ئادەم ھامان چىقىدۇ. قائىدە بويىچە تاۋۇتنى تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، ھەر ئون قەدەمدە ئادەم ئالمىشىدۇ. بېيجىڭدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇنى بار بولۇپ، مەرھۇمنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە دەپنە مۇراسىمىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، تاۋۇت كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلەتتى، تاۋۇتنى كۆپ بولغاندا قىرىق ئادەم، ئاز بولغاندا سەككىز ئادەم كۆتۈرەتتى، سەككىزدىن ئاز بولۇپ قالسا بولمايتتى. لياڭ يىچىڭ دۆلەتمەن ھەم نامدار بولمىغاچقا، ئۇنىڭ نامىزى تولىمۇ ئاددىي بولدى.

مېيىت ئۇزاتقۇچىلار يول بويى تەكبىر ئېيتىپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. مېيىتنى ھەشەمسىز تېز ئۇزىتىش مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئەخلاقى ئىدى. ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى دۇنيادىكى ھەر خىل مىللەت ۋە ھەر خىل دىندىكىلەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدىن كۆپ ئاددىي ئىدى. مۇسۇلمانلار مېيىتنى كۆركەم ساندۇققا سالمايدۇ، مېيىتكە قىممەتلىك ئاخىرەتلىك كىيگۈزمەيدۇ، قەغەز ھارۋا، قەغەز مەپە، قەغەز ئادەم ۋە قەغەز ئات ياسىمايدۇ، تۇغ - ئەلەم، جاڭ، كۇنلۇك ۋە يەلپۇگۇچ كۆتۈرمەيدۇ، ناغرا - سۇناي چالمايدۇ، يول بويى قەغەز پۇل چېچىپ ماڭمايدۇ. . . ئاللاغا تېۋىنغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مال - دۇنيا بىلەن ئۆزىنى پەردازلىشى بىھاجەت.

خەن زىچى كۆزلىرىنى ياشلاپ، ئۇستازنىڭ تاۋۇتىنى تۇتۇپ گويا پىچاقنىڭ بىسىدا ماڭغاندەك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇستاز، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى يوق، سىڭىللىرىمنىڭ ئورنىدا مەن بالىلىقنى ئادا قىلدىم! يول پاتقاق ئىدى، ئۇ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتاتتى، قاتتىق ئازابلانغاچقا، بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، نىشاننى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇ ئۇستازىنىڭ تاۋۇتى بىللە كېتىۋاتاتتى. ئۇستازىنىڭ بېشى قىبلىگە قارىتىلغانىدى. بۇ قەبرىستانلىققا بارىدىغان تەرەپ ئىدى. ئۇستاز، سىلى ئۆيلىرىنى سېغىنمىدىلىمۇ؟ چېچېنجەيگە تارتىشمايۋاتاملا؟ ئايال زاتى بولغانلىقى ئۈچۈن سىلىنى قەبرىستانلىققىچە ئۇزىتالمىغان قوشناچ بىلەن ئىككى قىزلىرىنى سېغىنمىدىلىمۇ؟ ئۇستاز، سىلى نېمانداق تېز كېتىپ قالدىلا؟ بىردەمدىن كېيىن بىز سىلىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمىز!

كۆز يامغۇرى قەبرىستانلىقنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. قاتار - قاتار كەتكەن قەدىمىي قەبرىلەر خۇددى يېڭى قەبرىلەردەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر يېڭى مېيىت قويۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. «قاشتاش بويۇملىرى ئۇستىسى لياڭ جەمەتى» نىڭ ئاخىرقى بىر

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادىمۇ بۇ يەردە مەڭگۈ ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

مۇسۇلمانلار مېيىتنى يەرگە كۆمىدۇ. ئەرەبىستان ۋە باشقا نۇرغۇن ئەللەردە جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە ھاۋا كىلىماتى ئوخشاش بولمىغاچقا، دەپنە ئىشلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزى يەرلەردە مېيىت قۇمساڭغۇ توپىغا ئارانچىلا كۆمۈپ قويۇلىدۇ، تۇغ باغلانمايدۇ، بەلگە قويۇلمايدۇ. بەزى يەرلەردە، مېيىت يەرلىككە ئوبدان قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە تاش ياتقۇزۇپ قويۇلىدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مېيىتنى يەرنى چوڭقۇر كولاپ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان، گەرچە ئازراق ئۆزگىرىش بولسىمۇ، لېكىن دەپنە قىلىش پرىنسىپى ئاساسەن ئوخشاش. ئاللا لايدىن ئادەم ئاتىنى ياراتقان، ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى توپىدىن يارالغان، ئۇلار يەنىلا توپىغا مەنسۇپ. . .

يەرلىك كولاپ تەييار قىلىپ قويۇلغانىدى. جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ كولانغان چوڭقۇر ئورەك تاش گۆر ئىدى. تاش گۆرنىڭ ئىچىدە يەنە غەرب تەرەپتە چېپىلغان ئىچ گۆر بار ئىدى، مېيىت ئاشۇ ئىچ گۆرگە قويۇلاتتى. مۇسۇلمانلار «ئىچ گۆر»نىڭ ئاغزىنى تاختاي بىلەن ئەمەس، بامبۇك ياكى كېسەك بىلەن ئېتىدۇ. بېيجىڭدا بامبۇك كەمچىل بولغاچقا، بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىچ گۆرنىڭ ئاغزىنى بىرپارچە نېپىز تاش تاختا بىلەن ئېتىپ توپا يۆلەپ قويىدۇ. خەن زىچى ئۇستازى مەڭگۈلۈك ماكان تۇتقان ئاشۇ جايغا قاراپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ قوڭۇر يېڭى توپىنى ھۆلدىمەكتە ئىدى. ئۇستازىنىڭ بويى ئېگىز ئىدى، ئىچ گۆرگە پاتارمۇ؟ ئۇستازى بىر ئۆمۈر سۇ ئورۇندۇقى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئىشلىدى، ئەمدى پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىشى كېرەك. «ئىچ گۆر» تۇزمىدۇ؟ قائىدە بويىچە، مېيىت قويۇلۇشتىن ئاۋۋال مېيىت ئىگىلىرىدىن بە بىلەن ئىچ گۆرنىڭ

ئىچىگە كىرىپ يېتىپ بېقىشى كېرەك ئىدى، لېكىن مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستازىنىڭ تۇغقانلىرى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇستازىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتقان تۇغقىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ئەمەسمۇ؟ ئۆز ئوغلىغا ئوخشاش شاگىرتى! خەن زىچى دەرھال يەرلىكنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ قاراڭغۇ، نەم ئىچ گۆردە يېتىپ باقتى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ قالدىمۇ - قانداق دەپ يەرنى تەكشى سىيپاپ چىقتى.

خەن زىچى پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ ئىچ گۆردىن چىقىپ، ئۇستازىنىڭ مېيىتىغا قولىنى ئۇزاتتى. جامائەت لياڭ يىچىڭنى تاۋۇتتىن ئېلىپ، ئاستا ـ ئاستا پەستە تۇرغانلارغا سۇندى. خەن زىچى ئۇستازىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئىچ گۆرگە قويدى. ئۇستازىنىڭ بويىدا ماتاغا ئورالغان خۇش پۇراق نەرسە بار ئىدى. ئۇ چوڭقۇر مېھىر بىلەن ئۇستازىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى، ئۇستازى خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. ياش بىلەن خەن زىچىنىڭ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ كەتتى. ئاخىرقى ۋىدالىشىش پەيتى يېتىپ كەلدى. ئۇ تىمىسقىلاپ يۇرۇپ ئىچ گۆرنىڭ ئاغزىـ نى كېسەك ۋە نېپىز تاش بىلەن ئەتتى. . .

ئىچ گۆرنىڭ ئاغزى ئېتىلدى، تاش گۆر تىندۇرۇلۇپ، تۇپتۇز يەردە لياڭ جەمەتىنىڭ يەنە بىر قەبرىسى پەيدا بولدى. . .

خەتمىقۇرئان ئوقۇلدى. بۇ مەرھۇمگە بولغان ئاخىرقى ئۇ- زىتىش، مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بېرىلگەن ئاخىرقى تەسەللى ئىدى. ئىزغىرىن كۈز شامىلىغا ئەگىشىپ يېغىۋاتقان يامغۇر قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا شا- يىدەك تولغىنىپ چۈشۈۋاتاتتى.

خەن زىچى ئۇستازىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ، سۇ ئورۇندۇقى ئالدىدا ئۈچ يىل ئىشلەپ قاتقان قوپال قوللىرى بىلەن «قاشتاش ئۇستىسى لياڭ جەمەتى» نىڭ قەبرىلىرىنىڭ

ئارىسىدىن يېڭى ئورۇن ئالغان قەبرىنىڭ نەم توپىسىنى مۇشتلاپ كەتتى . . .

ئۆيدە «خەتمىقۇرئان» ئوقۇپ بولۇندى. بىئېر ئاخۇنلار بىلەن يېنىقتىن يانغانلارغا «ئىسقات» تارقاتتى، تاماق تارتتى. ۋاپادار قىزنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇشۇنىڭ بىلەن ئورۇندالدى. دىنىي قائىدە بويىچە، قازا قىلغۇچى «ئىسقات ـ سالات» بېرىش توغرۇلۇق بالا ـ چاقىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرمىسىمۇ، بالا ـ چاقىلىرى مەرھۇمنىڭ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى «سەدىقە» ھېسابىدا باشقىلارغا بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەرھۇمنىڭ قازا قىلغان نامىزى، تۇتالمىغان روزىسى تولۇقلىنىپ كېتەتتى. لياڭ يىچىڭ بىر ئۆمۈر قاشتاش تاراشلاپ ئۆتكەچكە، قازا قىلغان نامىزى، تۇتالمىغان روزىسى كۆپ ئىدى. بىئېر ئاللانىڭ دەرگاھىدا دادىسىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن ئاپىسى، سىڭلىسى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانچىلىك قاتتىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى.

يامغۇر ناماز شام مەھەلدە توختاپ، بۇلۇتلار تارقىلىپ، ئاسمان سەتھىدە تولۇن ئاي غۇۋا كۆرۈندى. ئاھ، ئادالەتسىز كۆك، سەن ئۆمرى ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن لياڭ يىچىڭنى سوغۇق شامىلىڭ، كۆڭۈلسىز يامغۇرۇڭ بىلەن ئۇزىتىۋېتىپ، ئاندىن ئىنسانلارغا تىنىق چىرايىڭنى ئاچتىڭ!

خۇيىيۇەنجەينىڭ خوجايىنى پۇ شۇچاڭ ئۈچىسىغا يېڭى تىكتۇرگەن كەمزۇل، بېشىغا شلەپە كىيىپ، قولىدا بىر بولاق ئاق توقاچ، چىجېنجەيگە كەلدى، ئۇ دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ خۇشال ھالدا:

ــ لياڭ خوجايىن، سىزنىڭ تاۋۇز چاغىڭىزنى مۇبارەكلەپ كەلدىم! ــ دېدى.

ئۇنىڭغا ئىشىكنى خەن زىچى ئېچىپ بەردى. خەن زىچىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ:

— پۇ خوجايىن، سىز كېچىكىپ قالدىڭىز، ئۇستازىم... ئۇ بۇ دۇنيادا يوق! — دېدى.

پۇشۇچاڭ ھەيران بولۇپ:

— ھە، قاچان بولغان ئىش بۇ؟ نېمىشقا مېنى خەۋەردار قىلمىدىڭلار؟ زىچى، لياڭ خوجايىن بىلەن بولغان بۇرادەرچىلى- كىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ بولسىمۇ ماڭا خەۋەر قىلىشۋەتسەڭ بولماسمىدى! — دېدى.

لياڭ يېچىڭنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بەي ئاغىچا ئۇنىڭ ئالدىغا يىغلاپ چىقىپ:

— پۇ خوجايىن، دېمىمىز ئۇخشاش بولمىغاچقا، سىلىنى ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق... ئۆزلىرى دەپباقسىلا، بۇنداق بولارد- نى كىم ئويلىغان، ساپساقلا ئىدى... — دېگىنىچە يىغىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ، خۇددى نىجاتكارىنى كۆرگەندەك پۇ شۇچاڭغا قارىدى، — بىزنى تاشلاپ كەتتى... بىز يېتىم قالدۇق...

بەي ئاغىچا يىغلىۋىدى، كىچىك قىزى يۇ ئېرمۇ:

— دادا... دادا... — دەپ يىغلاپ كەتتى ۋە پۇ شۇچاڭغا قاراپ، — دادام سىلى ئۈچۈن، سىلىنىڭ ھېلىقى قاشتاش كې- مىلىرى ئۈچۈن قازا قىلدى! — دېدى.

— ئۇ كېمە.... — پۇ شۇچاڭ قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز يېشىنى ئېرتتى — پۈتۈن دەسمايەم كېتىدىغان بۇ ئىشنى تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنىڭغا بەرگەنىدىم. بۇ بۇيۇم قولدىن چىقسا ئاجايىپ ئىش بولاتتى. مانا قاراڭلار، — دېدى ئۇ يەنە قولىدىكى ئاي توقاچنى كۆرسىتىپ، — قاشتاش كېمىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئالايىتەن مۇسۇلمانچە ئاي توقاچ ئالغانىدىم.

— پۇ خوجايىن، كۆڭۈللىرى بىزگە تېگىمىل بولدى. لې- كىن، يېچىڭ ئۇ... ئۇ سىلىگە يۈز كېلەلمەيدۇ، ئۇ قاشتاش

www.uyghurkitap.com

كېمە . . . چېقىلىپ كەتتى! ــ دېدى بەي ئاغىچا قار ــ يامغۇر يېغىلىغان پېتى ئېرى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ.

ــ چېقىلىپ كەتتى؟ ــ دېدى پۇ شۇچاڭ ھەيران بولۇپ. قانداق چېقىلىپ كەتتى؟ بۇ . . . كىشىنىڭ پەقەت ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغانلا بىر ئىشقۇ بۇ؟

پۇ شۇچاڭ ئالدىراش دۇكانغا كىرىپ، ئايلىنىشتىن توختاپ قالغان سۇ ئورۇندۇقىغا، يەردىكى ئۇيۇپ قالغان قارامتۇل قان ئىزىغا، قاشتاش كېمىنىڭ قان تەگكەن سۇنۇقلىرىغا قاراپ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىردىنلا تىزلىنىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن قاشتاش كېمىنى سىيلاپ تۇرۇپ يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.

ــ ئەپسۇس! ــ دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ، ــ ماھىر ئويمىكەش بۇيرۇتمىنى پۈتكۈزەي دېگەندە، قازا قىلىپ، بۇيرۇتما چېقىلىپ كېتىپتۇ، بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش! بۇرادەر يېڭىك، سىلى بىلەن شۇنچە يىل بۇرادەرچىلىك قىلىشىپ كەلگەندۇق، ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ۋىدالاشتۇق! گەرچە بۇيرۇتمام ساق ـ سالامەت قولۇمغا تەگمىگەن بولسىمۇ، ئىنىلىرىنىڭ تەزىيىسىنى قوبۇل قىلغايلا، ــ تولا يىغلاپ ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ كەتتى.

پۇ شۇچاڭنىڭ قولىنى جۈپتەكلەپ تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈشى ئىسلام دىنىنىڭكىگە ئوخشىمىسىمۇ، بۇنىڭدىن بەي ئاغىچا تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ پۇ شۇچاڭنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە:

ــ پۇ خوجايىن، بىز ئاتا ـ بالىلار مەرھۇم ئۈچۈن سىلىگە رەھمەت ئېيتىمىز! ــ دېدى.

پۇ شۇچاڭ يېشىنى ئېرتقاچ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ لياڭ خانىم، ئۆلگەنلەر قايتا تىرىلمەيدۇ، چېقىلىپ كەتكەن قاشتاش كېمە ئەسلىگە كەلمەيدۇ. چېقىلىپ كەتكەن

بولسا بوپتۇ! — دېدى.

قاتتىق تەسىرلەنگەن بەي ئاغىچا پۇ شۇچاڭنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ، قىزلىرىنى چاي دەملەشكە بۇيرۇدى.

پۇ شۇچاڭ چايدىن بىر ئوتلاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئاستا گەپ باشلىدى:

— لياڭ خانىم، لياڭ خوجايىن قازا قىلىپ قىيىنچىلىق تارتىدىغان بولدۇڭلار، بۇنىڭغا چىدىيالماي قېلىۋاتىمەن! مېنىڭچە بولغاندا، ماغدۇرۇمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلسام ئوبدان بولاتتى، لېكىن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق، دېگەندەك، مېنىڭمۇ قىيىنچىلىقىم بار...

— شۇنداق بولمامدىغان! — دېدى بەي ئاغىچا، — سىلى كاتتا دۇكانلىرى بار ئادەم، تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە. سىلىنىڭ چىقىملىرى كۆپ! پۇ خوجايىن، بىزگە سىلىنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گەپلىرى كۇپايە، سىلى...

— جاھان تارلىشىپ كەتسە ئالىيجاناب ئادەملەر قالمايدۇ! — دېدى پۇ شۇچاڭ كەينى - كەينىدىن ھەسرەتلىك تىنىپ، — مۇشۇ قاشتاش كېمىنى ئالايلى، مېنىڭچە بولغاندا، ئۆتكەن ئىشلارنى بولدى قىلىۋەتسەك، زاكالەت پۇلى، توختامنامە دېگەنلەرنى تىلغا ئالمىساق بولاتتى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن تىلغا ئالمىغىنىم بىلەن باشقىلار تىلغا ئالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەن لياڭ خوجايىن بىلەنمۇ، خونتېر ئەپەندى بىلەنمۇ توختام تۈزگەن. مانا ھازىر ئۈچ يىللىق مۆھلەت توشتى، خەق مەندىن ئۇ قاشتاش كېمىنى سورىسا، مەن ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسام، ئۇ ماڭا ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىدۇ، ئۇ چاغدا... قانداق قىلىمەن؟

بەي ئاغىچىنىڭ چىرايى شۇئان ئاقىرىپ كەتتى:

— پۇ خوجايىن، بۇ گەپچە، بىز...

— بۇ گەپنى قىلىشقا مېنىڭمۇ تىلىم بارمايدۇ. لياڭ

خوجايىن بىلەن ھېساباتىمىز تېخى تۈگىمىگەن، توختامدا: كېمە قاشتاشقا رەسىمدىكىگە ئوخشاش ئويۇپ چۈشۈرۈلىدۇ، ئىش ھەققى ئىككى مىڭ تەڭگە، ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئالدىن بېرىلىدۇ. مۇددىتى ئۈچ يىل، قايسى تەرەپ توختامنى بۇزسا، بارلىق زىياننى شۇ تەرەپ تۆلەيدۇ دەپ ئېنىق يېزىلغان، — ئۇ يانچۇقىدىن ھېلىقى توختامنى چىقاردى، — ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرسىلە، بۇ توختامنى ھېسابتا لياڭ خوجايىن بۇزدى. ئىككى تەرەپ قول قويغان ماددىغا ئاساسەن لياڭ خوجايىن زاكالەت بەرگەن ئالتەيۈز كۈمۈش تەڭگىنى قايتۇرۇشى كېرەك. ئۆسۈمى بىلەن يىغىپ ھېسابلىغاندا ئۇ ھازىر بىر مىڭ سەككىزيۈز ئەللىك توققۇز تەڭگە بولىدۇ!

بۇ ساننى ئاڭلىغان بەي ئاغىچىنىڭ شۇئان كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

پۇ شۇچاڭ بەي ئاغىچىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— لياڭ خانىم، سودا ئەھلىدە مۇنداق بىر گەپ بار: بۇرادەرچىلىك دېگەن بۇرادەرچىلىك، سودا دېگەن سودا. ئادەم ئۆلدى كەتتى، لېكىن ھېسابات ئۆلمەيدۇ، بولمىسا، لياڭ خوجايىن يەرلىكىدە خاتىرجەم ياتالمايدۇ. مېنىڭ چىقىمىم كۆپ، ماڭىمۇ ئامال يوق، بولمىسا يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ بۇ گەپنى سىلىگە قىلمىغان بولاتتىم، — دېدى.

پۇ شۇچاڭ توختامنى چىڭ سىقىمداپ تۇتقان پېتى بەي ئاغىچىنىڭ جاۋابىنى كۈتتى. ئۇ بۈگۈن بۇ يەرگە مۇشۇ مەقسەتتە كەلگەنىدى. قاشتاش كېمىنىڭ چېقىلىپ كەتكەنلىكىدىن، لياڭ يىچىڭنىڭ ئۈشتۈمتۇت قازا قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بايا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆز بويامچىلىق ئىدى.

بەي ئاغىچا قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ پۇ شۇچاڭغا يېلىنىپ:

— بۇ خوجايىن، سىلى بىلىلا، مەرھۇمدىن بىزگە ھېچنېمە قالمىدى. ئۇ زاكالەت پۇلنى ئاللىقاچان ئىشلىتىۋەتتۇق. ئۇنچىلا كۆپ پۇلنى سىلىگە نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟ بىزگە رەھىم قىلسىلا، بىزدەك يېتىم - يېسىرلارغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، سىلىدىن خۇش بوپكېتەي! — دېدى.

بىئېرنىڭ سەۋر قاچىسى ئاللىقاچان تېشىپ بولغانىدى. ئۇ كۆز يېشىنى ئېرتىپ:

— ئاپا، بۇنداق يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ كەتمە، بولمىسا خەق بىزنى باشقىچە ئويلاپ قالىدۇ! دادىنىڭ قەرزىنى بالىسى ئۈزىدۇ. قانچىلىك قەرز بولسا قايتۇرايلى. پۈتۈن بىساتىمىزنى ساتايلى، ئۆيىمىزنى گۆرۈگە تۇتايلى، ئاچ - يالىڭاچ قالساقمۇ مەيلى، بېشىمىزنى تىك تۇتۇپ يۈرەيلى! — دېدى.

— پاھ، چوڭ قىزلىرىنىڭ گېپى ئەجەب ئۇچۇقكىنا! — دېدى بۇ شۇچاڭ كۈلۈپ، — لېكىن، مەن بۇ شۇچاڭنىڭ ھارام نىيىتى يوق. تەڭرىنىڭ كۈنى ئۇزۇن، ھەممىمىز بىر كەسىپنىڭ نېنىنى يەۋاتقان ئادەملەر، مەن سىلەرنى قانداقمۇ ماكانىڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىۋېتەي؟ لياڭ خانىم، مۇنداق بولسۇن، سىلى پۇلنى ھازىرچە تەييار قىلالمىسىلا، مەنمۇ سىلىنى قىستىماي. پۇلنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسە بەرسىلىمۇ بولىدۇ. بابا دۇكانغا قارىسام، ئازراق ئىش بار ئىكەن، مەيلى پۈتكەن ياكى پۈتمىگەن ۋە ياكى قول تەگمىگەن ماتېرىياللار بولسۇن، ئىككى سۇ ئورۇندۇقىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلايلى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى زاكالەت پۇلىغا چىقىش قىلىنسۇن - قىلمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن تۈگىشەيلى!

خەن زىچى كۆڭلىدە ھېسابلاپ گەپ قىلماي بىر چەتتە تۇراتتى. بۇ شۇچاڭنىڭ بۇ ھېساباتى ئىنساپسىزلىق بىلەن قىلىنغان ھېسابات ئىدى. ئۇ بىرمىڭ سەككىزيۈز تەڭگىنىڭ ئورنىغا چىجېنچەيدىكى قالدۇرۇق پۇل ۋە قالدۇرۇق ماتېرىياللارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

پاك ـ پاكىزە ئېپكەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

بېئىر چىشىنى چىشلەپ:

— شۇنداق بولسۇن! ئەمما ئىككى سۇ ئورۇندۇقىنى بې-رەلمەيمىز. بۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ تەۋەرۈكى، بىزنىڭ تاماق قاچىمىز، ئۇنىڭدا چى ئاكام ئىش قىلىدۇ! — دەپ، خەن زىچىڭگە قاراپ قويىدى.

خەن زىچى يەرگە قاراپ گەپ قىلمىدى.

پۇ شۇچاڭ:

— قىزچاق، ناۋادا سىز دېگەندەك بولىدىغان بولسا، بۇ ھېساب ـ كىتابنى ئوبدانراق قىلساق بولغۇدەك . . . — دېدى.

بەي ئاغىچا يالۋۇردى:

— پۇ خوجايىن، بالىلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ئانا ـ بالا نەچچىمىز كوچىدا قالمىساقلا، سىلىگە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىمەن. سىلى دېگەندەك بولسۇن، ئىشلەتكىلى بولسا، ھەم-مىنى ئېپكەتسىلە، ئىشلىتىدىغان ئادەممۇ تۈگىدى. سۇ ئورۇن-دۇقنى كۆرۈپ. . .

— ئېپكەتسىلە، ئېپكەتسىلە! — دېدى بېئىر ئاچ ـ چىقىدا — چى ئاكا، سۇ ئورۇندۇقى بولمىسا گەردىن چىنىدە چاي ساتىمىز!

خەن زىچى يەنە گەپ قىلمىدى.

پۇ شۇچاڭ ئىشىنىڭ پۈتكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ ئەتە هارۋا ئەۋەتىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېپكېتىدىغانلىقىنى دەپ ئورنى-دىن تۇردى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا دۇكانغا كىرىپ «جېك خېنىڭ دېگىنىز سەپىرى» ناملىق رەسىمنى ئاۋايلاپ قاتلىدى، جېك خې-نىڭ بىلىكى سۇنۇپ كەتكەن ھېلىقى قاشتاش كېمىنى قوش قوللاپ ئېلىپ:

— بۇنى سىلەر ئېپقالغىنىڭلار بىلەنمۇ بىكار، ماڭا يالداما بولۇپ قالسۇن، ئۇنى كۆرسەم لياڭ خوجايىننى كۆرگەندەك

بولىمەن، ــ دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ قولياغلىقىنى چىقىرىپ يېشىنى سۈرتتى.

بۇ بىر قاتار كۆز بوياmچىلىقلار ئالدىدا بىئېر ھەرگىز قايمۇقۇپ قالمىدى، ئۇ ئىچكەركى ئۆيدىن بايا پۇ شۇچاڭ ئەكەل- گەن بىر بولاق ئاي توقاچنى ئاچىقىپ:

ــ چى ئاكا، بۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەر! ــ دېدى.

خەن زىچى ئاي توقاچنى ئېلىپ پۇ شۇچاڭنى ئۇزىتىپ جىم كېتىۋاتاتتى. پۇ شۇچاڭ چىقىپ كېتىۋېتىپ خەن زىچىگە بىر نەرسىنى دېيىشنى بىئەپ كۆرگەندەك كۇلۇپ قويۇپ، ــ بۇ سىڭلىڭىزنى چوڭ بولسا ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ جۇمۇ، ــ دەپ قويدى.

ــ بىئېر كىچىك ھەم نادان، كەچۈرگەيلا! ــ دېدى ئۇ- نىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان خەن زىچى يەردىن بېشىنى ئۇستۇن قىلماي، ــ پۇ خوجايىن، سىلىگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، دەيمۇ ـ دېمەيمۇ!

ــ ھە؟ نېمە دېمەكچىسەن؟ ــ دېدى پۇ شۇچاڭ سەگەك- لىك بىلەن قەدىمىنى توختىتىپ. ئۇ خەن زىچىنى كۆڭلۇمگە تەگكۇدەك گەپ قىلارمىكىن دەپ ئويلىدى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، پۇ شۇچاڭ خەن زىچىغا بىئېرغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايتتى.

ــ سىلى ئاۋۋال ماقۇل بولسىلا، ــ دېدى خەن زىچى پۇ شۇچاڭنىڭ دۈشمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قادىلىپ، ــ ماقۇل بولسىلا، ئاندىن دەيمەن، بۇ ئىشنىڭ سىلىگە، ئۇستازىم- غا ۋە ھېچكىمگە زىيىنى تەگمەيدۇ. . .

ــ ياخشى ئىشمۇ؟ ماقۇل بولسام قانداق قىلىسەن؟ ــ دېدى پۇ شۇچاڭ گۇمانلىق نەزەرى بىلەن خەن زىچىغا تىكىلىپ قاراپ، ــ دېگۈڭ بولسا دەۋەرمەمسەن؟

ــ مەن ئويلايمەن. . . ــ خەن زىچى قايتا ـ قايتا ئويلى-

www.uyghurkitap.com

نىپ ئاخىر دېدى، — ماڭا ھاياتلىق يولى بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، سۇ ئورۇندۇقى بىلەن بىللە خۇيىيۇەنجەيگە كىرەي!

— ھە؟ — دېدى پۇ شۇچاڭ. ئۇ چىجېنجەينىڭ تاقىلىپ قېلىش خەۋپى ئالدىدا تۇرغان بىر چاغدا لياڭ يىچىڭنىڭ يارامىلىق شاگىرتى خەن زىچىنىڭ باشقا بىرىنى ئەمەس، چىجېنچەينى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىۋاتقان ئۆزىنى پاناھ تارتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ پەقەت چۈشەنمىدى، ئۇنىڭ چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى! پۇ شۇچاڭ نەزەرىدە خەن زىچى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بىر يېتىم ئىدى. خۇيىيۇەنجەيدە ئادەم تولۇق، سودا ياخشى، مال مەنبەسى مول تۇرسا، ئۇ خەن زىچىنى ئېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنىڭدەك نامرات ھۈنەرۋەننىڭ شاگىرتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خۇيىيۇەنجەي سودا ئورنى، دۇكان قۇرمايدۇ، پۇ شۇچاڭ ئۇ ئىككى سۇ ئورۇندۇقىنى ئاپىرىپلا سېتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇ شۇچاڭنىڭ كۆڭلىگە شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ لياڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ قالدى، لياڭ يىچىڭنىڭ ئوغلى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىككى قىزى ھامان بىر كۈنى ئەرگە تېگىپ، بالا - چاقىلىق بولىدۇ. بىئېرنىڭ ئەپتىگە قارىغاندا بۇ ئۆچ - ئاداۋەتنى نەچچە ئەۋلادقىچە تۈگەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. قاقۋاش پۇشۇچاڭنىڭ بۇ ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىۋەتكۈسى، «ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەننى ئاز دەپ شاگىرتىنىمۇ ئېپكېتىپتۇ» دېگەن ئاتاققا قالغۇسى يوق ئىدى. ئۇ كۆڭلىگە «شاراققىدە» قىلىپ قۇلۇپ سېلىپ، خەن زىچىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىۋېتىشنى ئويلىدى.

دۇنيادا ھەرخىل قۇلۇپلار، شۇنىڭدەك ھەرخىل قۇلۇپلارغا چۈشىدىغان ھەرخىل ئاچقۇچلار بولىدۇ. خەن زىچىدەك ئەرزىمەس بىر ئاچقۇچنىڭ پۇ شۇچاڭنىڭ ھىيلە - مىكىرگە تولغان

ئېغىر كۆڭۈل قۇلۇپىغا چۈشۈپ، ئۇنى ئېچىۋېتەلەيدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان؟

— پۇ خوجايىن، سىلىنىڭ كۆڭلى - كۆكسىلىرىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئەزىم دەريا-دەك، پايانى يوق يايلاقتەك كەڭ. بولمىسا سىلى بۇنچىلىك چوڭ ئىگىلىكنى تۇتۇپ تۇرالامتىلە؟ كاتتا ئەربابلار كۆڭلىگە ئادەم سىغدۇرالايدۇ، ئادەمنى ئىشقا قويالايدۇ. چاڭچىلىكەشلەر ئېي-تىۋاتامدۇ، خەن لىيۇباڭ قەلەمگە جاڭ لياڭنى، ئەلەمگە خەن شىننى قويۇپ، ئەل - يۇرتنى ناھايىتى ئاسانلا قولىغا ئالغان، شياڭ يۈي تەڭداشسىز باھادىر بولغىنى بىلەن خەن زىڭنى ئىشقا قويماي، ئاخىر بېرىپ مۇھاسىرىدە قېلىپ، ۋۇجياڭ دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈۋالغان. پۇ خوجايىن، مەن سىلىنىڭ ئىرادىلىك زات ئىكەنلىكلىرىنى بىلىمەن. سىلى بۇرنىنىڭ ئۇ-چىنىلا كۆرىدىغان، چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدىغان مېنىڭ ئۇستا-زىمغا ئوخشىمايدىلا، مەن ئۇستازىمنى چىرايلىق كۆمۈپ قويۇپ، بىر ھېسابتا بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىنكى يولۇمنى ئۆزۈم تاللايمەن. مېنى ئېپقالسىلا، بۇ، مەرھۇمنىڭ شاگىرتى بولغان مېنىڭ بېشىمنى سىلىغانلىقلىرى بولۇپ قالار. بۇنىڭ ئۇستازىمغا، سىلىگە زىيىنى تەگمەيدۇ. قولۇم - قوشنى-لار، كەسپداشلار سىلىنى بۇرادەرچىلىكنى يەتكۈزۈپتۇ دەيدۇ.

پۇ شۇچاڭ بىر ھازاغىچە گەپ قىلمىدى، ئەمما كۆڭلىدە ئويلىدى: بۇ شاكىچىك ئەجەب گەپدانكىنا. قەدىمدىن بۈگۈندىن چۈشۈۋاتىدۇ، ئەقلى - ھوشى جايىدىكەن. مۇشۇنداق بىر چېچەن شاگىرت لياڭ يىچىڭنىڭ قولىدا دۇكانغا سولىنىپ قېلىپ، كارامىتىنى جارى قىلدۇرالماپتۇ، ھەي ئىسىت! ئۇ خۇيىيۈەنجەي-گە كىرسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە . . .

— پۇ خوجايىن، مەن سەرگەردان بىر يېتىم، بېيجىڭدا ئۇرۇق - تۇغقىنىم يوق، ئۇستازىم قازا قىلغاندىن كېيىن بارار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يېرىم قالمىدى، تىرىكچىلىك يولۇممۇ ئۈزۈلدى. سىلى كەسىپ-
داشلارنىڭ ئۇلۇغى بولغاچقا، سىلىگە قورقماي ئېغىز ئېچىۋاتى-
مەن. ماڭا ئىلتىپات قىلغايلا، مەندىن بىر قاچا تاماقلىرىنى
ئايىمىغايلا. كونىلاردا: ياخشىلىق مىڭ يىلغىچە ئۇنتۇلماس،
دېگەن گەپ بار. مەن سىلىنىڭ شەپقەتلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ
قالمايمەن. سىلىدىن يوشۇرمايمەن، بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە لياڭ
ئۇستازىمدىن ئاز - تولا ھۈنەر ئۆگەندىم. ھېلىقى ئەتىۋارلىق
كېمە ھەيكىلىنى مەن قىلغان بولسام، ئۇستازىم بەلكىم بۈگۈن-
كى كۈنگە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. پۇ خوجايىن، سىلى ماڭا
يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت بەرسىلە جېڭ خېنىڭ دېڭىزغا سەپىرىنى
قاشتاشقا خۇددى رەسىمدىكىگە ئوخشاش ئويۇپ چۈشۈرۈپ، بەل-
گىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قوللىرىغا تاپشۇرىمەن. شۇنىڭدا،
سىلىنىڭ ئەجنەبىيلەر ئالدىدا يۈزلىرى يورۇق بولىدۇ، خۇي-
يۈەنجەيمۇ زىياندىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. سىلى ئۇنىڭ ھەققىگە
قانچىلىك پۇل ئالىلا، مەن غىدىڭ - پىدىڭ قىلمايمەن. سىلى-
نىڭ مېنى ئېپقالغان شەپقەتلىرىگە شۇنىڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرى-
مەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پۇ شۇچاڭنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك
پەسەيدى. پايدا - زىياننى دەڭسەپ باقتى. خەن زىچىنىڭ دېگەن
گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان گەپلەر ئىدى. بۇ ھال ئۇنى
كۆڭۈل توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەسلىدە پۇ شۇچاڭ سام
خونتېر بىلەن ھېچقانداق توختام تۈزمىگەنىدى. ئۇ ھېلىقى رە-
سىمنى خونتېرنىڭ قولىدىن ئېلىپ رەسىمدىكى مەنزىرىنى قاش-
تاشقا رەسىمدىكىگە ئوخشاش ئويۇپ چۈشۈرۈپ بېرىشكە ماقۇل
بولغان، ۋاقىتنى ۋە باھاسىنى ئاغزاكى دېيىشكەنىدى. لياڭ
يىچىڭ قاشتاش كېمىنى سۇندۇرۇۋېتىپ، ئۆزىمۇ قازا قىلدى،
ئىگىلىكى ۋەيران بولدى، لېكىن پۇ شۇچاڭنىڭ بىر تال مويى
تەۋرىمىدى، ئەكسىچە بىر مۇنچە تۆلەم پۇلىغا ئىگە بولدى، بۇ

سودىدىن قالتىس نەپ ئالدى. كېمە ھەيكىلىگە كەلسەك، نەچچە
مىڭ قاشتاش ئويمىكەشلىرى بار شۇنچىۋالا چوڭ بېيجىڭدا بۇ
بۇيرۇتمىنى قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ھۈنەرۋەن چىقماسمۇ؟ لياڭ
يىچىڭنىڭ ھۈنىرى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، لياڭ
يىچىڭ ھۈنىرىنى ئۆزى بىللە ئېپكەتكەنىدى. ئەمدى يۇقى-
رى - تۆۋەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ قالمىغانىدى. پۇ
شۇچاڭ بايا كۆز بويامچىلىق قىلىپ، سۇنغان ھېلىقى قاشتاش
كېمىنى ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى: ئاساسەن بۇزۇلمىغان بىر
قاشتاش كېمىنى قايتىدىن قاشتاشقا ئويۇپ چۈشۈرىدىغان بىرەر
ھۈنەرۋەنگە ئۆرنەك قىلىپ بېرىش ئىدى. مانا ئەمدى ئۇستازى-
نىڭ قىلىپ تۈگىتەلمىگەن ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىش قارارىغا
كەلگەن لياڭ يىچىڭنىڭ يارامىلىق شاگىرتى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرى-
دۇ، قاشتاش كېمە بىلەن ئۇستا ھۈنەرۋەننى ئۇنىڭغا تەڭرى
ئىلتىپات قىلدى!

پۇ شۇچاڭنىڭ ئىنكاسىنى كۆزىتىپ تۇرغان خەن زىچى
ئىشىنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى پەملەپ:

— ماقۇل بولدىلىمۇ؟ ئەمىسە سىلى بۈگۈندىن باشلاپ مې-
نىڭ ئۇستازىم بولىدىلا! — دېدى.

— ئالدىرىما! — دېدى پۇشۇچاڭ خەن زىچىنى توسۇپ.
ئۇ خەن زىچىنى رەھمەت دېيىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ دەپ
ئويلىغانىدى، — زىچى، سەن بىلىسەن، مېنىڭ كۆڭلۈم بەك
يۇمشاق، يولدا چۈمۈلىنى كۆرسەم، دەسسەپ سېلىپ جېنىغا
زامىن بولۇپ قالماي دەپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىمەن. سەن
دېگەن ئادەم، يەنە كېلىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ئادەم،
ماڭا مۇشۇنداق يالۋۇرۇپ كېتىۋاتىسەن، لياڭ يىچىڭ خوجايىن-
نىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ سېنىڭ بېشىڭنى سىلىما-
سام بولمايدۇ. گەرچە خۇيىيۈەنجەينىڭ سودىسى ھەرقانچە ناچار
بولغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىڭگە قاراپ

تۇرالمايمەن. مەن لياڭ خوجايىن بىلەن كونا بۇرادەر، ئۇنىڭ
شاگىرتى مېنىڭ شاگىرتىم. مەن گۇرۇچ تاماق يەپ ساڭا ھەر-
گىز ئۇماچ بەرمەيمەن. لېكىن بىر ئىش بار، زىچى، مۇشۇ
ئىشتا سەن مېنى قىيىناپ قويىسەن، — پۇ شۇچاڭ ئاغزىنى تام-
شىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، يەنە، — بىزنىڭ دىنىمىز
ئوخشىمايدۇ. قاشتاش بۇيۇملىرى كەسپىدىكىلەر بۇنى بەك ئې-
نىق ئايرىيدۇ، خۇيزۇلار خۇيزۇلاردىن، خەنزۇلار خەنزۇلاردىن
شاگىرت ئالىدۇ. سىلەر خۇيزۇلارنىڭ پەرھىزلىرى تولا. ساڭا
مەن ئايرىم قازان ئېسىپ بېرەلمەيمەن. باشقىلار سېنى ئارىغا
ئالماسمىكىنمۇ دەيمەن. . . شۇڭا بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماسمى-
كىن!

— ئۇستاز، بۇ چوڭ گەپ ئەمەس، — دېدى خەن زىچى
ئۇنى «ئۇستاز» دەپ ئاتاپ، — مەن سىلىنىڭكىگە بارسام بىرلا
ئىشنى قىلىمەن، ھېچكىمنىڭ ئىشىغا تاقاشمايدۇ. تاماق ئىشىغا
كەلسەك، قوناق مومىسى، تۇزلانغان كۆكتاتقۇ بېرەلا؟ ماڭا شۇ
بولسا كۇپايە.

پۇ شۇچاڭ گەپ قىلالماي قالدى، بىر پەس ئويلىنىپ،
بىردىنلا خەن زىچىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

— ماقۇل، گېپىمىز گەپ، ئەتە مەن بىللە كېتىد-
سەن! — دېدى.

خەن زىچى پۇ شۇچاڭنى ئۇزىتىۋېتىپ چىجېنجەيگە قايتتى.
ئۇ ھېساباتنى ئېنىقلىدى، ئاندىن ھېسابات دەپتىرىنى ۋە كاسسى-
دا قالغان نەق پۇلنى كۆتۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ قولىدى-
كى نەرسىلەرنى شىرەگە قويدى:

— قوشناچ، سىڭىللىرىم، بۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ
چىقىڭلار، چىجېنجەينىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى مۇشۇنىڭدا. ماۋۇ
نەق پۇل، تەلىيىمىزگە بۇ پۇلنى پۇ شۇچاڭ ئېپكەتمىدى،
مۇشۇنىڭ بىلەن جاھانسازلىق قىلىپ تۇرۇڭلار. .

بىئېر تېڭىرقاپ:
— چى ئاكا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى.
خەن زىچىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈلدى.
— مەن. . . كېتىمەن! — دېدى ئۇ.
بەي ئاغىچا چۆچۈپ كەتتى:
— كېتىمەن؟ نەگە كېتىسەن؟
— پۇ خوجايىننىڭكىگە بېرىپ، ئۇستازىم تۇگىتەلمىگەن ئىشنى قولۇمغا ئالىمەن. قوشناچ، ئۆزلىرىنى كۆپ ئاسرىسىلا. مېنى كەچۈرسىلە، خىزمەتلىرىدە بولالمايدىغان بولدۇم. مەن. . . مەن سۇ ئورۇندۇقىدىن ئايرىلالمايمەن. ئۇستازىمدىن چالا قالغان ئىشنى تاشلىۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە. . .
خەن زىچىنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چىقماستىن تۇرۇپ، ئاچ-چىقىدا تىترەپ كەتكەن بىئېر:
— بەللى، سىز دۇشمەننىڭ قوينىغا ئۆزۈڭىزنى ئاتامسىز؟ سىز ۋاپاسىز، ئوغرىنى دادا دەيدىغان نەرسىكەنسىز! شۇ چاغدا دادام كۆزىگە ئىشتان تارتىۋاپتىكەن! كېتىڭ، هازىرلا كېتىڭ! ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسىغا مەڭگۈ دەسسىگۈچى بولماڭ، سىزنى هېچقايسىمىز تونۇمايمىز! — دېدى.
— سىڭلىم، گېپىمنى ئاڭلاڭ!. . .
— بولدى، گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغان چولام يوق!
خەن زىچى ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە گەپ قىلىش هوقۇقى قالمىغانىدى، شۇڭا گەپ قىلماستىن چىشىنى چىشلەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ سىرتقا ماڭدى.
يەتتە ياشلىق يۇئېر ئۆيدىن ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ خەن زىچىنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:
— چى ئاكا، چى ئاكا، كەتمەڭ! — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋال-دى.
خەن زىچىنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى. ئۇ

ئېڭىشىپ تۇرۇپ يۇ ئېرنىڭ مەڭزىگە سۆيدى. ئىككىسىنىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.

— يۇئېر، گەپ ئاڭلاڭ، گەپ ئاڭلاڭ. . . — دېدى ئۇ.

— يۇئېر، مەڭزىڭنى ئۇنىڭغا سۆيگۈزمە! — دېدى بىئېر ئېتىلىپ كەلگەن پېتى يۇئېرنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ. ئۇ خەن زىچىنىڭ يۈزىگە ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردىيۇ، يەنە چۈشۈرۈپ غەزەپتىن يانغان ياشلىق كۆزلىرىنى خەن زىچىگە تىكتى:

— سەن قانچىلىك نېمىتتىڭ؟ قولۇمنى پاسكىنا قىلمايمەن، يوقال!

خەن زىچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىچېنجەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەندە يەنە كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇ ئۈچ يىل ياشىغان بۇ ھويلىغا قاراپ ئىختىيارسىز ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى ۋە:

— ئۇستاز، مەن كەتتىم! قوشناچ، سىڭىللىرىم ئۆزۈڭلارنى ئوبدان ئاسراڭلار! — دېدى.

خەن زىچى شۇنىڭدىن تارتىپ پۇ شۇچاڭنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

خۇيىيۇەنجەي شەرقىي گۇڭگۇرت يولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقانىدى. بۇ يەردە كىتابخانا، قەغەز دۇكىنى، ھۆسنخەت دۇكىنى، مەدەنىي بۇيۇملار دۇكىنى، ئاسارىئەتىقە بۇيۇملىرى دۇكىنى كۆپ ئىدى. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدىغان خۇيىيۇەنجەي مۇشۇ دۇكانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. دۇكان چوڭ ئەمەس، ئىككى ئىشىكلىك ئىدى. قەدىمىي تۇستە زىننەتلەنگەن، ئۇستىگە ئاستى تەرىپى قارا، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. ۋىۋىسكىنىڭ خېتىنى ئەينى يىللاردىكى «بىلىمدان» قەسىردىكى ھەزرەت يې-

ـزىپ بەرگەنىدى. بىرىگە ئاسانلىقچە خەت يېزىپ بەرمەيدىغان بۇ زات چاكىنا ئادەملەرگە خەت يېزىپ بېرىشكە بەكمۇ ئۆچ ئىدى. بۇ قاشتاش سودىسى قىلىدىغان دۇكان بولغاچقىلا خەت يېزىپ بەرگەنىدى. «قاشتاش مەستانىسى» يېزىپ بەرگەن خەت تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان خۇيىۋەنجەيگە شۆھرەت ئاتا قىلـ ـدى. خۇيىۋەنجەي يېڭى دۇكان بولغان بىلەن خوجايىن پۇ شۇ ـ چاڭ قاشتاش بۇيۇملىرى سودا ساھەسىگە يېڭى ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ئۇ دەسمايە ئاز، كونا ماللارنى ئالىدىغان «شاراباراچى» ئىدى. لېكىن ئەپكەش كۆتۈرۈپ تۆمۈر ـ تەسەك، كونا كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان كۇنى ئۇتتۇرلۇق كىشىلەرگە ئوخشىمايتتى. پۇ شۇچاڭ ئۇچىسىغا كەمزۇل، بې ـ شىغا شىلەپە كىيىپ يۈرەتتى، گەپ ـ سۆزلىرى سىلىق، گەپ ـ دان ئادەم ئىدى. خەلق ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ قاشتاشتىن ياسالغان قەدىمىي بۇيۇملارنى يىغاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى، بىرەر بۇيۇمنى قولىغا ئېلىپلا، شۇ بۇيۇمنىڭ يىلىنى شۇئان ئېيتىپ بېرەلەيتتى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭغا باھا قويالايتتى. ساختا بۇيۇملار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ئاساسەن دۆلەتمەن، ئاسارئەتىقىلەر بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان، ئەمما ئاسارئەتىقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان سودىگەرلەرنى، سۇنغان ئاقسۆڭەك ھەم دۆلەتمەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى نىشان قىلغانىدى. ئالدىدىكىلەر يېڭىنى كۆرۈپ كونىدىن كېچىپ، «كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىد ـ رىدىغانلار، كېيىنكىلىرى ئەجدادلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تۇ ـ گىتىدىغانلار ئىدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىناۋىتىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، گەپكە كەلگەندە پۇ شۇچاڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇڭا پۇ شۇچاڭ ئۇلارنىڭ قولىدىكى بۇيۇملارنى ئۆزى قويغان باھا بويىچە سېتىۋالاتتى. قىممەتلىك بۇيۇم بولسى ـ مۇ، تۆۋەن باھادا قولىغا چۈشۈرۈۋالالايتتى. بۇ ناھايىتى بەلەن

ئوقەت ئىدى. پۇ شۇچاڭ قولىدىكى ماللارنى ئالدىراپ بازارغا سالمايتتى، تەپسىلىي ئويلىناتتى، يىلىنى، مەنبەيىنى ئېنىق بىلىپ، ئەسلى باھاسىنى ئىگىلەپ، شۇ باھاغا چىقسا، ئاندىن ساتاتتى. ئەينى يىللاردا چۇڭمىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ئەتىگەنلىك بازار، دېشىڭمېن سىرتىدىكى مېۋە - چېۋە بازىرى، شۇەنۋۇمېنىنىڭ سىرتىدىكى قاراڭغۇ بازارلارنىڭ ھەممىسىدە كونا بۇيۇملار سېتىلاتتى. بۇ يەرلەردە ئوغرىلاپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئەتىگەندە سېتىلىدىغان بولغاچقا «ئەتىگەنلىك بازار»، «جىنلار بازىرى»، «ئوغرى - يانچۇقچىلار بازىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئالارمەن - ساتارمەنلەر «ئالىمەن»، «ساتىمەن» دېمەي «بەردىم»، «ئاله» دەيتتى، باھاسىنى دېمەيتتى، يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ باھا تالىشاتتى، ئاخىر پۈتۈشەتتى. پۇ شۇچاڭ بۇ يەردە پات - پات پەيدا بولۇپ قالاتتى، ئوبدان نەرسىلەرنى ئېلىۋالاتتى، ماللىرىنى بۇ يەردە ناھايىتى ئاز ساتاتتى. ئۇ ماللىرىنى قاشتاش بۇيۇملىرىغا ھېرىسمەن، لېكىن قەدىر - قىممىتىنى بىلىپ كەتمەيدىغان دۆلەتمەن سودىگەرلەرگە، قاشتاشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان ھەم كۆڭۈلدىكىدەك باھاغا ئالىدىغان ئاسارئەتىقە دۇكانلىرىغا ساتاتتى ھەم ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىغا، ھەرقايسى چوڭ مېھمان سارايلارغا بېرىپ ماللىرىنى بازارغا سېلىپ، جۇڭگونىڭ ئاسارئەتىقىلىرىنى كۆرسە، ئاغزىلىرىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىدىغان ئەجنەبىيلەرگە سېتىپ پۇل قىلاتتى. ماللىرىنىڭ بىرىنى ساتسا، پۇ شۇچاڭنىڭ بىر يىللىق دەسمايىسى چىقاتتى. ئۇ ئون نەچچە يىل مۇشۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ناھايىتى كۆپ پۇل تاپتى. گۇڭگۇرت زاۋۇتىنىڭ يېنىغا ئىككى ئىشىكلىك دۇكان قىلدى، «خۇيىيۇەنجەي» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ئاستى. «خۇي» دېگەن يىغماق، توپلىماق «يۈەن» دېگەن قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلمەك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى.

خۇيىۋەنجەيىنىڭ سودىسى چوڭ، لېكىن خىزمەتچىلىرى
كۆپ ئەمەس. ئۈچلا شاگىرت بار ئىدى. چوڭ شاگىرتى ئۇستا
بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ رەسمىي خىزمەتچى بولدى، قالغان
ئىككى شاگىرتى تېخى ئۇستا بولمىدى. دۇكاننىڭ ھېسابات
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يەنە بىر ھېساباتچى بار بولۇپ، پۇ
شۇچاڭنى قوشقاندا بەش ئادەم ئىدى. دۇكاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇ
بەش ئادەمگە قاراشلىق ئىدى. پۇشۇچاڭ شاگىرت تاللاشتا قات-
تىق تەلەپ قوياتتى، چىراي - شەكلى راۋۇرۇس، گەپكە ئۇس-
تا، ساداقەتمەن ۋە راستچىل بولۇشى كېرەك ئىدى، شاگىرت
قوبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىمۇ ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، بىرىن-
چىدىن، بىرى كۆرسەتكەن بولۇش، ئىككىنچىدىن، كېپىل
بولىدىغان ئادەم بولۇش، ئۈچىنچىدىن، توختام تۈزۈشى كېرەك
ئىدى. شاگىرتلىق ۋاقتى ئۈچ يىل ئۈچ ئاي، بۇ ئارىلىقتا ئىش
ھەققى بېرىلمەيتتى، كىيىم - كېچەك ئۆزىدىن بولاتتى، تاماق
بېرىلەتتى. قېچىپ كەتسە، كېسەل بولۇپ ئۆلسە، دۇكان خوجا-
يىنى ئىگە بولمايتتى. دۇكاننىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەمەل
قىلمىغان شاگىرت شۇ ھامان ھەيدىلەتتى. خوجايىن شاگىرتنى
ئىشتىن بوشىتىۋېتەلەيتتى، شاگىرت ئىشتىن بوشىنىش توغرۇ-
لۇق خوجايىنغا ئىلتىماس قىلالمايتتى. «خوجايىن بوشاتسا
شاگىرتنى ئىشتىن، قۇرۇق قول چىقىپ كېتەر دۇكاندىن»
دېگەن گەپ بولغاچقا، خوجايىن شاگىرتنى بىر تىيىن بەرمەي
ھەيدىۋېتەلەيتتى. ھەر خىل قائىدە - يوسۇنلار بۇ تۆت ئادەمنى
خۇيىۋەنجەيگە مەھكەم باغلاپ قويغانىدى. شاگىرتلار ھەر كۈنى
ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ دۇكاننىڭ ئىچى -
تېشىنى پاكىزە سۈپۈرەتتى، ئاندىن قوللىرىغا پەي قاققۇچنى
ئېلىپ، دۇكاندىكى ماللارنىڭ ئۈستىدىكى توپا - چاڭلارنى قې-
قىپ چۈشۈرەتتى. دۇكان ئېچىلغاندىن كېيىن شاگىرتلار «كۈ-
لۈش، سالام بېرىش، سەۋرچان بولۇش، ماللارنى ئاستا ئېلىپ

ئاستا قويۇش» تەك تۆت تەلەپنى ئورۇندىشى زۆرۈر ئىدى.
تىجارەت ۋاقتى ھەر كۈنى ئون سائەت ئەتراپىدا بولاتتى. يېرىم
كېچىدە دۇكان تاقىلاتتى. قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر سودىسى ئە-
زەلدىن ئالاھىدە قىزىيدۇ. ھاراقنى قانغۇچە ئىچىپ، تاماقنى
تويغۇچە يەپ مېھمانسارايى، قاۋاقخانا ۋە تانسىخانىلاردىن چىققان
يېڭى توم خېرىدارلار مەيلى مال ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، ئاسار-
ئەتىقە دۇكانلىرىنى ئارىلايدۇ. ھەممىسى خېرىدار بولغاچقا،
ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈۋالمىسا بولمايتتى. ئاسارئەتىقە دۇكانلىرى
كاتتا مېھمانسارايى، سودا دۇكانلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئاسارئەتى-
قە دۇكانلىرىنىڭ تاقاق ياكى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بول-
مايدۇ، بىلمىگەنلەر تاقاق ئوخشايدۇ دەپ كېتىدۇ، بىلگەنلەر
ئۇدۇل كىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقى-
رىپ، مال ئالماي چىقىپ كېتىدىغانلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن
قۇتۇلغىلى، مەخسۇس مال ئالىدىغانلارغا خىزمەت قىلغىلى بو-
لاتتى. ئاسارئەتىقە دۇكانلىرىدا قايناق بازار بولمايتتى، دۇكانغا
كىرىدىغان خېرىدارلارمۇ ئىنتايىن ئاز، يەنە كېلىپ ھەممىسلا
تونۇش خېرىدارلار ئىد . خېرىدار كەلسە، شاگىرتلار دەرھال
ئىشى ى ئېچىپ ئالدىغا چىقىدۇ. «كەلدىلىمۇ؟ قېنى، مەرھە-
مەت!» دەپ قىزغىن سالام بېرىدۇ. خېرىدار پۇكەينىڭ ئالدى-
دىن كېتەلمەي، ئۇنى - بۇنى تاللايدۇ، خېرىدارنى شۇنىڭغىچە
كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. يۇزلۇكرەك خېرىدارلار كەلسە، ئولتۇ-
رۇشقا تەكلىپ قىلىدىغان، ئالدىغا چاي قۇيىدىغان ياكى بولمى-
سا، ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ كۈتىدىغان گەپ. خېرىدار كېتىدى-
غان چاغدا، مەيلى مال ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، شاگىرت ئۇنى
كۈلۈپ تۇرۇپ ئەدەپ بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئىشتىن چۈشكۈ-
چە شاگىرتلار بەل - پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ھېرىپ
ھالىدىن كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار دۇكاننى بىر قۇر يىغىش-
تۇرۇپ ئاندىن ياتاتتى. خۇيىۋەنجەي چېچېنجەيگە ئوخشاش ئالدى

دۇكان، كەينى ئۆي ئەمەس، پۇ خوجايىنىنىڭ ئۆيى باشقا يەردە ئىدى، ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى كېتەتتى. دۇكاندا قىممەت باھا-لىق ماللار بار، بىر ئادەم كۆز قۇلاق بولمىسا بولمىغاچقا، شاگىرتلىقتىن يېتىشىپ چىققان ھېلىقى ئۇستا بىلەن ھېساباتچى شاگىرتلار دۇكانغا كارىۋات قۇرۇپ ياتاتتى، بۇنىڭدا، بىرىنچى-دىن، بۇلاڭچىدىن، ئىككىنچىدىن ئۆز ئىچىدىكى ئوغرىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. بۇ يەرنىڭ ئۈچ ۋاخ تامىقىنى چىچېنجەيدى-كى قۇشناچ ھەم خەن زىچىنىڭ سىڭىللىرى ئەتكەن تەملىك تاماقلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ يەردە يىل بويى يەيدى-غان تاماق قوناق مومىسى بىلەن تۇزلانغان كۆكتات ئىدى. بۇ دەل خەن زىچىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىدى. مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلەرگە شاگىرتلارغۇ چىدىسۇن، نېمىشقا شاگىرتلىقتىن يېتى-شىپ چىققان ئۇستا بىلەن ھېساباتچىمۇ چىدايدۇ؟ چۈنكى ئۇلار-نىڭ تەقدىرى پۇ شۇچاڭنىڭ قولىدا. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئىش ھەققىنى پۇ شۇچاڭ ئۇلارنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ بېكىتەتتى. پۇ شۇچاڭ يېرىم يىلدا بىر قېتىم «ھۆكۈمەت گېپى» نى قىلىپ كىمنى ئېپقالىدۇ، كىمنى ھەيدىۋېتىد، ھەر بىرىنىڭ ئىپادى-سىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ بەلگىلەيتتى. بۇ چاغ ؛ ھەر بىرى «خوجايىنىنىڭ ھەيدىۋېتىشى» دىن قورقۇپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كېتەتتى. «ھۆكۈمەت گېپى» دېيىلىدىغان چاغدا داستى-خان ئادەتتىكىدىن ياخشىراق بولاتتى، ھاراق ۋە قورۇمىلار كەلتۈرۈلەتتى. شاگىرتلاردىن بىرى رومكىلارغا لىق ھاراق قۇ-ياتتى، كۆپچىلىك خوجايىنغا ھاراق تۇتاتتى. خوجايىن «ھۆكۈ-مەت گېپى» نى باشلايتتى. سودا ياخشى بولسا، ئۇ قۇلاققا ياقىدىغان گەپلەرنى قىلاتتى. سودا كاسات بولسا ياكى بىرەرى كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالسا، قىيىنچىلىقنى پەش قىلىپ بىرد-نى «ھەيدىۋېتەتتى» . ھاراقتىن كېيىن بىر پەتنۇس مانتا كەل-تۈرۈلەتتى. خوجايىن ئۆز قولى بىلەن مانتىنى كىمگە بەرسە،

www.uyghurkitap.com

شۇ مانتىنى يېگەن ئادەمنىڭ ھەيدىلىدىغانلىقى ھەممىسىگە مەلۇم ئىدى. تاماق قاچىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن بەجانىدىل ئىشلىمىسە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك بولاتتى.

خەن زىچى بۇ يەرگە كېلىپ، شۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەتىگەندە تۇرۇپ تازىلىق قىلاتتى، كەچتە قىستىلىپ ئۇخلايتتى. ھەرقايسىسىنىڭ خىيالى باشقا - باشقا، كىمنىڭ كۆڭلىدە نېمە بار، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قالغانلار پوكەيدە تۇرغان چاغدا ئۇ كەينىدىكى قاراڭغۇ بىر ھۇجرىدا سۇ ئورۇندۇقنى ئايلاندۇرۇپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

ھېساباتچى بىلەن شاگىرتلىقتىن يېتىشىپ چىققان ئۇستا پاراڭغا چۈشتى.

— بىز سودا قىلىدىغان تۇرساق، ھۈنەرۋەننى ئەكېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟

— ھىم، يەنە كېلىپ خۇيزۇكەن!

خەن زىچى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى مۆلچەرلىگەن، خۇيزۇ بېيونجەيگە بارلىق خورلۇقلارغا چىداپ، ئورۇندىماقچى بولغان ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن كەلگەنىدى. لېكىن، باشقىلار مەسخىرە قىلسا ياكى ئالىيىپ قارىسا، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا غەزەپ ئوچقۇنى لاۋۇلدايتتى. ھېساباتچى بىلەن شاگىرتلىقتىن يېتىشىپ چىققان ئۇستا پۇ شۇچاڭنىڭ قولى ئىدى، ئەمما خەن زىچىگە خوجايىنلىق قىلاتتى. ئۇلار قاشتاش تاراشلاشنى بىلمەيتتى. سېتىشنىلا بىلەتتى، قاشتاش ھۈنەرۋەنلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى، ھۈنەرۋەنلەرنى پەس كۆرەتتى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش «سودىگەرلەر» گە تەڭ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن زىچى «خۇيزۇ» ئىدى. خەن زىچى ئىرقلارنىڭ باراۋەر ئەمەسلىكىنى تورورىدىن لياڭ يىچىڭدىن ئايرىلىپ ئاندىن بىلدى. ئۇستاز لياڭ يىچىڭنىڭ نېمىشقا بىر ئۆمۈر ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ،

تۇۋىنى يېيىلدۇرۇپ كۆكلەشكە ئىنتىلمەي، چىچىنجەيدەك كى-
چىك دۇكاننىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى،
قۇشناچىنىڭ نېمىشقا پۇ شۇچاڭنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا
يول قويغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. چۈنكى قۇشناچ پۇ شۇچاڭ-
دىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. شۇ نەرسە ئۇنىڭ
كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى: سېرىق تەنلىك، قارا چاچلىق جۇڭگو-
لۇقلار نېمىشقا ئوخشاش بولمىغان ئىرقلارغا ئايرىلىدۇ، نېمىشقا
ئالىي ۋە پەس دەپ قارىلىدۇ؟ تورورىدىنغا ئوخشاش توشقان
ئالىملار، لياڭ يىچىڭغا ئوخشاش قولى گۈل ھۈنەرۋەنلەر ئەقىل -
پاراسەتتە خەنزۇلارغا يېتەلمەمدۇ؟ بىئېر بىلەن يۇئېر دەك سا-
ھىبجامال قىزلار چىراي ۋە قەلب جەھەتتە خەنزۇ قىزلىرى
بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالامدۇ؟ ئۇ بىر نەرسىنى چۈشىنەلمەيت-
تى: جۇڭگودا بولۇپمۇ بېيجىڭدا مانجۇلار بەكلا ئاز، نېمىشقا
خەنزۇلار مانجۇلارنى خۇيزۇلارنى كەمسىتكەندەك كەمسىتەلمەي-
دۇ؟ چىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ كەتكىلى نەۋاخ، لېكىن
كىشىلەر خان جەمەتىدىكىلەرنى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى
كۆرسە، ئۆتمۈشتىكى مەرتىۋىسى ئۈچۈن ئۇلارنى يەنىلا بېشىدا
كۆتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇرۇن ھۆكۈمران بولغان
بولسىمۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردا ئۇلارغا قارىتا قىلچە
ئۆچمەنلىك يوق ئىدى. خۇيزۇلار ئەزەلدىن ھۆكۈمران بولۇپ
باققان ئەمەس. خەنزۇلار خۇيزۇلارغا نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆچ ۋە
ئۇلارنى نېمىشقا بۇنچىۋالا كەمسىتىدۇ؟ . . . ئەمدىلا ئون توققۇز
ياشقا كىرگەن، ھېچقانداق ئىش كۆرمىگەن خەن زىچى ھەر قانچە
ئويلاپمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، ئۇ ئاچچىقىغا پايلى-
ماي ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن بۇ قەپەستىن چىقىپ كەتمەك-
چىمۇ بولدى. بىراق، ئۇنى ئىدراك تۇتۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەردىن
كەتمەسلىكى، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قىلماقچى بولغان ئىشنى
ئاخىرىغا ئاچىقىشى كېرەك. ئۇ جىمى خورلۇقلارنى ئىچىگە

يۈتۈپ، «قۇلنىڭ قۇلى بولۇش» سالاھىيىتى بىلەن پۇ شۇچاڭ بىلەن ھېساباتچىغا ۋە شاگىرتلىقتىن يېتىشىپ چىققان ھېلىقى ئۇستىغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆزىنى دۇكاندىكى ھەممىسىدىن ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا قوياتتى. قاشتاش تاراشلاشتىن باشقا ۋاقىتلاردا جان بېقىش ۋە باشقىلارنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرد- شىش ئۈچۈن شاگىرتلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تالىشىپ قىلاتتى، بىكار تۇرمايتتى، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى، ئاغ- زىدىن سىپايە گەپلەر چۈشمەيتتى. دۇكانىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئەڭ كىچىك شاگىرت تاماق ئېتىشكە مەسئۇل ئىدى، شۇڭا بۇ ئىش ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلىپ قالدى. قوناق مومىسى بىلەن تۇزلانغان كۆكتات قىلىشقا ھېچقانچە ھەشەم كەتمەيتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانلىق ئېپكەلدى كۆڭلىمۇ تەسكىن تاپتى. ئۇ ئىچىدە: ئۇستاز، قۇشناچ، مەن سىلەردىن ئايرىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا خىلاپلىق قىلمىدىم، مەن پاك! دەيتتى. ھېيت - بايراملاردا باشقىلار گۆشلۈك تاماقلارنى يېسە، ئۇ بىر چەتتە قوناق مومىسى بىلەن تۇزلانغان كۆكتاتنى يەپ ئولتۇراتتى، ئاغۋات جېڭ خې ئوردىدا خورلۇقلارغا چىدىغان يەردە، مەن چىدىمامدىم؟ دەپ ئويلايتتى. جېڭ خې يادىغا يەتىد- لا، ئۇستازى چالا تاشلاپ كەتكەن ئەتىۋارلىق كېمە ھەيكىلىنى ئويلاپ، يەلكىسىدىكى يۈكنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلات- تى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېرىشى، توختىماي مېڭىۋېرىشى كېرەك...

ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كېچە - كۈندۈز تاۋلىنىش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى...

بۇ بىر يىلدا قاشتاش تاراشلاش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، خۇيىيۈەنجەيىنىڭ سودا ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ھېساباتچى بىلەن شاگىرتلىقتىن چىققان ئۇستا خۇيىيۈەنجەيدە شۇنچە يىل ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىقارغان «سودا ئىشلىرى دەستۇرىسى» نى

خەن زىچى ئۇسسۇزلۇق تۇشۇش ئارىلىقىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋالدى. پۇ شۇچاڭنىڭ ئۇنىڭغا بۇلارنى ئۆگەتكۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ئۇ ئاڭلاپ، كۆرۈپ يۈرۈپ ئۆزلۇكىدىن ئۆگىنىپ بولدى. ئىتتىك پىچاققا بىلەي كەتمەيدۇ دېگەندەك، خەن زىچى قاشتاش كېمىنى مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن پۈتتۈردى.

پۇ شۇچاڭ قاشتاش كېمىنى «جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرى» ناملىق رەسىم بىلەن لياڭ يىچىڭ چالا تاشلاپ كەتكەن ھېلىقى قاشتاش كېمىگە تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ خەن زىچىنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن مۆجىزە ياراتقانلىقىنى تەن ئالماي تۇرالمىدى. قولىدىكى قاشتاش كېمە رەسىمدىكى كېمىگە ھەم لياڭ يىچىڭدىن قالغان ئۆرنەككە ئوخشاش ئىدى. داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىز، چاراقلاپ تۇرغان يولتۇزلار، تۇغ - ئەلەملەر، تۇرۇلگەن يەلكەن، ماچتا، كېمىدىكى ئۆيلەر ھەيۋەت ئىدى، ئوبرازلار تىرىكتەك كۆرۈنەتتى، شەيئىلەر تولۇق تەسۋىرلەنگەنىدى. لياڭ يىچىڭ ھەقىقەتەن تىرىلگەنىدى.

پۇ شۇچاڭ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى، گەپ سۆز قىلمىدى. خەن زىچىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. خەن زىچىنىڭ قولىدا ئۇستازىدىن قالغان ئۆرنەك بولغاچقا، ئۇ ئۇچ يىلدا قىلىپ بولىدىغان بۇيرۇتمىنى بىر يىلدا قىلىپ بولالىدى. تەقلىد قىلىپ ئىشلەش ئىجاد قىلماقتىن كۆپ ئاسانغا توختايدۇ، ئەلۋەتتە.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈگىدى. پۇ شۇچاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بۇ ئىككى بۇيۇمنى مېنىڭ ھۇجرامغا ئەكىرىپ قوي — دېدى.

خەن زىچى پۇ شۇچاڭنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە:

— ئۇستاز، سۇنۇپ كەتكەن قاشتاش كېمىنى ماڭا بېرەمسىزمۇ؟ — دېدى خەن زىچى ئۇستازىدىن قالغان قاشتاش كېمىنى خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە ئېپقېلىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى.

— پۇ شۇچاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمە ئۇ ئەسلىدىكى كېمە دېگەن؟ بۇگۈندىن باشلاپ دۇنيادا قاشتاش كېمىدىن مۇشۇ بىرىلا بار. لياڭ يىچىڭدىن قالغان قاشتاش كېمىنى ھېچكىم مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ!

— ھە؟! سىز ئۇنى...

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ھۇجرامغا ئەكىرىپ قوي!

لياڭ يىچىڭدىن قالغان ئۆرنەك ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. خەن زىچىنىڭ قولىدىن چىققان قاشتاش كېمە سام خونتېرغا سېتىۋېتىلدى. باھاسىغا كەلسەك، بۇنى خەن زىچى بىلمەيتتى.

قاشتاش كېمە ئېپكېتىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سام خونتېر يەنە كەلدى. ئۇ لياڭ يىچىڭ بىلەن خەن زىچىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى پۇ شۇچاڭغا دېدى.

پۇ شۇچاڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى خونتېرنىڭ نەدىن بىلىپ قالغانلىقىنى ئۇقماي تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ قاشتاش ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئات-جۇنىنى پەقەت ئاشكارىلىمايتتى، يەۋاتقان ئېشىغا باشقىلارنىڭ توپا چېچىۋېتىشىدىن قورقۇپ ئالارمەنلەرنى ھۈنەرۋەنلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرمايتتى. بۇ چاتاق نەدىن چىققاندۇ؟ دەپ ئويلىغان پۇ شۇچاڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ:

— خونتېر ئەپەندى، سىز دېگەن لياڭ يىچىڭ ئەپەندى ئاللىقاچان قازا قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭدا بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى.

ــ ھە؟ قازا قىلىپ كەتتى؟ ــ دېدى سام خونتېر دەرگۇمان بولۇپ، ــ قاشتاش كېمە يېڭى پۈتكەن تۇرسا، ئۇ قانداق قازا قىلىپ كەتكەن بولىدۇ؟ ئەمىسە، خەن زىچى ئەپەندىگۇ قازا قىلىپ كەتمىگەندۇ؟

پۇ شۇچاڭنىڭ كۆڭلىگە ھەرخىل خىياللار كەلدى، سام خونتېرنىڭ بۇ گەپنى نېمە مەقسەتتە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىدى. قاشتاش بۇيۇملىرى سودىگەرلىرى ئالارمەنلەرنىڭ ئىشتىن چاتاق تېپىپ، مالنى قايتۇرۇۋېتىشىدىن بەك قورقاتتى. ھەممىسى كونا خېرىدارلار بولغاچقا، مۇنداق چاتاقلارنى بىر تەرەپ قىلماق تەس ئىدى، خۇيىيۇەنجەينىڭ ئىناۋىتىگىمۇ تەسىر يېتەتتى. ئىدىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سام خونتېر ئۇنىڭدىن ھېساب ئالغىلى كەلگەنمىدۇ؟ ياخشى، شۇنداق بولسا تۇكىنىڭ يېتىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى ھۇنەرۋەنگە ئارتىپ قويۇپ، خەن زىچىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇش كېرەك. ئۇ شۇندىلا خاتىرجەم بولۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ تەرىنى تۇرگەن ھالدا:

ــ زىچى، بۇياققا چىق! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

خەن زىچى شۇ ھامان مېھمانخانىدا ھازىر بولدى. ئۇيەردە ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان، سېرىق چاچ، كۆزلىرى كۆك، چاقانغىنە بۇرۇت قويغان بىر ئەجنەبىي ئولتۇراتتى. خەن زىچى سام خونتېرنى تونۇپ، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولدى. ئۇ ئەجنەبىيگە سالام بەرمەي، پۇ شۇچاڭغا قاراپ:

ــ ئۇستاز، مېنى چاقىردىلىمۇ؟ ــ دېدى.

پۇ شۇچاڭ چېچىلاي دەپ تۇرۇشىغا، سام خونتېر ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ تىنچلىقمۇ! بىز بايا پۇكەيدە كۆرۈشكەنغۇ دەيمەن. سىزنىڭ خەن زىچى ئەپەندى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن، ــ دەپ، قىزغىنلىق بىلەن خەن زىچىغا قولىنى بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— Cood morning, Mr, Hunt ، — خەن زىچى تەمتىرى-
مەي سالام قىلىپ، سام خونتېرنىڭ قولىنى تۇتتى.
پۇ شۇچاڭ ئويلىنىپ قالدى: ۋۇي، بۇ هارامزادە ئىنگلىز-
چىنى بىلىدىكەنە؟ خەن زىچىنىڭ ئىنگلىزچىنى بىلىدىغانلىقى-
دىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. خەن زىچى ئىنگلىزچىنى خۇي-
يۇەنجەيگە كېلىپ ئوغرىلىقچە ئۆگەنگەنىدى.
سام خونتېر خەنزۇچىنى تولىمۇ راۋان سۆزلەيتتى. ئۇ
ئالاقىلىشىشنىڭ قۇلاي بولۇشىنى هەمدە ئۆزىنىڭ جۇڭگوشۇناس
ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشنى كۆزدە تۇتقانىدى.
— خەن ئەپەندى! لياڭ ئەپەندى بىلەن ياسىغان قاشتاش
كېمىنى كۆردۈم. هۈنەردە كامالەتكە يېتىپسىلەر، ئاپىرىن ئو-
قۇيمەن! بۈگۈن پېقىر ئالايىتەن سىزنى يوقلاپ كەلدى. سىز-
نىڭ بۇنچىلىك ياش ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن! — دېدى
سام خونتېر. ئاندىن پۇ شۇچاڭغا قاراپ، — پۇ ئەپەندى، دۇكى-
نىڭىزدا قىممەتلىك ئۇنچە - مەرۋايىت ۋە ئېسىل قاشتاشلاردىن
باشقا، تالانتلىقلارمۇ كۆپ ئىكەن! — دەپ قويدى.
پۇ شۇچاڭ شۇندىلا ئۆزىگە كېلىپ، سام خونتېرنىڭ بۈگۈن
ئۆزى بىلەن ھېسابلاشقىلى ئەمەس، بەلكى رەھمەت ئېيتقىلى
كەلگەنلىكىنى بىلىپ:
— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. سىز چوقۇم بىلىسىز، بىز جۇڭگو-
لۇقلاردا: «ئالماس بولمىسا، بۇيرۇتما قوبۇل قىلىشقا كىمنىڭ
هەددى» دەيدىغان گەپ بار. شاگىرتىمىزنى ماختىغىنىڭىز،
پېقىر ئۈچۈن شان - شەرەپ، بۇنىڭدىن كېيىن دۇكىنىمىزغا
كۆپرەك قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز! — دېدى.
سام خونتېر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:
— مەن ئاشۇ «ئالماس» نى ئىزدەپ كەلدىم! — دېدى.
قورقۇپ كەتكەن پۇ شۇچاڭنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.
ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۇ خوش بولدى. قاشتاش كېمىنىڭ خەن

زىچىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى سام خونتېر قانداق بىلىۋالدى،
بۇنىڭغا ئۇنىڭ پەقەتلا ئەقلى يەتمىدى. بۇنى ئاز دەپ، لىياڭ
يىچىڭنىڭ ئىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغىنىچۇ تېخى! پۇ-
كەيدىكى ھېلىقى ئاغزى بوش ئېھتىيات قىلماي دەپ سالغان
ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ تازا بىر ئەدىپىنى بەرمىسەم،
دەپ ئويلىدى پۇ شۇچاڭ تەلىيىگە، لىياڭ يىچىڭ بىلەن چىجېن-
جەي ئەمدى يوق ئىدى، خەن زىچى بولسا ئۇنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ-
دىن ئۆزىگە چوڭ بالا - قازا كەلمەيدۇ.
بۇ سىرنى سام خونتېر بىلەن خەن زىچىلا بىلەتتى. پۇ
شۇچاڭ ئۆزىنىڭ ساداقەتمەن قۇللىرىغا ئۇۋال قىلماقچى بولۇۋا-
تاتتى، بۇنى ئاشكارىلاپ قويغان دەل خەن زىچىنىڭ ئۆزى ئىدى!
خەن زىچى قاشتاش كېمە پۇتكەن شۇ ئاخشىمى يۈرەك
قېنىدىن بىنا بولغان بۇ جەۋھىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئىچىدە:
ئۇستازىم، قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى ئاخىر پۇتكۈزدۇق. كۆرۈپ
باقسىلا، سىلىنىڭ كۆزلىرى ئەمدى يۇمۇلىدۇ، دېدى.
چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇراتتى، دۇكاندا ھېچقانداق تىۋىش
يوق ئىدى. خەن زىچى ئۇستازىنىڭ يادىڭغۇ ۋە سولغۇن چىرايى-
نى كۆرگەندەك بولدى. چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان ئۇس-
تازى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يوقاپ كەتتى. خەن زىچى
ئۇستازى ياتقان قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ، ئۆزۈندىن بۇيان
يۈرىكىگە قاپلىشىپ قالغان تىنىقنى راھەتلىنىپ سىرتقا چىقىرىد-
ۋەتتى. بۇ چاغدا، خەن زىچى يەنە ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان
بىر نادامەتنى ھېس قىلدى، مۇشۇ نادامەتنى ئاخىرقى پەيتلەردە
لىياڭ يىچىڭمۇ ھېس قىلغانىدى. خەن زىچى بۇ قاشتاش كېمە
ھەيكىلى خۇيىيۇەنجەيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سام خون-
تېرنىڭ ۋە كەلگۇسىدە قىممەتلىك بۇ بۇيۇمدىن زوقلانغۇچىلار-
نىڭ بۇنىڭ ئىگىسىنى بىلمەي قېلىشىدىن ھەسرەتلىنەتتى.
خەن زىچىنىڭ بۇ كېمىنى قولىدىن مۇشۇنداقلا چىقىرىۋەت-

كۆسى يوق ئىدى. ئۇ ئازاب بىلەن ئويلىنا ـ ئويلىنا، بىر چاغدا «بىلىمدان» قەسرىدىكى ھەزرەت تاسادىپىي ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايىنى ئېسىگە ئالدى:

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرى سۇجۇدىكى داڭلىق قاشتاش ئويمىكەش لوزىگاڭ يارلىققا بىنائەن ۋەزىپە ئۆتىگىلى بېيجىڭغا بارغانىكەن. شېنزۇڭ خان لوزىگاڭنىڭ داڭلىق قاشتاش ئويمىكىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ئويغان ھەرقانداق بۇيۇمغا ئىسمىنى ئويۇپ قويىدىغان «ئىللىتى» بارلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. بىر ھۇنەرۋەن ئۈچۈن بۇ «تاپتىن چىققانلىق» ئىدى، شاھانە بۇيۇملارغا ئىسىم ئويۇپ قويۇشقا يول قويۇلمايتتى. شېنزۇڭ خان جاھاندىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى يىغىشقا ھېرىسمەن ئىكەن ھەم ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدايدىكەن. ئۇ لوزىگاڭغا ئاق قاشتاشتىن چۆگۈن ياسايسەن، لېكىن ئىسمىڭنى ئويۇپ قويساڭ بولمايدۇ دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، لوزىگاڭ ئاق قاشتاش چۆگۈننى ھازىر قىپتۇ. شېنزۇڭ خان قاشتاش چۆگۈننى تەپسىلىي كۆرۈپ، لوزىگاڭنىڭ بىكار نام چىقارمىغانلىقىغا چىن پۈتۈپتۇ. شېنزۇڭ خان قاشتاش چۆگۈننى بىرقۇر تەكشۈرۈپ، لوزىگاڭنىڭ ئىسمىنى ئويۇپ قويمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاندىن كۆلۈمسىرەپتۇ. لوزىگاڭنى ماختاپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ. لېكىن، خان، لوزىگاڭ چوقۇم ھىيلە ئىشلەتتى، دەپ گۇمانلىنىپ، قاشتاش چۆگۈننى قايتا ـ قايتا ئىنچىكە تەكشۈرۈپتۇ. بىر كۈنى دېرىزىدىن ئوردىغا كىرگەن كۈن نۇرى قاشتاش چۆگۈنگە چۈشۈپ، چۆگۈننىڭ ئاغزىغا ئويۇلغان «زىگاڭ» دېگەن ئىككى خەتنى شېنزۇڭ خان غۇۋا كۆرۈپ قاپتۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەن شېنزۇڭ خان ئۆزى تارتۇقلىغان لوزىگاڭنى جازالىيالماي، يا تەگدىشى يوق يېگانە نەپىس قاشتاش چۆگۈننى پاچاق ـ پاچاق قىلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، خەير بوپتۇ دەپتۇ. لوزىگاڭ ھايا-

تىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قاشتاش ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداپ، ياسىغان بۇيۇمىغا ئىسمىنى ئويۇپ قويۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىپتۇ. لوزىگاڭنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى قاشتاش ئۇستىلىرىنىڭ ئارىسىدا يېگانە شۆھرەت تېپىپ نامىنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئۆچمەي كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولسا كېرەك.

«بىلىمدان» قەسىرىدىكى ھەزرەت ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ ھېكايە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى قاشتاش چۆگۈنمۇ كېيىن يوقاپ كەتكەن. ئەمما لوزىگاڭنىڭ قولىدىن چىققان بۇيۇملارنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە «زىگاڭ» دېگەن ئىككى خەت ئويۇلغان. بۇ پاكىت كىشىلەرنىڭ يادىغا ئۆتكەن ئىشلارنى سېلىپ، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ ھېكايىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ...

خەن زىچىنىڭ كاللىسىدا بىر خىيال روشەن شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىلەنمەستىن قولىدىن چىققان قاشتاش كېمىنىڭ ئاستى تەرىپىگە: لياڭ يىچىڭ بىلەن خەن زىچى ئويغان، دېگەن خەتنى چېكىپ قويدى.

مۇشۇ خەت سام خونتېرنى خەن زىچىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلگەندى. ئۆزىنى كارامەت ئەقىللىق چاغلايدىغان پۇ شۇچاڭنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. قىزىق يېرى شۇكى، خەن زىچى ياكى سام خونتېر بولسۇن، ئىككىلىسىلا بۇ سىرنى پۇ شۇچاڭنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ئاشكارىلىمايتتى، چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى.

سام خونتېر چاينى ئىچىپ بولۇپ پۇ شۇچاڭ ۋە خەن زىچى بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭىدىغان چاغدا بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك، پۇ شۇچاڭغا كۇلۇمسىرەپ قاراپ:

— پۇ ئەپەندى، بۈگۈن بۇ تالانتلىق شاگىرتىڭىزنى كۆرۈپ، پېقىر ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ساناۋاتىمدۇ. ئۇنى كۆلبەمگە بىر

ۋاخ تاما‌ققا تەكلىپ قىلسام قارشى نۇرمايدىغانسىز؟ ـــ دېدى.
ـــ بۇ. . . ـــ پۇ شۇچاڭ ئەلۋەتتە قارشى تۇرمايتتى ئۇ
نائىلاج، ـــ شاگىرتىم ئۇچۇن ئىلتىپاتىڭىزغا تەشەككۇر ئېيـ
تىمەن! ـــ دېدى،ئارقىدىن خەن زىچىغا قاراپ، ـــ بالدۇر بېـ
رىپ بالدۇر قايتىپ كەل. خونتېر ئەپەندى بىلەن بولغان سودىـ
دىكى ھېساباتنى ئۇزووۋەتتىم، ئوينىاپ كەلسەڭلا بولىدۇ، ـــ
دېدى
ئۇ بۇ گەپنى ئەمەلىيەتتە، خەن زىچىنىڭ ئاغزىنى پېچەتـ
لەش، ئۇنىڭغا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى قىلدۇرماسـ
لىق ئۇچۇن دېگەنىدى، بۇنى خەن زىچى چۈشىنەتتى.
خەن زىچى سام خونتېرنىڭ كەينىدىن مېڭىپ تەيجى زاۋۇـ
تىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئالتە دۆلەت مېھمانخانىسىغا كەلدى.
سام خونتېرنىڭ ھۇجرىسىدا «ئەجنەبىي» پۇراق يوق ئىـ
دى، ھۇجرا جۇڭگونىڭ ئاسارئەتىقە دۇكىنىغا ئوخشايتتى. قاتـ
تىق ياغاچتىن ياسالغان شىرە ۋە ئورۇندۇق قويۇلغان يەرنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، بوش يەرنىڭ ھەممىسىگە كاتەكچىلىرى كۆپ چوڭ ـ
كىچىك ئىشكاپلار قويۇلۇپ كەتكەن، ئىشكاپلارغا پار ـ پۇر
قاچىلار، مىس بۇيۇملار، سىياھدان، قاشتاش بۇيۇملىرى تىزىـ
لىپ قويۇلغانىدى، ھەممىدىن قاشتاش بۇيۇملىرى كۆپ ئىدى. . .
خەن زىچى ئىشلىگەن ھېلىقى قاشتاش كېمە ھەيكىلى شىرەدىكى
ئەينەك رامكىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغانىدى.
خەن زىچى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىشنى كۈتمەيلا، ئىشـ
كاپلاردىكى بۇيۇملارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا:
ـــ خونتېر ئەپەندى، جۇڭگونىڭ شۇنچىۋالا بۇيۇملىرىنى
يىغىپسىز، سىز ھەقىقەتەن «جۇڭگوشۇناس» ئىكەنسىز! ـــ
دېدى.
سام خونتېر خەن زىچىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ كەمتەرلىك
بىلەن:

— يوقسۇ، مەن جۇڭگونىڭ سەنئىتىگە قىزىقىمەن، مېنى «شۇناس» دېگىلى بولمايدۇ. بۈگۈن مەن سىزنى ماڭا تەلىم بېرىشكە بۇ يەرگە تەكلىپ قىلدىم، — دېدى، ئاندىن ئەينەك رامكىدىكى قاشتاش كېمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ مەن يىغقان هازىرقى زامان قاشتاش بۇيۇملىرى ئىچىدىكى ئەڭ سەر-خىل بۇيۇم. سىزنىڭ هۈنىرىڭىز ئالاھىدە ئىكەن، سىز يۇمىلاق نەقىش، تەشمە نەقىش ۋە قاپارتما نەقىش قاتارلىق ئۇسلۇبلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق «جىنىڭ خېنىڭ دېڭىزغا سەپىرى» نىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپسىز ھەم قاشتاش ئويمىكەشلىكىنىڭ چەكلىمىلىرىنى يېڭىپ، رەسسام-لىق، ياغاچ ئويما، خىش نەقىش ۋە تاش ئويمىنىڭ ئارتۇقچىلىق-لىرىنى جۇڭگو سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بىلەن مۇجەسسەملەشتۈ-رۈپسىز، چيەنلۇڭ دەۋرىدە گۈللەنگەن ئويمىكەشلىك ماھارىتىنى ۋە ئۇسلۇبىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپسىز. هازىرقى زامان هۈ-نەرۋەنلىرى ئارىسىدا سىزدەكلەر ئاز تېپىلىدۇ. قارىغاندا، مېنىڭ ئەللىك مىڭ تەڭگەم سىزنىڭ تۆت يىللىق ئەجرىڭىزگە تامامەن ئەر-زىيدىكەن! — دېدى.

خەن زىچى ھەيران قالدى: ئۇ پۇ شۇچاڭنىڭ ئىش ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا ئىككى قېتىملىقنىڭ ئىش ۋاقتىنى بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلىغانلىقىنى، ئوتتۇرىدىن ئەللىك مىڭ تەڭگىگە ئېرىشىدى-غانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان، سام خونتېرنىڭ قاشتاش كېمە ھەيكىلىگە بۇنچىلىك يۇقىرى ھەق بېرىدىغانلىقىنى، بۇ كىشى-نىڭ ھەقىقەتەن كەسىپ ئەھلى ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈر-مىگەنىدى. سام خونتېر خەن زىچى بىلەن لياڭ يىچىڭنىڭ كۆڭ-لىگە كەچكەن، ئەمما دېيەلمىگەن نەزەرىيىلەرنى ناھايىتى جايىدا سۆزلىدى. خەن زىچى لياڭ يىچىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ:

— ھەي ئىسىت، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئۇستازىم ئاڭلىغان بولسىدى كاشكى! — دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— نېمە؟ سىزنىڭ ئۇستازىڭىز بۇ شۇچاڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى سام خونتېر ئەجەبلىنىپ خەن زىچىدىن.

— ياق، سىز يېڭىلىشتىڭىز. بۇ شۇچاڭ پەقەت مېنىڭ خوجايىنىم، مېنىڭ ئۇستازىم لياڭ يېچىڭ!

— ھە، سىزنىڭ ھېلىقى ھەمكارلاشقۇچىڭىزمۇ؟

— ئۇ ھەمكارلاشقۇچۇم ئەمەس، مەن مۇشۇ ھۈنەرنى شۇنىڭ قولىدا ئۆگەنگەن!

— مۇنداق دەڭ. لياڭ ئەپەندىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا كۆرمىگەنلىكىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، لېكىن سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىمەن. ئېيتىڭا، ئۇستازىڭىزنىڭ قانچە شاگىرتى بار؟

— مەندىن باشقا شاگىرتى يوق، بۇرۇن «قاشتاش ئۇستىسى لياڭ جەمەتى» يات فامىلىلىكلەردىن شاگىرت قوبۇل قىلمىغان.

— ياخشى گەپقۇ، مەن ئىشىنىمەن، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەمكارلىقىمىز كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

— سىز بىلەن ھەمكارلىشامدىم؟ — خەن زىچى بۇ گەپنىڭ ئېنىق مەنىسىنى چۈشەنمىگەنىدى.

سام خونتېر بېشىنى لىڭشىتتى. قايتا چۈشەندۈرۈپ يۈرمەي، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشكاپتىن نەپىس بىر قۇتىنى ئېلىپ، ئېچىنى ئاچتى — دە، كىچىك بىر قاشتاش بۇيۇمنى ئاۋايلاپ ئېلىپ:

— بۇنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىڭ، — دېدى.

خەن زىچى بۇيۇمنى ئېلىپ، ئالىقىنىغا قويۇپ زەن سېلىپ كۆردى. بۇ تاقا شەكىللىك ئىشلەنگەن بۇيۇم ئىدى. يۇمىلاق دېسە يۇمىلاق ئەمەس، چاسا دېسە چاسا ئەمەس، قېلىن - نېپىزلىكى تەكشى ئەمەس، ئىشلىنىشى ئاددىي، تاراشلانمىغان بۇيۇم ئىدى، نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ نەرسە ماھارەت-

لىك ئۇستاز كۆرگەن خەن زىچىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، سام خونتېرنىڭ بۇ بۇيۇمنى ئاسارئەتىقە ئورنىدا ساقلىغانلىقىدىن ئەجەبلەندى. ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ بۇ نەرسىنى خونتېرغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— بۇنى قايسى ئۇستا ياسىغان ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەندىن سوراۋاتامسىز؟ — دېدى سام خونتېر سىرلىق كۇلۇپ، — مەندىن ئىمتىھان ئالماڭ. مەن بۇنىڭغا جاۋاب بې-رەلمەيمەن! بۇنى ياسىغان ئادەم سىزدەك ئىسمىنى چېكىپ قويماي، ئۈچ مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدى.

— ئۈچ مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا! — دېدى خەن زىچى ھەيران بولۇپ.

سام خونتېر جىددىي تەرزدە:

— پەرق ئېتەلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە — دېدى خەن زىچى ياۋاشلىق بىلەن تەن ئېلىپ، — دېمىگەن بولسىڭىز بىلمەسكەنمەن، بۇ بۇيۇمنىڭ ياسىلىشى ماڭا بەك قوپال تۇيۇلغان. بۇنىڭ ئۈچ مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى بۇيۇم ئىكەنلىكىنى سىز قانداق بىلىسىز؟

— بۇنى، مەن قاشتاشنىڭ سۈپىتى، بۇيۇمنىڭ شەكلى، نەقىش ۋە ياسىلىشى قاتارلىق تۆت تەرەپتىن كۆزەتتىم، — دېدى سام خونتېر — مېنىڭ بىلىشىمچە، جۇڭگودا تۆت مىڭ يىلدىن ئون مىڭ يىل ئىلگىرىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا قاشتاش-تىن ئىشلەنگەن قورال - ياراغ، سايمان ۋە زىبۇزىننەت بۇيۇم-لىرى بولغان، ئۇ چاغلاردا ئىشلەنگەن بۇيۇملار ناھايىتى قوپال ئىدى. شاڭ، جۇ دەۋرىگە كەلگەندە قاشتاش پىچاق، قاشتاش پالتا قاتارلىق بۇيۇملاردىن باشقا يەنە يەككە شەكىللىك قاشتاش بۇيۇملىرىدىن بېلىق، تاشپاقا، ھايۋانلارنىڭ يۈزى، باشقا تاقاي-دىغان زىننەت بۇيۇمى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بولغان، ئۇلار بۇرۇن-قىسىدىن نەپىس ياسالغان. مانا ماۋۇنىڭغا قاراپ باقايلى، بۇ

www.uyghurkitap.com

مەن كۆرگەن بۇيۇملار ئارىسىدىكى ئەڭ بۇرۇن ياسالغىنى تۇز سىزىق كۆپ، ئەگرى سىزىق ئاز، توم سىزىق كۆپ، ئىنچىكە سىزىق ئاز؛ تۇتۇق نەقىش كۆپ، ئوچۇق نەقىش ئاز، قوش ئىلمەكلىك تۇتۇق سىزىق ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تۆشۈكنىڭ سىرت تەرىپى چوڭ، ئىچ تەرىپى كىچىك «تاقا» شەكىللىك. مانا بۇ شاڭ دەۋرىدىكى قاشتاش بۇيۇملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى. . .

ــــ بۇ نەرسىلەر نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟ ــــ دېدى خەن زىدىچى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغانىدى، كۆز ئالدىدىكى نەرسە ئالىقانچىلىكمۇ چىقمايتتى. خەن زىچى سام خونتېرنىڭ بۇنچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

ــــ بۇ يېرىم ھالقا شەكىللىك قاشتاش! ــــ دېدى سام خونتېر يەنە بىر بۇيۇمنى قولىغا ئېلىپ قۇلىقىنىڭ ئاستى تەرىپىگە دەللەپ، ــــ بۇ ھالقا ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسالغان، ھا، نېمىدېگەن چوڭ ھالقا بۇ! قەدىمكى كىشىلەرگىمۇ ئېغىر تۇيۇلغان بولسا كېرەك. بۇ بۇيۇم چىن، خەن دەۋرلىرىدە باشقا تاقايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. لېكىن مەندىكى بۇ بۇيۇم يەنىلا ھالقا، چۈنكى ئۇ، شۈبھىسىزكى، شاڭ دەۋرىنىڭ مەھسۇلاتى.

خەن زىچى «يېرىم ھالقا شەكىللىك» كىچىككىنە بۇيۇمغا دىققەت بىلەن قاراپ، قەلبىدە ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان ھېلىقى ئەزىم دەريانى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ تا ھازىرغىچە مۇشۇ دەريانىڭ باشلىنىش ۋاقتىسىنى ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى. ئۇ ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ياسىلىشى قوپال، لېكىن تارىخى ئۇزۇن «يېرىم ھالقا شەكىللىك قاشتاش»قا قولىنى يەنە بىر قېتىم ئۇزاتتى. ئەزىم دەريا دولقۇنلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە ئۇرۇلدى، ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئاددىي قوراللار بىلەن ھازىرغا قەدەر توختاپ قالماي، ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەزىم دەريانى قانداق

بىنا قىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى. . .
— خونتېر ئەپەندى، ماڭا دەپ بېرەلەمسىز، قاشتاش ئوي-
مىكەشلىكىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد پىرى كىم؟ — خەن زىچى تۆت
يىلدىن بېرى كۆڭلىدىن چىقماي كېلىۋاتقان بۇ سوئالنى يەنە
ئوتتۇرىغا قويدى. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئۇستازى لياڭ يىچىڭ
ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىگەنىدى: «بىلىمدان» قەسرىدىكى ھەز-
رەتتىنمۇ سوراپ باققان، ئەپسۇس، ئۇ ھەزرەت دۇنيادىن تولىمۇ
بالدۇر كېتىپ قالدى.
— بىرىنچى ئەۋلاد پىرى؟ — دېدى سام خونتېر ئەپسۇس-
لانغان ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇنىڭغا بىر نېمە
دېمەك تولىمۇ تەس. جۇڭگونىڭ تارىخى ھەقىقەتەن ناھايىتى
ئۇزۇن، تارىختا نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەربابلار تولىمۇ ئاز،
بولۇپمۇ خەلق سەنئەتكارلىرى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن-
لەردىن لو زىگاڭ، ليۇ شېن، خې سى، لى ۋېنپۇ قاتارلىقلارنى
تەكشۈرۈپ ئېنىقلىسا بولىدۇ، مىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ئۆت-
كەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى چۇچۇجى، ئۇمۇ جىن، يۈەن
سۇلالىسىغا تەۋە، يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسە ئاز - تولا يىپ
ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ يازما تارىخىغا ئاساسلان-
غاندا، پادىشاھ چىن شىخۇاڭ قىممەت باھالىق قاشتاشقا ئىگە
بولغاندىن كېيىن، ۋەزىرى لى سىنى «تەڭرى بولسا يار - يۆلەك،
ئەل - يۇرت تاپار قۇدرەت» دېگەن سەككىز خەتنى ئۇچار - قۇش
ۋە قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ شەكلىدە يېزىشقا، گۇڭ سۇنشۇنى
مۇشۇ سەككىز خەتنى شاھانە تامغىغا ئويۇپ چۈشۈرۈشكە بۇيرۇ-
غانىكەن. چىن شىخۇاڭ تەختكە ئولتۇرۇپ ئىككىنچى يىلى
چيەن شاۋگۇ چىن دۆلىتىگە لېي يى ئىسىملىك كارامەت ئىگى-
سىنى تەقدىم قىلغان. بۇ كىشى قاشتاش تاراشلاشقا ماھىر
ئىكەن. ئۇ ئىككى يولۋاسنىڭ قاشتاش ھەيكىلىنى چىن شى-
خۇاڭغا ھەدىيە قىلغان. يولۋاسلارنىڭ مويلىرى كىشىگە راست-

www.uyghurkitap.com

تەك بىلىنىدىكەن. جۇڭگونىڭ ئەڭ بالدۇرقى قاشتاش ئويمى- كەشلىرىدىن مېنىڭ بىلىدىغىنىم لىي يى بىلەن گوڭ سۈنشۇ يەنە باشقىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

سام خونتېر خەن زىچىننىڭ سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدى، لېكىن خەن زىچىنى تاڭ قالدۇردى.

— خونتېر ئەپەندى، سىزنىڭ بىلمىگىنىڭىز نېمىدېگەن چوڭقۇر! — دېدى ئۇ. ئۇ ئەسلىدە: سىز ئەجنەبىي «قاشتاش مەستانىسى» ئىكەنسىز، دېمەكچى ئىدى، لېكىن خى- جىل بولدى، «مەستانە» دېگەن سۆزنى خونتېرنىڭ خاتا چۈشى- نىپ قېلىشىدىن ۋايىم يېدى.

— ياق، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم پەقەت يېرىم - يارتا، — دېدى خونتېر مۇرىسىنى قىسىپ، سەل ئەجەبلەنگەن ھالدا، — خەن ئەپەندى، بۇ توغرۇلۇق سىزگە ئۇستازىڭىز دەپ بەرمىگەن- مۇ؟

خەن زىچى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ سام خونتېرنىڭ ئۇستازى بىلەن ئۇنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بىلمىسىزلىكىدىن خىجىل بولغانىدى. جۇڭگولۇق بىر ئويمىكەش جۇڭگونىڭ قاشتاش بۇيۇملىرىنى بىر چەت ئەللىك سودىگەردەك ياخشى بىلمىسە، بۇ ھەقىقەتەن ھاقارەتلىك ئىشتە!

خەن زىچىنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى سەزگەن سام خونتېر ئۇنى مازاق قىلماي، ئەكسىچە خورسىنىپ تۇرۇپ:

— تارىخ ياراتقان ئادەم تارىخنى بىلىشى كېرەك. خەن ئەپەندى، بىر ئېغىز گەپ قىلىمەن، كۆڭلىڭىزگە ئالماسىز: مەن يىغىپ، ساقلاۋاتقان بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ قىممى- تى سىز ئىشلىگەن قاشتاش كېمە ھەيكىلىنىڭ قىممىتىنى بې- سىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇيۇملار تارىخقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، تارىخنىڭ ئۆزى بىباھا گۆھەر.

خەن زىچى ئىشلىگەن قاشتاش كېمىنى بايا سام خونتېر

ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن بولسا، ئەمدى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز
قىلىنۇەتتى. خەن زىچى ئەزىم دەريا دولقۇنلىرىدە دەم چۆكۈپ،
دەم لەيلىگەندەك بولۇۋاتاتتى، ئەمما خورلۇق ھېس قىلمايتتى،
بىلىدىغانلىرىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىدىن ھەسرەتلىنەتتى. ئۇ
قۇرت - قوڭغۇزلارنى ئۇيۇش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان چەكلە-
مىدىن قۇتۇلۇپ، ھەيۋەتلىك ئاشۇ ئېقىمغا قوشۇلۇپ كېتىشنى
شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ قاتار تىزىلغان كاتەكچىسى كۆپ
ئىشكاپلارنىڭ ئالدىدا يۈرەتتى، كۆزلىرىدە بولسا كۈچلۈك ئىش-
تىياق ئۇچقۇنلىرى پارلايتتى.
سام خونتېر خەن زىچى بىلەن بۇيۇملارنى زوقلىنىپ تاماشا
قىلغاچ، ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق «دېڭىز سەپىرى» گە يولباشچىلىق
قىلىپ، كەينىدە تۇراتتى.
— . . . شاڭ دەۋرىدىكى قوش ئىلمەك سىزىق، قاشتاش
ئويمىكەشلىك سەنئىتى تارىخىدىكى چوڭ ئۇتۇقلارنىڭ بىرى، — دې-
دى ئۇ، — جو دەۋرىدىن كېيىن، ئەگرى سىزىقلار كۆپىيىپ،
ھۈنەر - سەنئەت ئۇزلۇكسىز ياخشىلاندى، نەپىسلىك دەرىجىسى-
مۇ ئىلگىرىكىدىن مۇكەممەللىشىپ، كۆنسېرى كۆركەملەشتى:
چۈنچيۇ ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە كەلگەندە، قورالالار
يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، شەكىل مۇقىملاشتى، بېزەش، نەقىشە
بېرىش ۋە يالتىرىتىش قاتلاملىرى مەيدانغا كەلدى. ئەپسۇس،،
مەندە شۇ دەۋرگە تەئەللۇق بۇيۇملار يوق. بۇ بۇيۇم خەن سۇلۇش
سى دەۋرىگە مەنسۇپ. خەن دەۋرىدە قاشتاشتىن ئىشانشۇنى
چوڭراق بۇيۇملارنىڭ ئىشلىنىشى قوپال، كىچىك بۇيۇم بۇيرۇ-
ئىشلىنىشى سىپتا. ماۋۇ بۇيۇمغا قاراڭ، شەكلى ناھايىتى يىلى
قان. ماۋۇ بۇيۇم تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ. بېرىلگەرنەت ئىگە-
نەقىشتىن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى، تىپىك تاڭ دەۋشقا ماھىر
نى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سۇڭ ۋە يۈەن دەۋ چىن شى-
بۇيۇملار بۇ يەردە يوق، بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىشقا راست-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاغلاردا ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئارىسىدا كىچىك بۇيۇملار كۆپ، چوڭراق بۇيۇملار ئاز، قاشتاش تاغ ھەيكىلى يېگانە بۇيۇم. ماۋۇ كۆك قاشتاش تەشمە نەقىشلىك بۇيۇم مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەندە يەن دەۋرىگە مەنسۇپ. قاراڭ، چۆگۈننىڭ ئاستى تەرىپىدىكى «زىگاڭ» دېگەن ئىككى خەتكە. بۇ، شەك ـ شۈبھىسىز، لو زىگاڭ ئۇستا ئىشلىگەن بۇيۇم. لو زىگاڭ ياشىغان دەۋرلەردە ئۇستىلار كۆپ، ئېسىل بۇيۇملارمۇ تولا ئىدى. لېكىن شۇ دەۋردىكى بۇيۇملارمۇ ئاز ـ تولا نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس، شەكىل قوغلىشىپ، سۈپەتكە سەل قارالغان، كۆركەم ئەمەس. چىڭ دەۋرىدە قاشتاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، تەشمە نەقىش، يېرىم قاپارتما نەقىش ئۇسۇللىرى ۋە رەڭ بېرىش تېخنىكىسى مەيدانغا كەلدى. سىزنىڭ كېمە ھەيكىلىڭىزدە بۇ ئۇسۇللار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. لېكىن مېنىڭ قولۇمدىكى چىڭ دەۋرىگە تەئەللۇق بۇيۇملارنى ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەن سىزنىڭ كېمە ھەيكىلىڭىزنى چىڭ دەۋرى ئۇسلۇبىغا خاس تىپىك بۇيۇم قاتارىدا ساقلايمەن. سىزدەك ماھارەت ئىگىسىنى مەن تېخى بېيجىڭدا كۆرمىدىم.

خەن زىچى گويا ئۆزۈن چۈشتىن كېيىن ئېسىگە كەلگەندەك تتىق ھەسرەتلىنىپ:

ــ ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت! ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ئۈنى؛كىلىرى ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى يېڭى شاگىرتتەك ھېس قىـ ـەن! خونتېر ئەپەندى، سىز بۇنچىۋالا بىلىملەرنى نەدىن ئەپەندى؟ ــ دېدى.

مەن يىغـجۇڭگودىن! ــ دېدى سام خونتېر كەمتەرلىك تى سىز جۇڭگونىڭ ئاسارئەتىقىلىرى، جۇڭگولۇق ھۈنەرۋەنـ سىپ چۈشـولۇق سودىگەرلەر، جۇڭگولۇق ئالىملار، ھەممىسى تارىخىنىڭ ئۆزىم. خەن ئەپەندى، سىز بېيجىڭدا ئۆتكەن «قاشـ خەن زىچى» نى بىلىشىڭىز مۇمكىن!

— «بىلىمدان» قەسىرىدىكى ھېلىقى ھەزرەتنى دەمسىز؟ — دېدى خەن زىچى. ئۇنىڭ قەلبىدە چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى قوزغالدى. ئەسلىدە سام خونتېر ئەپەندى «قاشتاش مەستانىسى»غا چوقۇنىدىكەندە!

— ھەئە! — دېدى سام خونتېر ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن، — ھەزرەت ھايات ۋاقتىدا مەن ئۇنى نەچچە قېتىم يوقلاپ بارغان. ئۇ بىلىملىك، گەپ - سۆزلىرى پاساھەتلىك زات ئىدى. ئۇنىڭ يىغىپ ساقلىغان ئاسارئەتىقىلىرى ئالامەت كۆپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭكى دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى. شۇڭىنىسى، ھەزرەت يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرىنى جېنىدىن چارە كۆرەتتى، نۇرغۇن بۇيۇملارنى مېھمانلارغا كۆرسەتمەيتتى، ئۆتۈنۈپمۇ بەرمەيتتى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئاماللار قىلىپ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كەتكەن بىر نەچچىسىنى ئالالىدىم. بايا كۆردىڭىز، مەن يەنە بىر ئۇستازىمغا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ...

— ئۇ كىم؟ — سورىدى خەن زىچى ئۇنىڭدىن. ئۇ ھەزرەتتىن كېيىنكى يەنە بىر «قاشتاش مەستانىسى»نىڭ كىملىكىنى بىلىشكە تەقەززار ئىدى.

— يۇ شۇچاڭ! — دېدى سام خونتېر كۈلۈمسىرەپ، — سىزنىڭ خوجايىنىڭىز.

— ئۇ؟ — خەن زىچى سام خونتېرغا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى، — ئۇ قاشتاش تاراشلاشنى ئۆگەنمىگەن.

— جۇڭگولۇقلاردا: ئۇزۇن ئاغرىغان ئادەم دوختۇر بولۇر، دەيدىغان گەپ بار. يۇ شۇچاڭ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگەن، بۇ ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ھەم تەتقىق قىلىش. ئۇ بىر بۇيۇمنى قولىغا ئېلىپ، ھېچقانداق ئۈسكۈنىگە مۇراجىئەت قىلماي، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپلا ئۇنىڭ دەۋرىنى ۋە راست - يالغانلىقىنى ئايرىپ بېرەلەيدۇ، بۇيۇمنىڭ شەكلىگە، نەقىشىگە، ئىشلەتكەن ماھارىتىگە، رەڭگىگە ۋە سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەر بىر

دەۋردە بىر قەدەر مۇقىملاشقان ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىنى ئىگى-
لەپ، ئاندىن ھۆكۈم قىلىدۇ، ھۆكۈمى ئاساسەن توغرا چىقىدۇ.
ئۇ كىشىلەر ھەمىشە ئېتىبارسىز قارايدىغان كىچىك تەپسىلاتلار-
نىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، بۇنىڭغا
كەلگەندە ئۆزۈن يىللىق قاشتاش ئويمىكەشلىرىمۇ ئۇنىڭ قولىغا
سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ! — دېدى ئۇ.

مۇنداق دەڭ! — دېدى خەن زىچى پۇ شۇچاڭنىڭ قابىلىيى-
تىگە قايىل بولۇپ، — لېكىن، خۇيىۇەنجەيدە بۇنداق گەپلەرنى
ئاز ئاڭلايمەن، ئاسارىئەتىقىلەرنىمۇ كەمدىن كەم كۆرىمەن.

سام خونتېر كۈلۈپ:

— مالنى مال تونۇيدىغان ئادەم ئالىدۇ. پۇ خوجايىنىنىڭ
ئاساسلىق تىجارىتى دۇكاندا ئەمەس. شاڭ دەۋرىدىكى يېرىم
ھالقىلىق ماۋۇ قاشتاش بۇيۇمنى ئالايلى، — دېدى ئۇ ئىشكاپتىكى
«تاقا شەكىللىك» ھېلىقى قاشتاش بۇيۇمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، —
بۇنى مەن شۇنىڭ ئۆيىدىن ئالغان. ئۇ بۇنى «بىلىمدان» قەسىرى-
دىكى ھەزرەتنىڭ نەۋرىسىنىڭ قولىدىن ناھايىتى ئەرزان ئالغان-
كەن. بۇ بۇيۇم ئەسلى ئۈچ تال ئىدى...

— ئۈچ تال؟ ھەممىنى ئالدىڭىزمۇ؟

— ناھايىتى ئەپسۇس، ئالالمىدىم. ئامېرىكىلىق، فرانسى-
يىلىك ۋە ئىتالىيىلىك بىرنەچچە دوستلىرىم بار ئىدى، ئۈچ
تال بۇيۇمغا ھەممىمىزنىڭ كۆزى چۈشتى. پۇ شۇچاڭ بۇيۇملار-
نىڭ شاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىر چەتتە
تۇراتتى. مەن دوستلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولدۇم
ھەم ھەربىرىگە بەش تۈمەندىن، ئۈچىسىگە ئون بەش تۈمەن تەڭگە
باھا قويدۇق...

— ئون بەش تۈمەن؟ — بۇ ساننى ئاڭلاپ خەن زىچى ئىخ-
تىيارسىز توۋلاپ كەتتى.

سام خونتېر چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن گېپىنى داۋام قىلى-

دى:

— شۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ بۇ بۇيۇمنى ئالغۇمىز بار ئى-دى. ئۇنىڭ پەقەت بىرىنىلا ساتىمەن دېيىشىنى ئويلىماپتۇق.

— قالغان ئىككىسىنىچۇ؟ ئۆزى ئېپقالدىمۇ؟

— ياق، چېقىۋەتتى! قالغان ئىككىسىنى يەرگە ئېتىپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى.

— ھە! — دېدى خەن زىچى يۈرىكىنى خۇددى بىرى سۇ-غۇرۇۋەتكەندەك، — نېمىشقا؟

— پۇلنى دەپ! — دېدى سام خونتېر ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ، — ئۇ ئىككى تېلىنى چېقىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر تېلى تۇتىيا بولدى. باھاسى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئاخىر ئەللىك تۇمەنگە ئالدىم.

ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغان خەن زىچىنىڭ بىر ھازاغىچە ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ شۇچاڭنىڭ ھېيلىگەر چىرايى شۇ قەدەر ئوماق، شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ھەم شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك ھالەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

سام خونتېر بايا قىلغان سۆزلىرىگە خەن زىچىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ ئۇنى تەمكىنلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. پۇلنىڭ ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغانلىقىغا ئۇ ئىشىنەت-تى. بۇ خىل تارتىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، تەدبىرىنى ۋە جاسارىتىنى ئال-دىن تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، ئەلۋەتتە.

خەن زىچى قىممەت باھالىق بۇيۇملار تىزىلغان ئىشكاپ ئالدىدا تەرلەپ كەتكەن قوللىرىنى تىنىمسىز ئۇۋۇلاپ تۇراتتى.

سام خونتېر پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى پەملەپ، خەن زىچىنىڭ چىرايىغا، چاقناپ تۇرغان كۆكۈچ كۆزلىرىگە قاراپ:

— خەن ئەپەندى، بۇ شۇچاڭ چېقىۋەتكەن ھېلىقى ئىككى

www.uyghurkitap.com

تال بۇيۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭىز ھە؟ — دېدى.

— ئەسلىگە كەلتۈرۈش؟ كۆكۆم - تالقان بولۇپ كەتكەن قاشتاشنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ سىزنىڭ قولىڭىز بىلەن بولىدۇ.

— مېنىڭ قولۇم بىلەن؟ — دېدى خەن زىچى ھاڭۋاققان ھالدا تەرلەپ كەتكەن قوللىرىنى ئېچىپ.

— قولۇمدىكى مۇشۇ بۇيۇمغا قاراپ ئوخشاش ياسىغىلى بولىدۇ، — دېدى سام خونتېر مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ، — بۇ مەن ئۈچۈن ھەم سىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىش. خەن ئەپەندى، مەن سىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمكارلىققا تاللىدىمكى، سىز ۋايىغا يەتكەن ھۈنىرىڭىز بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز. يەنە بىر سەۋەب بار، ئۇ بولسىمۇ، سىزنىڭ پۇ شۇچاڭ بىلەن بىر نىيەتتە ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىپ قالدىم.

خەن زىچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ نۇرغۇن ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىپ، دەيدىغاننى دەپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلدى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خاتىرجەم ھالدا:

— خونتېر ئەپەندى، مېنى دوست قاتارىدا كۆرگىنىڭىزگە رەھمەت. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. بۇ تەلىپىڭىزنى، كەچۈرۈڭ، مەن ھازىرچە ئورۇندىيالمايمەن. مېنى ئىككى يىل، پەقەت ئىككى يىللا كۈتۈڭ! بۇ ئىشنى بىر سىز، بىر مەن، بىر خۇدالا بىلسۇن، كېيىن كۆرۈشەيلى! — دېدى.

ئۇلار بۇ يەردە ساق ئۈچ سائەت پاراڭلاشتى. تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى. كۈتكۈچى كېلىپ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن چاغدىلا سام خونتېر پېشانىسىغا ئۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭ، خەن ئەپەندى، مەن سىزنى چۈشلۈك تاماققا

تەكلىپ قىلغانىدىم. . . مەرھەمەت! ـــ دېدى.
ـــ رەھمەت، خونتېر ئەپەندى، بىزنىڭ تېخى تاماقتىنمۇ مۇھىم ئىشىمىز بار! ـــ دەپ رەت قىلدى ئۇ. سام خونتېر پۇ شۇچاڭغا ئالغاچ كېتىش ئۈچۈن خەن زىچىگە قايماقلىق تورت بەردى. ئۇ تورت مۇسۇلمانچە بولمىغاچقا خەن زىچى يېمەيتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. خۇيىۈەنجەيىنىڭ سودىسى ئالدىراش ئىدى. ئىشلەپ ھەم سودا ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتقان خەن زىچى تۇيۇقسىز پۇ شۇچاڭغا قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى ئىشلەش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۈچ يىللىق توختامنىڭ ۋاقتى توشقانلىقىنى، كېمە ھەيكىلىنى ئالالىغاچان تاپشۇرغانلىقىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى دېدى.
بۇنىڭدىن ھەيران بولغان پۇ شۇچاڭ چىرايىنى تۈرۈپ توۋلاپ كەتتى:
ـــ نېمە؟ كېتىمەن؟ ۋۇي. . . تۇزكور ھارىمى! ساڭا لياڭ يىچىڭ شۇنداق ياخشىلىق قىلغانىدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئالدىراپ مېنى پاناھ تارتتىڭ، ئىچىم ئاغرىپ سېنى قوبۇل قىلدىم. بۇنچىلىك يۈزسىزلىك قىلىدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىمەن. ئەقىلسىزلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. سېنىڭ قارارى يوق پەسەندە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن. ئادەم دېگەندە ئىنساپ بولۇش كېرەك. بۇ ئۈچ يىلدا ساڭا يامان قىلمىغاندىمەن؟ كېتىمەن دەپ كېتەرمىش تېخى! خۇيىۈەنجەيىنىڭ «خوجايىن شاگىرتنى ئىشتىن بوشىتىۋېتەلەيدىغان، شاگىرت خوجايىنغا ئىشتىن بوشىنىش تەلىپىنى قويالمايدىغان» قائىدىسىنى بىلەمسەن؟
خەن زىچى تىنىق كۆزلىرىنى پۇشۇچاڭغا تىكىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا:
ـــ ئۇستاز، سىلىنىڭ شەپقەتلىرىنى ئۆمۈربويى ئۇنتۇپ

قالمايمەن. ئۈچ يىللىق تاماق ھەققىنى ئىشلىگەن قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى ياساش ۋە ئۈچ يىل خىزمەتلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزئۈەتتىم. مەن ئەسلىدە قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن سىلىگە ئۇ كېمە ھەيكىلىنى ئىشلەپ بېرىشكە رازى بولغان، ئۆزۈمنى سىلىگە قۇل قىلىپ ساتمىغان! مېنى ئەپقالىمەن دېسىلە مەيلى، لېكىن ئىككى يول بار، بىرى، قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى ئاچچىقىپ، نەدە نۇقسان بار، شۇ يېرىنى ماڭا كۆرسىتىدىلا؛ يەنە بىرى، ئىككىمىز تۈزگەن ئۇستاز - شاگىرتلىق توختامنى ئاچقىسىلا، قايتىدىن تۈزۈشكە توغرا كەلسە، مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايلىق ئىش ھەققىم قانچە بولىدۇ، ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە! — دېدى.

پۇ شۇچاڭنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى. قاشتاش كېمە ھەيكىلىنى سام خونتېرغا تاپشۇرۇپ پۇلىنىمۇ ئېلىپ بولغاندى، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان يولى يوق ئىدى. ئۇستاز - شاگىرتلىق توختام مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قاقۋاش پۇ شۇچاڭ مۇشۇنداق بىر يوچۇقنى قانداق قالدۇرۇپ قويغان بولغىيتتى؟ ھەي، ئۇ مەنپەئەتنى دەپ ئەقلىدىن ئازغان، ئاچ كۆزلۈك ئۇنى ھاماقەت قىلىپ قويغانىدى. خەن زىچى ئەمدى ئۇنى كولدۇرلىتىپ، ئۇستا بولۇپ يېتىشكەن شاگىرتتەك مەردانىلىك بىلەن ئىش ھەققى ئالىمەن دەۋاتاتتى. ھىم، سەن ئىش ھەققى ئېلىشقا لايىقمۇ؟ سەن زېدى پەس ھۈنەرۋەن، سودا - سېتىقتىكى ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ بىلمەيسەن!

— يوقال! — دېدى پۇ شۇچاڭ ھۆركىرەپ. شۇنىڭ بىلەن ئاردىكى كونا ھېساب - كىتاب تۈگەپ، «ئۇستاز - شاگىرت» مېھرىمۇ ئۈزۈلدى، — خەن زىچى، سەن بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ. جاھاندىن ساڭا پۈت قويغۇدەك يەر چىقمايدۇ.

خەن زىچى خۇيىيۇەنجەيدىن چىقىپ، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ

ئېلىپ يۈرۈپ كەسى.
خەن زىچى يەنە ماكانسىز بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ يېنى
چىلىك ئادەمدەك كۆڭلى پۈتۈن ئىدى، هازىر ئالتە يىلنىڭ ئالدى-
دىكى سەرگەردان بالا، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى شاگىرت بالا
ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدا ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭغۇدەك يېتەرلىك
قابىلىيەت ۋە يېتەرلىك جاسارەت بار ئىدى.
خەن زىچى رىكشا ياللاشقا پۇلى يوق، گوڭگۇرت زاۋۇتىنىڭ
شەرقىگە قاراپ پىيادە ماڭدى. يەنشۇ كوچىسىدىن شەرققە بۇرۇ-
لۇپ، بۇرۇن ماڭغان يولنى بويلاپ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدى-
غان جايغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ جايدا ئۇ كېچە - كۈندۈز
سېغىنغان قۇشناچ بىلەن ئىككى سىڭلىسى بار ئىدى. ئۈچ
يىلدىن بۇيان ئۇ ئۇلارنى يوقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بول-
سىمۇ، ئەمما ھەرۋاقىت ئەسلەپ تۇردى. ئۇ ئەمدى قايتىپ
كەلدى. . .
چىچېنجەي چايخانا قىلىنىۋېتىلگەنىدى. يۇئېر ئالدىراش كەل-
گەن بۇ مېھماننى چايخانىغا تەكلىپ قىلدى، خەن زىچى يۇئېرنى
بىلىكىدىن تۇتۇپ هاياجان بىلەن:
— يۇئېر سىڭلىم، بوي تارتىپسىز، — دېدى.
يۇئېر ھەيران ھەم خۇشال بولغان ھالدا:
— چى ئاكا! — دەپ ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى، قولىدىكى
چىنە يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى.
بىئېر قولىدا چۆگۈن، سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاي-
خانىدىن چىقتى. ئۇنىڭ خەن زىچىگە قادالغان كۆزلىرى غەزەپ
بىلەن ياناتتى.
— نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟ بىز سىزنى تونۇمايمىز! —
دېدى بىئېر.
كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەن خەن زىچى تالاي ئەس-

www.uyghurkitap.com

لىمىلەر قالغان بۇ كونا ھويلىغا، ئۆزىگە دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىۋاتقان بىئېرغا چوڭقۇر مېھىر بىلەن قاراپ:

— مەن قايتىپ كەلدىم، مەڭگۈ كەتمەيمەن، مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ! — دېدى.

— ھىم، سىزنىڭ ئۆيىڭىز؟ بۇ يەردە سىزگە ئورۇن يوق! سىز قانچىلىك نېمىدىڭىز؟ سىز بىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ دۈشمىنى، سىز پۇ شۇچاڭنىڭ ئىتى! چىچېنجەي سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ۋەيران بولدى! — بىئېر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، غەزەپ ئاچچىقىدا، ئۆزىنىڭ كەسكىن خاراكتېرىنى نامايان قىلماقتا ئىدى، — كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ قاراڭ، لياڭ جەمەتى يوقاپ كەتكىنى يوق، ئۈچ تېخى ئېلىنمىدى!

خەن زىچىنىڭ قەلبى دولقۇنلىنىشقا باشلىدى.

— سىڭلىم، ئۈچنى ئون يىلدىن كېيىن ئالساقمۇ كېچىكمەيمىز. مەن شۇ سەۋەبتىن كەتكەن، يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم. مەن چىچېنجەينى قايتىدىن ئۆرە قىلىمەن. لياڭ جەمەتىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولمىدى، ئۇنىڭ قىزلىرى بار، شاگىرتى بار، بۇنى خەقلەر بىلسۇن، — دېدى خەن زىچى.

بىئېر بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن خەن زىچىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ياق، ئۇ ئۆزگەرمىگەن، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئاكىسى، ئاكىسى يەنە قايتىپ كەلدى! كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىئېر بىردىنلا ئاكىسىنىڭ ئۈچ يىل بۇرۇن چىچېنجەيدىن ئايرىلغان غەلىتە قىلىقىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق جاپالىق ئەجرىنى ھېس قىلدى. خۇشاللىق بىلەن خىجىللىق ياش قىزنىڭ قەلبىنى تەڭلا چۈلغىۋالدى، كۆز چاناقلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى.

— ئاھ، چى... چىچېنجەي، بىزنىڭ چىچېنجەي مۇشۇ كۈنلەرگىمۇ ئۇلىشىدىكەن! — دېدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە! — دېدى خەن زىچى. ئۇنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. ئاشۇ كۆكرەكنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغۋار غايىگە تولغان بىر يۈرەك سوقۇۋاتاتتى. خەن زىچى بىئېرنىڭ قولىدىكى چۆگۈننى تارتىۋېلىپ، بىر چەتكە قويۇپ:

— بولدى، چاي ساتماڭ، چىجېنجەي بۇنىڭدىن كېيىن قاشتاش تاراشلىمايدۇ، خۇيىيۇەنجەيدەك چوڭ ئوقەت قىلىمىز، پۇ فامىلىلىك بىلەن كۈچ سىنىشىمىز! — دېدى.

بىئېرنىڭ چىرايىغا ئاخىرى كۈلكە يۈگۈردى، ئۈچ يىلدىن بۇيانقى غېرىبلىق تۇيغۇ تارقىلىپ كەتتى. ئۇ خەن زىچىنىڭ ئەركەكلەرگە خاس غەيۇرلۇقىدىن ۋۇجۇدىدىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى كۆردى. ئۇ ئاكىسىنىڭ كۆڭۈل-كۆكسىنىڭ بۇنچىلىك كەڭلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

— ئاكا، لېكىن بىزنىڭ... پۇلىمىز يوق تۇرسا! — دېدى ئۇ.

— كېرەك يوق، پۇل دېگەننى ئادەم تاپىدۇ. ئاۋۋال پۇل بار دوستلىرىمىزنىڭ ياردىمىگە تايىنىمىز، تېزلا پايدا ئالىمىز. مېنىڭ ئىككى قولۇم بارغۇ! — دېدى خەن زىچى قوللىرىنى كۆرسىتىپ. ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگىۋىدى، ئۇگە-ئۇگىلىرى قارسىلداپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىر جۈپ قولى ئارقىلىق ھەممە نەرسىنى يارىتالايدىغانلىقىغا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن ئاينىمۇ يۇلۇپ ئالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىئېر خەن زىچىنىڭ قوللىرىنى ھاياجان بىلەن سىلاپ كەتتى. بۇ بىر جۈپ قوپال، يىرىك قول ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قوللىرىغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىدى. خىجىللىق ئىچىدە ئۇنىڭ مەڭزىلىرى تۇيۇقسىز «ۋىللىدە» قىزاردى. بۇ ئەر كىشىنىڭ بىر جۈپ قولى ئىدى، خەن زىچى ئۇنىڭ دادىسى، يا بىر تۇغقان

www.uyghurkitap.com

ئاكىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ قولىنى تارتىۋېلىپ:

ئاكا، سىز بىزنىلا ئويلىسىڭىز بولمايدۇ، كېيىن بالا-چاقىلىق بولۇشىڭىز كېرەك! — دېدى پىچىرلاپ:

— مەنمۇ؟ — دېدى خەن زېچى بۇ گەپتىن غەيرىيلىك ھېس قىلىپ، — چىجېنجەي مېنىڭ ئائىلەم!

— چى ئاكا، — دېدى بېئېر بوش ئاۋازدا. ئۇ قايناق ھاياجىنىنى باسالماي خەن زېچىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى، — چى ئاكا، مەن سىزگە ياردەملىشىمەن، سىز. . . مېنى ئېلىڭ!

# 6 ـ باب تۇزاق

شىنيۇ:

ساڭا مۇشۇ خەتنى يېزىۋېتىپ قەلبىمدىكى ھاياجاننى باسال-
ماي قىلىۋاتىمەن. مەن كەمدىن كەم مۇشۇنداق بولىمەن، تۇر-
مۇشتا مېنى قايغۇغا سالىدىغان ھەم خۇشال قىلىدىغان ئىشلار
ناھايىتى ئازدەك ھەممىگە كۆنۈپ قالدىم. مەن ئۆسمۈرلۈك
چاغلىرىمدىن تارتىپلا نېمىنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي-
مەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرىگە تولۇق قانمايلا چوڭ بولدۇم.
ئائىلىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ پەرىشانلىقلىرىغا بالدۇر شېرىك بولدۇم.
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا بولغان ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ـ بىرىگە ھەتتا
بىزگىمۇ تاپا ـ تەنە قىلىشلىرىنى كۆردۈم. مەن ھەممە ئائىلىلەر
مۇشۇنداق دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇنداق ئەمەسكەن. چەت ئەللىك
بىر يازغۇچى مۇنداق دېگەن: بەختلىك ئائىلىلەر بىر ـ بىرىگە
ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بەختسىز ئائىلىلەر بىر ـ بىرىگە
ئوخشىمايدۇ. بۇنى تېخى يېقىندا بىلدىم. مەن بىر بەختسىز
ئائىلىدە تۇغۇلغان قىزمەن. دادام بىلەن ئاپام ئاجىز. بىر ـ
بىرىدىن ئاچچىقىنى ئېلىش ئاجىزلارنىڭ بەختسىزلىككە تاقابىل
تۇرۇشتىكى بىردىنبىر ۋاسىتىسى. مەن بىر بەختسىز، لېكىن
ئۆزۈمنىڭ يارىماس ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەيمەن. مېنىڭمۇ بەخت-
سىزلىكتىن قۇتۇلۇش، بەختكە ئېرىشىش ھوقۇقۇم بار. مۇ-
شۇنداق بولغاچقا، تەقدىرنىڭ سىناقلىرى ئالدىدا ئۆزۈمنى سەن
بىلەن سېلىشتۇرۇشقا پېتىناتتىم، ماڭا مەنسۇپ بولغان نەرسى-
لەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىشىم كېرەكلىكىگە ھەم ئېرىشەلەيدى-
غانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. بىراق، مەن يەنە خاتالاشتىم. بىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ماڭا پال سېلىپ: سىزنىڭ ئالدىڭىز ئوچۇق ئەمەسكەن، ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدىكەنسىز، دېگەنىدى. پالچى ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقانىكەن، مەن تولۇپ - تاشقان ئۈمىد بىلەن ھايات يولىغا قەدەم قويۇپ يەنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىم.

مەن جىددىي ئېقىم ۋە قايىنامدا ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە جان تالاشتىم. بۇ چاغدا ماڭا قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى تاشلاپ بەرگەن كىشى باشقا ئادەم ئەمەس، بەلكى سەن، مېنىڭ دوستۇم ھەم سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ! شۇ يەكشەنبە كۈنىدىكى مول چۈشلۈك تاماق ھېلىھەم قەلبىمنى ئىللىتماقتا. سەن بىلىسەن، مەن ئاشۇ بىر ۋاخ مول تاماققا مەپتۇن بولۇپ كەتمىدىم، سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ھىممىتىڭلاردىن تەسىرلەندىم. سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردىن ئىنسانلار ئارىسىدا ياتلىشىش ئەمەس، بەلكى ئىللىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر مۇلايىم خەن تاغا، خەي ھاممامنىڭ ئىستىقبالىمغا ھەتتا ئاتا - ئانامدىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلدى. شىنيۈ، سېنىڭ كىشىنى چۈشىنىدىغان، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئاتا - ئاناڭ، ئىناق، كۆڭۈللۈك ئائىلەڭ بار ئىكەن. سەن نېمىدېگەن تەلەيلىك، ساڭا ھەقىقەتەن مەستلىكىم كېلىدۇ.

سەن ھازىر مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىلىم ئېلىۋاتىسەن، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلارنىڭ سەرخىللىرى يىغىلغان. سەن ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا مۇناسىپ! شىنيۈ، سەن يوپيورۇق ھەم ئازادە سىنىپلاردا تەشنالىق بىلەن بىلىم ئېلىۋاتقان، چىراغ يورۇقىدا پۈتۈن زېھنىڭنى يىغىپ ئىلىم - پەن قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان چېغىڭدىمۇ دوستۇڭنى ئەسلەپ قوي، بىز خۇددى باشتا دېيىشكەنگە ئوخشاش، مەن ساڭا ھەمراھ بولىمەن، سەن ماڭا ۋەكىللىك قىلىسەن!

خەن تاغام ئەتە مېنىڭ ئىشىمنى سۈرۈشتە قىلىپ ئاسارغە-

*تىقە ماگىزىنىغا يەنە باردىۇ. مەن ئۇنىڭ خۇش خەۋىرىنى كۇتى-مەن. قارا، مەن يەنە خام خىيالغا بېرىلىپ كەتتىم. ئۆمۈر مەنزىلىمنى ھەمىشە سەراپقا ئوخشاش بولۇپ قالمىسكەن دەي-مەن!*

ساڭا چەكسىز ئىستىقبال تىلەپ:

مەڭگۈلۈك دوستۇڭ شۆيەن

شىنيۆ قولىدا تاماق قاچىسى، ئاشخانىدىن چىقتى. ئۇ يېڭى تاپشۇرۇۋالغان خەتنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئوقۇپ ماڭدى. شۇن-چىلىك چوڭ مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىدە ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى بار ئىدى. مۇسۇلمان ئاشخانىسى مۇشۇ بىرلا ئىدى. كىچىك ھەم كونا بۇ مۇسۇلمان ئاشخانىسى پۈتكۈل مەكتەپتىكى ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار نى تاماق بىلەن تەمىنلەيتتى. ئاشخانا ئۇيمانغا جايلاشقان بول-غاچقا، يامغۇر ياغقاندا ئىشىك ئالدىغا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالاتتى. ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلار بەك ئاز ئىدى، تامىقىنى سىرتتا، بىرەر جاينى تېپىپ يېيىشەتتى. ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى يول ياسالغان يول بولماستىن، مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار مېڭىپ پەيدا قىلغان يول ئىدى. مەكتەپتىكى ھەممە يەرگە قاراپ كەتكەن ئاسفالت يولغا ئوخشىمايتتى، ئېگىز - پەس، ئويمان - چوڭ-قۇر، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى پاتقاق بولۇپ، كۆز كۈنلىرى غازاڭ قاپلاپ كېتىدىغان توپا يول ئىدى. بۇ يولدا مۇسۇلمانلارنىڭ قەدەم ئىزى قالاتتى. شىنيۆ خەتنىڭ بېشىنى ئوقۇپ بىر قىسما بولۇپ قال-دى. چېن شۆيەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ماقالىنى تازا ياخشى يازالمايتتى، لېكىن بۇ خەتنى ھەقىقىي تەسىراتقا ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى تەسىرلىك يازغانىدى. ئالدىن-قى يەكشەنبە كۈنى بىللە تاماق يېگەن چاغدا ھەممىسى خۇشاللىقتا

چۈمۈلگەن بولغاچقا، چېن شۈيەن غەمكىن ھەم ئازابلىق روھى ـ
ھالىتىنى بىلىندۈرمىگەنىدى. خېتىدىن ئۇنىڭ تەقدىرنىڭ ئادا-
لەتسىزلىكىدىن نارازى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شىنيۈ بۇ
ئىش توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلىشىشقا جۈرئەت
قىلالمايتتى. ئۇ سىنىپىدىكى شىي چيۈسىنى يادىغا ئالدى.
سىنىپ باشلىقى جېڭ شاۋجېڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇنىڭ دادى-
سى شاڭخەيدىكى مەشھۇر كاپىتالىست ئىكەن، بىر كىتابخانىسى
بار ئىكەن، ھازىرغىچە ئۇسۇم پۇل ئالىدىكەن. ئۇنىڭ كېلىپ
چىقىشى چېن شۈيەننىڭكىدىن ناچار ئەمەسمۇ؟ ئۇ يەنىلا بېيجىڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. جېڭ شاۋجېڭ كۆپ-
چىلىككە ئۇنى كەمسىتمەسلىكنى، «سىياسەتنى گەۋدىلەندۈ-
رۈش» كېرەكلىكىنى يۈرىتىپ تۇردۇ. ئۇنداقتا، چېن شۈيەن-
چۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى «كىچىك كارخانا خوجايىنى» بولغانلىقتىن
ئەتىۋارى يوق بولسا كېرەك. ناۋادا كاپىتالىست، چوڭ كاپىتا-
لىست بولغان بولسا، كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىمىغان
بولار ئىدى؟... سىرلىق ھەم سورىغىلى بولمايدىغان بۇ مەسى-
لىگە شىنيۈ جاۋاب تاپالمايتتى، پەقەت تەقدىرگە ئىلتىجا قىلماق-
تىن باشقا يول يوق ئىدى. «سەراپىقا...» ئوخشاش قىسمەتكە
چېن شۈيەننىڭ ئۆزىمۇ ئىشىنىدىكەنغۇ؟...

شىنيۈ خەتنى ئوقۇۋېتىپ، خۇددى بورانلىق دېڭىزدا چېن
شۈيەن بىلەن تەڭ تۇرۇپ چۆكۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ قالغىلى
قىل قالغاندەك، تۇرۇپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ ئۈمىدلەنگەن-
دەك ھالەتتە بولدى. ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان دوستلارنىڭ
خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى ئورتاق بولىدۇ. شىنيۈ ئاخىرقى قۇرلار-
نى كۆرۈپ بولۇپ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشتى. ئۇ چېن شۈيەن-
نىڭ غېمىنى يەۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتتى، چېن
شۈيەننىڭ مۇرادىغا يېتىشىنى، ئىككى ئائىلىنىڭ مۇشۇنداق مۇ-
ناسىۋەتنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بولمىسا، دوستلار مۇھىت-

ننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ياتلىشىپ ياكى ئايرىلىپ كېتىشى مۇم-
كىن ئىدى. ئۇ شۆيەندىن ئايرىلىپ قېلىشنى مەڭگۈ خالىمايت-
تى. شۆيەنىنىڭ ھەۋەس قىلىشلىرى ۋە رىغبىتى ئۇنىڭغا مەدەت
بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ كۆڭلىدە: شۆيەن، مەن سېنى نائۇمىد
قويمايمەن، مەن ساڭىلا ئەمەس، بەلكى ئاكامغىمۇ «ۋەكىللىك»
قىلىمەن. بىز مۇسۇلمانلارنى خەقلەر سودىگەرچىلىك قىلىپ
تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىرى، ئالىمل-
رى ناھايىتى ئاز دەپ بىلىدۇ، خۇددى بىز ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇيالمايدىغاندەك، ئالىم بولالمايدىغاندەك ھەم بىلىم ئېلىش
بىزگە ياراشمايدىغاندەك. ھىم، قۇرۇپ كەتسۇن، بۇنداق بىر
تەرەپلىمە قاراشلار!

شىنيۈ 27 - بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ياتاقتىن چىققان
شيې چيۇسىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا بېلىق كونسېرۋا-
سى بار ئىدى. شىنيۈ ئەتراپقا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ،
ئىككى كىشىلىك تاماقنى كۆتۈرۈپ، شيې چيۇسىنى ساقلاپ
قارىغاي تۈۋىدە تۇرغان ساۋاقدىشى تاڭ جۇنشېڭنى كۆرۈپ قال-
دى. ئۇلار مەكتەپكە كەلگەن بىرىنچى كۈندىن تارتىپ يۇرتداش-
لىق مېھرىدىن كەچمىگەن، مۇناسىۋىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ
كەتكەنىدى. بوش ۋاقىتلاردا ھەمىشە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايت-
تى، تاماقنىمۇ بىللە يېرىپ، بىللە كېلەتتى. مەكتەپنىڭ قورۇ-
سىدىن خالىي بىرەر يەرنى تېپىپ، شۇ يەردە بىللە غىزالىناتتى.

شيې چيۇسى شىنيۈگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈپ
قويۇپ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شىنيۈ ياتاققا كىردى، ياتاقتا
لۇ شيۇجۇ يالغۇز ئىدى، شىرەگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق
يەۋاتاتتى.

— جېڭ شاۋجېڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى شىنيۈ مۇن-
داقلا.

— Monitor — دېدى لۇ شيۇجۇ كۈلۈپ. ئۇ جېڭ شاۋ-

جىڭنى ئەمىلى بىلەن ئاتاشقا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ تاق سۆزنى ئىمكان بار ئۇرغۇلۇق دېيىشكە تىرىشاتتى. باشقا گەپلەرنى خۇبېي شىۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئورتاق تىلدا دېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.

— ئۇ چۇ مۇئەللىمنىڭ يېنىغا ياكى ئوغۇللار ياتىقىغا كەتتىمىكىنتاڭ؟ ئۇ دېگەن تاماق ۋاقتىدىمۇ «خىزمەت قىلىدۇ» ! — دېدى ئۇ.

شىنيۆ ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىغا پىسەنت قىلماي، كارىۋىتىغا چىقىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

لۇ شيۇجۇنىڭ بالا تەگكەن ئاغزى يەنە ئېچىلىپ كەتتى:

— بىزنىڭ Monitor باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئۇستا. بولۇپمۇ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن. ئۇ بەك مەرد، ئۇ تامىقىنى باشقىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋاتقان شەپقەتچى مەبۇدىدەك ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا بېرىدۇ. كۆپچىلىكنى ئۆزى يالغۇز بېقىپ كېتەلەيدۇ. ئاۋۇچۇ، — ئۇ چوكىسى بىلەن ئۇستىدىكى كارىۋاتنى كۆرسەتتى، — دەل ئۇنىڭ ئەكسى، شۇنداق پىششىق. بايا مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، بېلىق كونسېرۋاسىنى تىقىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى، ئېغىز تېگىڭ دەپمۇ قويمىدى! ھىم، چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا چوڭ بولغان بىزدەكلەر قانداق بېلىقنى يېمىگەن؟ تولا بېلىق يەپ زېرىكىپ كەتكەن. ۋۇچاڭ بېلىقىمۇ بىزنىڭ ئادەتتىكى تامىقىمىز. ئۇنىڭ ئۇ كونسېرۋاسىغا ئىشتەي نەدە تۇرۇپتۇ! — ئۇ ماي - گۆش دىدارى يوق تامىقىنى شالاپلىتىپ يېگەچ ھەدەپ پو ئاتاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنچىۋالا كۆپ بېلىق نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇ ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتاتتى.

شىنيۆ تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەمىشە يالغۇز تاماق يەيتتى. تاماق مەسىلىسىدە كىم مەرد، كىم پىخسىق، بىۋاستە تەسىراتى بولمىغاچقا، گەپكە ئارىلاشمايتتى.

لېكىن، لۇ شيۇجۇنىڭ مۇشۇ ئىش تۇپەيلى بارغانچە ئەۋزەيلەپ
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۇلۇپ تۇرۇپ:

— بېلىققا ئىشتىيىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، سىزگە
ئېغىز تېگىڭ دېمىگەندۇ، — دېدى.

— ئۆتەپ بېرىڭە! ئۇنىڭ كۆزى قىيمايدۇ، شاڭخەيلىكلەر
پىخسىق كېلىدۇ، ئىشەنمەمسىز؟ — دېدى لۇ شيۇجۇ تېخىمۇ
قايناپ. ئۇ قاچىسىنى قويۇپ، چوكىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئورنى-
دىن تۇردى، — ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا ئالگېبرا مۇئەللى-
مىم شاڭخەيلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىر ئىشىنى ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆرگەن. بىر قېتىم ئۇنىڭكىگە مېھمان كەلدى. ئۇ
مېھمان بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ: ھەي، مەنچۇ، مۇشۇ قىممەت-
لىك مېھمان ئۇچۇن، تۇن كېچە سائەت ئۇچتە ئەركىن بازارغا
باردىم، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كۆكتات ئالدىم، دېدى. سىز بەلكىم
مېھمانغا قانداق داستىخان سالغاندۇ دەۋاتقانسىز؟ تاماق ۋاقتى
بولغاندا ئىش ئاشكارا بولدى، داستىخانغا قويۇلغان تەخسە ۋە
پەتنۇسلار شۇنچىلىك كۆپ، ئەمما قورۇمىلار تەخسە ۋە پەتنۇس-
لارنى ئارانلا يېپىپ تۇرىدۇ. ئىككى تال دۇفۇ قېقىمۇ بىر
قورۇما، بىر ئوچۇم دۇفۇ ياپرىقىمۇ بىر قورۇما، نەچچە تال
بامبۇك يىلتىزىمۇ بىر قورۇما ھېسابىدا داستىخانغا قويۇلدى.
ئۇ مۇئەللىم چوكىسىنى پۇلاڭلىتىپ: تارتىنماڭلار، تارتىنماڭ-
لار، دېدى. بىر دەمدىن كېيىن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر
توخۇ كەلتۈرۈلدى، مېھمان چوكا تەگكۈزگۈچە، ساھىبخان ئا-
يال توخۇ گۆشىگە چوكىسىنى تەگكۈزۈپ. — لۇ شيۇجۇ چوكى-
سىنى قورۇقدىلىپ قالغان تاماق قاچىسىغا تەگكۈزۈپ ھەرىكەت
بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى، — ھەي، ئاپلا، ياخشى دۇملەن-
مەپتۇ، ئوت سۇس بولۇپ قاپتۇ، خامدەك قىلىدۇ. كەچۈرۈڭ،
يەنە ئازراق دۇملەپ كىرەي، ئاندىن ئاستا يەيمىز، دەپ توخۇ
گۆشىنى ئاچىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن توخۇ گۆشى ئىككىنچى

كىرمىدى. مېھمان تاماقنىمۇ يەپ بولدى، ھېلىقى توخۇ گۆشى-
نىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.
لۇ شيۇجۇ ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ناھايىتى
جانلىق ئىپادىلەپ بېرىۋاتاتتى. شاڭخەيلىكلەرنىڭ گېپىنى شيې
چيۇسىغا ئوخشاش دەيتتى. ئۇ دەۋاتقان بۇ يەككە كىشىلىك
شاڭشىڭ مەيلى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى ئۆز ئىچىدىن
توقۇپ چىقارغان بولسۇن، شىنيۈ تىڭشاپ كۈلۈپ، ئاغزىدىكى
تاماقنى پۈركۈۋەتكىلى قىل قالدى.
دەل مۇشۇ چاغدا شيې چيۇسى قورۇق قاچىسىنى كۆتۈرۈپ
ئىشكنى ئىتتىرىپ كىرىپ كەلدى. شىنيۈ ئالدىراش ئاغزىنى
ئېتىپ، كۈلكىسىنى زورىغا بېسىپ تاماقنى يەۋەردى. لۇ شيۇ-
جۇنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى، ھاۋادا
ئېسىلىپ قالغان قولىدىكى چوكىسى قولىنى چۇشۇرۇشى بىلەن
«توروككىدە» يەرگە چۈشتى!
— سۆزلەۋېرىڭ! سۆزلىمەيسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى شيې
چيۇسى سوغۇقلا.
تەڭلىكتە قالغان لۇ شيۇجۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئۆزى-
نى ئاقلاشقا مەجبۇر بولۇپ:
— سۆزلەپ بولدۇم. ئۇنىڭغا يۇرتىمىزدا تارقىلىپ يۈر-
گەن ئۆچقۇر سەركەردە جاڭ فېينىڭ جۇ گېلياڭنىڭ پەرمانى
بويىچە ياڭشيەنگە ھاكىم بولغانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتنى سۆز-
لەپ بەردىم، — دېدى.
— بولدى، ئۇيۇنىڭىزنى قويۇۋېرىڭ! — دېدى شيې چيۇ-
سى. ئۇ لۇ شيۇجۇنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قاراپ ئۆتۈپ،
كارىۋىتىغا چىقتى. شيې چيۇسى بايا لۇ شيۇجۇ كۆرسەتكەن
ئويۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى، شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل بۆلىكىدە
دېيىلگەن گەپلەرنى سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا
ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇستىدىكى كارىۋاتقا ئەپچىل جايلىشىۋې-

لىپ، ئۆزىگە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان شاڭخەي تەلەپپۇزىدا:
— ئويۇننى بەك ياخشى ئورۇنلىدىڭىز. شۇغىنىسى، مەن
سەھرالىق، بولمىسا شاڭخەيلىك ھەزىلكەشلەر ئۆمىكىگە كىرىپ
ھەزىلكەش بولاركەنمەن! — دېدى. ئۇ بۇ گەپنى ناھايىتى زە-
ھەرخەندىلىك بىلەن دېدى، لۇ شيۇجۇنى «ھەزىلكەشلىك» كىمۇ
سالاھىيىتى توشمايدىغانغا چىقىرىۋەتتى، چۈنكى ئۇ «سەھرا-
لىق» ئىدى. لۇ شيۇجۇ گەپ قىلالمىدى. شيې چيۇسى تەكەب-
بۇرلۇق بىلەن يەنە: — Missلۇ، سىزنىڭ تىل جەھەتتە ئىقتى-
دارىڭىز ئوبدانكەن، مۇشۇ ئىقتىدارىڭىزنى دەرسخانىدا جارى
قىلدۇرغان بولسىڭىز ياخشى بولماسمىدى؟ ئىنگلىز تىلى دەر-
سىدە، مۇئەللىم سوئال سورىغاندا تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپ قال -
مايتتىڭىز! — دېدى.
بۇ گەپ لۇ شيۇجۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى. لۇ شيۇجۇ
جۇڭگو ئەدەبىياتى، سىياسەت، دۇنيا تارىخى ۋە تەنتەربىيە دەرس-
لىرىدە «نەتىجىسى good» ئىدى، ئىنگلىز تىلى دەرسىدىن بەك
قورقاتتى، ئىنگلىز تىلى بولسا ئاساسلىق دەرس ئىدى. سىنىد-
پىدىكى ساۋاقداشلار، مەيلى ئوغۇل ياكى قىز ئوقۇغۇچىلار
بولسۇن، مۇتلەق كۆپ قىسمى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگ-
لىز تىلى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى جايلاردىن
تاللاپ ئېپكېلىنگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇ بولسا«رۇس
تىلى كەسپىنى ئىنگلىز تىلى كەسپىگە ئۆزگەرتكەن» بىردىنبىر
ئوقۇغۇچى ئىدى. بىرىنچى يىللىقنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىدە ئۆ-
تۈلۈۋاتقان فونېتىكا باشقىلارغا پىششىق تونۇش ئىدى، لېكىن
ئۇ يېڭى مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىدەك تولىمۇ قىينىلاتتى.
چۇ مۇئەللىم دەرسنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيتتى، ئۇ بولسا
خۇددى ساماۋى كىتابتىن ۋەز ئاڭلاۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇ-
راتتى. چۇ مۇئەللىم نائىلاج خەنزۇچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆز-
لەپ، تەلەپپۇز قىلىشقا دائىر مۇھىم نۇقتىلارنى قايتا چۈشەندۈ-

www.uyghurkitap.com

رەتتى. مۆئەللىم بىر لۇ شيۇجۇ ئۇچۇنلا شۇنداق قىلاتتى. شيې چيۇسى، تاڭ جۇنشېڭ قاتارلىق سۇرئەت قوغلىشىدىغان ساۋاقداشلار، كۆپچىلىكنى كەينىگە تارتىپ كەتتى دەپ، لۇ شيۇجۇنى ياراتمايتتى. مانا ئەمدى شيې چيۇسى لۇ شيۇجۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تىلغا ئېلىپ كۆرەڭلەپ كۇلمەكتە ئىدى. لۇ شيۇجۇ ئاچچىقىدا تاتىرىپ كەتتى، بايامقى گەپكە چاققان ئاغزى گاچىلدىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىر بولماي، بىردىنلا ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ ئەلەم بىلەن «پاڭگىدە» يىغلاپ تاشلىدى.

بۇ هال شىنيۆنى تەڭلىككە سېلىپ قويدى. ئەسلىدە لۇ شيۇجۇ بايامقى گەپلەرنى يامان نىيەتتە قىلمىغانىدى، شيې چيۇسى چېكىدىن سەل ئاشۇرۋېتىپ قالدى. شىنيۆ شيې چيۇسىغا قول ئىشارىتى قىلدى، شيې چيۇسى ئۇندىمەستىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مالتىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

لۇ شيۇجۇ بىر خىلدا يىغلاۋاتاتتى.

جېڭ شاۋجېڭ ئىشىكتىن كىرىپلا گاڭگىراپ قالدى:

ــ ۋۇي، لۇ شيۇجۇ، نېمىگە يىغلايسىز؟ بېيجىڭغا كېلىپ ئىككى ئاي بولا ـ بولمايلا ئۆيىڭىزنى سېغىندىڭىزمۇ؟ ــ ئۇ تاماق قاچىسىنى قويۇپ قويۇپ، خۇددى ئاچىسىدەك لۇ شيۇجۇنى پەپىلەپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، ــ مەكتەپ ئائىلىڭىزگە ئوخشاشقۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ راستتىنلا ئۆيىنى سېغىنغان لۇ شيۇجۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

ــ كېتىمەن! ئەسلى. . . كەلمىسەم بوپتىكەن، مەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان ماتېرىيال ئەمەس! ــ دېدى.

جېڭ شاۋجېڭ نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

ــ ساراڭدەك گەپ قىلمىسىڭىزچۇ؟ قىيىنچىلىق ئالدىدا قاچاق ئەسكەر بولامسىز؟ بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى

ئەمەس. ئارىمىزدا ھېچكىم يارىلىشىدىنلا ئىنگلىز تىلى سۆزلەيدىغان بولۇپ يارالمىغان. سۇ ئۈزۈشنى سۇ ئۈزۈش جەريانىدا ئۆگىنىدىغان گەپ. دەرستە يېتىشەلمىسىڭىز، ساۋاقداشلار ياردەم قىلسا بولىدىغۇ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرس يوق، بولمىسا مەن. . . يەنە بىر يىغىن باردە. . .

— ئۇنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا مەن ياردەم قىلىمەن، ئىككىمىز شۇنداق دېيىشكەن! — دېدى شىنيۈ دەررۇلا.

— ياخشىغۇ! لۇ شيۇجۇ، بولدى يىغلىما، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن كارىۋىتىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر دەپتەرنى ئالدى-دە، ياتاقتىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق ئالدىراش ئىدى. مېڭىش ئالدىدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۈچىسىگە:

— ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك، كەچتە زالغا كىنو كۆرگىلى بېرىڭلار! — دېدى.

جېڭ شاۋجېڭ چىقىپ كەتتى. لۇ شيۇجۇ يېشىنى سۈرتۈپ بايا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چوكىسىنى ئېڭىشىپ ئالدى، لېكىن قاچىسىدا قېپقالغان تاماقنى يېگۈسى كەلمىدى.

شيې چيۇسى كىيىمىنى يۆتكەپ، كارىۋىتىدىن ئاستا چۈشۈپ:

— ھىم، يېيىشنىلا بىلىدۇ، دەرس گاچىسى، چېچەنلىكتە ئاز سانلىق مىللەتكىمۇ يەتمەيدۇ، — دېدى-دە، ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— ھۇ بۇرژۇئازىيە. . . يەپ-ئىچىشنىلا، كىيىشنىلا، راھەت كۆرۈشنىلا بىلىدۇ! — دېدى لۇ شيۇجۇ شيې چيۇسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قايناپ.

— لۇ شيۇجۇ، بۇنداق دېمەڭ! — دېدى شىنيۈ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۇ ئەسلىدە جېڭ شاۋجېڭغا ئوخشاش لۇ شيۇجۇغا:

www.uyghurkitap.com

«بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تاللىيالمايدۇ» دېگەندەك چوڭ داۋىلىلارنى دېمەكچى بولغانىدى، لېكىن دېيەلمىدى. شىي چيۇسى ئۆزىنى ئېسىلزادە دەپ چاغلايدىغانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قاي-ناپ تۇرىدىغان زەھەرنى يالغۇز «سەھرالىق» لۇ شيۇجۇغىلا ئەمەس، شىنيۆگىمۇ سانجىغانىدى. ئۇنىڭ «چېچەنلىكتە ئازسان-لىق مىللەتكىمۇ يەتمەيدۇ» دېگەن گېپىدىن ئاز سانلىق مىللەت-لەر دۆت ۋە ھاڭۋاقتى كېلىدۇ، خەن شىنيۆ شۇلارنىڭ ئارىسى-دىن تاسادىپىي چىقىپ قالغان ئالاھىدە ئىنسان، دېگەندەك مەنە چىقاتتى. لۇ شيۇجۇ خەن شىنيۆگە يەتمەيدۇ دېگەنلىك ئۇنىڭغا قىلىنغان چىدىغۇسىز خورلۇق ئىدى. شىي چيۇسى كۆرۈنۈشتە خەن شىنيۆ بىر «كىشى» نى ماختىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مىللىتىنى چۈشۈرگەنىدى. بۇنداق ياپتا گەپ-لەرنى شىنيۆ ھېس قىلالايدۇ. ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇلار رايونىدا تارقاق ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار بۇنداق گەپلەرگە ئالامەت سەز-گۈر. بۇنىڭغا دەل مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئالىم، يازغۇچى ۋە ئارتىسلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كەي-نىگە «خۇيزۇ» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇشلار سەۋەب بولغان. ئۇلار باشقىلارنىڭ: «ئۇ ئاز سانلىق مىللەتمىكەن؟ ئاسان ئەمەس جۇمۇ!» ياكى: «ئاز سانلىق مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق-تە...» دېيىشلىرىنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بىلىمىگە تايىنىپ ھەرقانداق بىر مىللەت بىلەن باراۋەرلىك ئاسا-سىدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۇلارنى «ئا-جىز» كۆرۈپ «ئۆتۈنۈپ بېرىشى» ياكى «ئېتىبار قىلىشى» نى ياق-تۇرمايدۇ. خەن شىنيۆ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىمتىھان بېرىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي ياۋروپا تىل-لىرى فاكۇلتېتىغا ئۆتتى ھەتتا ئىككىنچى ئارزۇسىنىمۇ ياز-ماي، ھەرقانداق «ئېتىبار قىلىش» ئىمكانىيىتىگىمۇ ئورۇن قالدۇرمىدى.

شىنيۈ شۇ تاپتا ئۆز ھېسسىياتىنى ھەرقانداق چوڭ داۋلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى، دېمىسە بولمايدىغان گەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ لۇ شيۇجۇغا:

— لۇ شيۇجۇ، سىز تىرىشىڭ. خەق سىزنى يارامسىز دېسە، بولدى كېتىمەن دېسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ھەقىقەتەن يارامسىزلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. سىز مۇشۇنداق يارامسىز قىزمۇ؟ كەتسىڭىز، ئاتا - ئانىڭىزغا قايسى يۈزىڭىز بىلەن قارايسىز؟ — دېدى.

— مەن راستتىنلا كېتىمەن دېمىدىم! — لۇ شيۇجۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە «لۆممىدە» ياش كەلدى، — ئۆيدىن ئايرىلغان چېغىمدا دادام مېنى كېمىگە سېلىپ قويۇپ: جۇزى، ئۆيىنى ئويلىماي ئوبدان ئوقۇ. سەن ئەۋلادىمىزنىڭ ئارىسىدىن چىققان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، دەپ ماڭا قايتا - قايتا جېكىلىگەن. مەن دىپلوم ئالمىغۇچە كەتمەيمەن، لېكىن بەش يىللىق ئۆتكۈزمەك تولىمۇ تەس!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ھوقۇقىنى بىز تالىشىپ قولغا كەلتۈرگەن، ئاسان قولغا كەلگىنى يوق، ئۇنى قەدىرلەش كېرەك. يۇرتىڭىزدىكىلەرنىڭ سىزگە چوقۇم مەستلىكى كېلىدۇ. سىز بىلەن تەڭتۇش تالاي «سىڭىللار» سىزدەك بەختلىك ئەمەس، شۇلارنى خۇددى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سىزگە قاراپ كەينىڭىزدە تۇرۇۋاتقان ھالەتتە يادىڭىزغا ئەكېلىڭ، سىز شۇلارغا ۋاكالىتەن بۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلگەن. ياخشى ئوقۇمايدىغانغا ئاساسىڭىز يوق! — شىنيۈ بۇ گەپنى لۇ شيۇجۇغا ھەم ئۆزىگە قىلغان، چېن شۇيەنگە ئوخشاش نۇرغۇن مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى ئويلىغانىدى.

— بۇ داۋلىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن. لېكىن. . . ھەي! — لۇ شيۇجۇ مەيۈس ھالدا بېشىنى ئۆرۈپ قويدى، كالتە ئىككى تال چېچىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قىيىدىغاندەك پۇلاڭلاپ كەتتى، — خەقلەر: ئاسماندا توققۇز باشلىق قۇش بار، يەردە خۇبېيلىكلەر،

دەيدۇ. مېنىڭدەك بىر توققۇز باشلىق قۇش قېرىشقاندەك ئىنگ-لىز تىلىنى پەقەتلا ئۆگىنەلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

لۇ شيۇجۇنىڭ ئۆزىنى چۈشۈرۈشى شىنيۈگە كۈلكىلىك تۇيۇلمىدى، ئەكسىچە ئۇ ھەسرەتلەندى.

— ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق مىللەت يارىلىشىدىن پەس بولۇپ يارالغان ئەمەس، ئۆزىنى - ئۆزى تېخىمۇ چۆكۈرمەسلىك كېرەك. بىز خۇيزۇلار بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بىچارە ھېسابلىنى-مىز، ئاز سانلىق بولغاچقا، ئەقلى قۇۋۋىتىمىزمۇ باشقىلارنىڭ-كىدىن ئاجىزدەك. ھىم، شۇلارنىڭ بىڭىسى بولسا بەسلىشىپ باقساق بولىدۇ! — دېدى شىنيۈ.

— ئىنگلىزچىدىمۇ؟ — دېدى لۇ شيۇجۇ قورققان ھالدا شىنيۈگە قاراپ، — سىز ئۇلار بىلەن بەسلىشەلەيسىز، مەن بەسلىشەلمەيمەن، مېنىڭ كاللام قاپاق، تىلىم گال...

— سىزنىڭ نەرىڭىز دۆت؟ سىز بۇرۇن رۇسچە ئۆگەنگەن، ئىنگلىزچىنىمۇ چوقۇم ئۆگىنەلەيسىز. سىزنىڭ تىلىڭىز بەك يۇمشاق، ئۆگەنگەن نەرسىڭىزنى ئەينەن دېيەلەيسىز، تىل جە-ھەتتىكى ئىقتىدارىڭىزنى ھەتتا شيې چيۇسىمۇ ئېتىراپ قىلىدى-غۇ. شىنيۈ لۇ شيۇجۇنى خاپا بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. لېكىن لۇ شيۇجۇ خاپا بولماي، ئەكسىچە پىخىلداپ كۈلۈپ:

— شۇنداقمۇ؟ مەن شاڭخەيلىكلەرنى مېھمان چاقىرىشنى ئەينەن دوراپ بەردىم، ئۇ قايىل بولماي تۇرالمىدى ھە؟

بۇ كۆڭۈلچەك «توققۇز باشلىق قۇش»زە!

شىنيۈ خۇشال كەيپىياتتا:

— تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارىڭىزنى ئىنگلىز تىلى ئۆگە-نىشكە ئىشلىتىڭ، بۇ گەپنىمۇ شيې چيۇسى دېگەن، — دېدى.

— گېپىڭىزنى ئېسىمدە ساقلايمەن، — دېدى لۇ شيۇجۇ، — ئىنگلىزچىنى راستىنلا ياخشى ئۆگىنىپ كەتسەم،

شىي چيۇسىنىڭ مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇ بۇ گەپنى تەنە قىلىپ دېدىمۇ ياكى راست دېدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئىچىدە شۇنداق ئىرادىگە كەلگەن بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ يىڭنىنى نەگە سانجىسا بولۇۋېرىدىغان يىپ ـ يىڭنە خالتىسى بولۇپ قالمىسا ياخشى بولاتتىغۇ.

شىنيۈ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:

— كىتابىڭىزنى ئېلىڭ، تەكرارنى باشلايمىز! — دېدى.

— Thank yuu — لۇ شيۇجۇ خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىنگلىز تىلى كىتابىنى، خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ «دەرسكە» تەييارلىق قىلدى ھەم شىنيۈنىڭ قىزغىن ياردىمى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنگلىز تىلىدا رەھمەت ئېيتتى.

— توغرا، بىر ياقتىن ئۆگىنىسىز، ئۆگەنگەننى بىر ياقتىن ئىشلىتىسىز، بىر جۈملە ئۆگەنسىڭىز، ئۆگەنگەن بىر جۈملىڭىزنى ئىشلىتىسىز. بىلگەنلىرىڭىز جىق بولسا، ئابزاس بويىچە سۆزلىشەلەيسىز، ئېغىز مەشقىنى يۈرەكلىك قىلىش كېرەك. چۇ مۇئەللىم شۇنداق دېگەن! — دېدى شىنيۈ. ئۇ لۇ شيۇجۇنىڭ ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى رىغبەتلەندۈردى، — سىز فونېتىكا جەھەتتە بىرنەچچە تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايسىز. مەسىلەن، بايامقى «thank yon» نىڭ بېشىدىكى «th» نى توغرا ئوقۇمىدىڭىز. «th» ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ: بىرى [ð] يەنە بىرى [o].

— [o] ! — لۇ شيۇجۇ شىنيۈگە ئەگىشىپ ئوقۇدى، لېكىن يەنىلا توغرا بولمىدى

— بولمىدى، «سى» دەپ ئوقۇماڭ. تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىشتا مۇھىم نۇقتىغا دىققەت قىلىڭ: تىلىڭىزنى چىشىڭىزغا يەڭگىل تەگكۈزۈڭ، ھاۋا ئېقىمى تىلىڭىز بىلەن چىشىڭىز ئارد-

سىدىكى تار بوشلۇقتىن سىقىلىپ چىقسۇن. تاۋۇش تىلىڭىز بىلەن چىشىڭىزغا سۈركىلىپ چىقىدۇ، تىلىڭىزنى ئالدىغىراق سوزىسىز. ماڭا قاراڭ! — دېدى شىنيۈ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ.

— ۋاي ۋۇي، بۇ تاۋۇشتىن خويمۇ تويدۇم! نېمىشقا چوقۇم تىلىنى سوزۇش كېرەك؟ بەك سەت تۇرىدىكەن! — دېدى لۇ شيۈجۈ توغرا تەلەپپۇز قىلالماي قىينىلىپ.

— سىز جۇڭگولۇقلارنىڭ خەنزۇچە سۆزلەش ئادىتى بويىچە ئىنگلىز تىلىغا «ئۆزگەرتىش» كىرگۈزمەك — دېدى شىنيۈ كۈلۈپ، — ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆلچەملىك فونېتىكىسى بولىدۇ، بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چەت ئەللىكلەر خەنزۇچە ئۆگەنگەندە «يىپەك»، «ئۇجمە دەرىخى» گە ئوخشاش سۆزلەرنى تىلىنى چىقىرىپ تەلەپپۇز قىلىدۇ، بۇ بىزگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. شۇلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە «th» نى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنى چىقارماي بولمايدۇ، بولمىسا، باشقىلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. چۇ مۇئەللىم: بۇ تاۋۇشنى توغرا تەلەپپۇز قىلمىغان كىشى «thank. you» نى مەڭگۈ دېيەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەن. . .

— ئەمىسە مەن بىر ئۆمۈر «رەھمەت» دېمەي، ھەرقانداق كىشىگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەي ئۆتۈپ كەتسەم بولغۇدەك، — دېدى لۇ شيۈجۈ قىيىدىغاندەك قىلىپ.

— ھە؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ نۇرغۇن سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتا «th» دىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ كېتەلەمسىز؟ مەسىلەن، « that » ، « this » ، «these» ، «there» ، «they» ، « thvee » ، « thing» قاتارلىق سۆزلەر «th» بىلەن باشلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي سۆزلەر. مۇشۇ سۆزلەرنى دېيىشكە توغرا كەلگەندە، سىز قول ئىشارىتى قىلىدىغان گاچىمۇ؟ تاماق يەيدىغان، گەپ قىلىدىغان

«mouth» (ئېغىز) دېگەن سۆزمۇ «th» بىلەن چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ سۆزدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرسىڭىز ئېغىزىڭىزنىمۇ ئاچالماي قالىسىز!

— ھە؟! — دېدى لۇ شيۇجۇ گەپ قىلالماي، — بۇنىڭغا چىدىغىلى بولامدۇ. تىرىك ئادەمگە، mouth بولمىسا بولمايدۇدە!

— بەللى! — دېدى شىنيۇ خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى كۆرسىتىپ:

— سىزنىڭ ئاغزىڭىز نېمانداق ئوماق، mouth نى توغرا تەلەپپۇز قىلدىڭىز!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى لۇ شيۇجۇ زوق بىلەن، — توغرا ئوقۇدۇممۇ؟

— Yes, wery, good (شۇنداق، ناھايىتى ياخشى!) — دېدى شىنيۇ — يەنە بىر كېلەيلى. تەلەپپۇز قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يادىڭىزدا بولسۇن، تىلىڭىزنى ئالدىغا چىقىرىڭ!

لۇ شيۇجۇ يەنە بىر كەلدى، ئەمما تىلىنى قاچۇرۇپ تەلەپپۇزى يەنە توغرا بولمىدى.

شىنيۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياستۇقنىڭ ئاستىدىن ئەينەك ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

— mouth غا قاراڭ. [mauθ] نى ئوقۇغاندا تىلىڭىزغا دىققەت قىلىڭ! — دېدى ئۇ.

لۇ شيۇجۇ ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاغزىغا قارىدى. ئۇنىڭ تۈرقى لېۋىگە لەۋ سۈرۈۋاتقان مودا قىزلارنىڭ تۈرقىغا ئوخشايتتى. [mauθ]...[mauθ]... — ئۇ ۋۇجۇدىدىكى كۈچنى «ئاغزىغا» يىغدى...

— Good. good — دېدى شىنيۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، — Very. good! بۇ تاۋۇشنى توغرا تەلەپپۇز قىلدىڭىز!

خۇددى چەكسىز شان-شەرەپكە ئېرىشكەندەك، لۇ شيۇ-

www.uyghurkitap.com

جۇنىڭ توقاچتەك يۈزى نۇرلىنىپ كەتتى.
ــ بۇ گەپچە، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ھېچقانچە قىيىن ئەمەسكەن. نېمىشقا بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىشنى ئىككى ئايغىچە سىنىپتا ئۆگىنەلمىگەندىمەن؟ چۇ مۇئەللىم سىزدەك ياخشى ئۆگىتەلمىگەن! ــ دېدى.
ــ نېمە دەۋاتىسىز؟ مېنى قانداقمۇ چۇ مۇئەللىمگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن! ــ دېدى شىنيۈ كۈلۈمسىرەپ. ئۇ كۆڭلىدە: سىزنىزە، بىر بولسا ئۆزىنى چۇشۇرۇپ بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتكەن، بىر بولسا كۆزىنى يۇمۇپ لاپ ئۇرغان. سىزلا ئەمەس، مېنىڭمۇ ئىنگلىزچىدە يېڭىياچە ئىكەنلىكىمنى سىز نەدىن بىلىسىز. ساھىلدا تۇرۇپ ئاڭلىغان دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇنىدا ئەس - ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ، ئالدىمىزدا پايانسىز دېڭىز بار، دېگەنلەرنى ئويلىدى.
ــ لۇ شيۇجۇ، بۇ شۇنداق ئاددىي ھەم ئەڭ دەسلەپكى ساۋاق، بۇنى چۇ مۇئەللىم بىزگە قايتا - قايتا چۈشەندۇرگەن، سىز قورقۇنچاق، دەرسخانىدا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مەشىق قىلسام، باشقىلار مېنى مازاق قىلارمىكىن دەپ قورقىسىز. سىزنىڭ ئەسلىدىلا باشقىلارنىڭكىدىن ئاساسىڭىز ئاجىزراق، كېيىنكى گە تىرەجىۋالسىڭىز، «قەرز» بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. چۇ مۇئەللىم مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «ماڭغاندىن قورقما، تۇرۇپ قالغان يامان». سىز ھەرگىزمۇ «تۇرۇپ قالماڭ!» تىرىشىڭ، يېتىشىۋېلىڭ!، قاراڭ، سىز بىلاڭغۇ تاۋۇش [ð] بىلەن [θ] نى ئۆگىنىۋالدىڭىزغۇ مانا!
ــ Thank you، سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن! ــ لۇ شيۇجۇ بايا تىلغا ئالماسلىقتا قەسەم قىلغان گەپنى ئېغىزغا ئېلىپ شىنيۆگە ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلدى. ئۇ بۇ كۈلكىلىك ھەردىكەتنى چاقچاق تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يولىغا باشلىغانلىقى ئۇ-

چۇن شىنيۆگە چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىپ دېگەنىدى. ئۇ
ئەمدى شيې چيۇسى ۋە باشقا كۆپلىگەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا
قەددىنى رۇسلايدۇ، ئىنگلىز تىلى دەرسىدە چۇ مۇئەللىمنىڭ
سوئال سورىشىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇ مۇشۇ تەزىم بىلەن
ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە خورلۇقتىن خوشلاشقىنىنى ئىپادىلى-
دى. . .

ئويغا پاتقان لۇ شيۇجۇغا قاراپ تۇرغان شىنيۆنىڭ كۆڭلى
تىنچ ئەمەس ئىدى. ئۇ يەلكىسىدىكى بېسىمنىڭ لۇ شيۇجۇنىڭ-
كىدىن يەڭگىل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. بەش يىل
ۋاقىت يىراق مەنزىلگە قىلىنغان مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقى-
سىگە ئوخشايدۇ، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىرادى-
سىنى سىنايدۇ، تالىشىش ئىنتايىن كەسكىن، نەتىجە تەرتىپى
شەپقەتسىز. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سىنىپنىڭ
ئەڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغان، ئەمدى ئالىي مەكتەپكە چىقتى،
مۇشۇ ئورۇننى ساقلاپ قالالامدۇ - يوق، بۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە
دېمەك تەس. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان مەۋسۇملۇق ئىمتى-
ھان پۈتۈن سىنىپتىكى يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىرىنچى قې-
تىملىق ئېلىشىش، ئەمەلىيەتتە ساۋاقداشلار جەڭ ئېلان قىلماي
ھەرقايسىسى يوشۇرۇن تىرىشماقتا ئىدى. شيې چيۇسىنى ئال-
ساق، ئۇ گەرچە ساۋاقداشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىسىمۇ،
ساۋاقداشلار ئۇنىڭ بەزىبىر ئىللەتلىرى توغرۇلۇق كەينىدىن
سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۇ ئۆگىنىشكە كەلگەندە ئالامەت تىرىشچان.
ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ نامسىز ئارالدا ئىنگلىزچە
خام سۆزلەرنى يادلايدۇ. شىنيۆ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ
قالىدۇ. بىرىنچىلىكنى ئېلىشقا ئۇنىڭ «ئىشەنچىسى» كۈچلۈك-
تەك قىلىدۇ. شىنيۆ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قې-
لىشىغا قەتئىي تەن بەرمەيدۇ. ئۇ شيې چيۇسىنىڭ ئىسمىنى
ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىدە قالدۇرۇپ، «چېچەنلىكتە ئاز سان-

لىق مىللەتلەرگە يەتمىگەن» دېگىنى ئۈچۈن ئۇنى تويغۇزۇۋەتمەكچى ئىدى.

شىنيۈنىڭ خىيالى يەلكەنلىك كېمىدەك يىراقلاپ كەتتى. لۇ شيۇجۇ بېشىنى كۆتۈرمەي بىر خىلدا يازغاچ ئوقۇۋاتاتتى.

— سىز. . . نېمىلەرنى يېزىۋاتىسىز؟ دېدى شىنيۈ لۇ شيۇجۇنىڭ بىر نېمىلەرنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ لۇ شيۇجۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە كۆز يۈگۈرتتى. خاتىرە دەپتەردە رەسىم، ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە خەتلەر بار ئىدى. ئىمىر - چىمىر خەت يېزىلغان بۇ خاتىرە دەپتەر ئىنگلىزچە، خەنزۇچە رەسىمگە قاراپ خەت تونۇش لۇغىتىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— بۇ مېنىڭ خاتىرە دەپتىرىم، سىز كۆرەلمەيسىز! — دېدى ۋە خاتىرە دەپتىرىنى دەرھال قولى بىلەن يېپىۋالدى.

— ئۇنىڭدا قانداق سىر بار؟ — دېدى شىنيۈ ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى قولى بىلەن يېپىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قىزىقىپ، — سىز. . . ھېلىقىدەك خەت يېزىۋاتمايدىغانسىز؟ — بۇ ئۇنىڭ «مۇھەببەت خېتى» دېگىنى ئىدى. باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكىنى ئۇنىڭ بىلگۈسى كېلەتتى، لېكىن ھېلىقى سۆزنى دېيىشتىن خىجىل بولاتتى.

— ھوي، مەن شيې چيۇسى ئەمەس! — دېدى لۇ شيۇجۇ خورسىنىپ. ئۇ خاتىرە دەپتەردىن قولىنى ئالدى، — ئوبدان كۆرۈۋېلىڭ. يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى تاۋۇش!

لۇ شيۇجۇ يالغان ئېيتمىغانىدى. ئۇ بايا «thank. you» نى يېزىپ، يېنىغا يوغان ئېچىلغان بىر ئېغىز، چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان، چىشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇچى ئازراق چىقىپ تۇرغان تىلنىڭ رەسىمىنى سىزغانىدى، تىل قىزىل قەلەم بىلەن سىزغانىدى.

— مۇشۇنداق ئۆگىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئامال، — شىنيۈ

لۇ شيۇجۇنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلەرنىڭ ئاستىغا خەنزۇچە چۈشەندۇرۇش يېزىپ قويغانلىقىنى بايقاپ قېلىپ:
ــ بۇ بولماپتۇ! ــ دېدى شىنيۈ خەنزۇچە چۈشەندۇرۇشنى كۆرسىتىپ، ــ «ساڭ» بىلەن «than» ئوخشىمايدۇ. بۇ تاۋۇشنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق بىر خەنزۇچە خەت باسالمايدۇ. ئىنگلىزچىنى ئۆگەنگەندە، ياخشىسى ئانا تىلنى ئۇنتۇش كېرەك. ئىنگلىزچە تاۋۇشلارنى خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىش ئۇسۇلىدا تەلەپپۇز قىلىشقا، تاۋۇشنى خەنزۇچە يېزىق بىلەن يېزىشقا بولمايدۇ، بۇنىڭدا خاتا ئوقۇلۇپ قالىدۇ، كېيىن ئۆزگەرتمەس بەك تەس.
ــ ھىم ــ دېدى لۇ شيۇجۇ يەنە پەرىشان بولۇپ، ــ كۆرسەتمىسەم، كۆرمەن دېدىڭىز، كۆرۈپ بولۇپ جاپالىق ئەمگەكىمنى يوققا چىقىرىۋەتتىڭىز. مەن ئامالىنىڭ يوقىدىن مۇشۇنداق قىلغان، بۇ دېگەن مېنىڭ ھاسام، بۇنىڭدىن ئايرىلسام ماڭالمايمەن، مەن ئىزچىل مۇشۇنداق خاتىرە قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان.
ــ بۇ ھاسا سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ئاقسىتىپ قويىدۇ! ــ دېدى شىنيۈ ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئالدىنقى بەتلىرىنى ۋاراقلاپ. خاتىرە دەپتەر رەسىم ۋە ئىنگلىزچە، خەنزۇچە خەتلەر بىلەن تولغانىدى.
لۇ شيۇجۇ شىنيۈگە ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇراتتى.
ــ بۇ يازغىنىڭىز نېمە؟ ــ شىنيۈ بىر بەتنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى بىر قۇر خەتنى كۆرسىتىپ لۇ شيۇجۇدىن سورىدى.
ــ بۇ. . . ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «ئەتە كۆرۈشەيلى!» دېگەن گەپ! ــ دېدى لۇ شيۇجۇ.
ــ ھە؟ مۇ؟ See you tomorrow? ــ شىنيۈ لۇ شيۇجۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇپ قاقاقلاپ

كۇلۇپ كەتتى
لۇ شيۇجۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە «مۇشۇك گۆشىنى يەنە كىم ئوغرىلىدى؟» دېگەن خەنزۇچە خەت تۇراتتى.

كۈز مەنزىرىسىگە ئورالغان يەنيۇەنگە گۈگۈم چۈشكەندى.

نامسىز ئارالنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا تۇۋرۇكلىرىگە «ئەخلاق، قابىلىيەت، تەكشى، زاپاس» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان تۆت بىنا قاتار تۇراتتى. بۇ بىنالار ئىشچى خىزمەتچىلەر ياتىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. زاپاس بىناسىدىكى، غەربىي ياۋروپا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ بىرىنچى يىللىق سىنىپ مۇدىرى چۇ يەنچاۋنىڭ ياتىقى تاقاق ئىدى. ئۇ «پروفېسسور مامېن» دېگەن كىنونى كۆرگىلى زالغا بارماي، چۈشتىن كېيىن قەدىردان ئۇستازى يەن پروفېسسورنى يوقلاپ يەندۇڭيۇەنگە كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا شۇ يەردىن كېلىشى ئىدى.

يەن پروفېسسور ئۇنىڭ شەپقەتلىك ئۇستازى، ئۇ بولسا يەن پروفېسسورنىڭ ئەڭ ئامراق ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ بەش يىل ئوقۇدى، بىر يىل پراكتىكانت بولدى، بۇ يىل ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇلدى. بۇ جەرياندا يەنە پروفېسسورنىڭ قول ئاستىدا تەربىيىلەندى. ئۇستازى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دادىسىدەك مۇئامىلە قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۇستازىنىڭ ۋۇجۇدىدىن «دادا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ يەتتى. ئۇستازى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر چوڭقۇر كۆيۈندى، شۇ قەدەر پۇختا بىلىم بەردى، شۇ قەدەر قاتتىق باشقۇردى. ئۇستاز ئوقۇغۇچىنىڭ هاياتىدا ئاتا ـ ئانىسى ئوينىغان رولدىنمۇ مۇهىم رول ئوينايدۇ. يەن پروفېسسور 20 ـ يىللاردا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئۆزىنى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىغا بېغىشلاپ، تالاي ئوقۇغۇچىلارنى قاتارغا قوشقان. چۇ يەنچاۋنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاخىرقى هېسابتا

يەنىلا يەن پروفېسسورنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار يەن پروفېسسور تۈزگەن دەرسلىكلەرنى قوللىناتتى، لېكسىيىلەرنى يەن پروفېسسور سۆزلەيتتى، چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. يەن پروفېسسور سۆزدە ۋە قەلەمدە ۋايىغا يەتكەنىدى. ئەسلىدە ئۇ تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ئالامەت چوڭ نەتىجىلەرنى ياراتقان بولاتتى. ئەسەر تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا زور پىلانىمۇ بۇرۇن بار ئىدى، لېكىن نەچچە ئون يىللىق ئوقۇتۇش ئىشلىرى سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر قېرىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا بوش ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭا چۇ يەنچاۋ ئىمكان بار كۆپرەك خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، دەرسلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇستەقىل ئۆتەتتى، يەن پروفېسسورنىڭ بىر يۈرۈش ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى پىششىق بىلىپ كەتكەنىدى. ئۇستازى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنەتتى. چۇ يەنچاۋ ھەر بىر مەركەزلىك ئوقۇتۇش سىستېمىسى ئارىلىقىدا ئۇستازىغا دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئالاتتى، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. چۇ يەنچاۋ ئۇستازىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە قىممەتلىك ۋاقىت چىقىرىپ ئاز - تولا تەرجىمە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما يەن پروفېسسور ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمان يوق ھالەتتە ئىدى. ئۇ قېرىدى، كېسەلچان بولۇپ قالدى، كۆزلىرىمۇ خىرەلەشكەنىدى، ئوقۇش ۋە يېزىشتا كۆپ قىينىلاتتى. چۇ يەنچاۋ بايا ئۇنى يوقلاپ بارغاندا ئۇ خورسىنىپ:

— ھەي، ئۆمۈر نېمىدېگەن قىسقا، چىراغ تۈۋىدە كىتاب ئوقۇغۇدەكمۇ ماغدۇرۇم قالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئۇستازىنىڭ بۇ گېپىنى ئويلىغان چۇ يەنچاۋنىڭ نەپسى ۋە قەدىمى تېزلەشتى.

چۇ يەنچاۋ يەنيۈەنگە جەنۇبىي دەرۋازىدىن كىردى. كەچلىك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، مەكتەپ قورۇسى ناھايىتى جىم-

جىت، يول بويىدىكى چىراغ يورۇقىدا پىيادىلەرمۇ كۆرۈنمەيت-
تى. كۆپچىلىك كىنو كۆرگىلى زالغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن
دەپ ئويلىدى ئۇ. «پروفېسسور مامېن» دېگەن كىنونى ئۇنىڭمۇ
كۆرگۈسى بارئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ كىنو كۆرگۈدەك ۋاقتى
يوق ئىدى، كىنو كۆرۈشتىنمۇ مۇھىم ئىشى بار ئىدى.

چۇ يەنچاۋ نامسىز ئارالغا بارىدىغان يولنى بويلاپ شىمالغا
قاراپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ناھايىتى ئۇزۇن يول ئىدى.

چۇ يەنچاۋ 27 ـ بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. دەل ـ دەرەخ-
لەرگە ئورالغان 27 ـ بىنادىكى ياتاقلارنىڭ چىراغلىرى ئاساسەن
ئۆچۈك، بىرلا ياتاقنىڭ چىرىغى يېنىق ئىدى. شۇ تاپتا سائەت
ئەمدىلا سەككىز بولغان، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتىدىغان ۋاقىت
بولمىغانىدى. ھە راست، كىنو بار، ساۋاقداشلارنىڭ تولىسى
كىنوغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يول بويىدىكى چىرىغى
يېنىق ياتاققا ئىختىيارسىز قارىدى. ئۇ دەل ئۆزىنىڭ سىنىپىدى-
كى قىزلارنىڭ ياتىقى ئىدى. نېمە؟ قىز ئوقۇغۇچىلار كىنوغا
بارماي، چىراغ تۈۋىدە مۇزاكىرە قىلىپ، مەۋسۇملۇك ئىمتىھان-
غا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئەسلىدە بۇنداق جىددىي-
لىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسى ناھايى-
تى ياخشى، فونېتىكا قىسمىدا ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق،
شيې چيۇسى، خەن شىنيۈلەر قىينالمايدۇ، جېڭ شاۋجېڭنىڭ
ئىجتىمائىي خىزمىتى كۆپ، ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىشى مۇم-
كىن، شۇنداقتىمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. لۇ شيۇجۇلا
قىينىلىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش كېرەك... چۇ يەنچاۋ مۇ-
شۇلارنى ئويلىدى.

چۇ يەنچاۋ ئۇستازى يەن پروفېسسورغا ئوخشاش، ئوقۇتقۇ-
چىلىق مەسئۇلىيىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەسلى پىلانىنى ۋاقىتىنچە
تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، نىشانىنى ئۆزگەرتىپ 27 ـ
بىناغا كىرىپ، قىزلار ياتىقىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ باقماق-

چى بولدى.

چۇ يەنچاۋ ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى.

— كىرىڭ! — دېدى بىرى. بۇ بىر قىز ساۋاقداشنىڭ ئاۋازى ئىدى، سىرتتىن ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى.

چۇ يەنچاۋ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ياتاققا كىردى. ياتاق قۇپقۇ-رۇق، كىچىك ئۈستەل ئەتراپىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ بايا تۆت قىز ئوقۇغۇچىنى ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلاۋاتىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

چۇ يەنچاۋ ھەيران بولۇپ نەزىرىنى ئۈستەلدىن يۆتكەپ، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كارىۋاتتا چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزنى كۆردى.

— خەن شىنيۆ؟

— ۋوي، چۇ مۇئەللىم...

چۇ يەنچاۋ بىردىنلا ئۆزىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى-نى ھېس قىلدى. نېمىشقا شۇنداق، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئوقۇشماسلىق يادىغا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. تېخى يېڭىلا سىنىپ مەسئۇلى بولغان چۇ يەنچاۋ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئوقۇتقۇچى دېيىشىدىن تارتىناتتى. بۇ ھال ئىككىسىنى مۇشۇ ياتاقتا ئوڭايسىزلاندۇرۇ-ۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى سىنىپتىكى ئون ئالتە ئوقۇ-غۇچى بىلەن بارا - بارا تونۇشۇپ، دەرسخانىدا، دەرستىن چۈش-كەندە بولسۇن، ئۇلار بىلەن ئۆزلىشىپمۇ قالدى. ئۇمۇ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلەتتى. ئۇ ياش جەھەتتە ئۇلاردىن ئانچە چوڭمۇ ئەمەس ئىدى. ياشلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ. بىراق، ئۇ خەن شىنيۆ بىلەن دەرس ۋاقتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ۋاقىتلاردا كۆپ ئۇچراشمايت-تى. ئۇ قىزلار ياتىقىغا كىرىپ، خەن شىنيۆنىڭ يالغۇز ئىكەن-

www.uyghurkitap.com

لىكىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندى ۋە ئۇنىڭمۇ سەل جىددىيلە-
شىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— باشقا ساۋاقداشلار قېنى؟ — ئۇ جىددىيلىكنى پەسەيت-
تىش ئۈچۈن مۇنداقلا سوراپ قويدى.

— ئۇلار . . . ھەممىسى كىنو كۆرگىلى كەتتى، — خەن
شىنيۈ سورالغان سوئاللارغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ تۇردى.

— سىز نېمىشقا بارمىدىڭىز؟

— مەن . . . كىتاب ئوقاي دەپ بارمىدىم.

شىنيۈ بىردىنلا ئۆزىنىڭ كارىۋاتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئو-
قۇتقۇچى بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلىشىشىنىڭ ئەدەپسىزلىك بولى-
دىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى ۋە
دەرھال پەسكە چۈشۈپ، تەمتىرىگەن ھالدا:

— چۇ مۇئەللىم، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

خەن شىنيۈنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
چۇ يەنچاۋ نەزىرىنى باشقا ياققا يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى لۇ
شيۇجۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن:

نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسىز؟ ھېكايىمۇ ياكى دەرستىن سىرت-
قى ئىنگلىز تىلى ئوقۇشلۇقىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ھە، ياق، ئىنگلىز تىلى دەرسىنى تەكرار قىلىۋاتىد-
مەن، — شىنيۈ جاۋاب بەرگەچ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كارىۋاتتىن
كىتابنى ئالدى. خەن شىنيۈ بايامقى تەمتىرەشنىڭ ۋۇجۇدىدىن
ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قال-
دى.

— ھە؟ — دەپ ھەيران قالدى چۇ يەنچاۋ. ئۇ كىنو كۆر-
گىلى بارماي ياتاقتا يالغۇز دەرس تەكرارلاۋاتقان ساۋاقداشنىڭ
لۇ شيۇجۇ ياكى جېڭ شاۋجېڭ بولماستىن، خەن شىنيۈ ئىكەنلى-
كىنى ئويلىمىغانىدى. چۇ يەنچاۋ شىنيۈنى بىرىنچى قېتىم كۆر-
گەن چاغدا ئۇنىڭ ئۆزگە ئىشىنىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى سەزگە-

ندى، ئۇ مانا ئەمدى بۇنىڭغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى.
— سىز بەك تىرىشچانكەنسىز!
— مۇئەللىم، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسام... — ئۇ ئۆزىگە دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئە-مەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە، ئىككىنچى بولۇپ قالسام بولمايدۇ، دېگەن خىيال بار ئىدى.
— نېمە؟ سىز شۇنداق ئەنسىرەمسىز؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ كۈلۈمسىرەپ.
— مۇئەللىم، سىز شۇنداق ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارامسىز؟ — دېدى شىنيۈ چۇ يەنچاۋدىن ياندۇرۇپ سو-راپ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنى ئون ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدا قانداق ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بەكمۇ بىلگۈسى كېلەت-تى.
— ئۆزىڭىزنى بۇنچىلىك رىغبەتلەندۈرۈشىڭىز، ياخشى ئىش، — چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ سوئالىغا بىۋاستە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بۇ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىماي-دىغان پسىخىكىسىنى بايقىدى ۋە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ئۆزى-نى كۆرگەندەك بولدى. شۇ چاغلاردا ئۇمۇ مۇشۇ شىنيۈدەك ئىدى. مەغلۇبىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى دەپ بىلەتتى، ھەر ۋاقىت باشقىلار مەندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، باشقىلاردىن ئېشىپ چۇشۇش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرى-شاتتى.
— بىر ئادەم ئۆزىنى ئىشەنچىسى تولۇق ھەم ئۇستۇن چاغ-لىسا چاتاق بولىدۇ! — دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئەمما، بۇ قېتىمقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان قىيىن ئەمەس. سىزنىڭ ئاساسىڭىز بىر قەدەر ياخشى، جىددىيلىشىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئوقۇش باشلانغان كۈنىلا سىزنىڭ ئېغىز مەشقىڭىزنى ئاڭلىغانمەن!

چۇ يەنچاۋ بۇ گەپنى چىقىرىپ قويۇپ كۇلۇۋەتتى.

بۇ ئىش تىلغا ئېلىنىش بىلەن تەڭلا شىنيۆنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خىجىل بولغان هالدا چۇ يەنچاۋغا قارىدى، چۇ يەنچاۋنىڭ چېهرىدە تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى، ئۇنى مازاق قىلىۋاتقان ئىپادە يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ شىنيۆ يېنىكلەپ قالدى.

— سىز ئېغىز تىلىنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى چۇ يەنچاۋ شىنيۆدىن. ئۇ هەمىشە شىنيۆنىڭ سىنىپتىكى باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىلدەك سۆزلەيدىغانلىقىنى هېس قىلاتتى.

— پۈتۈنلەيمۇ ئەمەس، — دېدى شىنيۆ، — كىچىكىمدە دادامدىن ئۆگەنگەن.

— دادىڭىز چەت ئەلدىمۇ؟

— ياق، تاشقى سودىنىڭ ئالاهىدە هۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىدە ئىشلەيدۇ. كۆپرەك ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدۇ...

— هە! — چۇ يەنچاۋ ئاخىر جاۋاب تاپتى. شىنيۆ دادىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ مۇهىتىدا ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان ماهارەتنى، تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەنىدى. بۇ، چەت ئەل تىلى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتە يارىتىش ناهايىتى قىيىن بولغان شەرت ئىدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن چۇيەنچاۋ دادىسىنى ئويلىدى. ئۇ دادىسىنى ئاپىسىنىڭ تالاي قېتىم خورسىنىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىدىن بىلگەنىدى. ئاپىسى: «سېنىڭ دادالڭ ماقالىنى شۇنداق ياخشى يازاتتى، ئىنگلىز تىلىنى ناهايىتى راۋان سۆزلەيتتى!» دېگەنىدى... ئىلگىرى بولغان هەم بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولمىغانىدى. دادىلىق مېهرىگە قانغانلار ئۇنىڭ ئالدىدا بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى ئىزهار قىلغان-

دا، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل ھەسرەت ۋە ھەۋەس پەيدا بولاتتى.
خەن شىنيۈ ھەقىقەتەن بەختلىك ئىدى، ئۇنىڭغا ياخشى پۇر-
سەت، ئەۋزەل شارائىت ۋە بىلىملىك دادا نېسىپ بولغانىدى.
نازاكەتلىك ۋە سىپايە بۇ قىز ھەقىقەتەن چەت ئەل تىلى ئىشلىرى
ئۇچۇن تۇغۇلغان قىز ئىدى. بۇ ياش ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچى-
سىدا ئىختىيارسىز ئىختىساس ئىگىلىرىگە كۆيۈنىدىغان ھېسسى-
يات پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن شىنيۈنى بىرىن-
چى قېتىم كۆرگەندە، شىنيۈ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى: ئۇ
قىز ئۇياتچان ئىدى، گەپ قىلا ـ قىلمايلا قىزىرىپ كېتەتتى
لېكىن يەنە شۇنداق يۈرەكلىك ئىدى. مەكتەپكە يېڭى كىرىپلا
ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكە پېتىنغان ھەم شۇنداق راۋان سۆزلى-
گەنىدى. زىددىيەتنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم-
لەشتۇرگەن بۇ قىز ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇ
چاغدا مەلۇم بىر نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەندەك بولغان،
ئۇنىڭ نېمىلىكىنى قىياس قىلالمىغاچقا، ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ
كەتمىگەنىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. خەن شىنيۈ-
نىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاستا ـ ئاستا زاھىر بولۇشقا
باشلىدى. يۇقىرى ساپا، بوشاشماي ئالغا باسىدىغان جاسارەت بۇ
قىزنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى،
بۇنى جەزملەشتۇرۇشكىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بول-
غان چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭدىن ھاياجانلاندى ۋە خۇرسەن بولدى.

— سىزمۇ دادىڭىزغا ئوخشاش تاشقى سودىدا خىزمەت
قىلاي دەمسىز؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ نېمىشقىدۇر ئوقۇغۇچىسى-
نىڭ ئارزۇسىنى بىلىش ئىستىكىدە.

— ياق، دادامنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاسارئەتىقى-
لەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇ نەرسىلەرنى
بىلمەيمەن. مېنىڭ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئىشلىرىم بار، — دېدى
شىنيۈ، ئۇ «ئىشلىرىم» دېگەن گەپنى قىلغاندا، سەل ساراسى-

مىگە چۈشۈپ قالغانداك بولدى، مۇئەللىمىنىڭ ئالدىدا «ئىشلىد-
رى» توغرۇلۇق سۆزلەش ئۇنىڭغا چوڭ گەپ قىلغانداك تۇيۇ-
لۇپ، يۈزى سەل - پەل قىزاردى، — مۇئەللىم، مەن ئەدەبىيات-
قا قىزىقىمەن، مۇشۇ ساھەدە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن مەشغۇل
بولايمىكىن دەيمەن! — ئۇ بۇ گەپ بىلەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تو-
مۇرىنى تۇتۇپ باققاندى.

چۇ يەنچاۋ يەنە ھاياجانلاندى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئۇمۇ
دەل مۇشۇ مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەندى. ئەپسۇسكى، ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۆھپە كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا ئىنگلىز
تىلى ئاساسىدىن دەرس بېرىدىغان مۇنبەرگە چىقىپ قالغاندى،
شىنيۆنىڭ گېپى ئۇنى ھاياجانغا سالدى.

— ناھايىتى ياخشى، سىز تاللىغان بۇ يولنى ئەڭ ئەھمى-
يەتلىك يول دەپ قارايمەن. چەت ئەل ئەدەبىياتىنى جۇڭگوغا
تونۇشتۇرۇش، جۇڭگو ئەدەبىياتىنى جاھانغا يۈزلەندۈرۈش جە-
ھەتتە بىزنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز تولىمۇ ئاز، تولىمۇ
ئاز، تالاي مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى يوق! — دېدى ئۇ
ئىختىيارسىز خورسىنىپ.

چۇ يەنچاۋنىڭ كۆچلۈك كەسىپچانلىققا ۋە ئىككىسىنىڭ
ئورتاق غايىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلغان شىنيۆ:

— مۇئەللىم، سىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمىش-
قا. . . — دەپ بولۇپ، گېپىنىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋەتتى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى پۈتۈنلەي چۈشەنگەن چۇ يەنچاۋ كۈلۈپ
تۇرۇپ:

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، تارىخ ھەمىشە كىشىلەر-
گە چاقچاق قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىشىكتىن كىرگۈڭىز بار،
لېكىن باشقا بىر ئىشىكتىن كىرىپ قالىسىز. چەت ئەل ئەدەبى-
ياتى نەشرىياتىغا تەرجىمانلىق قىلىشقا بۆلۈنۈپ قېلىشىم مۇم-
كىن ئىدى، لېكىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچى لازىم

بولۇپ قېلىپ مەكتەپتە قېپقالدىم. مەنمۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇپ چىققان، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، سىلەر بىلەن بىللە بولسام ئۆزۈمنى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچىدەك ھېس قىلىمەن!

شىنيۆنىڭ قەلبىدە چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بىر خىل ھېسسىيات كۆتۈرۈلۈپ، مۇشۇنداق بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن خۇرسەن بولدى، يەنە ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن ئېچىندى.

— مۇئەللىم، بىز بۇ قىممەتلىك ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قەدىرلەيمىز، دەرسلەرنى ئوبدان ئۆگىنىمىز. سىزنىڭ ئاز - تولا ۋاقىت چىقىرىپ باشقا. . .

— رەھمەت سىزگە، ساۋاقداش شىنيۆ، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئالدىدا ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، بەلكى سىرداش دوستى تۇرغاندەك سەمىمىيلىك بىلەن، — شۇنداق قىلىۋاتىمەن، دەرس ئۆتۈشتىن باشقا بوش ۋاقىتلاردا قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئاز - تولا ئىش قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئۆز ئىشى توغرىسىدا گەپنى سوزماي شىنيۆگە، — سىلەر دەرسلىك بىلەن چەكلىنىپ قالماڭلار، كۆپ مەشىق قىلىڭلار، كۆپ ئوقۇڭلار، قىرائەتخانىدا ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسەرلەر كۆپ، مەشھۇر ئەسەرلەر بىزنىڭ ئۈنسىز مۇئەللىملىرىمىز. دىككېنىس، خاردى، مارك تېۋىن، شارلوت بولانتېرلار سىزنى ساقلاۋاتىدۇ. . .

چۇ يەنچاۋ كەتتى، «پروفېسسور مامېن» دېگەن كىنو تېخى تۈگىمىگەنىدى. شىنيۆ مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئويلاپ تۇرۇپ، دېرىزىنى ئاچتى. كۆكتىكى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئاسماننى يەنىمۇ ئېگىزلەپ كەتكەندەك ئويلاپ قالدى.

مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئاياغلاشتى.

پۈتۈن سىنىپتىكى ئون ئالتە ئوقۇغۇچى ئىنگلىز تىلى

www.uyghurkitap.com

دەرسىدە ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىسىنى بىلىشكە ئالدىراپ سىنىپقا
ئىلگىرىكىدىنمۇ بالدۇرراق كېلىشتى. بۇ، ئوقۇش باشلانغاندىن
بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھان ئىدى. نەتىجە تەرتىپى تۇرغۇ-
زۇلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن نومۇرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇ-
شى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ سەۋىيىسىنى بەلگىلەپ، ئۇن ئالتە
ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى ئورنىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى. پۇ-
تۈن مەملىكەتتىكى مىڭلىغان ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئارىسىدىكى
قاتتىق تىرىشىپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرگەن «خۇدانىڭ
ئەركىلىرى» نىڭ قايسىبىرى ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەن ئى-
كەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىسۇن؟ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان
سىنىپ كۆچۈش ئىمتىھانىدەك قىيىن بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپ-
چىلىك ئىمتىھاننى بىخەستەلىك قىلىپ نومۇرى تارتىلىپ كې-
تىپ يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ناھايىتى ئەستايى-
دىل بەردى.
ئۆزىنىڭ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاشنى ھېچ-
كىم خالىمايتتى، پەقەت لۇ شيۇجۇلا ئۆزىگە ھەمراھ ئىزدەۋاتقاند-
دەك ئۇياق - بۇياققا ئەلەڭلەپ قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ باشقىلار-
نىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىشەنچسىز ئولتۇرۇشىنى، ھەتتا نەتىجى-
سى لاياقەتسىز بولۇپ قالسا، قايتا ئىمتىھان بېرىشتەك بىئەپ
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر
نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭمۇ نەتىجىسىنىڭ لاياقەتسىز بولۇپ قېلىشى-
نى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ شىنيۆگە قارىدى، شىنيۆ خاتىرجەم
ئولتۇراتتى. ئاندىن شيې چيۇسىگە قارىدى. شيې چيۇسى تاڭ
جۇنشېڭ بىلەن پىچىرلىشىپ ئولتۇراتتى، چىرايىنى سىرلىق
كۈلكە قاپلىغانىدى، ئىككىسى كىمنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاندۇ؟
ئۇنىڭغا ئۇلار ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شيې
چيۇسى يەنە ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، زاڭلىق قىلىپ
يۈرسە، ئۇ بۇنىڭغا چىدىيالمايدۇ. ئۇ جېڭ شاۋجىڭغا قارىدى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. جېڭ شاۋجېڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. جېڭ شاۋجېڭ ئۇنىڭ بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىككە قارىتىپ:

— ساۋاقداشلار، تىنچلىنىڭلار، بۇ قېتىمقى ئىمتىھان سىناق يۈزىسىدىن ئېلىنغان، مەيلى ياخشى ياكى ناچار بېرىڭلار، ھېچنېمە بولمايدۇ. ئايرىم ساۋاقداشلارنىڭ نومۇرى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالسا، ھەرگىز مەيۈسلەنمەڭلار! — دېدى.

لۈ شيۈجۈ بۇ گەپنى ئاڭلاپ جېڭ شاۋجېڭنىڭ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقانلىقىنى، ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمەي قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جېڭ شاۋجېڭنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى سىنىپقا كىردى. سىنىپ ئىچى تىنچلاندى، لۈ شيۈجۈننىڭ يۈرىكى گېلىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

چۈ يەنچاۋ قولىدىكى بىر دەرستە ئىمتىھان قەغىزىنى مۇنبەرگە قويۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ساۋاقداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نەتىجىسى يامان ئەمەس. بىز ئۆتكەن مەۋسۇمدە ئاساسەن فونېتىكا ئۆگەندۇق ھەم گراماتىكا بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتۇق. ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ساۋاقداشلار ئاساسەن ئىگىلىگەن. كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىنى كۆزدە تۇتۇپ، پروفېسسورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىمتىھان سوئالى چىقارغاندا دەرسخانىدا ئۆتۈلگەن مەزمۇنلار بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە دەرسلىكنىڭ ئاخىرىدىكى مەشىق سوئاللىرىدىن ۋە دەرستىن سىرت ئوقۇلغان ماتېرىياللاردىن مەزمۇن قوشتۇق. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممى-

www.uyghurkitap.com

سى لاياقەتلىك بولدى! ــ دېدى.

دەرسخانىدا پىچىرلىششلار باشلاندى، چوڭراق داۋالغۇش پەيدا بولمىدى. ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇلار تۆۋەندىكى مەزمۇننى كۈتۈۋاتاتتى. پەقەت لۇ شيۇجۇنىڭلا قەلبىدە كۈچلۈك بوران كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئاخىر ئىنگلىز تىلى دەرسىدە قەددىنى رۇسلىغانىدى!

چۇ يەنچاۋ لۇ شيۇجۇغا قاراپ:

ــ مەن ساۋاقداش لۇ شيۇجۇنى ئالاھىدە تەقدىرلەيمەن. ئىنگلىز تىلى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىششىپ مۇشۇنداق ياخشى نومۇر ئالالىشى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ! ــ دېدى.

ــ مۇئەللىم، ماڭا خەن شىنيۈ ياردەم بەردى ــ دېدى لۇ شيۇجۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ. ناھىيە بازىرىدىن بېيجىڭغا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان بۇ قىزنىڭ قىلىقلىرى ھېلىھەم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشايتتى.

ــ باشقىلارنىڭ ياردىمىمۇ ناھايىتى مۇھىم، ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزنىمۇ يوق قىلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ، ــ دېدى چۇ يەنچاۋ گېپىنى داۋام قىلىپ، ــ بۇ قېتىم پۈتۈن سىنىپ بويىچە تولۇق نومۇر ئالغان ساۋاقداش جەمئىي توققۇز، ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۈگۈن ئىمتىھان قەغەزلىرى ئىچىدىكى بىر ئىمتىھان قەغىزىنى سىنىپتا تەھلىل قىلماقچىمەن. بۇ ئىمتىھان قەغىزىگە بەش نومۇر ھەقىقىي قويۇلدى. بۇنى ئۆلچەملىك جاۋاب قىلساق بولىدۇ. ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقسا زىيىنى بولماس. . .

چۇ يەنچاۋ بىر ئىمتىھان قەغىزىنى ئالدى. ئالدىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچى بويىنىنى سوزدى، ئىمتىھان قەغىزى ئۆزىنىڭمۇ

ئەمەسمۇ بەك بىلگۈسى بار ئىدى.

قولىغا بور ئېلىپ دوسكىغا خەت يازماقچى بولۇپ تۇرغان چۇ يەنچاۋ ساۋاقداشلارنىڭ پەرىزىنى بايقاپ، ئىمتىھان قەغىزىدىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى دېمىگەنلىكىنى يادىغا ئالدى:

— ھە، بەش نومۇرغا ئېرىشكەن ساۋاقداش...

شيې چيۈسى خىجىللىق بىلەن ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنى دەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بەش نومۇر ئالالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ماختىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرەپ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئوڭايسىزلىناتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي مۇشۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى...

يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى نەزىرىنى «لەپپىدە» ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇپ، مىجەز - خاراكتېر ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان ھەم يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان بۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچىغا ھەۋەس بىلەن قارىدى.

چۇ يەنچاۋنىڭ ئاۋازى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ياڭرىدى.

— ساۋاقداش خەن شىنيۆ!

سىنىپنىڭ تەرتىپى بۇزۇلدى، ھېلىقى ساۋاقداش نەزىرىنى دەرھال باشقا ياققا ئاغدۇردى، پىچىرلىشىشلار ئەۋجىگە چىقتى، شيې چيۈسى «لەسسىدە» بولۇپ قالدى.

چۇ يەنچاۋ شيې چيۈسىنىڭ نورمالسىز ھالىتىنى كۆرۈپ:

— ساۋاقداش شيې چيۈسىمۇ بەش نومۇر ئالدى. لېكىن ئىملاسى قالايمىقان، بەزى سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتەلمىگەن، سەل مەسىلە بار. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسۇن، ئەمدى ساۋاقداش خەن شىنيۆنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى ئانالىز قىلىپ باقايلى...

www.uyghurkitap.com

شۇ تاپتا شىنيۆ خاتىرجەمسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شىي
چيۇسىنى بېسىپ چۈشۈپ سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولدى. ئۆزى-
گە مۇشۇ نىشاننى بېكىتكەنىدى، ئاخىر ئويلىغان نەتىجىگە ئې-
رىشتى، بۇ نەتىجە ئۇنىڭ مەنمەنچىلىك قىلىشىغا ئەرزىمەيتتى.
ئۇ شيې چيۇسىگە ھېسداشلىق قىلىپ: «سىز ئىمتىھاننى بۇنىڭ-
دىنمۇ ياخشى بېرەلەيتتىڭىز!» دېدى ئىچىدە.

كەچكى شەپەق نۇرىدا قىزارغان ئاسماننىڭ ئەكسى نامسىز
كۆلگە چۈشكەنىدى. كۆل بويىدىكى مەجنۇنتال، تۇخۇمەك ۋە
ئۆرۈك دەرەخلىرى، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياپيېشىل قارىغاي
دەرەخلىرى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇرغان ئېرەن دەرەخلىرىنىڭ
ئەكسى جىمجىت كۆلدە رەڭگارەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى.

ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شىپاڭنىڭ يېنىدىكى تاش
پەلەمپەيدە خەن شىنيۆ ئولتۇراتتى. مېغىزرەڭ ئىشتان بىلەن
ئاق مايكا كىيگەن خەن شىنيۆنىڭ تىزىدا ئىنگلىز تىلىدىكى «جىن
ئېير» دېگەن كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن مىدىر
- سىدىر قىلماي كىتاب ئوقۇۋاتقان تۇرقى بىلەن گويا دەرەخلىكنىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ئاق قاشتاش ھەيكەلگە ئوخشايتتى.

*. . . سىز مېنى ئاپتوماتىك ماشىنا دەمسىز؟ مەن ھېسسى-*
*ياتسىز ماشىنىمۇ؟ مەن نامرات، سەت، پاكار بولغاچقا، مېنى*
*روھى يوق، يۈرىكى يوق دەپ ئويلامسىز؟ سىز خاتا ئويلاپسىز!*

ياق، شىنيۆ پۈتۈن دىققىتىنى كىتابقا، كىتابتا بايان قىلى-
نىۋاتقان جىن ئېير① بىلەن روچېستىر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش -
تارتىشقا مەركەزلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى. قۇلاق تۈۋىدە باشقا بىر
ئاۋاز ياڭرايتتى. مەۋسۇملۇك ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قى-
لىنغاندىن كېيىن شيې چيۇسى ياتاقتا تەپ تارتماستىن چالۋا

---

①جىن ئېير — ئەنگلىيە يازغۇچىسى شارلوت برونتېنىڭ «جىن ئېير» ناملىق
رومانىدىكى باش پېرسوناژ.

قاپ: ھىم، نېمىگە ئۈنچىلىك قىپكېتىدۇ؟ چۇ مۇئەللىم ئاز سانلىق مىللەت دەپ غەمخورلۇق قىلغان گەپ. دېدى. شۇ چاغدا جېڭ شاۋجىڭ جىددىي تەرزدە: «ھەي، مىللىي سىياسەتكە دىققەت قىلىش كېرەك» دەپ ئۈنىڭغا كايىدى. شىنيۈ ئۇدۇلىدىكى تامغا قاراپ گەپ قىلماي، ياتقانىدى. ئۇلار ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەممە گەپنى ئېنىق ئاڭلاپ ياتقانىدى. «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە غەمخورلۇق قىلىش» دېگەن نېمە؟ «مىللىي سىياسەتكە دىققەت قىلىش» دېگەن نېمە؟ ئەجەبا ئۇ يارىلىنىشىدىنلا ئاجىز يارالغانمۇ؟ ئۇنىڭ مەڭگۇ پەس ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ باشقىلاردىن ئېشىپ كەتسە بولمامدۇ؟ ھەتتا ئۆزى ئېرىشكەن نەتىجىمۇ باشقىلارنىڭ سەدىقىسى ۋە ئىچ ئاغرىتىشىدىن كەلگەنمۇ؟

*. . . مېنىڭ روھىم سىزنىڭكىگە ئوخشاش باي، يۈرىكىم سىزنىڭكىگە ئوخشاش توق! . . . مەن سىز بىلەن ئۆرپ - ئادەت، رەسىم - قائىدە ھەتتا ئۆلگەن تېنىم ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى روھىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، ئىككىمىز قەبرىدە تىرىلىپ خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئىككىمىز باراۋەر، چۈنكى بىز باراۋەر!*

كىتاب بېتى ۋاراقلانمىدى، ئۇ خۇددى جىن ئېيىر بىلەن روچېستېرنىڭ، ياق، شيې چيۇسى بىلەن جېڭ شاۋجىڭنىڭ جېدىلىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى.

بىر تال ئېرەن يوپۇرمىقى كىتابقا چۈشكەنىدى، ئۇ چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى، كىتابنى ئاستا يېپىپ ئورنىدىن تۇردى: «ئادەملەرنىڭ روھى باراۋەر ئىكەن. . . »

خەن شىنيۈ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ چۇ يەنچاۋنىڭ ئۆزىگە ئۇندىمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ـــ ساۋاقداش شىنيۈ، سىز ئاززاق ئاۋارىچىلىقتا يولۇقۇپ-
سىز، راستمۇ؟ ـــ دېدى چۈ يەنچاۋ.
ـــ چۈ مۇئەللىم، ـــ دېدى شىنيۈ ئازار يېگەن ئادەمدەك
چۈ مۇئەللىمگە قاراپ، ـــ چۈشەنمىدىم، نېمىشقا. . .
ـــ بولدى، ـــ دېدى چۈ يەنچاۋ خاتىرجەم هالدا، ـــ لۇ
شيۇجۇ ماڭا هەممىنى دېدى، ئاشۇنداق قاراشلارنى ئاڭلاشنى
ئۈمىد قىلمايتتىم، شيې چيۇسى بىلەن جىڭ شاۋجىڭنى تەنقىد-
لەش خىيالىممۇ يوق.
ـــ نېمىشقا؟ ـــ دېدى شىنيۈ مۇئەللىمنىڭ تولىمۇ ئاجىز-
لىقىنى هېس قىلغاندەك، ـــ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ؟ ئاز
سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن
ئورۇندا تۇرامدۇ؟ ئادەملەر باراۋەرغۇ!
ـــ شۇنداق، ـــ دېدى چۈ يەنچاۋ، ـــ مىللەتلەردە يۇقىرى -
تۆۋەنلىك، ئالىيجاناب - پەسلىك بولمايدۇ، روھ بىلەن روھ
ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك بولىدۇ. بۇنى سىز پاكىت بىلەن ئىس-
پاتلىدىڭىز. شائىر بايرون شۇنداق دېگەن. «ۋىجدانلىق كىشى
باشقىلاردىن ئۆزىگە ئېتىبار بېرىشنى هەرگىز تەلەپ قىلمايدۇ،
باشقىلارنىڭ ئېتىبارسىز قارىشىدىنمۇ قورقۇپ كەتمەيدۇ. باش-
قىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشى، بىر تەرەپلىمە قارىشى قور-
قونچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى، ئىشەنچى يوقتىش. ناۋادا
سىز ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىز، سىزگە گەپ كەتمەيدۇ. هەقىقەت
ئەزەلدىن ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ساددا، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە چۈشەندۈ-
رۈش كەتمەيدۇ. هەقىقىي ساهىبجاماللارغا هەرقانداق زىبۇزىن-
نەت ئارتۇقچە!»
شىنيۈ خۇددى يۈرىكىگە ئىللىق بىر شامال كىرىپ بايىقى
پەرىشانلىقلارنى قەلبىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك هېسسىياتقا
كەلدى. ئۆزىنى مۇئەللىم بىلەن سىلىشتۇرۇپ كۆڭلى - كۆك-
سىنىڭ تولىمۇ تارلىقىنى، پىتنە - پاسات گەپلەر بىلەن ئۆزىنى

غەش قىلىشىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۆپكۆك كۆل سۈيىگە قاراپ روھلانغان ھالدا ئىختىيارسىز:

— مۇئەللىم، سىز ماڭا ۋىكتور ھيوگونىڭ: ئاسمان دېڭىزدىنمۇ بىپايان، دېگەن سۆزىنى ئەسلەتتىڭىز، — دېدى.

— ئادەمنىڭ كۆڭلى - كۆكسى ئاسماندىنمۇ كەڭ! — دېدى چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ.

شىنيۈ كۈلدى:

— رەھمەت سىزگە مۇئەللىم!

— ياق، — دېدى چۇ يەنچاۋ — سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدىغانلا بولسىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن خۇشال! ياتىقىم مۇشۇ يەردىلا بىردەم ئولتۇرۇپ كەتسىڭىز؟

ئۇلار شىپاڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چىغىر يولغا چۈشتى، تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىقتى. ئالدى تەرەپتە ئەخلاق، قابىلىيەت، تەكشى، زاپاس دەپ خەت يېزىلغان بىنالار كۆرۈندى. مۇئەللىمنىڭ ياتىقى، «زاپاس بىنا» دا ئىدى.

چۇ يەنچاۋنىڭ ياتىقى ناھايىتى كىچىك ئىدى، ئەسلى ئىككى كىشىلىك ياتاق بولۇپ، ھازىر چۇ يەنچاۋ يالغۇز تۇراتتى، پۈت قويغۇدەك يەر يوقتەك كۆرۈنەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كىتابلىرى بەك جىق ئىدى. كارىۋاتتىن ۋە يېزىق ئۈستىلىدىن باشقا يەر كىتاب بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. كىتاب ئىشكاپىغا پاتمىغان كىتابلار ئورۇندۇقنىڭ، چامادانىنىڭ ئۈستىنى ئىگىلىگەنىدى.

— ئولتۇرۇڭ. ياتىقىم بەك كىچىك، — دېدى چۇ يەنچاۋ. ئۇ بىردىنبىر ئورۇندۇقنى شىنيۈگە بېرىپ، ئۆزى كارىۋاتتا ئولتۇردى.

شىنيۈ ئولتۇرۇشقا ئالدىرىماي، قالايمىقان، بىراق كۆزگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان ھەم كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان بۇ ھۇجرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

— مۇئەللىم، سىز گۈلگە ئامراقمۇ؟ — دېدى شىنيۈ كى-

تاب ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىكى تەشتەكتە، كۆز پەسلىدە ياتاقتا باھار مەنزىرىسى بېرىپ تۇرغان گۈلنى كۆرسىتىپ، — بۇ نېمە گۈل؟

— بۇ گۈلنىڭ ئىسمى «باسىم»، يەن پروفېسسونىڭ ئوغلى ماڭا چەت ئەلدىن ئالغاچ كەلگەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — مەن گۈل باقالمايمەن. قانداق ئوغۇتلايدۇ، قانداق پۈتايدۇ، بىلمەيمەن ھەم ئۇنچىلىك كۆپ ۋاقتىممۇ يوق. بۇ گۈل بوزەك گۈل ئىكەن، ئالاھىدە كۆتۈشمۇ كەتمەيدىكەن، سۇلا بولسا بولىدىكەن. مەن ئەكەلگەن چاغدا بىر تال قەلەمچە ئىدى، كۆرۈپ تۇرۇپسىز ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى زاپاس كۈچكە تايىنىپ بىر نەچچە تال ياپراق چىقاردى. . .

شىنيۆ يېقىن بېرىپ «باسىم» گۈلگە سىنچىلاپ قارىدى. دېگەندەك، تەشتەكتە بىر تال قەلەمچە تۇراتتى، بىرنەچچە يوپۇرماق چىقارغانىدى. قەلەمچىنىڭ قاتتىق پوستىنى يېرىپ يەنە بىرنەچچە يەردىن بىخ چىقارغانىدى.

— مۇئەللىم، بۇ كىچىككىنە بىخ نېمىدېگەن زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە، پوستىنى يېرىۋېتىپتۇ! — دېدى شىنيۆ.

— بۇ دېگەن ھاياتىي كۈچ، — دېدى چۇ يەنچاۋمۇ يېقىن كېلىپ يېڭى چىققان بىخقا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ، — ئۇ پوستىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇندا ھامىلە بولغان، ناھايىتى ئۇزۇن تەييارلىق قىلغان، زۆرۈر كۈچ-قۇدرەت توپلىغان، شۇڭا پارتلىغان ھامان پوستىنى يېرىپ بىخ چىقارغان.

شىنيۆنىڭ نەزىرى «باسىم» گۈلىدىن، تورۇس بويى كېلىدىغان قېلىن دەستە-دەستە كىتابلارغا ئاغدۇرۇلدى. بۇ جانسىز قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدا جۇشقۇن ھايات ياشايتتى!

ئۇ كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىدا تۇرغان ئىسكىرىپكىنى كۆرۈپ قالدى.

— مۇئەللىم، بۇ ئىسكىرىپكا سىزنىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ خۇ-

شال بولۇپ، ــ مەن تېخى سىزنىڭ. . .

ــ ھەئە، ــ دېدى چۇ يەنچاۋ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، ــ ئانچە چالمايمەن، لېكىن ئىسكىرىپكىغا ئامراق. سىزمۇ ئىسكىرىپكا چېلىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ــ ياق، مەن چالالمايمەن، لېكىن ئاڭلاشقا ئامراق. . .

ــ ھە؟ سىز قايسى مۇزىكىلارنى ئاڭلاشقا ئامراق؟

ــ مەن مۇزىكىنى بىلمەيمەن! ــ دېدى شىنيۈ كۈلۈپ، ــ پارگىنىنىي، موزارت، بېتخوۋېن دېگەنلەرنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىغان، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ئىسكىرىپكا بىلەن ئورۇنلانغان «لياڭجۇ» دېگەن مۇزىكىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. . .

ــ بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاشقا مەنمۇ ئامراق؟ ــ دېدى چۇ يەنچاۋ خۇددىي سىرداش ئادىمىنى تاپقاندەك.

ــ بۇ مۇزىكىنى ئاڭلىسام پەرىشانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇيمەن، كىشىلەرنىڭ روھى پاكلانغاندەك، دۇنيا پاكلانغاندەك، چاڭ ـ توزان، شاۋقۇن ـ سۈرەن ۋە ئەنسىزلىك يوقاپ، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قۇيۇلۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ــ شىنيۈ گويا شۇ مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتقاندەك خىيالچان ھالەتتە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ كەتتى، ــ ئەدەبىي ئەسەرلەردە دېيىلىدىغان «يۈرەك تارىنى چېكىش» مۇشۇ بولسا كېرەك؟

ــ ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلىدىڭىز! ــ دېدى چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ. ئۇ بۇ پاك ھەم سادda قىزغا قاراپ، ئۇنىڭ تەبىئىي گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، روھى پاكلانغاندەك، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ھېلىقى ئېقىننى يەنە كۆرگەندەك بولدى.

ــ مۇئەللىم، بىر پەدە چېلىپ بېرىڭە؟

ــ ھە، ياق، ــ چۇ يەنچاۋنىڭ قىزىرىپ كەتتى، ــ مەندە بۇنى چالغۇدەك ماھارەت يوق، باشقىلارنىڭ ئالدىدا چېلىشقىمۇ

پېتىنىپ باقمىغانمەن. . .

— سىز، ئەڭ ئاساسلىقى، ئۆزىگە ئىشىنىش دېگەننى-ڭىزغۇ! — دېدى شىنيۈ تۇساتتىن ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاشنى ئويلاپ.

— مېنىڭ. . . مۇزىكىغا كەلگەندە ئازراقمۇ ئىشەنچىم يوق! — دېدى چۇ يەنچاۋ قىزىرىپ - تاتىرىپ. ئۇ شىنيۈنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. ئۇنىڭدا شىنيۈ ياخشى كۆرگەن مۇزىكىنى چالغۇدەك ماھارەت يوق ئىدى.

چۇ يەنچاۋ خاتىرجەمسىزلىكىنى يوشۇرغاندەك ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ:

— ئولتۇرۇڭ، ئۆگىنىش ئەھۋالىڭىز توغرۇلۇق پاراڭلى-شايلى. نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسىز؟ «جىن ئېيىر» نى ئوقۇپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

شىنيۈ ئوڭايسىزلانغان هالدا كۇلۇپ:

— خۇلاسىسىنى سىز چىقىرىپ بولدىڭىزغۇ؟ بۇ كىتابتىن مەن ئۆزىگە ئىشىنىشنى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئۆگەن-دىم! — دېدى.

خەن شىنيۈ مۇئەللىمنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. چاققان-غىنە يېزىق ئۈستىلىدىكى چىراغ تۈۋىدە كىتابلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان ئورىگىناللار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا مۇئەللىمنىڭ ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە قىلىدىغان «ئىشى» مۇشۇ ئوخشىمامدۇ دەپ ئويلىدى. قەلبىدە قىزىقىش ھەم ھۆر-مەت ھېسسىياتى قوزغالدى، — مۇئەللىم، سىز بىرەر ئەسەر تەرجىمە قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەم، — چۇ يەنچاۋ خىجىللىق بىلەن كۇلۇپ، ئورىگى-ناللارنى رەتلەشكە تۇتۇندى. ئۇ بايا قىلىۋاتقان تەرجىمىسىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ سىرتقا چىققانىدى. مېھمان كې-لىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاچقا، ئۈستىلىنىڭ ئۈستى قالاي-

مىقان پېتى قالغانىدى، ــ تېخى تەرجىمە قىلىپ بولالمىدىم. . .

ــ مۇئەللىم، كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ ــ دەپ شىنيۆ ئو-
رىگىنالنى بىر قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، سوئال نەزىرى بىلەن
چۇ يەنچاۋغا قارىدى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەر تەرجىمىسىنىڭ كىتاب
بولۇپ بېسىلىپ چىققىنىنى ئەمەس، بەلكى تەرجىمە ئورىگىنالى-
نى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۆزى ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان
تەرجىمە خىزمىتىنى باشقىلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى تۇنجى
كۆرگەن شىنيۆنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك ئىخلاس قوزغالدى. مۇ-
ئەللىمىنىڭ قولىيازمىسىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈش ئۇنىڭ ئۈ-
چۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلاردا بۇنداق
روھىي ھالەت كۈچلۈك بولاتتى.

ــ تېخى تەرجىمە قىلىپ بولالمىدىم. تېخى تەرجىمە قى-
لىپ بولالمىدىم. . . ــ چۇ يەنچاۋ بۇ گەپنى قايتا ـ قايتا تەك-
رارلىدى، ئەمما ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىدى.
بۇ ئىسكىرىپكا چالىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسىرى، ئۇنىڭ
ئىشلىرى ئىدى، بۇنىڭغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىشەنچىسى بار ئىدى.

شىنيۆ ئورىگىنالدىكى ناھايىتى راۋان يېزىلغان ئىنگلىزچە
جۈملىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. ھەربىر قۇردىن قايناق ھېسسىيات
تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خەنزۇ تىلى ئىنگلىز تىلىغا ئالماشقان بول-
سىمۇ، ئەسلى ئەسەردىكى جۇڭگولۇق يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى
توغرا ھەم جانلىق چىققانىدى. بۇ ئاتاقلىق يازغۇچىنى شىنيۆ
ھۆرمەتلەيتتى. . . شىنيۆ ئورىگىنالنىڭ بىرىنچى بېتىدىن ئە-
سەرنىڭ تېمىسىنى كۆردى:

FLYING TO THE MOON

ــ لۇ شۈننىڭ «جىددىي ئېقىم» دېگەن ئەسىرىكەنغۇ؟ ــ
دېدى شىنيۆ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قاراپ.

ــ ھەئە، ــ دېدى چۇ يەنچاۋ، ــ ئۇنىڭ «يېڭى ھېكايە-
لەر» دېگەن كىتابىدىكى «كۆكنى ياماش» دېگەن ھېكايىسىنى

www.uyghurkitap.com

يېڭىلا تەرجىمە قىلىپ بولدۇم. ماۋۇ ئىككىنچى ھېكايىسى.

— سەككىز پارچە ھېكايىنىڭ ھەممىسىنى تەرجىمە قىلامسىز؟

— يالغۇز سەككىز پارچە ھېكايىسىنىلا ئەمەس، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بارلىق ھېكايىلىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىش پىلانىم بار، ئەپسۇس. . . ۋاقىت تولىمۇ ئاز!

دېرىزىنىڭ سىرتىنى بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. مۇئەللىمنىڭ ئۇ ھەۋەس قىلىدىغان تەرجىمە خىزمىتى توغرىسىدىكى گەپلىرىنى شىنيۈنىڭ كۆپرەك ئاڭلىغۇسى بار ئىدى، لېكىن شىنيۈ مۇئەللىمنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئېلىپ قويىدىغانلىقىنى سېزىپ، كەچۇرۇم سورىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، سىز ئىشىڭىزنى قىلىڭ، ۋاقتىڭىزنى ئالـ ماي! — دېدى.

چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ بايا خورسىنىپ تۇرۇپ «ۋاقىت» نىڭ گېپىنى قىلىپ سالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ قالدى:

— مەن. . . سىزنى قوغلىمىدىمغۇ. . . :

— ياق، مۇئەللىم، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. كېتەي، — شىنيۈ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

تولۇن ئاي نامسىز كۆل ئۈستىدە كۆتۈرۈلدى. چۇ يەنچاۋنىڭ دېرىزىسىدە چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قىش كەلدى، بىرىنچى ئوقۇش يىلىنىڭ تۇنجى ئوقۇش مەۋسۇمى ئاياغلاشتى.

27 ـ بىنادىكى قىزلار ياتىقىدا شيې چيۈسى بىلەن لۇ شيۈجۇ يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئەتىدىن باشلاپ قىشلىق تەتىل ئىدى. ئۇلار چاغاننى ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى. يۇرتىدىن ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن شۇنچە ئۇزاق

ئايرىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسىبىرى ئۆز ئۆيىنى سېغىنمىسۇن!

لۇ شيۇجۇ كۆرسەتكۈچىنى سومكىسىغا ئاۋايلاپ سالدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ يېرىم يىللىق ئۆگىنىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەندى. چارەكلىك ئىمتىھاندا ئىنگلىز تىلىدا ئۈچ نومۇر ئېلىپ، ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتكەنىدى، مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا تۆت نومۇر ئالغان لۇ شيۇجۇ قانداقمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالماي تۇرالىسۇن؟ ئۇ ھەر ھالدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈزى يورۇق بارالايدىغان، ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاچا - سىڭىللىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ چىراغ تۈۋىدە بېيجىڭدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان يېڭىلىقلارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەلەيدىغان بولدى.

جېڭ شاۋجىڭ قايتىپ كەلدى، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، ھەربىي پەلتوسىنى سېلىپ مورىسى ۋە ياقىسىدىكى قارنى قاقتى.

— ۋۇي monitor، نېمىدەپ يۈك تاقلىرىڭىزنى يىغىشتۇرمايسىز، چاغاننى ئۆيىڭىزدە ئۆتكۈزگۈڭىز يوقمۇ؟ — لۇ شيۇجۇ ۋىچىرلاپ تۇرۇپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

شيې چيۇسى ئۈستىدە تۇرۇپ:

— ئۇ دېگەن باشلىق، ئۇنى ئالغىلى ئۆيىدىن ماشىنا كېلىدۇ! — دېدى.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — جېڭ شاۋجىڭ شۇنداق دەپ پەلتوسىنى بىر ياققا تاشلاپ ئۆتۈكىنى سېلىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. ئۇ تازا خۇشال ئەمەس ئىدى، شيې چيۇسى ئۇنىڭ كادىرلار پەرزەنتلىرىگە خاس ئالاھىدە سالاھىيىتىنى ئۇنىڭغا مەقسەتلىك پۈرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئادەتتە باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمىسىمۇ، لېكىن شيې چيۇسىنىڭ مازاق ئارىلاشقان بۇ گېپى ئۇنىڭغا سوغۇق كەلگەنىدى. ئۇرۇش يىللىرىدا جەڭچىلەر پىيادە ماڭ-

دۇ، باشلىقلار ئاتقا مىنىدۇ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى، كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇشمۇ ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ داۋاملىق دادامنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرمايمەن. ئاربالاپ ئالغىلى كەلسە، مۇشۇنىڭغىمۇ چىدىمامسىز؟ بۇ مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق! قارىغاندا، بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتمەك ھەقىقەتەن تەس ئوخشايدۇ. جېڭ شاۋجېڭ مۇشۇلارنى ئويلاپ ياتاتتى. كاللىسىغا قاچىلىۋالغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ، شيې چيۇسىنى لۇ شيۇجۇنىڭ ئالدىدا تەنقىدلەشنى بىئەپ كۆرۈپ، گەپنىڭ تېمىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سوغۇقلا:

— مېنىڭ ئۆيۈم يېقىن، ئەتە تەييارلىق قىلساممۇ ئۈلگۈرمەن، خەن شىنيۆمۇ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرماپتىغۇ؟ — دېدى.

خەن شىنيۆنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا شيې چيۇسىنىڭ ئاغزى ئېتىلدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا تېگىپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە شيې چيۇسى ئۆزىنى ھاكاۋۇر مەلىكىلەردەك، مەن چىرايلىق، يارىلىشىمدىن ساھىبجامال دەپ چاغلايتتى. ئۇ دۆلەتمەن ئىدى، ياسىنىشقا ھەم ئۆزىنى ئاسراشقا ئائىلىسىدە يېتەرلىك پۇل بار ئىدى؛ ئۇ ئەقىللىق ئىدى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر دەرس، بولۇپمۇ ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگەنگەن ئىنگلىز تىلىمۇ ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ سىنىپتا مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇيمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇسكى، قېرىشقاندەك خەن شىنيۆگە يولۇقۇپ قالدى. خەن شىنيۆنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى تۇغما ئىقتىدارىغا ئۇ قول قويماي تۇرالمايتتى. خەن شىنيۆ ئۇنىڭ رىقابەتچىسى ئىدى، ئۇ بۇنى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدى، ئەمما ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. بىرىنچى قېتىم ئېلىشتى، ئىككىنچى قېتىم ئېلىشتى، خەن شىنيۆ ئۇنى ئاخىر مەغلۇپ قىلدى. خەن شىنيۆ

سىنىپ بويىچە بىرىنچىلىك ئورنىنى مەھكەم ئىگىلىگەنىدى، ئۇ
ئىككىنچى ئورۇندا ئىدى. قىشلىق تەتىلدە، ئۇ قىزىنىڭ يارام-
لىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئاتا - ئانىسىغا بۇنى قايسى يۈزى
بىلەن دەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقارماسلىق، سىنىپىمىزدا خەن
شىنيۆ ئىسىملىك بىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالماسلىق كېرەك!
كارىۋىتىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يۈك - تاقىسىنى تېڭىۋاتقان شيې
چيۇسىنىڭ كۆڭلىنى ھەسرەت ۋە ئېچىنىش قاپلىغانىدى.

شۇ تاپتا، ئۇ ئۆچ كۆرىدىغان ئادەم يېغىۋاتقان قارغا قارى-
ماي ئۆزى يالغۇز نامسىز كۆل بويىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى.

شىنيۆ كۆل رەڭ كاجى رەختتىن تىكىلگەن پەلتوسىنى
كىيگەن، بۆكىنى كىيمەي كەينىگە چۈشۈرۈۋالغانىدى، پېشانى-
سى ۋە يۈزىگە قونغان قار ئۇچقۇنلىرىدىن كۆڭلى يايراپ كېتىۋا-
تاتتى. ئۇ ئالىقانلىرىنى ئاچتى، ئالتە بۇرجەكلىك قار ئۇچقۇنلى-
رى ئالىقىنىغا چۈشۈپلا ئېرىپ بىردەمدىلا، شەبنەم تامچىلىرىغا
ئايلىناتتى. ئۇ كۆل بويىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ ماڭدى، ھاۋا
ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق بۇ ئاغ-
رىق ئۇنىڭ شادلىققا تولغان كۆڭلىگە سايە تاشلىيالمىدى. ئۇ
بۇ مەۋسۇمدە سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.
بۇنى دادىسى، ئاپىسى، ئاكىسى ۋە ھاممىسىغا دەپ بېرىدۇ. بۇ
يىلقى چاغاننى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ. مەۋسۇملۇك
ئىمتىھاننى دەپ نەچچە ھەپتە ئۆيگە قايتمىغان شىنيۆ ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىنى شۇنچىلىك سېغىنغانىدى، يەنە چېن شۇيەنمۇ بار،
ئۇ ئاسارئەتىقە دۇكىنىغا ئىشقا چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇنى تەبرىك-
لەش كېرەك. شىنيۆ ئەتە، ئەتە ئۇلارنى كۆرەلەيدۇ. شىنيۆ
چېن شۇيەنگە خەت يېزىپ، دادىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ
ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئۆيگە بارىدىغانلىقىنى دېگەنى-
دى.

شىنيۆ شۇ تاپتا چۇ مۇئەللىمنىڭ ياتىقىغا كېتىۋاتاتتى. چۇ

مۇئەللىممۇ چاغان قىلغىلى ئۆيىگە كېتەمدىغاندۇ؟ ئۇلار كېلەر ئوقۇش مەۋسۇمىغىچە بىر ئاي كۆرۈشەلمەيدۇ. شىنيۈ مۇئەللىمى بىلەن خوشلاشقىلى ھەم قىشلىق تەتىل جەريانىدىكى كىتاب ئوقۇش پىلانى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى ماڭغانىدى.

شىنيۈ تاش ئابىدىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ پېشايۋان ۋە تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش چېكىلگەن بىنانى كۆردى. ئاپئاق، يۇمشاق قار بىنانىڭ ئۆگزىسىنى، ئالدىدىكى چىملىق بىلەن چىغىر يولنى كۆمۈۋەتكەنىدى. پېشايۋاننىڭ قىزىل سىرلانغان تۈۋرۈكلىرى، سىر بېرىلگەن رەسىملەر ئاپئاق قاردا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

شىنيۈ يۇمشاق قارنى دەسسەپ بىناغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گويا چاڭ - توزان، شاۋقۇن - سۈرەن ۋە ئەنسىزلىكتىن خالىي ئورمانلىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئۈزۈن ئېقىننىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاھ، بۇ ئۇ ئامراق، ئاڭلاشقا خۇشتار چالغۇنىڭ ئاۋازى...

شىنيۈ تۇرۇپ قالدى. بىنادىن چىقىۋاتقان چالغۇنىڭ ئاۋازى ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن نەقىشلىك پېشايۋاندىن ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ، مۇزدەك ھاۋا ئارقىلىق لەرزان لەيلەپ كەتمەكتە ئىدى. كامالەك تار ئۇستىدە ئوينىماقتا، تار لەرزىگە كەلمەكتە ئىدى. كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان رىتىم ۋە مېلودىيە تۇرۇپ يىغلايتتى، تۇرۇپ پىغان چېكەتتى، تۇرۇپ چۇشنى بايان قىلاتتى ۋە تۇرۇپ شېئىر ئوقۇيتتى.

مۇزىكا ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزگىچە ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ ئاياغ ئاستىدىكى قارنىڭ غىچىرلاپ كېتىپ، سۇدەك تازا مېلودىيىنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە تۇرۇپ قالدى، ياتاقنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، جىمجىتلىققا تولغان دۇنيادىكى ئېسىل كۈينى ئۈزۈپ قويۇشقا ئۇنىڭ كۆڭلى چىدىمىدى...

شىنيۇ بىنانىڭ ئالدىدىن كەتتى. ئاپئاق قار كۆمۈۋەتكەن كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، قىزغۇچ قاشتاش ياتقۇزۇلغان تاش پەلەمپەينى بويلاپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا جايلاشقان شىپائغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. چالغۇنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرايتتى. . . توختىماي ياڭرايتتى. . .

قار ئۇچقۇنلىرى لەرزان ئۇچۇپ چۈشەتتى. كۆل بويىدىكى مۇنار، سۇدىكى تاش كېمە قاردىن ئاپئاق لىباس كىيگەنىدى. مەجنۇنتال، تۇخۇمەك دەرىخى، ئۆرۈك دەرىخى ۋە ئېرەن دەرەخلىرى ئاللىقاچان يالىڭاچلانغان، شاخ ـ شۇمبىلىرىنى قار كۆمۈپ تاشلىغانىدى، ناۋادا بىر كېچىدىلا شەرق شامىلى چىقىپ كەتسە، بۇ دەل ـ دەرەخلەر چېچەك تاشلىغان نەشپۈت دەرەخلىرىگە ئوخشاپ قالاتتى.

كۆمۈشتەك ئاپئاق يەنىۋەن، نامسىز كۆل، كىچىك ئارال. . . پۈتكۈل جاھاننى قار قاپلىغان، ئۆرە تۇرغان بىر قىزنىڭ سىماسى. . .

تۇنجى قار مىڭ يىللىق قەدىمىي پايتەختنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تەكشى ياغماقتائىدى. خان سارىيى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسى بىر قەۋەت يۇمشاق قارغا پۈركەنگەنىدى. قار ئېگىز ـ پەس، ئالا ـ بۇلىماچ شەھەرنى بىر تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. قاردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا موكىدەك قاتناپ يۈرگەن ئاپتوبۇسلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يوغان گاز خالتىلىرى كىشىگە غايەت زور ئويۇنچۇق شارلارنى ئەسلىتەتتى. چاغان يېقىنلاشقاندا، كوچىلاردا ئادەم بورۇنقىدىن بەكرەك مىغىلداپ كېتەتتى، ئۈستۋاشلىرى قار، ماگىزىنلارغا كىرىپ ـ چىقاتتى، بايراملىق ماللارنى ئىشتىياق بىلەن ئېلىپ، قوللىرىدىكى بېلەت ۋە كارتوشكىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇراتتى.

خەن زىچى ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىغا جايلاشقان دۇڭئەن سودا بازىرىنىڭ شىمالىدىكى دوڭلەيشۇن ئاشخانىسىنىڭ خاس خانىسىدا دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى خالىماي، كۆزلىرىنى ساماۋاردىكى بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان سۇغا تىكىپ، گويا ئاشۇ بۇلدۇقلاۋاتقان سۇنى تەتقىق قىلىۋاتقاندەك گاڭگىراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىردەم شۇ تەقلىدتە ئولتۇرۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن قولىغا چوكىنى ئالدى. نېپىز بىر ياپراق قوي گۆشىنى چوكا بىلەن قىسىپ ئېلىپ قايناۋاتقان ساماۋارغا تاشلىدى. گۆشنى ساماۋاردا بىر پەس تۇرغۇزۇپ، ئاندىن دورا ـ دەرمەك قاچىسىغا تەگكۈزۈپ، ئاغزىغا سېلىپ ئالدىرىماي چاي-ناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدە قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئادىتى بويىچە، تاماقنى ھەر-گىز «شالاپلىتىپ» سەت ئاۋاز چىقىرىپ ئالدىراپ يېمەيتتى. تاماق يېيىش قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماي، بەلكى بىر خىل ھوزۇرلىنىش ئىدى، شۇڭا ياخشى نەرسىنى زايە قىلسا يامان بولاتتى. يېمەكلىك كەمچىل، مال باھاسى ئىنتايىن قىممەت مۇشۇ ئاي ـ مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىغان بەسەي ۋە پىنتوزىغا ئوخشاش نەرسىلەر بولمىسىمۇ، ئىككى تەخسە ياپىلاقلانغان گۆش، بىر تەخسە تاتلىق سامساق بۇيرۇتاتتى. گۆشتىن بىر ياپراق، سامساقتىن بىر چىشلەم يەپ، تاتلىق بىلەن ئاچچىقنىڭ، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنىڭ تەمى-نى تېتىيتتى. ئۇ ھاراق كەلتۈرمىدى، ھاراق ئىچىش مۇسۇل-مانلاردا چەكلەنگەن، ئۇ بۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. ئۇ باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھاراق ئىچمەيتتى، ئىچ پۇشۇقى-نى ھەرگىزمۇ تاماكا ياكى ھاراق بىلەن چىقارمايتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى، پۈتۈن يۈرەك قېنىنى قاشتاش ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىتقا سەرپ قىلىشتىن باشقا، مۇسۇل-مان ئاشخانىسىنىڭ ئېسىل تائاملىرىدىن لەززەتلىنىش ئىدى.

ئۇ دۆڭلەيشۈننىڭ دائىملىق «خېرىدارى» ئىدى بۇ يەردىكى ھەمـ-
ـمە نەرسىنى ئۆزىنى بېغىشلىغان چىچېنجەي بىلەن ھازىر ئىشلە-
ۋاتقان ئالاھىدە ھۈنەر ـ سەنئەت ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىـ-
ـتىنى پىششىق بىلگەندەك پىششىق بىلەتتى. . . بۇ يەرنىڭ قوي
گۆشىنى باشقا يەرنىڭ قوي گۆشى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بول-
ـمايتتى. ئىچكى موڭغۇلدىن ئەركەك قويلار تاللاپ ئېپكېلىـ-
ـنىپ، بىر مەزگىل كۆكۆل قويۇپ بوردالغاندىن كېيىن سويۇلا-
تتى. قىرىق، ئەللىك جىڭ كېلىدىغان قويدىن ئون ئۈچ جىڭلا
لوق گۆش شىلىۋېلىناتتى. توڭلىتىلغاندىن كېيىن ئۈستىلار
گۆشنى قەغەزدەك نېپىز توغراپ تەخسىگە سالاتتى. گۆشنىڭ
نېپىزلىكىدىن تەخسىنىڭ گۈللىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.
دوڭلەيشۈندا بىر جىڭ گۆش سەكسەن ياپراق قىلىپ توغرىلاتتى.
دوڭلەيشۈن دورا ـ دەرمەككە ئالامەت ئەھمىيەت بېرەتتى. كۈنـ-
ـجۈت قىيامى، شاۋشىڭ سېرىق ھارىقى، دۇفو قىيامى، تۇزلانـ-
ـغان كۈدە، لازا قىيامى. . . قاتارلىقلار ۋە ئۆزلىرى ئالاھىدە
ياسىغان «جياڭيۇ» تاماق شىرەسىگە تىزىپ قويۇلاتتى. شورپىـ-
ـغىمۇ دورا ـ دەرمەك سېلىناتتى. گۆش يىلىكتەك يۇمشاق ۋە
ناھايىتى تەملىك پىشاتتى، يېگەن كىشى خۇددى قىممەت باھالىق
بۇيۇمدىن ھۇزۇرلانغان خەن زىچىدەك ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى.
لېكىن، شۇ تاپتا كۆرۈش سەنئىتى بىلەن يېيىش سەنئىتى
ئۇنىڭ خىيالىدا يوق ئىدى، قەلبى بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان ساما-
ۋارغا ئوخشايتتى، نېمە ئويلاۋاتىدۇ، بەلگىسىز ئىدى. ئۇ شۇ
تاپتا دوڭلەيشۈن بىلەن چىچېنجەينىڭ ۋە باشقىلار بىلەن ئۆزد-
ـنىڭ تارىخىنى چايناپ ئولتۇراتتى. دوڭلەيشۈننىڭ بىرىنچى
ئەۋلاد خوجايىنى دىڭ دېشەن ئىدى. ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ ئەھۋا-
لى قۇرۇق قول سەرگەردان خەن زىچىنىڭ ئەھۋالىدىن سەللا
ياخشى ئىدى. ئۇ قول ھارۋىسىغا سېرىق توپا قاچىلاپ بېيجىڭگە
ئەكىرىپ، توپىنى ئەرزان باھادا گۈلچىلەرگە سېتىپ، كۈنلىرد-

نى غورىگىل ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ دوڭگەن بازىرىدىكى ئاۋات بۇ يەرگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۆتنە ئالغان پۇلغا شۇ يەرنى سېتىۋېلىپ دەسلەپتە قوتۇرماچ، شوۋىگۈرۈچ ساتتى، بارا - بارا روناق تېپىپ «دوڭلەيشۇن شوۋىگۈرۈچخانىسى» ئاچتى. ئۇن نەچچە يىللىق چاپا - مۇشەققەت ئارقىلىق قورۇما، كاۋاپ ۋە ساماۋار شورپىسى چىقىرىپ، شۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، تىجارەت تۇرىنى كېڭەيتىپ كەسىپداشلىرىنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى ۋە ئەينى يىللاردىكى نامرات خۇيخۇي دىڭ دېشەن پايتەختتىكى دۆلەتمەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بارماق بىلەن سانىغۇدەك ۋە چىچېنجەيدىكى خەن زىچى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان بايغا ئايلاندى. . . ئۇ ئىشلار ئۇزاقتا قالدى. ھازىر دوڭلەيشۇن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن چۆرىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ۋۋىسكا ھېلىمۇ بار، دىڭ خوجايىن باشلىغان ئىش ھېلىھەم ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. خەن زىچىنىڭ مىڭبىر جاپادا تىكلىگەن ئىگىلىكى چىچېنجەيي ئۈن - تىنسىز غايىب بولدى، يىگىرمە ياشنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى ياشلار ھەتتا بېيجىڭدىكى قاشتاش دۇكانلىرى ئارىسىدا چىچېنجەيي ناملىق دۇكاننىڭ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. يېرىم ئۆمۈر تىرىشىپ - تىرماشقان خەن زىچى زادى نېمىگە ئېرىشتى؟ كەسىپكە بولغان ئىنتىلىش، بەختكە بولغان تەشنالىق ئاخىر قورۇق خىيالغا ئايلاندى. ئەللىك يەتتە ياشقا كىرگەن خەن زىچى قېرىلىق دەستىدىن مۇسكۇل ۋە ئىرادىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ خۇددى توسۇن ئاتتەك ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەن زېمىن ئەمدى ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇ كېيىنكى ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش غېمىدە قالغانىدى. مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭلى ئىككى ئىشتىن تەسكىن تاپاتتى: بىرى، ھۇجرىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى مەخپىيەتلىك؛ يەنە بىرى، قى-

-زى ئون ئىككى يىل ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى ئالىي مەك-
تەپكە كىرگەندى. قىزى ئۆزىگە ھەقىقىي تەۋە بولغان ھايات
يولىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىدى، بۇ يولنى
ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتىۋېتەلمەيتتى، خەن زىچىنىڭ ئارزۇسى
چېچەك ئاچقانىدى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دۇنياغا كەتسىمۇ خا-
تىرجەم كېتەتتى. . .

قىزىنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئىشتىيىمۇ
ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىككى تەخسىدىكى گۆشنى ساماۋار شورپى-
سىغا سېلىپ يەۋەتتى، قورسىقى تازا تويمىغاندەك قىلاتتى.
باشقا بىر نەرسە بۇيرۇتماقچى بولۇپ قويۇن يانچۇقىدىن كونا
سائەتنى چىقىرىپ سائەتكە قارىدى، سائەت ئىككىدىن ئون بەش
مىنۇت ئۆتكەنىدى، ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ، تاماق پۇلىنى تۆلىۋې-
تىپ ئاستىنقى قەۋەتكە ئالدىراش چۈشۈپ كەتتى.

خەن زىچى ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوچا ئاغ-
زىغا بېرىپ، قار - شىۋىرغاندا 10 - يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ
ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ بايامقى خىيالىنى
داۋاملاشتۇردى، قىزىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن قانداق
بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. خوتۇنى: «سىز ئۇنى تېخى
چەت ئەلگە چىقىرىۋەتمەكچىمۇ؟» دېگەنىدى. ھىم، سەن نېمىنى
بىلىسەن؟ چەت ئەل تىلى مۇتەخەسسىسلىرى دۆلەتنىڭ بايلىقى،
شىنيۈ چەت ئەلگە چىقىش ياكى خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە
ئېرىشسە، ئۇ چاغدا ئۇ دۇنيانى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ، چۈشەنمەي-
دىغان نەرسىلىرى بولمايدۇ. . .

ئاپتوبۇس بەيگۇاڭلۇغا كەلگەندە، خەن زىچى ئاپتوبۇستىن
چۈشۈپ قالدى. ئەمما ئۆيى تەرەپكە ماڭماي، 19 - يول ئاپتو-
بۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قىزىنىڭ بۈگۈن چۈشتىن
كېيىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. قىزى بىلەن بالدۇرراق كۆرۈ-
شۈش مەقسىتىدە قىزىنى مۇشۇ يەردە ساقلىماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئىككى ئاپتوبۇس ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن شىنيۈ چۈشمىدى. ئۇ قار - شىۋىرغاندا ئىككىلەنمەي تۇرىۋەردى. بەشىنچى ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا ئۇ قىزىنىڭ كۈلكە ئوينىغان چىرايىنى كۆردى. قىزى خۇشال بولۇپ:

— دادا! — دەپ توۋلىدى.

خەنزىچى قىزىنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— دادا، مېنى ئۇزاق ساقلاپ كەتكەنسىز — ھە؟ — دېدى شىنيۈ دادىسىنىڭ مۈرىسىدىكى قارنى قېقىپ.

خەنزىچى مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. دادىلارنىڭ كۆڭلىنى تىل بىلەن، ئۇ مەيلى قايسى دۆلەتنىڭ تىلى بولسۇن، ئىپادىلىگىلى بولمايتتى.

شىنيۈ دادىسىنى قولتۇقلىدى. دادا - بالا ئىككىسى كۈمۈشتەك ئاپئاق قارنى دەسسەپ، خۇشال ھالدا ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

باھاردەك ئىللىق غەربىي ھۇجرا شىنيۈنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

خەي ھامما شىنيۈ كەلگۈچە ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئوچاقتا ئوت قالىغانىدى. شىنيۈ يوق چاغدا، بۇ ھۇجرىدا ھېچكىم تۇرمايتتى، ئوتمۇ قالانمايتتى. لېكىن خەي ھامما ھەر كۈنى ئادىتى بويىچە ھۇجرىنىڭ ئىچى - تېشىنى تازىلاپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى رەتلىك قاتلاپ، كارىۋات، پەرداز ئۈستىلى، شىرە، ئورۇندۇق ۋە رەسىم جازىسىنى سۈرتۈپ چىنىدەك پارقىرىتىۋېتەتتى. ئۇ شىنيۈنىڭ نوپۇسىنى سۆكۈپ مەكتەپكە كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە شىنيۈ مۇشۇ ئائىلىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەزاسى ئىدى، مېھىر - مۇھەببىتىنى شىنيۈگە بەرگەنىدى. ئۇ شىنيۈنىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇرغاندا، شىنيۈ يېنىدا يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. شىنيۈنىڭ مەكتەپتە يېتىپ -

قوپۇپ يۈرۈپ ئۆيگە بولغان مېھرىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر قېتىم ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشاتتى.

دادا - بالا ئىككىسى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. خەي ھامما كاڭ سۇپۇرگىسى بىلەن شىنيۆنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى قارنى سۇپۇرۇۋېتىپ، خۇشاللىقىدا:

— قىزىمىز مۇشۇ قاردا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپتۇ! — دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

— ئەلۋەتتە، ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىمەندە. قاردىن نېمە قورققۇلۇق؟ مېنى دادام قوغداپ كەلدى.

شىنيۆ كۈلۈپ ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىگە ماڭدى. ئاۋۋال تۆر ئۆيىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئاپا، مەن كەلدىم! — دېدى.

خەن خانىم چاي ئىچىۋاتاتتى. ئۇ قىزى بىلەن بىللە ھويلىغا كىرگەن خەن زىچىغا پەرۋا قىلماي، شىنيۆگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— ھە، سەل تۇرۇپ سەن بىلەن كۆرۈشكىلى شۈيەن كېلىدۇ، — دېدى.

— بىلىمەن، ئىككىمىز خەت يۈزىدە دېيىشىپ قويغان.

— ئەمىسە ئۇ كەلسە بىللە تاماق يەيلى.

شىنيۆ ھۇجرىسىغا كىرىپ چاپىنىنى سېلىپ ئايىغىنى يۆتكىدى.

ھۇجرا ئۇنىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك تۇراتتى. بۇ، بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئورۇننى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئادەمنىڭ تارتىۋالالمايدىغانلىقىنى، ئورنىنىمۇ باسالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

چېن شۈيەن، دېگەندەك، قارغا قارىماي كەلدى. خەن خا-

www.uyghurkitap.com

نىم كۆيۈنۈپ:

— قارىغا توشلاپ كەتكىنىڭىزنى. چاققان بېرىپ ئىنىسى-نىڭ، شىنيۈنىڭ ئايغىنى كىيىۋېلىڭ! — دېدى.

چېن شۈيەن خەن تاغىسى بىلەن خەن ھامىمىسىغا، ئىككى-سىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىقى، ئىش ئورنىنىڭ شۇنداق ياخشىلىقى، ئۆيىگە يېقىنلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلدى. بۇ كۆپ قېتىم تەكرارلانغان گەپلەر ئىدى. خەن زىچى:

— سىز ئۇچۇن ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويدۇم، بۇنچىلىك كىچىك ئىشقا تولا تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەڭ! — دېدى. چېن شۈيەننىڭ گېپى خەن خانىمنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ كەتتى. ئۇ چېن شۈيەننىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ:

— مېنىڭ باغرىم بەك يۇمشاق. بىز چوڭلارنىڭ مۇناسىۋى-تىنى دېمىسەكمۇ، سىز شىنيۈ بىلەن ئاچا - سىڭىلغا ئوخشاش ئەمەس-مۇ؟ بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ — دېدى.

بۇ كۆڭۈللۈك كەيپىياتتىن ھەممىسى خۇشال ئىدى. شىنيۈ چېن شۈيەننى ئايغىنى يۆتكىۋېلىشقا ئۈندىدى. چېن شۈيەن شىنيۈنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىردى.

ئىككىسى كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ كۆرگەن - ئاڭلى-غان ۋە ھېس قىلغان يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. شىنيۈ چۇ مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلار-نى قاتتىق تۇتىدىغانلىقى، شيې چيۇسىنىڭ «پىخسىق» لىقى ۋە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى، چېن شۈيەن شىنيۈگە ئاسارئەتىقە دۇكىنىغا مال ئالغىلى كىرگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ مال تاللىيالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى، خەنزۇچىنى چالا سۆزلەيدىغانلىقىنى ۋە قەدىمىي بۇيۇملارنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى دىڭ تۇنى كۆرگەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى ھەۋەس بىلەن دەپ بەردى. قارىغاندا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن قېپقېلىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە چۈشكەن

سايە بارا - بارا ئۆنتۈلۈشقا باشلىغان، بۇ بوشلۇقنى يېڭى تۇرمۇش غايىسى تولدۇرغان، كىشىلىك تۇرمۇش ئۇنىڭغا كەلگۈسىگە بارىدىغان باشقا بىر يولنى ئاچقاندەك قىلاتتى، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى سىقىلىش تۇپەيلى ئاسان نۇر قونمايدىغان چىرايىغا ئاز - تولا نۇر قونغانىدى.

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ئىنگلىز تىلىنى تېپىۋال، — دېدى شىنيۈ خۇشال بولۇپ، — چەت ئەللىكلەر كەلگەندە. . .

— ياق، ئۇ چاغدا تازا كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

— كېرەك، يوق. ساڭا مەن «يېتەكچىلىك» قىلىمەن. ئىنگلىز تىلىنى مېنىڭدىن ئاۋۋال ئىشلىتىدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن.

. . .

خەي ھامما ئاشخانىدا ئالللىبۇرۇن ئىش باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ شىنيۈ كەلمەستە ئورۇق كالا گۆشىنى ئۇششاق توغراپ، ئۇستىگە سۇڭپىياز، زەنجىۋىل سېلىپ قىيما قىلىپ قويغانىدى. ھازىر جىلتە ئېچىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. . . بىر ياقتىن ئېچىپ، بىر ياقتىن تۈگەتتى. ئۇ مەكتەپتە ئاچ - توق يۈرۈپ كەتكەن شىنيۈنىڭ جۇۋاۋىنى قورسىقى تويغۇچە يەۋېلىشىنى ئويلايتتى. سامساق ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىلىنغان تەرخەمەك سەي ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تەملىك ئىدى. جاراڭلاپ تۇرىدىغان قىش پەسلىدە پارنىكتا پىشقان تەرخەمەكنىڭ باھاسىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. جۇۋاۋا ئاشخانىغا تىزىۋېتىلگەن، قازان پۇرۇقلاپ قايناپ تۇراتتى. خەي ھامما ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جۇۋاۋىنى سالايمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خەن زىچى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ خەن خانىمغا:

— ئۇنىڭغا دەپ قوي، مەن تاماق يەپ كەلدىم، سىلەر يەۋېرىڭلار! — دېدى.

خەن خانىم «ھىم» دەپ قويۇپ، پېشايۋانغا چىقىپ ئاسمانغا قارىدى.

— ئاپا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى! — دېدى شىنيۈ ھۇجرىسىدا تۇرۇپ.

— ئەمىسە. . . — خەن خانىم سەل ئىككىلىنىپ قالدى، — ئاكاڭنى يەنە بىردەم ساقلايلى، ئۇ تېخى كەلمىدى، — تيەنشىڭ كەلگەندە سېلىڭ!

قار توختىماي لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۈستى - ئۈستىگە چۈشكەن قار ھويلىدىكى ئاياغ ئىزلىرىنى كۆمۈۋەتكەنىدى. كۆز باغلانغان چاغ بولۇپ قالغانىدى.

قازانغا ئىككى قېتىم سوغۇق سۇ قۇيۇلدى، قايناۋاتقان قازان جىمىقىپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن يەنە قايناشقا باشلىدى. تيەنشىڭنىڭ دەرۋازىنى قاققان ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. خەي ھامما كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان «نادىر ئەسەر»نى نامايان قىلىشقا ئالدىراپ، تاقىتى تاق بولۇپ كەتتى. ئۇ سەۋرسىزلىنىپ، ئىچكەركى ھويلىغا كىردى، دەھلىزدە تۇرۇپ:

— جۇۋاۋا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسە قېتىپ قالىدۇ، قازانغا سالغاندا يېرىلىپ كەتمەمدۇ؟ قىزلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى. شۇيەنمۇ تاماق يېمەي كەلگەندۇ ھەقىچان!

خەي ھامما شۇنداق دېۋىدى، خەن خانىم تيەنشىڭنى ساقلاۋېرىشنى بىئەپ ھېس قىلىپ، دەرھال:

— راست، قىزلارنىڭ قورسىقىنى ئاچۇرۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ — دېدى.

مۇقەددەس يارلىقنى ئالغان خەي ھامما قازانغا جۇۋاۋىنى ئالدىراش سالدى، ئاندىن تۇۋاقنى ياپتى. جۇۋاۋا ئىككى قايندىسىلا پىشاتتى. . .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

موماي شىنيۆ بىلەن چېن شۇيەننى مېھمان قىلىش بىلەن بوپكېتىپ، ئۆزىگە تاماق يېگۇدەك ۋاقىت چىقمىدى. چېن شۇ-يەن خەي ھاممىنى قولى نېمىدېگەن تاتلىق دەپ توختىماي ماخ-تايتتى. شىنيۆ تاماقنى مەكتەپتىكىگە ئوخشاش ئەدەپ بىلەن ئەمەس، خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك يەيتتى. ئۇ تاماق يېگەچ:

— مەكتىپىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدا بۇنداق مەز-زىلىك جۇۋاۋا يېگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

موماي ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا قاراپ:

— ئۇ ئاشخانىدا ماڭا ئوخشاش ھاماڭ يوقتە! ھازىر سېنىڭ تازا بوي تارتىۋاتقان ۋاقتىڭ، قۇۋۋەتلىك يېمىسەڭ بول-مايدۇ، كېلەر يىل ئوقۇش باشلانغۇچە بىر كۇپ توخۇ گۆشى تۇزلاپ قويىمەن، شۇنى ئېپكېتىپ يەرسەن! — دېدى.

— بولىدىغان گەپكەن بۇ! — دېدى خەن خانىم ئۇنىڭ گې-پىنى ئارىلاپ، — تيەنشىڭمۇ ئالغاچ كەتسۇن، چۇشتە ئاشخان-نىڭ تامىقىنى يەۋەرسىمۇ بولمايدۇ.

خەن خانىم تيەنشىڭدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ تيەنشىڭنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ خەي ھاممىنى دەرۋازىنى ئېچىشقا بۇيرۇدى، خەي ھاما قۇرۇق يېنىپ كەل-دى، شامالدا دەرۋازا تاراقلاپ كەتكەنىدى. خەن خانىمنىڭ تاماق-قا ھەپىسلىسى قالمىدى، داستىخاننىڭ يىغىشتۇرۇلۇشىنى ساق-لىماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خەي ھاممىغا ئىشىككە دىققەت بولۇپ تۇرۇشنى جېكىلەپ، قاپاقلىرىنى تۇرۇپ تۆر ئۆيگە ماڭدى. ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ:

— كەچ بوپكەتتى، ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، شۇيەن كەتمى-سۇن، شىنيۆنىڭ ھۇجرىسىدا ياتسۇن! — دېدى.

تيەنشىڭ كەلگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىۋې-شى قار، بەك توڭلاپ كەتكەنىدى. خەي ھاما ئۇنىڭدىن نەگە بارغانلىقىنى سورىدى، لېكىن ئۇ گەپ قىلمىدى.

بۇ چاغدا شىنيۈ بىلەن چېن شۈيەن يېتىپ بولغان، ئەمما ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ ئىككىسى ئالتە يىل بىللە ئوقۇپ بىللە يېتىپ باقمىغانىدى. بۇ ئىش ئىككىسىگە ناھايىتى يېڭىلىق تۇيۇ‐لۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. خەن جەمەتىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى يوق ئىدى، يات ئادەملەرنى قوز‐دۇرۇپ قالمايتتى. چېن شۈيەنمۇ شىنيۈ بىلەن بىردەم پاراڭلى‐شىپ كەلمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ چوڭ بولۇپ مۇشۇ كەمگىچە سىرتلاردا قونۇپ باقمىغانىدى. خەن خانىم ئەسلىدە ئۇنى تېيەنشىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. تيەن شىڭنىڭ بۈنچە كەچتە كېلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

ھويلىدا ۋېلىسىپىتنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاپى‐سى تيەنشىڭغا بىر نېمىلەرنى دېدى. شىنيۈ:

— ئاپام ئاكامنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، شۇنچە كەچتىمۇ ئاكامنى ساقلاپ ئۇخلىماپتۇ! — دېدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ — دە، — دېدى چېن شۈيەن — ئاكاڭ دېگەن ئۆينىڭ چوڭى. ئۇ كېيىن داداڭنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، بىزنىڭ ئۆي ئۇنداق ئەمەس، ئىككى ئىنىم تېخى كىچىك، مەن بالىلارنىڭ چوڭى، ھەممە ئىش ماڭا قاراش‐لىق. مېنىڭ پېشانەم سىنىڭكىدەك ئوڭ ئەمەس، سېنىڭ ھەممە نەرسەڭ تەل. مېنىڭمۇ ئاكام بولغان بولسا، كۆڭلۈم پۈتۈن بولغان، ئۆي غېمىدىن ئازاد يۈرگەن بولاتتىم!

— ئاكامنىڭمۇ ئۆي بىلەن كارى يوق، كۆڭلىنى .پۇل بېسىشقا بېرىۋەتكەن، خۇددى بېسىلىپ چىققان پۇل ئۇنىڭغا مەنسۇپتەك! ئۆلگۈدەك ھېرىپ كېلىپ، تامىقىنى يەپ بولۇپلا ئۇخلايدۇ، بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئۈچۈن مېھمانخانا!

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ئۇلارنى قانداقمۇ تاماق ئېتىشكە، كىر يۇيۇشقا سالغىلى بولسۇن؟ ئاكاڭ ھەتتا ئۆزىنىڭ كىرىنىمۇ يۇيالمايدىكەن. ئۆتكەندە ئاكاڭنىڭ كىرىنى يۇيۇپ

بەردىم، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى قېتىپ كېتىپتۇ!
— سەن يۇغان بولساڭ، ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنىمۇ چۈشەن-
مەپتۇ. ئاكام گاچىغا ئوخشاش ھېچكىمگە گەپ قىلمايدۇ. ئۆت-
كەن قېتىم بىزنىڭكىدە تاماق يېگەن چېغىڭدا ساڭا بىر ئېغىزمۇ
گەپ قىلمىدى، مەن بەك خىجىل بولۇپ كەتتىم. سەن دېگەن
مېنىڭ مېھمىنىم، ئەلۋەتتە، سېنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەكتە!
— ھەي، مەن سېنىڭدەك ئويلىمايمەن، ئەر كىشى دېگەن
بەك جاۋىلداق بولۇپ كەتسە، كۆرگەنلا ئادەمگە گەپ قىلىپ
يۈرسە، ئۇنداق ئەر كىشىدىن ھەممە ئادەم بىزار بولىدۇ. سې-
نىڭ ئاكاڭ ياۋاش، سېنى ئوبدان كۆرىدۇ، شۇ قېتىم تاماق
يېگەن چاغدا ئۇ ئالدىدىكى تەخسىنى قولى يەتمەي قالمىسۇن دەپ
نەچچە قېتىم ئالدىڭغا ئىتتىرىپ قويدى، تىزىملاتقىلى بارغان
چېغىڭدا سېنى مەكتەپكە ئاكاڭ ئاپىرىپ قويغانغۇ، ئارىلىقنى
يىراق كۆرمەي؟
— ئوغۇ شۇنداق، — دېدى ئاكىسىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى
ئۇنتۇپ قالمىغان شىنيۈ — مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆت-
سەم، ئۇ خۇددى ئۆزى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغاندەك خۇشال
بوپكەتكەن، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا، جاھىللىقى
تۇتۇپ ھەرقانچە گەپ قىلساممۇ مەكتەپكە كىرمىدى. مەن ئويلى-
دىم، ئۇ بەلكىم...
— سەن چۈشەنمەيسەن! — دېدى چېن شۇيەن ئۇنىڭ گې-
پىنى ئارىلاپ، — سېنى ئۇزىتىپ مەن بارغان بولسامۇ، ئا-
كاڭدەك بولۇپ قالغان بولاتتىم، ئۇمىدسىزلىنىپ ئۆزۈمنى تۆ-
گەشكەن ھالەتتە سېزەتتىم.
گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شىنيۈ ئېھتىيات قىلىشقا
باشلىدى. ئۇنىڭ چېن شۇيەننىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تۇز سەپكۈسى
يوق ئىدى. چېن شۇيەننىڭ گېپىدىن ئاكىسىنى تېخىمۇ چۈشەن-
دى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان، ئىك-

www.uyghurkitap.com

كىلىسى شىنيۆگە نىسبەتەن ئوخشاش كەيپىياتتا ئىدى، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى، لېكىن تارلىق قىلمايتتى. ئۆي قاراڭغۇ بولغاچقا، شىنيۆ چېن شۈيەنىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئەمدى ھازىر كىشىنى ئانچە قىيناپ كەتمەيدىغان ئازابىنى سەزدى. شىنيۆ ئاكىسىنىڭمۇ چېن شۈيەنگە ئوخشاش بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشىنى، كۆڭلىدە قانداق ھەسرىتى بولسا ئۆيدىكىلەرگە دېيىشىنى، دومسىيىپ يۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى.

تيەنشىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن پاختىلىق چاپىنى بىلەن پاختىلىق ئايىغىنى بىر ياققا تاشلاپ، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاشقا تۇتۇندى.

— ھىم، ئايىغىڭ ئۆستەڭ چاپقانلارنىڭ ئايىغىدەك بولۇپ كېتىپتۇ! — خەن خانىم قورۇپ قالسۇن دەپ، ئاياغنى ئوچاقنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بەشيۈز چاقىرىم يول يۈرگەن ئوخشىمامسەن؟ زادى نەگە باردىڭ؟

تيەنشىڭ ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى.

— قورسىقىڭ ئېچىپ كېتىپتۇ، تاماق يېمىگەنسەن؟ ساڭا جۇۋاۋا ئېپقويدۇق، ھاماڭ ئىسسىتىپ بەرسۇن، يەپ يات! — دېدى خەن خانىم يەنە.

— بولدى، بولدى، مەن تاماق يېدىم! — دېدى تيەنشىڭ ئاپىسىغا كەينىنى قىلىپ غۇدۇراپ.

— نەدە يېدىڭ؟

— خىزمەتداشلىرىمنىڭكىدە.

— قايسى خىزمەتدىشىڭنىڭكىدە؟ — سوراشقا باشلىدى خەن خانىم زىغىرلاپ، — تيەنشىڭ، خەنزۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىل، قويۇق ئارىلاش، لېكىن ئۇلارنىڭ تامىقىنى يېمە جۇمۇ! — سەن ئۆزۈڭ دېگەن، سېنىڭ سېخىڭدا سەندىن باشقا

خوْيزۇ يوق.

— سەن كىمنى تونۇيتتىڭ؟ — دېدى تيەنشىڭ جىلە بو - لۇپ، — شياۋرۇڭ خوْيزۇ ئەمەسمۇ؟

— شياۋرۇڭ؟ قايسى شياۋرۇڭ ئۇ؟

— رۇڭ گوْيفاڭ، ئەمدى بىلگەنسەن؟

— ھە! — دەپ ئېسىگە ئالدى خەن خانىم. ئۇ بايام ئەر-لەرنى ئويلىغاچقا، ھېسابلاپ شياۋرۇڭنى ئۇلارغا قوشمىغانىدى.

— قىز بالىمۇ ئۇ؟ شۇلارنىڭكىدە تاماق يېدىڭمۇ؟

— نېمە؟ يېسەم بولمامدىكەن؟ — دېدى تيەنشىڭ سەپرايى ئۆرلەپ.

خەن خانىم بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. ئۇ مىجەزى تەرسا بۇ ئوغلىنىڭ قىز بالا خىزمەتدىشى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدى-غانلىقىنى ھەم ئۇنىڭكىدە تاماق يەيدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغا-نىدى.

— ئۇلارنىڭ ئۆيىگە سائەت نەچچىدە بارغان؟

— ئىشتىن چۈشۈپ.

— مۇشۇ كەمگىچە شۇلارنىڭكىدە ئولتۇردىڭمۇ؟

— ئەجەب قىزىقكەنسەن، سىرتلارنى ئايلانساق بولمامدى-كەن؟

— سىرتلارنى ئايلانساق؟ — خەن خانىم ئىختىيارسىز شۇركىنىپ كەتتى، — مۇشۇنداق كۈندە يېرىم كېچىگىچە ئايلان-غۇدەك ساڭا نەدىن كەلگەن غەيرەت ئۇ؟

تيەنشىڭ قىزىرىپ تۇرۇپ:

— ئاپا، سەن. . . تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

خەن خانىم تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاخىر بىلدى.

— تيەنشىڭ، سەن رۇڭ گوْيفاڭ بىلەن قاملىشىپ قالدىڭ-مۇ نېمە؟

تيەن شىڭ گەپ قىلماي كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىشقا قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — ئېھتىيات بىلەن سو-
رىدى خەن خانىم.

— يېرىم يىل بولدى! — دېدى تيەنشىڭ ئاپىسىنىڭ سو-
رىقىدىن قاچقاندەك يوتقىنىنى ئۈستىگە تارتىپ.

خەن خانىم بۇنداق چاغدا ھەرگىز يېرىم يولدا بەل قويۇۋەت-
مەيتتى. ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنىڭ كويىدا يۈرگەن بۇ
ئايال بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كېتىدىغانلىقىنى پە-
قەت ئويلىمىغانىدى. تيەنشىڭ يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە
جىمىدە لايىق تېپىۋالغان، مۇشۇ كۇنگىچە سۆرىشىپ يۈرگەن،
قىزنىڭ ئۆيىگە بارغان، خەقنىڭ تامىقىنى يېگەن، يەنە تېخى
قار - شىۋىرغانغا قارىماي قىز بىلەن كوچا ئايلانغان. ئانا
بولغۇچى بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنىمۇ ئاڭلىماي ئوغلىنىڭ غېمىدە
پايپېتەك ئىدى. ئانىلارغا خاس مەغرۇرلۇق ئۇنىڭ قەلبىنى
سۆيۈندۈردى: ئوغلۇم چوڭ بوپتۇ، يىگىت بوپتۇ، كارغا كەپتۇ،
قىزلارنى ئۆزىگە تارتالاپتۇ. خەقنىڭ قىزى تيەنشىڭنى ياراتقان
بولسا، دېمەك، ئوغلۇم يارايدىكەن، تالا - تۈزدە ئادەمدەك
يۈرىدىكەن، بۇ، ھەر قانداق ئانا خوش بولىدىغان ئىش ئىدى.
لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە بىر قىسما بولۇپ قالدى: بالا ئانىغا
باقمىغانىدى، مۇنچىلىك چوڭ ئىشنى ئۇ سورىمىغان بولسا،
ئوغلى ئۇنىڭغا دېمەي يۈرۈۋېرەتتىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاپىسى
بارمۇ - يوق؟ چىرايلىق سورىغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ تېخى
ئۇنىڭغا ئۆكتەملىك قىلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان! ئۇ خەقنىڭ
قىزىغا مۇشۇنداق ئۆكتەملىك قىلالامدۇ؟ توي بولماي تۇرۇپ
ئاپىسىنى كۆزگە ئىلمىسا، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ «خوتۇنىنى
ئېلىپ ئاپىسىدىن كېچىدۇ شۇ» نۇرغۇن ئەرلەر مۇشۇ يولدا
ماڭغان. تيەنشىڭمۇ شۇنداق قىلارمۇ؟ سەن ئۇنداق قىلساڭ
بولمايدۇ، ئاپاڭ سېنى تەستە چوڭ قىلغان. كۆڭلۈڭدە داداڭ
بولمىسا مەيلى، ئاپاڭ بولمىسا بولمايدۇ. خەن خانىمنىڭ كۆڭلى

تۆرۈپ ئون يىل كەيىنگە، تۆرۈپ ئون يىل ئالدىغا كېتەتتى.
ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا، ئوغلىنىڭ هامان ئۆنىڭ ئالىقىنىدىن
چىقىپ كېتىدىغانلىقى، ئۆنى خارلاپ كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاشلىۋې-
تىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولغاندەك بولدى. ئۇ بۆنىڭغا قەتئىي
يول قويمايتتى. خەن خانىم ئاجىز ئايال ئەمەس، ئېرىنى سىز-
غان سىزىقىدىن چىقمايدىغان قىلىۋەتكەن يەردە ئوغلىنىڭ كەل-
گۈسىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن تېخىمۇ مۆكەممەل قۇرۇپ چىقالاي-
دۇ. ئوغلىنىڭ توي ئىشىنى قولىغا ئېلىپ، قانداق ئائىلىنى
تاللايدۇ، قانداق قىزنى ئالىدۇ، ئوغلىنى ئۆنىڭغا مەسلىھەت
سالىدىغان قىلالايدۇ. «شياۋرۆڭ»نىڭ ئاپاڭنىڭ دىتىغا ياقىدى-
غانلىقىغا كۆزۆڭ يېتەمدۇ؟

— رۆڭ گۆيفاڭ، هېلىقى «تاڭزۆڭزا» ساتىدىغان ئادەم-
نىڭ ئىككىنچى قىزى شۇمۇ؟ — خەن خانىم ئېنىق بىلسىمۇ،
پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى.

— شۇ، يەنە نېمە بولدى؟ — دېدى تيەنشىڭ ئاپىسىنىڭ
كۆزىگە كىرىۋالغانلىقىدىن بىزار بولۇپ — ئىككىمىز بىر سىخ-
تا، بىر گۇرۇپپىدا، ئۇ تاڭزۆڭزا ساتمايدۇ، پۇل باسىدۇ.
دادىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشخانىدا ئاشپەز، يا بۇرژۇئازىيە
ياكى كىچىك كارخانا ئىگىسى ئەمەس. «تاڭزۆڭزا» ساتقان بولسا
نېمە بوپتۇ؟

دەرۋەقە شۇكەندە. خەن خانىمنىڭ كۆز ئالدىغا رۆڭ گۆي-
فاڭنىڭ دادىسىنىڭ ئەينى يىللاردىكى تۇرقى كەلدى: رۆڭ گۆي-
فاڭنىڭ دادىسى پاكار، گازىر كۆز، قاشلىرى ئۇزۇن، بۇرۇتى
يوق، كىمنىلا كۆرسە كۆلىدىغان ئادەم ئىدى. بېشىغا ئاق دوپپا
كىيىپ، قول هارۋىسىنى ئىتتىرگەن هالدا چوڭ ـ كىچىك
كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. دادىسىنىڭ هۈنىرىگە ۋارىسلىق
قىلىپ، تاڭزۆڭزا ياساپ ساتاتتى. ئۆنىڭ تاڭزۆڭزىسى يېپىش-
قاق، پۇراقلىق، تاتلىق، يېيىشلىك ئىدى. تاڭزۆڭزىنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىدا بازىرى ئىتتىك ئىدى، لېكىن كۆپ پايدا قالمايتتى. روناق تاپالمىغاچقا، ئۇ ئادەم ھەتتا دۇكانىمۇ قىلالمىغانىدى. كۈنى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن تۆمۈر تاۋاقتا ئېرىشىپ، پرولېتار ئاتالغانىدى. رۇڭ گۈيفاڭ بىلەن تيەنشىڭ ئاشۇنداق دادىلار بىلەن پەخىرلىنەتتى. تيەنشىڭ ئاپە-سىنى رۇڭ گۈيفاڭنىڭ تەركىبىنى خاتا ئۇقۇپ قالدىمىكىن دەپ قورققانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئورۇنسىز ئەنسىرەش ئىدى، ئاپە-سىنىڭ مەقسىتى بۇ ئەمەس ئىدى. كېلىنلىك بولۇش ئەسكەر ئېلىش، پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئاپىسى ئار-خىپلارغا يېزىلغان نەرسىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ تاڭزۇڭزا ساتىدىغان ئائىلىنىڭ «قاشتاش ئۇستىسى خەن جەمەتى» گە لايىق كەلمەسلىكىدىن ۋايىم يەيدۇ. كونىلاردا: «خۇيزۇلارنىڭ قولىدا ئىككى پىچاق بار، بىرى قاسساپنىڭ، بىرى تاڭزۇڭزا ساتىدىغانلارنىڭ قولىدا» دەيدىغان گەپ بار. خەن ئائىلىسى ۋە لياڭ ئائىلىسى قاشتاش بۇيۇملىرى جەمەتى، بۇ خۇيزۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن جەمەت. تاڭزۇڭزا ساتىدىغانلارغا ئوخشاش كوچىغا دۇكان قۇرۇپ سودا قىلىدىغانلار ئەڭ كارغا كەلمەيدىغانلار. گەرچە كونا خامانىنى سورۇش توغرا بولمىسىمۇ، رۇڭ گۈيفاڭ ئۇنىڭ ئوغلىغا تازا لايىق كەلمەيتتى. كىچىكىدىن تارتىپلا نامراتلىقتا چوڭ بولغان رۇڭ گۈيفاڭ نېمە يەپ باققان؟ نېمە كۆرگەن؟ ئۇ خەن ئائىلىسىگە كىرسە خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن، خەن خانىم يەتمىش ئىككى پۇشتىغىچە جاھان كۆرمەي يوقسۇللۇقتا ياشاپ كەلگەن ئائىلىلەرنى پەقەت كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە رۇڭ گۈيفاڭنى كىچىك چېغىدا بىر قېتىم كۆرگەنلىكى غۇۋا ئېسىدە ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ سېرىق چاچلىق، كىيىم - كېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر قىز ئىدى. خەن خانىم ئۇ چاغدا رۇڭ گۈيفاڭغا تازا دىققەت قىلىپ

قارىمىغانىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇ ھازىر قانداقراق چوڭ بولغان-دۇ؟ ئۇ دادىسىدەك يەر پاپىسىمۇ تېخى...

خەن خانىم ئەركىگە قويۇۋەتكەن خىيالىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۆي - پىكرىنى ئەمەلىي مەسىلىگە ئەكەلدى: تيەنشىڭ گەپنى ئېنىق دېدى، ئاپا بولغۇچى چوقۇم پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇ كۆڭلىدىكىنى بىراقلا دەۋەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنداق قىلسا ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشىدۇ، ئانا - بالا يىرىكلىشىپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئوغلى ياخشى گەپنىمۇ ئاڭلىمايدۇ. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچكىم تيەنشىڭغا «ياخشى بوپتۇ» دېگەن گەپنى دە، دەپ دېگۈزەلمەيدۇ. ناۋادا بۇ ئائىلىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسىنىڭ ئىشىنى پىشۇرۇپ ئاندىن مەلۇم قىلىشقا يول قويسا، پاكىتقا ئايلانغان ئىش ئۇنى تەستىقلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىكى خوجايىنلىق ئورنى شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىشنىڭ بېشى مۇشۇنداق بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كىم ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىدۇ، بۇنىڭغا قانداقمۇ يول قويغۇلۇق؟ ئۇ قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاخىر ئوغلىغا دېدى:

— تيەنشىڭ، مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق، سوراپ باقتىم، سەن يىگىرمە بەش ياشقا كىردىڭ، ئۆز غېمىڭنى ئۆزۈڭ قىلىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، بۇنىڭدىن مەن خۇشال: سېنى لايىق تاپالماي، مېنى ئەلچى ئارقىلىق لايىق تېپىشقا سالامدىكىن دەپ تىكەنمەن. گۇيفاڭ قىز پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا بوپتۇ. بۇ ئىش باشقا چىقماي قالسىمۇ كېرەك يوق، ئوغلۇڭ بولسا كۆتەك-تەك، قىزلار كېلۇر قونچاقتەك، دېگەن گەپ بار، بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، خەققە يۈز كېلەلىسەكلا بولىدۇ، مۇشۇنداق قەھرىتان سوغۇق قىشتا خەقنىڭ قىزىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈش ئوبدان ئىش ئەمەس. ئەتە ئۇنى بىزنىڭكىگە باشلاپ كەل، مەن كۆرۈپ باقاي.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ياتقان تيەنشىڭ ئىختىيارسىز ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ ئولتۇردى، ئاپىسىنىڭ بۇ سوراقنى مۇشۇنداق سىلىق ئاياغلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. رۇڭ گۇيفاڭ بىلەن سۆرىشىپ يۈرۈۋاتقىنىغا يېرىم يىل بولغانىدى. بۇ ئىشنى ئاپىسىغا دېيىشكە نەچچە قېتىم تەمشەلگەن، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئېغىز ئېچىپ دېيەلمىگەنىدى. بۇ ئىشنى ئاپىسى ئۇقۇپ قوشۇلماي قالسا، ئىشنىڭ سۇغا چىلىشىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا بىلەن يوشۇرۇپ يۈرگەنىدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ سورىسا گەپنى ئوچۇق دەپ بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەيمۇ دېگەن نىيەتتە ئاپىسىنىڭ سورىشىنى كۈتۈپ كەلگەنىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ رۇڭ گۇيفاڭ بىلەن تالادا يېرىم كېچىگىچە ئايلىنىپ يۈرۈش ئويى يوق ئىدى، لېكىن ئىككىسىنىڭ تۈگىمەس پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپ بىر ـ بىرىگە بۇزۇلماس ۋەدىلەرنى بېرىشىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۈنىڭدىن كېيىنكى ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ئىشلارنىمۇ پىلانلاپ بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. بۇ جاھىل يىگىتنى تىلى گال، قورقۇنچاق دەپ قالماڭ، رۇڭ گۇيفاڭنى كۆرۈپ قۇشقاچ تىللىرى چىقىپ كەتكەن تيەنشىنىڭ تۈن نىسپى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى، رۇڭ گۇيفاڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئىككىسى نەچچە سائەت كوچا ئايلانغىنى بىلەن، رۇڭ گۇيفاڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمىدى. رۇڭ گۇيفاڭنىڭ ئۆيى يېقىن، ئۇنىڭ ئۆيى يىراق ئىدى. ئۆيگە كېلىپ ئاپىسىنىڭ سورىقىغا تارتىلدى. ئاخىر ئۇ ھودۇقماستىن ئاپىسىغا گەپنى ئوچۇق قىلدى، دەيدىغاننى دەۋېتىپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپىسى ئۇنى خىجىل قىلماي، ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلىۋىدى، ئاپىسىدىن قاتتىق مىننەتدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى يېرىم يىلغىچە ئاپىسىدىن يوشۇرغانلىقى، بايا ئاپىسىغا تۇڭ تەگكەنلىكى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى:

— ئاپا، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئامال بار تەرلەپپۇزد-

نى سىلىقلاشتۇرۇپ، — رۇڭ گۈيفاڭ بىلەن دېيىشىپ قويدۇق، كېلەر يىل توي قىلغاندا، سېنى ئاۋارە قىلمايمىز، ساڭا پۇل خەجلەتكۈزمەيمىز، تەييار يوتقان - كۆرپىمىزنى ئېلىپ بىر ئۆيگە كىرسەكلا بولدى، سەن مېنى مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلدىڭ، سېنى خاتىرجەم قىلمىسام بولمايدۇ. . .

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى خەن خانىم كۈلۈمسىرىگەن پېتى — سەن مېنىڭ ئۈمىد چىرىغىم، تويۇڭنى راۋۇرۇس قىلىپ بەرمىسەم بولمايدۇ. پۇلدىن غەم قىلما، مەن ئېپىنى قىلىپ قويدۇم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولغان تيەنشىڭ:

— ئاپا، مەن ئۇنى قاچان ئەكېلىمەن؟ چاغاندا كەلسۇن، بىزنى تۆت كۈن قويۇپ بېرىدۇ! — دېدى.

تيەنشىڭ گۈزەل كېلەچەككە تەلپۈنۈپ ياتتى. خەن خانىم چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

خەن خانىم شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى، ئامراق ئوغلى تيەنشىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ناھايىتى قىيىن مەسىلىلەرنى قويغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئوبدان ئويلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە ئىدى. بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرى تيەنشىڭ چىرقىراپ يىغلاپ بۇ دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، ئۇ كۆڭلىنى ئىككىگە، يېرىمىنى ئوغلىغا، يېرىمىنى ئېرىگە بۆلگەنىدى. بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى ئىدى. شۇ يىللىرى يۈز بەرگەن قاتتىق داۋالغۇش ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى نابۇت قىلىۋەتكىلى تاس قالغانىدى. ئېرى ئۇنى نائۈمىد قىلىپ قويغان چاغدا، بىر پارچە قىزىل گۆش ئوغلى ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى تۇتۇپ تۇرغانىدى، ئوغلى ئۈچۈن ياشىشى زۆرۈر ئىدى. ئوغلى بولسا، ئۇنىڭ كەلگۈسى بولاتتى. ئۇ كۈتە - كۈتە بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، ئوغلى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ

ئۇنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى؛ بىراق، ئۇ چەكسىز ئۈمىد باغلىغان بۇ ئىش ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقماي قالدى. ئوغلى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن «تاڭزۇڭچى» نىڭ قىزىنى ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، بىر يۈرۈش پىلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ھەي، مۇشۇ يېرىم يىلدىن بېرى ئىشلار نېمىشقا ھە دېسىلا ئوڭغا تارتمايدۇ؟ شىنيۆنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى، شىنيۆنىڭ چىن شۇيەندەك بىرەر يەردە ئىشلەپ پۇل تېپىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، شۇنىڭدا ئۇنىڭ غېمى تۈگىگەن بولاتتى. ئۇنى يەنە بەش يىل ئوقۇتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن! ئۇ جاھىل ئېرىگە يول قويدى، تەمكىن ئولتۇرۇپ كېلىشتى. بۇمۇ ئوغلى ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى ئوغلىغىمۇ يول قويۇشى كېرەكمۇ؟ چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى، تيەنشىڭ رۇڭ گۇيفاڭنى تاماققا ئەكېلىدىغان بولدى، بۇ ئويۇننى قانداق ئويناش كېرەك؟ ئۇ چوقۇم بىر قارارغا كېلىشى، ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماسلىقى كېرەك، مەسلىھەت سالغانسېرى ئىش بۇزۇلىدۇ.

خەن خانىم كېچىچە ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ناماز ۋاقتىدا بامدات نامىزىنىڭ ئورنىغا خۇپتەننى ئوقۇپ سالدى. ئاھ ياراتقان ئىگەم. . .

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالدى، چاغانغىمۇ كۆپ قالمىدى. بېيجىڭ شەھىرى بارا ـ بارا بايرام كەيپىياتىغا كىرىشكە باشلىدى. ماگىزىنلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزە ۋە مال قويىدىغان جازىلىرى سىرلاندى، پەشتاختىلاردىن ئورۇن ئالغان ئادەتتە كۆرگىلى بولمايدىغان ماللار كىشىلەرنى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ سېتىۋېلىشقا ئۈندەيتتى. قاتتىقچىلىق قانچە ئېغىر بولسا، كىشىلەرنىڭ ھېيت ـ بايرامغا بولغان خۇمارى شۇنچە كۈچلۈك

بولىدىكەن، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەت يەنىلا ئۇنتۇلمايدىكەن.

چاغان خەنزۇ مىللىتىنىڭ يېڭى يىلى، مۇسۇلمانلاردا بۇ مەرىكە بولمايدۇ، «قۇرئان» دا بۇنداق ئىبارىمۇ يوق. مۇسۇلمانلار ئەنئەنىسىدە «ھېيت» قىلىنىدۇ، «چاغان» قىلىنمايدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق ھېيتى، ھەر يىلى رامزان ئايىغلاشقاندىن كېيىن كېلىدىغان «روزى ھېيت» بىلەن ھەج قىلىش ئايىغلاشقاندىن كېيىن كېلىدىغان «قۇربان ھېيت». مۇسۇلمانلار ھېيتنى چوڭ ھەم قىزغىن ئۆتكۈزىدۇ، خەنزۇلارنىڭ چاغىنىدىن ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ مىلاد بايرىمىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ تەنتەنىلىك كۈندە مۇسۇلمانلار چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يەيدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار جەم بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى ھېيتلىشىدۇ، داغدۇغىلىق دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. . . بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار خەنزۇلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان قەدىمىي پايتەختتە ئۇزۇن مۇددەت ياشىغاچقا، ھەممىسى خەنزۇلارنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى قوللىنىدۇ، كىيىنىش جەھەتتىمۇ خەنزۇلاردىن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېيتىنى ئۆتكۈزۈپلا قالماي، بارا ـ بارا يەنە خەنزۇلارنىڭ بايرىمىنىمۇ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئالتىنچى ئاينىڭ بىرى، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشى. . . بولۇپمۇ چاغان ئۇلارنىڭمۇ بايرىمىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بايرام دېگەن خۇشاللىق كۈن، خۇشاللىقنى ھېچكىم رەت قىلمايدۇ، بولۇپمۇ خەنزۇ بالىلىرى بىلەن چوڭ بولغان خۇيزۇ بالىلىرى. لېكىن، مۇسۇلمانلار چاغاننى خەنزۇلاردەك ئۆتكۈزمەيدۇ: پوجاڭزا ئاتمايدۇ، هارپا كۈنى كېچىسى جۈۋاۋا ئەمەس، تاڭزۇڭزا بىلەن چۆپ يەيدۇ، بۇ، «روناق تېپىش» ۋە «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بارا ـ بارا «خەنزۇلىشىپ» ياكى «بىراقلا خەنزۇلىشىپ» كەت-

www.uyghurkitap.com

مەسلىكى ئۇچۇن ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ۋە ئۆز - ئۆزىنى چەكلەش جەريانىدا، مۇشۇ ئادەتلەرنى شەكىللەندۇردى. نىڭشىيا، شىنجاڭ ۋە يۇننەنگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئەھۋال يەنە باشقىچە. . .

دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، باش باھار ئۆتۈپ بەشىنچى كۈنى ئىدى، كوچىلاردىكى قار ئېرىپ بولغان، ھاۋا ئىللىق، مەيىن شامالدىن باھارنىڭ ھىدى كېلەتتى.

خەي ھامما نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى، مەيلى بېلەتلىك ياكى بېلەتسىز بېرىلىدىغان نەرسىلەر بولسۇن، ئۇ ئامال بار ھەممىنى ئېلىشنى ئويلايتتى. تاڭزۇڭزا پىشۇرۇش ئۇچۇن لومى گۇرۇچى، قىزىل لوبو، بۇنىڭدىن باشقا پۇرچاق تۇرىدىكى يېمەكلىكلەر، تاسما بېلىق، سېرىق بېلىق، توخۇ ئالدى. . . ئۇنىڭ پىلانى بەك چوڭ ئىدى، ئالغان نەرسىلىرىنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى نەدىن ئېلىش كېرەك؟

— تيەنشىڭ، — دېدى خەن خانىم، — بېلەتلىك ئازغىنە گۆشكە قارىساق، چاغاننى چاغان قىلالمايمىز. ھامماڭنىمۇ قىينىماپ قويىمىز، مېنىڭچە چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى. . .

تيەنشىڭ رۇڭ گۇيفاڭنىڭ چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئۇلارنىڭكىگە تاماققا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تىتىلداپ تۇراتتى، بۇ گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك گەپ بولدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى ئۇ.

— خەقنى مېھمانغا چاقىرىپ ئوبدانىراق كۈتمىسەك قانداق بولىدۇ؟ پۈتۈن قوينىڭ گۆشىدىن بىرنى ئالساق دەيمەن. مەيلى قورۇما قورايلى ياكى گۆش سالايلى ياكى جۇۋاۋا تۈگەيلى، ھەممىگە يېتەتتى! — دېدى خەن خانىم.

— ئۇنىڭدا بەك ياخشى بولاتتى. پۈتۈن قوينىڭ گۆشىنى

نەدىن ئالىمىز؟

— مەنمۇ شۇنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمەن. ھامماڭنىڭ دېيى-
شىچە، ئۇنىڭ جاڭجياكودا بىر تۇغقىنى بارمىش، كۆرۈشمىگ-
ىنىگە ئۇزۇن يىل بولىسمۇ، لېكىن تۇغقىنىنىڭ تۇرار جايىنى
بىلىدىكەن، بولمىسا، سەن بېرىپ كېلەمسەن، ھارپا كۈنىگىچە
قايتىپ كېلىسەن.

— چاغانلىق دەم ئېلىش كۈنىدە بار، ھارپا كۈنى قىلى-
دىغان ئىشمۇ يوق، تازىلىق قىلىمىز.

— ھارپا كۈنىگە قالساڭ كېچىكىپ كېتىدۇ، چاغاننىڭ
ئىككىنچى كۈنى خەق نېمە يەيدۇ؟ مېنىڭچە سەن ئەتە ئەتىگەندىلا
يولغا چىق!

— ئەمىسە... مەن رۇخسەت سوراي!

— ھېيت - بايرامدا كىمنىڭ ئۆيىدە ئىش بولمايدۇ؟
ئىشقىلىپ، بۈگۈن يا ئەتە قويۇپ بېرىدۇ، سەن كېتىۋەر، مەن
زاۋۇتىڭغا تېلېفون بېرىپ، سېنى ئاغرىپ قالدى دەپ قويىمەن.

تيەنشىڭ تامىقىنى چاكىلدىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي
تۇرۇپ قالدى. بىر پەس ئىككىلەندى، ئاخىرى مۇھەببەت ئۇ-
چۇن بىرەر قېتىم يالغان ئېيتىش قارارىغا كەلدى. ئەپسۇسكى،
رۇڭ گۇيفاڭنى خەۋەرلەندۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيتتى، كېرەك
يوق، چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى بىزنىڭكىگە بارغىن دەپ ئۇنىڭ-
غا دەپ قويغان.

تيەنشىڭ ئەتىسى سەھەردە ئاپىسى بەرگەن پۇلنى يانچۇقىغا
سېلىپ، دەپ بەرگەن ئادرېس بويىچە، خۇشال ھالدا جاڭجياكوغا
قاراپ يولغا چىقتى.

خەن خانىم تيەنشىڭنىڭ ئىدارىسىغا ئۇنى ئاغرىپ قالدى
دەپ تېلېفون بەرمىدى، رۇڭ گۇيفاڭنىڭ ئىنكاسىنى كۈتۈپ،
بۇ تېپىشماقنى ئۇنىڭغا تاپقۇزماقچى بولدى. 27 ۋە 28 - چېسلا
ئۆتۈپ كەتتى... خەن خانىم رۇڭ گۇيفاڭنى 28 - چېسلا

www.uyghurkitap.com

سەۋرسىزلىك بىلەن ساق بىر كۈن ساقلىدى. تيەنشىڭ تۈنۈگۈن ئىشقا بارمىدى، بۇنىڭغا رۇڭ گۇيفاڭ ئىنكاس قايتۇرماي قالمايتتى، ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ ئىشى چىقىپ قالدىمۇ يا؟ ئۇ چوقۇم ئويلىناتتى، تيەنشىڭ بۈگۈنمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمىدى، ئۇ جەزمەن غۇدۇرايدۇ، خاتىرجەمسىزلىنىدۇ، تيەنشىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ ئۆيگە كېلىدۇ. تۈنۈگۈن كەلمىدى، بۈگۈن چوقۇم كېلىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. كەلسە خەن خانىم ئۇنى ئوبدان كۈتۈۋالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ ئىشقا ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرماي، ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز چىقىدۇ.

ئەتىگەندە خەن زىچى ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، خەن خانىم ئۇنىڭغا:

— تيەنشىڭ يوق، كەچلىك تاماقتا چاي ئىچەرمىز. تاماق يېگەندەك بولمايمەن دېسىڭىز سىرتتا تاماق يەپ كېلىڭ. قايتىشىڭىزدا توك ئەبنۇس ئۇچراپ قالسا، بىر سومكا ئالغاچ كېلىڭ! — دەپ تاپىلىدى. ئۇ ئېرىنى چۈشتىن كېيىن بالدۇر كېلەلمەيدىغان قىلىپ يولغا سالدى. شىنيۈ، چۈشتىن ئاۋۋال ئۆيدە دەرس تەكرارلىدى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، خەن خانىم بىردىنلا يادىغا كەچكەندەك:

— ئەتىلدىمۇ نىماندىق تۈگىمەيدىغان ئۆگىنىش بۇ؟ ئايلىنىپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

بۇ ئاپىسىنىڭ ئۇنى بىرىنچى قېتىم سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىشى ئىدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان شىنيۈ:

— ئەمىسە مەن شۆيەننىڭ ماگىزىنىغا بېرىپ كېلەي، ئۇ قانداق تىجارەت قىلىدىكىن؟ ئوبدان ئويناپ كېلىمەن! — دېدى. ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ يەنە، — ئاپا، كەچرەك كېلىشىم مۇمكىن جۇمۇ! — دېدى.

خەن خانىم شىنيۈنىڭ كەچرەك كېلىشىنى ئىستەيتتى.

قاش قارىيىشقا باشلىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش-
تىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالدى، بۈگۈن رۇڭ گۈيفاڭ كەلسە
مۇشۇ ۋاقىتتا كېلەتتى، ئۇ موماينىڭ قالايمىقان گەپكە ئارىلى-
شىشىدىن ياكى ئاغزى بوشلۇق قىلىپ قويۇشىدىن ۋايىم يەپ،
ئۇنىمۇ بىر يەرگە ماڭدۇرۇۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇنى
كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى، ئۇ هويلىغا چىقىپ خەي هاممىدىن:

— يەنە نېمە نەرسىلەر كەم؟ — دەپ سورىدى.

دەل مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتقان خەي هاما:

— بىر نەچچە خىل نەرسە كەم. چېچەك سەي، مور قاتار-
لىق نەرسىلەرنى ئالمىدۇق، هېچقانداق يەردە سېرىق بېلىق
يوق! — دېدى.

— كۆكتات بازىرىنىڭ ئاغزىدا سېرىق بېلىق سېتىۋاتىدۇ
دەپ ئاڭلىدىم. لېكىن ئارىلىقى خېلى باردە!

— يىراق بولسىمۇ مەيلى، بېرىپ باقاي.

خەي هاما كۆكتات بازىرىغا ئۈچىرەت تۇرۇپ بېلىق ئالغى-
لى ماڭدى. مەيلى ئۇ ئەكەلسۇن، ئەكەلمىسۇن خەن خانىم
بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى. ئۇ دەرۋازىنى تاقاپ
سىرتتىكى مېهمانخانىدا چېيىنى ئىچكەچ، تولا ئاڭلاپ قۇلىقىغا
سىڭىپ قالغان «قوماندان مۇگوييىڭ»نى ئېيتىپ، پۇتلىرىنى
ئالماپ ئولتۇردى...

خەن خانىم بۇ ناخشىنى ئېيتىپ بولا - بولمايلا بىرىنىڭ
دەرۋازىنى قاققىنىنى ئاڭلىدى.

— كىم؟ — خەن خانىم ئالدىراش دەرۋازىغا قاراپ ماڭ-
دى. ئۇ دەرۋازىنى قاققان ئادەمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئى-
شىكنى ئاچتى، سىرتتا يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز
تۇراتتى.

سالاپەتلىك خەن خانىمنى كۆرۈپ ئۇ قىز خىجىل بولۇپ،
نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

www.uyghurkitap.com

— سىز . . . خەن . . . چوڭ ئاپا بولامسىز ؟ — دېدى.

بۇ گەپ خەن خانىمغا سەھرالىقنىڭ گېپىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، «هامما» دېگەن بولسا سىلىق تۇيۇلغان بولاتتى. ئۇ جاۋاب بەرمەستىن:

— يولداش، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىدى.

— مەن. . . مەن تيەنشىڭنى ئىزدەپ كەلگەن، بىز بىر زاۋۇتتا ئىشلەيمىز.

— فامىلىڭىز؟ — خەن خانىم بىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— فامىلەم رۇڭ، — دېدى قىز شەلپەردەك قىزىرىپ.

خەن خانىم كۆڭلىدە: سىزنىڭ رۇڭ گۇيفاڭ ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. مەن دەل سىزنى ساقلاۋاتقان! دېدى. تيەنشىڭنىڭ لايىقىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ: بۇ قىز دادىسىغا ئوخشاش پاكار ئەمەس ئىدى. يۈزى يۇمىلاق، قاش - كۆزلىرى ئادەتتىكىچە ئىدى، بەك چىرايلىق دەپمۇ كەتكىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ خەن ئائىلىسىگە كېلىن بولۇشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بىر قاراپ بىلگىلى بولاتتى. ئۇچىسىغا خىزمەت كىيىمى، خىزمەت كىيىمىنىڭ ئىچىگە پاختىلىق چاپان كىيىۋالغانىدى، تولۇقچى قوڭغۇزدەك دۇپدۇگىلەك كۆرۈنەتتى. نېمانداق ياسىنىشنى بىلمەيدىغان قىزدۇ بۇ؟ باشقا كىيىمى يوق ئوخشىمامدۇ؟ . . .

— ھە، يولداش رۇڭ، قېنى ئىچكىرىگە كىرىڭ! — دېدى خەن خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

رۇڭ گۇيفاڭ قورۇنغان ھالدا ئېگىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ ھويلىغا كىردى. خەن خانىم دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ، رۇڭ گۇيفاڭنى ئىچكىرىگە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ مېھماننى جەنۇبىي ھۇجرىدا كۈتۈۋېلىش نىيىتى يوق بولغاچقا، نەقىشلىك ئىشىك ئارقىلىق مۇھىم مېھمانلارنى باشلايدىغان تۆرىدىكى مېھمانخانىغا

باشلىدى. ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاغزى بار پىيالىدە چاي دەملەپ ئەكەلدى. رۇك گۇيفاك بايا دەككە ـ دۈككىدە بىرىنچى ئىشىكتىن، ئىككىنچى ئىشىكتىن ئۆتۈپ ئالدى هويلىغا، ئاندىن كەينى هويلىغا كىرگۈچە، هويلىدىكى دەھلىز ۋە ئىككى تەرەپتىدىكى هۇجرىلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، تيەنشىڭلارنىڭ ئۆينى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىگە ئوخشىمايدىغاندەك هېس قىلغان، چوڭ بۇتخانىغا ئوخشايدىغان بۇ هويلا كۆزىگە سوغۇق كۆرۈنگەنىدى، مېھمانخانىدىكى جاھازلارنى، تيەنشىڭنىڭ ئاپىسىنىڭ چاي قۇيۇپ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئۆيگە كېلىپ بولۇپ كىرگەن ئادەم، بۇ ئايالنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۇنى رازى قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. رۇك گۇيفاك تيەنشىڭنىڭ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— چوڭ ئاپا، تيەنشىڭ قېنى؟ — دەپ ئوچۇقلا سورىدى.

خەن خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇ ئۆيدە يوق، سىرتقا چىقىپ كەتكەن، چاغان كۈنىگىچە كېلەلىشى ناتايىن! — دېدى.

— هە؟ — دېدى رۇك گۇيفاك تېڭىرقاپ، — نەگە كەتتى؟ ئەجەب رۇخسەت سورىمىدىغۇ؟

— ئۇنىڭ ئۇچۇن رۇخسەت سوراپ قويياي دەپ تۇراتتىم، چاقىرغاندەك سىز كېلىپ قالدىڭىز، — دېدى خەن خانىم هو - دۇقماستىن، — سىلەر خىزمەتداش بولغاندىن كېيىن، رەھبەرلىكنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويىدىغان ئىشنى سىزگە هاۋالە قىلاي، تيەنشىڭنىڭ ئازراق ئىشى چىقىپ قېلىپ شاڭخەيگە كەتتى، ئۇنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى شاڭخەيدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، قىشلىق تەتىل بوپتۇ، شۇنى كۆرگىلى كەتكەن، چاغاننى بېيجىڭدا ئۆتكۈزگىلى سىڭلىسىنىمۇ بىللە ئالغاچ كېلەرمىكىن.

— نەۋرە سىڭلىسى؟ — بۇ گەپ رۇك گۇيفاڭغا غەلىتە

تۈيۈلۈپ، ئاۋازىمۇ باشقىچە چىقىپ كەتتى.

— ھەي، — خەن خانىم گويا قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن بىمالال پاراڭلىشىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، — ئاتاقتا بىر نەۋرە سىڭلىسى، ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇلارنى كىچىكىدىلا چېتىپ قويغان. ئادەتتە پات - پات كۆرۈشەلمەيدۇ، خەت يېزىشىپ تۇرىدۇ، تيەنشىڭمۇ يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالدى، نەۋرە سىڭلىسىمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى، بىرى بالاغەتكە يەتتى، بىرى بويىغا. ۋاقتىنى كەينىگە سوزغان بىلەن بولمايدۇ، توينى ھامان قىلىدىغان بولغاندىكىن، بالدۇرراق قىلىشقەتكەن ياخشى. يولداش رۇڭ گۇيفاڭ، شۇنداقمۇ؟

رۇڭ گۇيفاڭ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. بۇ گەپ نىرۋىسىغا تەسىر قىلىپ توك ئېقىمىدەك تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىگە چىقىپ كەتتى، رۇڭ گۇيفاڭ ھەرقانچە بولسىمۇ ياۋاش خەن تيەنشىڭنىڭ بىر ياقتىن شاڭخەيلىك بىر قىز بىلەن يۈرۈپ، بىر ياقتىن ئۆزىنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگۈ-سى كەلمىدى. ئەمما، بۇ گەپنى ئاپىسى دەۋاتسا، يالغان دېگىلى بولامدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولمىسا، خەن تيەنشىڭ نېمىشقا ئۇنىڭغا گەپ قىلمايلا كېتىپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭ قورسىقىدا چوقۇم جىن بار. ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان ئايال تيەنشىڭنىڭ ئاپىسى بولماي باشقا بىر ئايال بولغان بولسا، رۇڭ گۇيفاڭ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتكەن بولاتتى. بىراق، بۇ ئۇ يىغلايدىغان جاي ئەمەس ئىدى.

خەن خانىم رۇڭ گۇيفاڭنىڭ شۇنچىلىك پاراكەندە بوپكېتىد-ۋاتقانلىقىغا مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. بايا قىلغان يالغان گەپلى-رىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى بىلدى. لېكىن يەنە بولدى قىلماي، خۇددى قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلمىغاندەك تەسىرلىك تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋام قىلدى:

— يولداش رۇڭ گۇيفاڭ، ھەرقانچە ياخشى توي ئىشىنىڭ-

مۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدىغان يېرى بولىدىكەن. بىر نەۋرە سىڭلىسى چىرايلىق ھەم مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسى بىر يەردە بولمىسا، كۆڭۈللىرى سۇ ئىچمەيدۇ. ئۇ قىز مۇشۇ يەرلىك بولغان بولسا ياخشى ئىدى، ئۇنىڭغا بېيجىڭدىنمۇ لايىق چىقىپ قالاتتى، لېكىن تيەنشىڭ تويدىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ خوتۇنۇمنى بېيجىڭغا يۆتكەپ ئەكېلىۋالىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. دادىسىمۇ قۇدىلىشىپ بولغان تۇرساق، ئەمدى قانداقمۇ يېنىۋالغىلى بولسۇن؟ دەۋاتىدۇ. ئۇ-نىڭ ئۇستىگە بېيجىڭدا نەسەبتە تەڭ بىرەرىنى تاپماق ئانچە ئاسان ئەمەس. تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپ قالىدىغان گەپ. يولداش رۇڭ گۇيفاڭ، ئېيتىڭە، مەن بۇ ئىشقا نېمە دەيمەن؟

خەن خانىم قالتىس ئۇستىلىق بىلەن رۇڭ گۇيفاڭنى بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە ئۈندىدى. رۇڭ گۇيفاڭنىڭ شۇ تاپتا لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ گەپ قىلالىسۇن؟ ئۇ كۆڭلىدە تيەنشىڭنىڭ ئاپىسىنىڭ دېگەن ھەر بىر ئېغىز گېپىنى دەڭسەپ ئولتۇراتتى، بولۇپمۇ «نەسەبتە تەڭ» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلگەنىدى! ئۇ مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ خەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى پۈتۈن-لەي چۈشەندى، غۇرۇرى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن گاراڭ ھالەتتىن ئۆزىگە كېلىپ: خەن تيەنشىڭ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، مېنىڭ كۆزۈم قارىغۇ ئىكەن، بۈگۈندىن تارتىپ ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزدا ماڭايلى. سەن مېنى ھېچقاچان ياخشى كۆرمىگەن ئىكەنسەن.

رۇڭ گۇيفاڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆڭلىدىكى پاراكەندىچى-لىكنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ ئورنىدىن تۇردى:

— چوڭ ئاپا، مەن كېتەي، — دېدى ئۇ.

— ۋوي، ئولتۇرمايلا كېتىمەن دەيسىزغۇ؟ يولداش رۇڭ، تيەنشىڭنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — خەن

خانىم شۇنداق دەپ مېھماننى ئۇزىتىشقا تەمشەلدى.
ــ ياقەي، ئىشتىن چۇشۇپ كۆرۈشۈپ كېتەي دەپ كىرد-
شىم ئىدى، ــ دېدى رۇڭ گۇيفاڭ كېلىش مەقسىتىنى سوغۇقلا
بىلدۈرۈپ. ئۇ بۇنىڭ خەن ئائىلىسىگە بىرىنچى قېتىم ھەم
ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ قېلىشىنى ۋە ھېچقانداق ئىز
قالدۇرماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى.
ــ چوڭ ئاپا، تيەنشىڭ كەلگەندە، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى
ئۇنىڭغا دېمەڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى خىزمەتداشلىرىغا بىلدۈر-
گۈسى يوقتۇر ھەرقاچان، ــ دېدى رۇڭ گۇيفاڭ:
ــ يەنىلا يولداش رۇڭ ئېھتىياتچان ئىكەن! ــ دېدى خەن
خانىم ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، ــ ئۇنىڭ
ئۇچۇن رۇخسەت سورىماڭ، ئەتە ئۆزۈم تېلېفون بېرىپ قوياي.
يۈرىكىگە نەشتەر تەگكەن رۇڭ گۇيفاڭ نەقىشلىك ئىشىك-
تىن ئۆتۈپ، دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە خەن خانىم ئۇنىڭغا
يەنە بىر ئېغىز گەپنى جېكىلىدى، بۇ گەپ ناھايىتى مۇھىم گەپ
بولغاچقا، ئاخىرىغا ئېپقويغانىدى.
ــ يولداش رۇڭ، سىزنى يېقىن كۆرۈپ ھەممە گەپنى دەپ
سالدىم. بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭدىن سورىمىسى-
ڭىز ھەم باشقىلارغىمۇ دېمىسىڭىز. بۇ بالىنىڭ يۈزى بەك
نېپىز، مىجەزى چۇس، سىلكىپ تاشلىسا سىزگە يۈز كېلەل-
مەيمەن! ــ دېدى.
ــ خاتىرجەم بولۇڭ! ــ دەپ رۇڭ گۇيفاڭ كەينىگە قاراپ-
مۇ قويماستىن. ئۇ كەلگەن يولىنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ
ھەرقانداق گەپنى ئىچىدە سېستىۋېتىشكە، ئاغزىدىن چىقارماس-
لىققا قارار قىلدى.
خەن خانىم مېھماننى ئۇزىتىۋېتىپ، دەرۋازىنى ياپتى ـ دە،
ھېرىپ كەتكەندەك دەرۋازىغا يۆلىنىپ، ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ
نەپەس ئالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى يايراپ كەتكەندەك بولدى.

چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى خەن ئائىلىسى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئائىلە زىياپىتى ئۆتكۈزدى. بۇ زىياپەتكە رۇڭ گۇيفاڭ ئەمەس، چېن شۈيەن تەكلىپ قىلىندى. چېن شۈيەن ھازىر ئۆزىنى مېھمان ئەمەس، بەلكى شىنيۆ بىلەن ئاچا - سىڭىل، مېھرىبان خەن خانىم بىلەن خەي ھاممىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى قاتارىدا ھېس قىلاتتى. ئۇ خەن تاغىسى ۋە خەن ھاممىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن مائاشىغا قىممەت باھالىق ئىككى كوروپكا مۇسۇلمانچە تورت ئالغاچ كېلىپ، ئوتتۇرىدىكى ھېسسىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. تاماق ئارىلىقىدا خەن خانىم بىلەن موماي ئىككىسى ئۇنىڭ قاچىسىغا بىردەم - بىردەم ئۇنى - بۇنى سېلىپ قوياتتى. خەن تاغا ۋە شىنيۆ ئۇنىڭ بىلەن ئاسارئەتىقە ماگىزىنىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. قەدىمىي بۇيۇملار بىلەن تاشقى سودا توغرىسىدىكى پاراڭ بىلەن ئۇلار ئورتاق تىل تاپتى. قىزغىن پاراڭغا بېرىلىپ كەتكەن بۇ ئۈچەيلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. پەقەت تيەنشىڭلا بېشىنى كۆتۈرمەي ھەم گەپكىمۇ ئارىلاشماي تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، ئوغلىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى خەن خانىملا بىلەتتى.

ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇراتتى.

تيەنشىڭ چېگرا سىرتىدىكى قەدىمىي شەھەردىن پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپلا رۇڭ گۇيفاڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ زاۋۇتقا چاپتى. تيەنشىڭ رۇڭ گۇيفاڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى دەپ يىراقتىن پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئەكەلگەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىنى دېگەچ، ئۇنىڭغا چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بېرىشنى يەنە

تاپىلاپ قويماقچى بولغانىدى.

لېكىن رۇلىڭ گۇيفاڭ ئۇنىڭغا خۇددى يات ئادەمگە، ئادەتتىكى خىزمەتدىشىغا مۇئامىلە قىلغاندەك سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ:

— مەن بارمايمەن، چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى بىزنىڭكىگە مېھمان كېلىدۇ، شۇلارنى كۈتىمەن، ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا، زاۋۇتقا بارغاندا قىلىڭ! — دېدى — دە، كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر مىنۇتمۇ تۇرمىدى.

«غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلگەن تيەنشىڭنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. رۇلىڭ گۇيفاڭنىڭ ئالدىنى توساپ: بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئۈچ كۈن كۆرۈشمەي ماڭا نېمانچە توڭ تېگىسىز؟ دەپ سوراپ باقماقچى بولدى. ئەمما ئۇنداق قىلماي، بويىنىنى قاتتىق قىلىپ، قارشى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. زاۋۇتتا ئادەم كۆپ، ئېغىز تولا ئىدى، بىرەرىنىڭ بىلىپ قېلىپ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىشىدىن قورقتى، رۇلىڭ گۇيفاڭ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى مۇشۇ كەمگىچە زاۋۇتتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيتتى. ئۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا غۇرۇرىنى ساقلىمايدىغان بىر قىسىم يىگىتلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى. چاچلىرىنى مايلاپ يۈرىدىغان بۇ يىگىتلەر قىز ئىشچىلارغا قالايمىقان چاقچاق قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشاتتى. قىزلار ئۇلارنى مەيلى قانداق مازاق قىلسۇن ئېغىر ئالمايتتى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى شۇنچىلىك قېلىن ئىدى. تيەنشىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، جىگەرلىك يىگىت ئىدى. رۇلىڭ گۇيفاڭغا ئۇ تەلەپ قويغان ئەمەس. ئۇ ئىشچان، مۇئامىلىدە دۇرۇس ئىدى، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى يارىتاتتى، ئۆزىنى بىر - بىرىگە لايىق دەپ ھېس قىلىشاتتى. شۇڭا بىر - بىرىگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى. بۇ، بۇ يىل يازدىكى ئىش ئىدى. كۈن چوغدەك قىزىق، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ چوغدەك قىزىق ئىدى. ئەمدى كۈن مۇزدەك، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ مۇزلاپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىگە بېرىپ

پاراڭلىشىپ باقايمۇ ـ يا؟ ياق، خەن تيەنشىڭ خەققە يېلىنىد-
غان ئىشنى قىلمايدۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ مۇشۇ كەمگىچە بىرىنىڭ
ئالدىدا ئېگىلىپ باقمىغان.

تيەنشىڭ قايتىپ كەلدى، ھېلىمۇ ياخشى ئاپىسى ئۇنىڭدىن
گەپ سورىمىدى، خەن خانىم خەي ھامما بىلەن چاغان تەييارلىقى
بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قو-
يۇشتىن ئەنسىرەپ بايامقى ئىشنى ئاپىسىغا دېيىشكە پېتىنالمى-
دى. ئاپا، مەن سەندىن ھەقىقەتەن خىجىل. سەن ھېچنېمىدىن
خەۋەرسىز، چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى «كېلىنىم» كېلىدۇ دەپ
ھارغىنىڭنى بىلمەي تەييارلىق قىلىپ يۈرىسەن. ئۇ رۇڭ گۈي-
فاڭنى كېلىدۇ دېگەندە، ئاپىسى خۇددى ئېسىل مېھمان كېلىد-
غاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى، ئۆكۈنۈش، ئازاب ئۇنىڭ
يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىماقتا ئىدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاپى-
سىغا دېمەكچى بولدى، تۇرۇپلا يەنە، بولدىلا، چاغاندا بىر
ئۆيلۈك ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغاندىن كۆرە، بۇ ئازاب-
نى يالغۇز ئۆزۈم تارتاي.

چاغاننى ئۆيدىكىلەر خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسۇن، مەن
بالىنىڭ چوڭى بولغاندىكىن، بەردەمرەك بولغىنىم تۈزۈك. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ئۆيدە خۇشال بولغۇدەك بىر ئىش بولۇپ،
سىڭلىم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ ئۇ ئالىي
مەكتەپكە كىرىپ بىرىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغان. مەن
ئۆزۈم ئۇچۇن ئەمەس، سىڭلىم ئۇچۇن خۇش بولۇشۇم كېرەك.
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتە خەي ھامما ھەممە ئىشنى
تەق قىلىپ قويدى، چېن شۇيەنمۇ كەلدى. خەن خانىم شەرقىي
ھۇجرا تەرەپكە بېرىپ ئوغلىغا:

ــ تيەنشىڭ رۇڭ قىز تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟ ــ دېدى.

تيەنشىڭ جاۋاب بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يې-

www.uyghurkitap.com

تىپ، ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ، خاتىرجەم قىياپەتتە:

— ئۇنىڭ بۈگۈن ئىشى بار ئىكەن، كەلمەيدۇ، — دېدى.

— نېمە؟ كەلمەمدۇ؟ قارا سېنى، مەن ھەممىنى تەييار قىلىپ قويغانىدىم. . . — دېدى خەن خانىم قاتتىق ئۆكۈنگەندەك، — ئەمىسە. . . قايسى كۈنگە توغرىلايمىز؟

— كېيىن بىر گەپ بولار! — دېدى تيەنشىڭ ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قارىيالماي. ئۇ ئاپىسىنىڭ يۈزىگە قارىيالمايتتى ھەم ئاپىسىغا گەپ قىلىشتىنمۇ خىجىل بولاتتى.

— ئىككىمىزنىڭ ئىشى ۋۇجۇدقا چىقامدۇ-چىقمامدۇ، كىم بىلىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ياق، ئۇ چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئۆيىمىزگە مېھمان كېلىدۇ دەيدۇ. . .

— ئۇ مېھمانلار سېنىڭدىنمۇ مۇھىممىكەن؟ ياق دېيەلمەي دېگەن گېپى بۇ، راست دەپ قالدىڭمۇ؟

تيەنشىڭ گەپ قىلمىدى، ئاپىسىنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئورۇنلۇق تۇيۇلدى، بۇ ئېنىق ئىشتە، رۇڭ گۈيفاڭنىڭ كەلگۈسى يوق، باشقىسىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

خەن خانىم يەنىمۇ زىغىرلاپ:

— ئۇ ئوقۇرنى ئېگىز قىلىپ، سېنى ياراتمايدىغان بولۇپ قاپتىمۇ ئەمدى؟

— ئۇ مېنى ياراتمامدۇ؟ ئۇنى. . . مەن ياراتسام بولىدۇ ئۇنى، — تيەنشىڭنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، يۈزى قىزىرىپ، بويىنى كۆپۈپ كەتتى. ئۇ ئاپىسىغا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ئۆزى بولمىغان رۇڭ گۈيفاڭغا ئاچچىق قىلىۋاتاتتى.

— قانچىلىك نېمىتتى ئۇ؟ كىشىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن مۇشۇنداقمۇ ئويناشقان بارمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— راست دەيسەن! — دېدى خەن خانىم تېرىكىپ، —

ئوغلۇمنىڭ نەرى كەمكەن ئۇنىڭدىن؟ مەيلى ئائىلە ياكى چىراي جەھەتتە بولسۇن، ئۇ ئوغلۇمغا قانداق لايىق كەلسۇن؟ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇش ئۇچۇن بىز زوڭزىيىپ ئولتۇرساق بولىدۇ! شۇ ھالىغا بىزنى پاكار كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە؟ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نېمىكەنغۇ ئۇ!

ئانا ـ بالا ئىككىسى پۇخادىن چىققۇچە ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدى. تيەنشىڭ ئاپىسىنىڭ گېپىدىن سەل ئۆزگە كەلدى، كۆڭلىدىكى چېگىشلەرمۇ يېشىلىشكە باشلىدى. رۇڭ گۇيفاڭ، سەن كۆڭلۈڭنى باشقا بىرىگە بەرگەن ئىكەنسەن، مەن خەن تيەنشىڭ ساڭا يېلىنمايمەن! ئۇ ئۆزىنى مەردانە سېزەتتى. لېكىن ئاپىسىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ رەنجىگەنلىكىنى كۆرۈپ چىدىماي قالدى.

ـــ ئاپا، بۇ ئىش يوققا چىقسىمۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، بىزنىڭ زاۋۇتتا بويتاقلار سامانده‌ك، بۇ نومۇس ئىش ئەمەس! ـــ دېدى ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

خەن خانىم سوغۇق كۈلۈپ:

ـــ مېنىڭ ئوغلۇم بويتاق ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ ھىم، ئالتۇن پالتىغا ساپ كەممۇ، نېمىدىن قورقىمىز؟ بۇنداقلار خاپا بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. جان بولسا بىزنىڭ...

داستىخاندا غەمسىز ئولتۇرغان شىنيۈنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى تيەنشىڭنى تۇرۇپ ئازابلايتتى، تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئازراق تەسەللى بولاتتى. ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر يەرگە مۇشۇنداق جەم بولۇشىنىڭ يەنىلا قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئويى چىگىش ئىدى: ئادەملەردە نېمىشقا شۇنچە كۆپ مۇھەببەت بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتى، ئۇرۇق ـ تۇغقان مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك تۇرسا، كىشىلەر يەنە نېمىشقا يىگىت ـ قىز مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىنى ئازابلايدىغاندۇ؟

تيەنشىڭ رۇڭ گۇيفاڭنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى. لېكىن

www.uyghurkitap.com

داستىخاندىكى ھەر بىر تەخسە قورۇما رۇڭ گۈيفاڭ ئۈچۈن تەييارلانغانىدى، قولىغا چوكىنى ئالسىلا كۆز ئالدىدا رۇڭ گۈيفاڭنىڭ چىرايى پەيدا بولاتتى. رۇڭ گۈيفاڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تاماققا ئازراقمۇ زوقى يوق ئىدى، ئۆزىنى تاماققا زورلاپ ئولتۇراتتى، ئاپىسىنى بىئارام قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن تاماقنى كۆپرەك يېيىشكە تىرىشاتتى. داستىخاندىن بالدۇر تۇرۇپ كېتىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تاماقنى ئاستا يەۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۈگۈن ئۆيدە سىڭلىسىنىڭ دوستى بار ئىدى، شۇڭا بۇ بىرۋاخ تاماقنىڭ كۆڭۈللۈك ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى. ئۇ مەشۇقىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاپىسىدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. چۈن-كى ئۇ «مەشۇقىدىن ئايرىلىپ» قېلىشنى نومۇس بىلەتتى، ھىجراندىن شېئىرىي تۈيغۇ تاپىدىغان بىر قىسىم زىيالىيلارغا ئوخشىمايتتى، ئىمكان بار ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشاتتى. مەن يەنىلا بۇرۇنقى خەن تيەنشىڭ، قىلچىلىك ئۆز-گەرمىدىم، راست، قىلچىلىك ئۆزگەرمىدىم، ساۋ ساۋنىڭ ھۇ-زۇرىغا كىرگەن شۈي جىدەك زۇۋان سۈرمەيمەن. لېكىن، كەم سۆز ھەم تەرسا مىجەز تيەنشىڭنىڭ كۆڭلى غەش چاغدا شۇنداق قىلالىشىمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى.

چۈشتىن كېيىن، شىنيۆ بىلەن چېن شۈيەن شىللېرنىڭ «مۇھەببەت ۋە سۈيقەست» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسەن ئىشلەن-گەن كىنونى كۆرگىلى بارماقچى بولدى. شىنيۆ ئاكىسىنى ئۆز-لىرى بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى، كىنونىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ تيەنشىڭنىڭ پۈتۈن بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كىنو كۆرۈشكە نەدىمۇ ھەپىسىلىسى بولسۇن؟ ئۇ بېشىنى چايقىدى، قىلىدىغان ئىش يوق، ۋېلىسى-پىتىنى سۈرتۈشكە باشلىدى، قىشچە پاتقاقتا مىنگەن ۋېلىسى-

پىتى سۇرتىدىغان يېرىگە كېلىپ قالغانىدى، ئۆزىنىڭغۇ نەس باستى، «ئېتى» سالپىيىپ قالسا بولمايدۇ، روھىنى كۆتۈرۈپ قويۇشى كېرەكتە!

تيەنشىنىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، پەقەتلا چىقمىدى، بالدۇرلا يېتىۋالدى. ئۇ قالغان ئىككى كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندى. چاغاننىڭ بەشىنچى كۈنى ئىشقا چۈشكەندە، رۇڭ گۈيفاڭنى كۆرۈپ قالسا ئۇنىڭغا گەپ قىلىش كېرەكمۇ؟ بولدى بەس، ھېچنېمە دېمەيمەن، بۇ ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىسۇن. بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئېگىز ـ پەس بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىدىن ئاغرىندى. ئەر كىشى نىيەت قىلغان ئىشنى باشقا ئاچچىقىشى، رۇڭ گۈيفاڭنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدۇ؟ بۇنى ئۆزۈڭ بىل، ماڭا پەرۋا قىلمىساڭ، مەنمۇ ساڭا پەرۋا قىلمايمەن، بىرەر باھانە بىلەن ماڭا گەپ قىلساڭ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تۇرىمەن، نېمە؟ پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟ يىغلاۋاتامسەن؟ ھىم، كۆز ياشلىرىڭ بىلەن مېنى ئېرىتەلمەيسەن، كىم سېنى مېنى ئازابلىسۇن دەپتۇ؟ . . .

ئاھ ئادەم! ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبى بىر دۇنيا، مەنپىي ۋە مۇسبەتتىن تۈزۈلگەن، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ ھەم بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، سىرلىق ھەم چېكى يوق. تيەنشىڭغا ئوخشاش ھېسسىياتىنى ئاسان ئىپادىلىمەيدىغان ئەركەكمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، مۇھەببەت تورىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۇ ئۆزىدىن غالىب كېلىشى كېرەك. بۇنىڭغا يا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت يا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

تيەنشىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ياتاتتى، چىراغ يېنىق ئىدى، ھېرىپ كېتىپ بالدۇرلا يېتىۋالغانلىقىنى ئۆيدىكىلىرىنىڭ بى-

www.uyghurkitap.com

لىپ، پىنھان سىرلىرىنى سېزىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

خەن خانىم شۇ تاپتا قىزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى.

شىنيۆ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا بىلىكىنى ئۈستەلگە، يۈزىنى ئالىقىنىغا قويۇپ ئاپىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۆي تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئۇ پاختىلىق چاپىنىنى سېلىۋەتكەنىدى، ئاق پوپايكا يېقىملىق چىراغ نۇرىدا ئۇنى تولىمۇ نازاكەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەمسىز ياشلىققا خاس بىر خىل غۇبارلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. قىزىنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرغان خەن خانىم ساپسېرىق ئالمىنى ئاقلاپ، تەخسىگە قويۇپ ئالتە پارچە قىلدى، بىر پارچىسىنى چىش كولىغۇچ بىلەن سانجىپ ئېلىپ قىزىغا سۇندى، يەنە بىر پارچىسىنى ئۆزى ئېلىپ قىزى بىلەن پاراڭلاشقاچ ئاستا يېيىشكە باشلىدى. ئاپىسى بىلەن بۇنداق مۇڭدىشىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاز نېسىپ بولغاچقا، ئۇ بالىلىقىغا قايتىپ كەلگەندەك بولدى.

— شىنيۆ، — دېدى خەن خانىم، — سەن ھەر ھالدا ئۆز يولۇڭنى تاپتىڭ، سەندىن غەم قىلمايمەن...

ئاپىسىنىڭ بۇ گېپىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن شىنيۆ بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇدى. ئانا نېمىلا دېگەنبىلەن قىزى بى-لەن قەلبداش بولىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ قېرىلىق يەتكەن چىرايىغا قارىدى. كۆڭلىدە، ئاپا، سەن مېنى بەش يىل ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ساقلا، ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى ئەڭ خاتىر-جەم، ئەڭ بەختلىك ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن، دەپ ئويلىدى.

خەن خانىم گېپىنى داۋام قىلىپ:

— ... ئەمدىكى غېمىم ئاكاڭدا قالدى، — دېدى.

— ئاكامدا؟ ئاكام نېمە بولدى؟ ئۇ بىر ئوبدان تۇرۇۋاتا-مامدۇ؟ — دېدى شىنيۆ ئاپىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي. ئۇ بۇ ئائىلىدە ھېچقانداق پاراكەندىچىلىك يوق دەپ بىلەتتى.

— ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ يېقىندىن بۇيان ئاكاڭنىڭ ئىچى پۇشۇدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى خەن خانىم شەرقىي ھۇجرىسىنى ئىما قىلىپ پەس ئاۋازدا. بۇ گەپنى ئوغلى ئاڭلاپ قالسا بولمايتتى.

— ياق! — دېدى شىنيۈ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرھال بىر خىيال كېلىپ قىياسەنلا شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە. . . ياق، ئۇنىڭدا بۇنداق ئوي يوق، ئۇ يىگىرمە بەش ياشقا كىردى. ئالىي مەكتەپتە نېمە بار ئۇنىڭغا؟ ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئويلايدىغان ۋاقتى، ئۇ قاچانغىچە تەنھا تۇرىدەك يۈرىدۇ!

شىنيۈ «ۋىللىدە» قىزاردى، ئاكىسىنىڭ توي ئىشىنى ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ نېمىتتى، ئۇ كىچىك بالا، تېخى مۇھەببەتنى ھېس قىلىپ باقمىغان ياش قىز تۇرسا!

— بۇ ئىش توغرۇلۇق سەن دادام، خەي ھامما بىلەن مەسلىھەتلەش، مەن. . . ئاكامنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا ياردەملەشكۈم بار، لېكىن بۇ ئىشقا كەلگەندە، كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ: ھەي، كىم ئاكامغا تېگىشنى خالايدۇ، دەپ توۋلىيالمايمەن.

— بۇ ئىشقا داۋراڭ كەتمەيدۇ! — دېدى خەن خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ شىنيۈنىڭ قولىغا ئاستا ئۇرۇپ قويدى، — ساڭا راست گەپنى قىلاي، ئۇنىڭ چېن شۇيەنگە مەيلى باردەك قىلامدۇ قانداق؟

— شۇنداقمۇ؟ — ھەيران بولغان شىنيۈ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى قىل قالدى، بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، خۇشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالدا، — بۇنى نېمىشقا بۇرۇن ئۇيلىمىغاندىمەن؟ بەك بەلەن بوپتۇ، ھەقىقەتەن بەلەن ئىش بوپتۇ! — دېدى.

خەن خانىم كۇلۇمسىرەپ:

— چېن شۆيەنىنىڭ ئاكاڭغا مەيلى بارمۇ - يوق، بىلمەيمەن! — دېدى.

— چاتاق يوق! — دېدى شىنيۈ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ئاكامنى ماختاپ كەتكەن، چوقۇم رازى بولىدۇ!

خەن خانىمنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— بولمىسا، مەن بۇ ئىشنى دەپ ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ باقايمۇ؟ — دېدى شىنيۈ خۇشاللىقىنى باسالماي، خۇددى مۇشۇ كېچىدە چېن شۆيەنىڭكىگە بارىدىغاندەك ئەلپازدا.

خەن خانىم تەمكىنلىك بىلەن شىنيۈنىڭ مۇرىسىنى بېسىپ تۇرۇپ:

— بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ئاۋۋال ئاكاڭدىن گەپ ئېلىپ باق، ئۇنىڭ مەيلى قانداق؟ گېپىمىزگە كىرىپ بوپتۇ دېسە، قالغان ئىشلار ئاسان. بىر ئۆيگە كىرگەندە، ئايال يامان، ئەر بوشاڭ چىقىپ قالسا، ئەر كىشى ئۇچۇن بۇمۇ بىر تارتقۇلۇق، ئاكاڭغا يول قالدۇرۇپ قويايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلىرىنىڭ توي ئىشىغا ئاتا - ئانىلار چات كىرىۋالسا بولمايدۇ. سەنمۇ مېنىڭ گېپىمنى چېن شۆيەنگە ئەينەن دېمە، ياخشىسى، بۇنى چېن شۆيەن ئۆزى قارار قىلسۇن، بىر - بىرىنى ئاستا - ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۆزلىرىگە قويۇپ بېرىمىز.

ئوغلىغا ئامراق خەن خانىم ئۆزىگە ياققان كېلىنگە ئېرىشىش ئۇچۇن تۇزگەن پىلانىغا ئاساسەن قىزىغا مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە توغرۇلۇق چوڭقۇر، جانلىق ۋە ئۆزگىچە دەرس ئۆتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئاكىسى بىلەن چېن شۆيەنىنىڭ ئىشىنى پاتراق ۋۇجۇدقا چىقىرىش كويىغا چۈشكەن شىنيۈ ئاپىسىنىڭ ھىيلىسىنى قىلچە سەزمىدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۇچۇن سىرلىق تۇسكە تولغان يېڭى تېما ئىدى. كىتاب ۋە

كىنولاردىكى مۇھەببەت ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى، رېئال تۇرمۇشتىكى بىر مۇھەببەت ۋەقەسى ئاجايىپ بىر شەكىلدە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشقا بىۋاسىتە ئارىلاشمىسىمۇ، لېكىن گۇۋاھچى بولۇپ قالدى.

خەن خانىم پىلاننى تۈزۈپ بولۇپ ئارام ئالغىلى يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

شىنيۆ چىراغ تۈۋىدە كەلگۈسىنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى: چېن شۈيەن، سىرداش دوستى ئۇنىڭ يەڭگىسى بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئەمدى بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭغا ئەڭ سىرداش بىر ھەمراھ قوشۇلاتتى. دادىسى، ئاپىسى، ئاكىسى، يەڭگىسى، بۇنىڭدىن باشقا خەي ھامما ۋە ئۇ. ئۇلارنى تۇغقانلىق رىشتىسى بىر - بىرىگە باغلايتتى. ئاھ، نېمىدېگەن بەختلىك ئائىلە، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك قىشلىق تەتىل! ئۇ تەتىل مەزگىلىدە ئاپىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئائىلىسىگە گۈزەل كېلەچەك يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

شىنيۆ ئۈستەلدىكى كالېندارغا قاراپ قىشلىق تەتىلنىڭ يېرىمىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇن نەچچە كۈندىن كېيىن ئوقۇش باشلىنىدىغانلىقىنى سەزدى، چاغانلىق ئۆيلىرىگە كەتكەن ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى يېنىپ كېلەتتى. كۆپچىلىك يەنە يۈز كۆرۈشەتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنى تولىمۇ سېغىنغانىدى. چۇ مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە كۆلبىسىدە ئورىگىناللار يەنە كۆپىيىپ كەتكەندۇ؟ چۇ مۇئەللىم قىشلىق تەتىلدە، تەتىل ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئاز - تولا بىر نەرسە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن شاڭخەيگە بارمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شىنيۆدە مەكتەپكە بالدۇرراق بېرىپ چۇ مۇئەللىمنىڭ يېڭى تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلدى. . .

«بىلىمدان» قەسىرىنىڭ تۆرىدىكى، شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ھۇجرىلارنىڭ چىرىغى يېنىق ئىدى، شىنيۆ بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 7 ـ باب قاشتاش پادىشاھى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، بۇ، ئىرقنىڭ كۆپىيىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا، بىجىرىم ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشى شەرت، ياش قۇرامىغا يەتكەن يىگىت ـ قىزلارنىڭ نورمال ئېھتىياج سەۋەبىدىن توي قىلىشى ۋاجىپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش ئىستىكىدە ئۆيلىنىش ۋە ئەرگە تېگىش سۈننەت دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنى زىنا قىلىشنى چەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادىمىيلىككە خىلاپ تەركىدۇنيالىقىمۇ قارشى تۇرىدۇ.

خەن زىچى بىلەن بىئېرنىڭ توي ئىشى بالا ـ قازادىن كېيىنكى قايتا ئۇچراشقان، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ گىرەلىشىپ كەتكەن بىر پەيتتە قارار قىلىندى.

قېينانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بەي يەڭگە خۇشال بولاتتى، ھەسرەتلىنەتتى ۋە قورقاتتى. لياڭ جەمەتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن يۆلەنچۈككە ۋە ئۈمىدكە ئېرىشكەنلىكىدىن، بىئېرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھامىيغا ئىگە بولغانلىقىدىن، چىچېنجەيدىكى ئۆچكەن ئوتنىڭ يەنە يالقۇنجايدىغانلىقىدىن خۇشال بولاتتى؛ لياڭ يىچىڭنىڭ تولىمۇ بالدۇر كېتىپ، مۇشۇ كۈننى كۆرەلمىگەنلىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى؛ قىزىنى ئۆيدىن چىقارغۇدەك ماجالىنىڭ يوقلۇقىدىن قورقاتتى. بۇ توي ئىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئۆتكەل ئىدى.

خۇيزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە، ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش ئەركىن مۇھەببەت بويىچە بولمايدۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ

پۈتۈشۈشى بىلەن بولىدۇ. ھەر قانداق بىر تەرەپتە ئاشۇنداقراق خىيال بولسا، ئاۋۋال ئوتتۇرىدا ئەلچى ماڭىدۇ. ئەلچى بىر نەچچە قېتىم ماڭغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولسا، ئەلچىگە سۆيۈنچە بېرىلىپ، ئاندىن چاي ئىچۈرۈش تەييارلىقى قىلىنىدۇ. چاي ئىچۈرۈلۈپ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمىمۇ بىر قېتىمدىلا تۈگىمەيدۇ. دەسلەپتە «كىچىك چاي» ئىچۈرۈلىدۇ. بۇ مەسچىتتە ياكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدا ۋە ياكى ئەلچىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسى بىر شىرەلىك تاماقنى ئالدىنئالا زاكاز قىلدۇرۇپ، ئۈنچە باسقان سوۋغا ـ سالامنى تەييارلاپ، قۇدا تەرەپنى چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. قىز تەرەپنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسى «ئايەت» ۋە قىزنىڭ قۇرئانچە ئىسمى ئويۇلغان كۈمۈش بىزەك سېلىنغان نەپىس چاسا قۇتىنى ئېلىپ چايغا كېلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ يۈز كۆرۈشۈپ، سوۋغا ئالماشتۇرۇپ بولۇپ، داستىخاندا ئولتۇرىدۇ. «كىچىك چاي» مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن «چوڭ چاي» ئۆتكۈزۈلىدۇ. «چوڭ چاي» ، «كىچىك چاي» دىن داغدۇغىلىق بولىدۇ. ئوغۇل تەرەپ بىر جۈپ بىلەزۈك، تۆت تال ئالتۇن ئۈزۈك، بىر جۈپ ھالقا، بىر سائەت قاتارلىق ئېرىغ ماللارنى باغاق بىلەن قوشۇپ ئەينەك قۇتىغا سېلىپ، ئەلچى ئارقىلىق قىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. «باغاق» قا ئىككى كۈن يېزىلىدۇ، ئىككى كۈننىڭ قايسىسىرىنى تاللايدۇ، بۇ قىز تەرەپنىڭ ئىختىيارى. ئەلچى قىز تەرەپنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ يىگىت تەرەپكە كېلىدۇ. «باغاقنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟ قايسى كۈنگە بېكىتىلدى؟» ئەلچى بۇ سوئالغا: «× ئاينىڭ × كۈنى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دېمەك، توي شۇ كۈنگە بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بۇ «چوڭ چاي» دېيىلىدۇ. «چوڭ چاي» دىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ بېكىتىلگەن توي كۈنگە ئاساسەن مەپىكەش ۋە

www.uyghurkitap.com

ئاشپەزلەر بىلەن بالدۇرلا دېيىشىپ قويىدۇ، قىزنىڭ تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، مەسلەن، پاختىلىق ۋە ئەستەرلىك چىپاۋ، پاختىلىق ۋە ئەستەرلىك ئىشتان ـ چاپان. . . قاتارلىق سەككىز قۇر كىيىم ـ كېچەكنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى بوپا قىلىپ، ئاۋۋال قىزىل تاۋارغا، ئاندىن گۇللۇك كۆك رەختكە ئوراپ قىز تەرەپكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. چوڭ ـ كىچىك چاي مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەپ، توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشلا قالىدۇ.

تويىنىڭ داغدۇغىسى «چوڭ چاي» نىڭكىدىنمۇ بەكرەك بولىدۇ. كېلىنىنىڭ قىزلىق مېلى دەبدەبە بىلەن ئىشىكتىن چىقىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەچچىلىك پۇل خەجلىگەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ئىككى تارتمىلىق پەرداز ئۈستىلى، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ساندۇقچە بار؛ ئىككىنچى قەدەمدە، تىكلىمە ئەينەك، بىر لوڭقا؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، تۆت دانە كوزا؛ تۆتىنچى قەدەمدە، ئىككى تەشتەك مەنزىرىسى؛ بەشىنچى قەدەمدە، بېلىق شىشىسى، پەتنۇس؛ ئالتىنچى قەدەمدە، ئىككى ئەينەك؛ يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى قەدەمدە، قىزنىڭ تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلىرى سېلىنغان ئىككى چامادان، چامادانىنىڭ ئۈستىگە بىر ساندۇقچە بىلەن بىر قۇتا قويۇلغان؛ توققۇزىنچى قەدەمدە، يەنە بىر چامادان؛ ئونىنچى قەدەمدە كېلىن يۇيۇنىدىغان ياغاچ داس، لوڭقا، مىس قازان، چوڭ ـ كىچىك مىس چۆگۈن دېگەندەك نەرسىلەر چىقىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، قىز تەرەپ دۆلەتمەن بولسا، شىرمەل، تام سائىتى بىلەن ئون ئىككى قەدەم بوپكېتىدۇ. تېخىمۇ دۆلەتمەن ئائىلىلەر بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋېتىدۇ. قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، ئوندىن كەم بولسا سەت بولىدۇ. بەزى نامرات ئائىلىلەر قىزلىرىنى بۇنچىلىك كۆپ نەرسە بىلەن چىقىرالمايدۇ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرىدىغانلارغا بېرىدىغان ئىككى تەڭگىسى يوق،

ئازراق پۇلغا بىرقانچە ئادەمنى ياللىۋالىدۇ، قىز مېلىنى شۇلار بېشىدا كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. بۇ ناھايىتى سەت ئىش ھېسابلىنىپ، پالانچى قىز مېلىنى خەققە كۆتۈرتكۈزدى، دېگەن گەپلەر نەچچە ئون يىلغىچە ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن كەتمەيدۇ.

ئەمدى يىگىت تەرەپكە كېلەيلى، يىگىت تەرەپ قىز كۆچۈ-رىدىغان كۈنى بىر پارچە قوۋۇرغا، مايدا پىشۇرۇلغان ئىككى بولاق يېمەكلىك، ئىككى توخۇ تەييارلايدۇ ھەم ئۈستىگە گۈل سانجىپ قويىدۇ؛ بەش پىيالە چاي، تۆت پەتنۇس ھۆل مېۋە، تۆت پەتنۇس قۇرۇق مېۋە، تۆت پەتنۇس تورت، تۆت پەتنۇس دۇملەنگەن تاماق، ئىككى بېلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىككىگە بۆلۈپ قىز تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلى-رى بۇنىڭدىن تويغۇچە يېيىشىدۇ. قىز مەپىگە چىققاندا، قېينانا بولغۇچى قىزنى ئالغىلى كېلىدۇ، قىزنىڭ ئاپىسىمۇ قىزنى ئۆزى ئاپىرىپ قويىدۇ. توي كۆچۈرۈپ ماڭغانلارنىڭ ئىچىدە قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بولىدۇ، توي داغدۇغا بىلەن كۆچۈرۈلىدۇ. مېيىت ئۇزىتىشتا چەكلىنىدىغان سازچىلار تەك-لىپ قىلىنىدۇ. بۇ، خەنزۇلاردىن شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىن-گەن ئادەت بولۇپ، توي نەغمە - ناۋا بىلەن تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. مەپە يىگىت تەرەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ئال-دىن تەكلىپ قىلىنغان مەخسۇس ئادەم ياكى قىزنىڭ قېينانىسى ئالدىغا چىقىپ، مەپىنىڭ مىلەڭزىسىنى ئېچىپ، كېلىننىڭ يۈزىگە ئەڭلىك سۈركەيدۇ، ئاندىن كېلىننى ھۇجرىسىغا ئەكى-رىپ قويىدۇ، خەنزۇلارغا ئوخشاش تەزىم قىلدۇرۇلمايدۇ.

بۇ چاغدا دىنىي مۇراسىم بويىچە توي مەرىكىسى رەسمىي باشلىنىدۇ.

سەككىز پۈتلۈق شىرەگە قەلەم - دۇۋەت قويۇلغان بولىدۇ. ئىككى تەرەپ تەكلىپ قىلغان ئىككى ئاخۇن «توي خېتى» نى يازىدۇ. توي خېتىگە ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ،

يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئىسىملىرى ۋە سەككىز تۈرلۈك شەرت يېزىلىدۇ. بۇ سەككىز شەرت مۇنداق: بىرىنچى، بۇ توي خېتى؛ ئىككىنچى، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى؛ ئۈچىنچى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى قوشۇلغان؛ تۆتىنچى، يىگىت ـ قىز-نىڭ رازىلىقى ئېلىنغان؛ بەشىنچى، تويلۇق سېلىنغان؛ ئالتىنىـ چى، ئىككى ئادەم گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن؛ يەتتىنچى، ئۇرۇق ـ تۇغ-قانلار مۇبارەكلىگەن؛ سەككىزىنچى، خۇدا ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغاي. ئاخۇن توي خېتىنى يېزىپ بولۇپ، يىگىت بىلەن قىزنى مۇبارەكلەيدۇ، ئاندىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ، قىز «قوبۇل قىلدىم» دەيدۇ، يىگىت «ئالدىم» دەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن توي يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، مېھمانلار قىقاس ـ چۇقان سېلىپ، ئۇستەلدىكى قەنت ـ گېزەكلەرنى يىگىت ـ قىزغا چېچىپ ئۇلارنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىشىنى تىلەيدۇ.

مۇشۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىمى ئاساسەن تۈگەيدۇ. لېكىن زىياپەت، كۈلكە ـ چاقچاق يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، يىگىت بىلەن قىز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭكىگە سالامغا بارىدۇ...

بەي يەڭگە چوڭقۇر خورسىندى، ئەينى يىلى ئۇمۇ لياڭ ئائىلىسىگە مۇشۇنداق كۆچۈرۈپ كېلىنگەنىدى. بۈگۈنكى كۈن-لۈكتە ئامراق قىزىنىڭ تويىنى ئەلگە كەڭ داستىخان سېلىپ ئۆتكۈزۈپ بەرگۈدەك ماغدۇر ئۇنىڭدا يوق ئىدى.

ـــ زىچى، بىئېر، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇ-رۇق ـ تۇغقانلىرىمدىن سەدىقە تىلەپ بولسىمۇ تويۇڭلارنى ئوبدان قىلىپ بېرىمەن...

ـــ ئاپا! ـــ دېدى بىئېر ئاپىسىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ، ـــ بولدى قوي، چې ئاكامنىڭ ئۆيى يوق، سەن ئۇن ساندۇق قىز مېلى تەييارلىغان بىلەنمۇ، ئۇنى نەگە ئەۋەتىسەن؟ بۈگۈندىن

باشلاپ ئۇ سىنىڭ ئوغلۇڭ، سەن ھەم قىز چىقىرىسەن ھەم كېلىن ئەكىرىسەن. ئەتە ئەتىگەندە دادامنىڭ روھىغا خەتمىقۇرئان قىلىپ، ئاندىن نىكاھ ئوقۇتساقلا بولدى.

ئەتىسى جۈمە ئىدى، مۇسۇلمانلار مەسچىتتە جۈمە ئۆتەيتتى. بىئېر بىلەن خەن زىچى مەسچىتكە بېرىپ، ئىمامنىڭ ئۆزلىرىگە نىكاھ ئوقۇپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلدى. سۈكۈتكە چۆمگەن مەسچىت زالىدا، جۈمەگە كەلگەن جامائەت ئالدىدا ئىمام ئۇلارغا «ئەلچى» ھەم گۇۋاھچى بولدى ۋە ئۇلارنى مۇبارەكلىدى.

— قوبۇل قىلدىم، — دېدى بىئېر.

— ئالدىم، — دېدى خەن زىچى.

ئۇلارغا ھېچكىم قەنت - گېزەك چاچمىدى. لېكىن، جۈمەگە كەلگەن جامائەت ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تويىغا كەلگەن مېھمانلاردەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ تويى، يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرلىشىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نىكاھ ئۈستىدە ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر، ئىككى ئايال گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇشى شەرت. بۇنىڭدىن باشقا ئۇشۇقچە قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ھاجىتى يوق. خەن زىچى بىلەن بىئېر ئۆتەشكە تېگىشلىك شەرتلەرنى ئۆتەپ بولدى، ئۆكۈنۈشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟

بىئېر مەسچىتتىن چىقىپ، تويىنىڭ ئاددىيلىقىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھەسرەت بىلەن يىغلىمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بۇنداق پۈتۈن بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ ھازىردىن باشلاپ چوڭ ئادەمگە ئايلىنىپ، «خەن خانىم» دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى. «قۇرئان كەرىم» دە: «ئايال ئەرگە، ئەر ئايالغا بېقىنىدۇ» دېيىلگەن. ئۇ خەن زىچى بىلەن بىر جان بىر تەن بولۇپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلماي، ئالدىدىكى ئۇزاق ھايات مۇساپىسىگە

www.uyghurkitap.com

ئورتاق قەدەم تاشلايدۇ. . .

ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ چىچىنجەي بېيجىڭدىكى قاشتاش بۇيۇملىرى ساھەسىدە نام قازاندى. بۇ چاغدا مىللىي ھۆكۈمەت نەنجىڭگە كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، بېيجىڭنىڭ «بېيپىڭ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا يەتتە ـ سەككىز يىل بولۇپ قالغاندى.

خەن زىچى چىچىنجەينى كېڭەيتىپ، دۇكاننى بەش ئېغىز قىلدى. شەرقىي شەھەر ئەتراپىدىكى ئاقسۆڭەكلەر قەبرىستانلىقىغا قارايدىغان شەيخنىڭ قولىدىن بىر تۇركۇم سۇپەتلىك يېرىم ـ يارتا قاشتاش سېتىۋېلىپ، ئۇستا تاشچىغا تاراشلىتىپ، قاپارتما نەقىش ئويدۇرۇپ، ئىشىك بېشىغا ئورناتتى. «قاشتاش مەستانىسى» ئەينى يىلى قارا سىر ئۇستىگە سېرىق ھەل بېرىپ يېزىپ بەرگەن «چىچىنجەي» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئىشىك بېشىدىن ئىككى جاڭ ئاشۇرۇپ ئىشىك بېشىغا ئورناتقان تاشنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئالدۇردى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قاپارتما قاشتاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق فارفور خىش چاپلاتقۇزدى، فارفور خىشقا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قارا سىر بىلەن «ئۈنچە بىلەن مەرۋايىت»، «تولۇن ئاي بىلەن مەيىن شامال» دېگەندەك خەتلەرنى يازدۇردى. «قاشتاش مەستانىسى» ئەينى يىلى ئىشىك بېشىغا مۇشۇ خەتلەرنى يېزىپ ئېسىپ قويغانىدى.

خەن زىچى يېقىندىن بېرى دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى ھېساباتچى لاۋخۇ بىلەن شاگىرتقا تاپشۇرۇپ، زېھنىنى ئاساسى جەھەتتىن ئېسىل قاشتاش تېپىشقا، قەدىمىي بۇيۇملارنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلدى، گۇڭگۇرت زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى كىتابخانىدىن كۆپلىگەن قەدىمىي كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىپ، قاشتاشقا مۇناسىۋەتلىكلا بولسا، ھەر قانچە قىممەت بولسىمۇ ئالدى. ئۆزى ساقلاۋاتقان ئاسارئەتىقىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان

ھالدا زېرىكمەي ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر «قاشتاش مەستانىسى» مەيدانغا كەلدى...

«بىلىمدان» قەسرى ئاخىر خەن زىچىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

يېڭى كۆچۈپ كىرگەن خەن زىچى گويا ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان ماكانىغا قايتىپ كەلگەندەك، ئەقىل - پاراسەتلىك ھەزرەتنى كۆرگەندەك بولدى. دەرۋازىدىكى «قاشتاش مەستانىسى» دېگەن خەتنى، ھويلىدىكى ھەزرەت پەرۋىش قىلغان گۈللەرنى، ھەزرەت ھايات ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇيدىغان تۆر ئۆينىڭ غەربىدىكى ھۇجرىنىڭ تاملىرىنى سىلاپ، قەلبىدىن كۆتۈرۈلگەن چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن «روھىڭىز قايتىپ كەلدى...» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلدى.

مەلۇم بىر كۈنى، مەيىن شاماللىق ئايدىڭ كېچە ئىدى. جاھان تىپتىنچ. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان خەن زىچىگە تۇن نىسپىدە: «تاشلىۋەتتىم، تاشلىۋەتتىم!» دېگەندەك بىر ئاۋاز غۇۋا ئاڭلانغاندەك بولدى.

خەن زىچى چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاۋاز بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ھەزرەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتى. ئۇ مەن ئۇ ھەزرەتنى ياد ئېتىپ ئولتۇرغاچقا، ماڭا شۇنداق تۇيۇلغان ئوخشايدۇ، دەپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىدى، پىغانى تېخىمۇ ئۆرلەپ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ھويلىغا چىقىپ، خىيالچان ھالدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئاقۇچ نۇر چېچىپ تۇرغان كۆكتىكى تولۇن ئاي ئاق قاشتاش پەتنۇسىغا ئوخشايتتى، ھويلىدىكى ئانار دەرىخى غۇنچىلىغان، تاش ئالما گۈللىگەن، خۇشبۇي پۇراقلار ھويلىنى بىر ئالغانىدى. مېۋە دەرەخلىرىنىڭ مەيىن شامالدا شىۋىرلىغان ئاۋازى خەن زىچىگە ئەينى يىللاردا قاشتاش تاراشلىغان چاغدىكى ئاۋازنى ئەسلەتتى. بايامقى: «تاشلىۋەتتىم، تاشلىۋەتتىم!» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

خەن زىچىگە بۇ قېتىم بۇ ئاۋاز گويا بېشىنىڭ ئۈستىدە، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بىلىندى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا ئەجەبسىنىپ قارىدى. كۆكتە تولۇن ئاي كۈلۈپ، دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئەلەڭلەپ تۇراتتى، ئادەم سايىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى شۇئان سۈر باستى. ئۇ يۈرىكىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ:

— سەن ئادەممۇ، جىنمۇ، بەختمۇ - ئاپەتمۇ، مەن خەن زىچى ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، تاشلىساڭ تاشلاۋەر! — دېدى.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ قورققىنىدىن شۈركىنىپ، ساراسىمە ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا ئاسماننىڭ غەربىي چېتىدىن بىر يۇلتۇز كۆك باغرىنى يېرىپ ئاققان پېتى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. بۇ ئالامەتتىن ھەيران بولغان خەن زىچى ئالدى تەرەپكە سىلجىدى. بىر پارچە يورۇقلۇق ئۈچمەي خىشنىڭ ئۈستىدە گويا نۇرلۇق مەرۋايىتتەك دۈگىلىنىپ تۇراتتى. خەن زىچى قولىنى ئۇزاتتى، ھېلىقى مەرۋايىت خۇددى يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەندەك بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتى، خىش ھېچنېمە بولمىغاندەك شۇ پېتى ئىدى.

خەن زىچى بايامقى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا خۇددى چۈشتەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

غەربىي ھۇجرىدىن ئالدىراش چىققان يۈئېرنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن خەن زىچى ئۆزىگە كەلدى. ئۇ:

چى ئاكا، چاققان كېلىڭ، ئاچام ... ۋاقىتتىن بۇرۇن يەڭگىيدىغان ئوخشايدۇ!

— ھە؟ — خەن زىچى ھەممىنى ئۇنتۇپ غەربىي ھۇجرىغا قاراپ يۈگۈردى. خوتۇنىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، يۈئېر بىلەن غەربىي ھۇجرىدا بىللە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ

بالدۇر يەڭگىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاندى، بۇسۇغىغا بېرىپ بولغۇچە، ئۆيدىن بوۋاقنىڭ ياڭراق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئۈستىگە خۇشاللىق قوندى. خەن خانىم توي قىلىپ ئون يىلدىن بېرى ئۈچ قېتىم قورساق كۆتۈردى، ئۈچىلا قېتىم بالىسى چۈشۈپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ يەتتە ئاي قورساق كۆتۈرۈپ ئامان - ئېسەن يەڭگىدى. ئۇ خەن زىچىگە پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى.

خەن زىچى ئوتتۇز ئىككى ياشتا كۆرگەن بۇ بالىسىنى باغرىغا تېڭىپ، بالىسىغا ئۇزاق قارىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى ۋە بايا ئاسماندىن چۈشۈپ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان ھېلىقى مەرۋايىتنى ئەسلەپ:

— بۇ بالىنىڭ ئىسمى «تيەنشىڭ» بولسۇن، «بىلىمدان» قەسرىنى خۇدا يۆلەيدۇ، چىجېنجەيگە ئاسماندىن يۇلتۇز چۈشىدۇ! — دېدى.

تيەنشىڭ تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا، خەن زىچى بالىسىغا قۇرئانچە ئىسىم قويۇش ئۈچۈن ئاخۇن تەكلىپ قىلدى. يۈئېر ئاچىسىنىڭ ئورنىدا بوۋاقنى تۇتۇپ، تۇغۇت بار ئۆينىڭ دېرىزىسىنىڭ سىرتىدا تۇردى. ئاخۇنۇم ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ، يۈئېرگە بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى ئۆزىگە قارىتىشنى ئېيتىپ، سۈپكۈچ قىلدى، ئارقىدىن سول قۇلىقىغا سۈپكۈچ قىلدى، ئاندىن دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئىسىم قويۇش ئاياغلاشتى. بوۋاققا «زەمزەم» دەپ ئىسىم قويۇلدى. بۇ ئىسىمنى خەنزۇچىغا خەت مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلغاندا، ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغۇچى مۇھەممەد پەيغەمبەرنى مەدھىيىلەش مەنىسىنى بېرەتتى، ئەرەبچە مەنىسى «سوراش» ئىدى. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 - ئايدا مەككە مۇكەررەمگە ھەج قىلغىلى بارغانلار «زەمزەم سۈيى» نى قانغۇچە ئىچىپ ئانىسىنىڭ سۈتىگە قانغان بوۋاقتەك بولۇپ كېتىشەتتى. بۇ ئىسىم ھەقىقەتەن ياخشى ئىسىم ئىدى.

مۇقەددەس بۇلاق سۈيى، كۆكتىكى نۇرلۇق يۇلتۇز!
بالىلىق بولغان خەن خانىم تالا ۋە ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئاپىسى بەي يەڭگە يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا قازا قىلىپ كەتكەنىدى. سىڭلىسى يۇئېر يەنجىڭ ئۇنى-ۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى. ھەمىشە ئۇنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يەت-كۈزسە بولمايتتى، شۇڭا ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەن خانىمغا قالدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىشچان بولغاچقا، چوڭ - كىچىك ئىشلارنى ئۆزى قىلىشنى خالايتتى. خەن زىچى دۇكاندىكى شا-گىرتنى غوجىدارلىققا قويماقچى بولغانىدى، خەن خانىم: «پاس-كىنا ئەرلەر مېنىڭكىگە كىرسە نامەھرەم بولامدۇ؟ يەيدىغان، كىيىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرگە شۇلار قول تىقامدۇ؟» دەپ تۇرۇۋالدى. ئايال خىزمەتچى ياللاشنى ئېيتىۋېدى، خەن خانىم: «ئوغرىدىن ساقلانماق ئاسان، ئۆي ئوغرىسىدىن تەس، كىمنىڭ كۆڭلىنى كىم چۈشىنىدۇ؟ ساڭا ئوخشاش قولى ئەگرى قۇلنى تاپقان پۇ شۇچاغدەك بولۇپ قالمايلى!» دەپ ئۇنىمىدى.
ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۈلۈشتى، بۇ گەپنى قايتا تىلغا ئېلىشمىدى.
تيەنشىڭنىڭ تۇغۇلغىنىغا يۈز كۈن بولدى، خەن زىچى ئەلۋەتتە بۇ كۈننى قۇتلۇقلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ زىياپەت راس-لىماي، يېڭى تۇرالغۇسىدا «قاشتېشى كۆرگەزمىسى» ئېچىپ، بۇ كۆرگەزمىگە كەسىپداشلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزگىچىلىك ياراتماقچى بولدى. ئۇ شەرقىي تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىز ھۇجرىنى پاكىز تازىلىتىپ، ھەر بىرىگە يىگىرمە تۆت بۇيۇم قويغىلى بولىدىغان ئىشكاپلارنى قويدۇرۇپ، كەسىپداش، مەشھۇر جاما-ئەت ئەربابى ۋە ئەدىبلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئىشكاپلارغا ئۆزى ئون يىلدىن بېرى يىغقان قىممەتلىك بۇيۇملارنى تىزدۇر-دى. بۇ قېتىمقى كاتتا مەرىكە چىچېنجەيدە ئەمەس، «بىلىمدان» قەسىردە ئۆتكۈزۈلەتتى. خەن زىچىنىڭ ئۆيىدە، دۇكاندا ئۆتكۈز-

سە سېتىشتىن، قەسىردە ئۆتكۈزسە كۆرۈشتىن، كۆرگەزمە قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى ھەم بۇ ئىش خوجايىنىنىڭ پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. خەن زىچى بۇ كاتتا مەرىكە-نىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا دۇكاندىكى ھېساباتچى لاۋخۇ بىلەن خىزمەتچىلەرنى ئاجراتتى، ئۇلار بىرنەچچە كۈن تاڭ ئاتقۇچە ئىشلىدى. ئېچىلىش مۇراسىمى كۈنى ئۇلار دۇكانغا قايتىپ تىجارىتىنى قىلدى، مەرىكىگە خەن زىچى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان يۇئېر مەكتەپتىن ئۈچ كۈن رۇخسەت سوراپ خەن زىچىگە ياردەمچى بولدى.

كۆرگەزمە ۋاقتى ئۈچ كۈنگە بېكىتىلدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە كىملا كېلىپ كۆرسە بولىۋېرەتتى، كۆرگەزمە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېچكىم قوبۇل قىلىنمايتتى. كۆرگەزمە ئې-چىلىپ ئۈچ كۈنگىچە بېيپىڭ شەھىرىدىكى قەدىمي بۇيۇملار ۋە ئاسارئەتىقە ساھەسىدىكىلەر تەۋرەپ كەتتى. چوڭ - كىچىك ئەربابلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ كۆردى. بىرىنچىدىن، ئۇلار قىممەتلىك بۇيۇملارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، ئىك-كىنچىدىن، خەن خوجايىنىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنى قۇتلۇقلىدى. ئادەم مىغ - مىغ، قەسىرنىڭ ئالدى خۇددى بازاردەك قىزىپ كەتكەنىدى. «بىلىمدان» قەسرى ھەزرەت ئولتۇرغان چاغدىكىگە ئوخشاش پېشايۋانلىرىغا قۇشقاچ چاڭگا سالىدىغان قەسرگە پۇتۇن-لەي ئوخشىمايتتى. قەسر بىلەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى تاماشا قىلغان بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى بىلەن ئوقۇ-مۇشلۇق زاتلار ئاپىرىن ئەيلەپ، ھۆسنخەت يېزىپ قالدۇرۇش-تى. بولۇپمۇ چيەنلۇڭ خانىنىڭ قاشتاش پەتنۇسىغا يازغان خېتى-گە تەقلىد قىلىپ پېشايۋانىنىڭ پېشانىسىغا ۋە ئىككى تەرىپىدىكى تۈۋرۈككە يېزىلغان: «يېگىلى بولمايدۇ ھەم كىيگىلى، لېكىن يوقتۇر ئۇنىڭ باھاسى» دېگەن ئىككى مىسرا شېئىر بىلەن «قاشتاش پادىشاھى» دېگەن پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتىكى خەت

كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. مېھمانلار: «بىلىمدان» قەسرىدە بۇرۇن «قاشتاش مەستانىسى» بار ئىدى، مانا ئەمدى «قاشتاش پادىشاھى» پەيدا بوپتۇ، دەپ بارىكاللا ئېيتىشىپ كەتتى.

مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئەنگلىيىلىك، ئامېرىكىلىق، فرانسىيىلىك، ئىتالىيىلىكلەر بار ئىدى. ئۇلار چېچېنجەينىڭ ئون يىللىق كونا خېرىدارلىرى، خەن زىچىنىڭ قەدىناس ئاغىنىلىرى ئىدى. سام خونتېر خەن زىچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن:

— خەن ئەپەندى، مۇشۇ كاتتا مەرىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقىنىمغا ئون يىل بولغانىدى! — دېدى. سام خونتېر خەنزۇچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى، ئۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنەلەيتتى. قالغان ئەجنەبىيلەر ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭ گېپىنى يۈئېر خەنزۇچىغا ئۆرۈيتتى. ئەمەلىيەتتە، خەن زىچى ئىنگلىزچىدا يۈئېردىن قېلىشمايتتى، سىڭلىسىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۇ يۈئېرنى تەرجىمانلىققا سالغانىدى، ئون توققۇز ياشقا كىرىپ بويىغا يەتكەن يۈئېر كىشىگە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئۈچىسىغا يېڭى كەڭ، ياقىسى ئېگىز كۆك كۆڭلەك كىيگەنىدى. كۆڭلەكنىڭ يېڭى جەينىكىگە كېلەتتى. بىلەكلىرى مەرمەردەك ئاپئاق ئىدى. ئاپئاق پايپىقى كېلىشكەن پاقالچەكلىرىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇراتتى. قاپقارا چاچلىرى قۇلاقلىرىنىڭ چۆرىسىدە تەكشى يېيىلىپ تۇراتتى، چېچىنىڭ ئالدىمۇ تەكشى قىرقىلغانىدى. ئاددىي، ئەمما چىرايلىق ياسانغان يۈئېر ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەجنەبىيلەر مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچى ساپ ئىنگلىز تىلىدا تەمتىرىمەي سۆزلەپ سېرىق چاچ، كۆك كۆز ئەپەندىلەر بىلەن خانىملارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. دۆلەتمەن ئەجنەبىي سودى-

گەرلەر يۇئېرنىڭ ئالدىدا خۇددى مەلىكىگە تەلمۈرۈپ قارىغان
پۇقرالاردەك ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئىنگلىز تىلىنى ئۇق-
مايدىغان يەرلىك بايلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپ، كۆڭۈللىرىدە:
نېمىشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملار، تالانتلىق كىشىلەر «بىلىم-
دان» قەسرىگە مەركەزلىشىپ قالىدۇ؟ دەپ ئويلايتتى.

خەن زىچى مېھمانلارنى جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك ياكى
باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، ھەممىسىگە ئەدەپ بىلەن ئوخ-
شاش مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارغا چاي قۇيدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ ئۆزى بىلەن سودا توغرىسىدا كېڭەش ياكى توختام
تۈزمەكچى بولغانلارغا باشقا بىر كۈنى دۇكانغا بېرىشنى ئېيت-
تى. كۆرگەزمە قىلىنغان بۇيۇملارنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە
ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ ئىلتىماسىنى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت
قىلدى.

بۇ ئىشنى ئاڭقىرالماي قالغان خەن خانىم ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ
قىلىشىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قاراپ نارازى بولغان قىياپەتتە:
ــ سىز بارغۇ، راستىنلا ساراڭ بوپسىز! تىجارەتچى دېگەن
تىجارىتىنى قىلماي، قورۇق داۋراڭ سېلىپ نېمە كەپتۇ؟ ــ دېدى.
خەن زىچى خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدىكى تيەنشىڭنى سۆيۈپ تۇ-
رۇپ:
ــ يېگىلى بولمايدۇ ھەم كىيگىلى، لېكىن يوقتۇر ئۇنىڭ
باھاسى! ــ دېدى.

خەن خانىم ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئېرى
ئۇنىڭغا ئۆزگىرىپ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتقاندەك، يېگىلى
ھەم ئىچكىلى بولمايدىغان «بۇيۇم» غا مەستانە بولۇپ كېتىپ،
بارغانچە بىكار تەلەپ ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ
كېتىۋاتاتتى. لىق بىر هويلا ئادەمنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىش خەن
خانىمغا بىئەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇچىقىدىكى بالا يىغلاپ
كەتتى. ئۇ بالىنى ئېمىتكىلى غەربىي ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى.

خەن زىچى بىلەن يۈئېر مېھمانلارنى ئۇزىتىپ نەقىشلىك ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىققاندا بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇ ئايال بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، بىر قولىدا مەيدىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى ئارانلا سوزۇپ، بوش ئاۋازدا:

— ساۋاب بولۇر، سەدىقە بەرسىلە، خۇدايىم رەھمەت قىلغاي! — دېدى.

دېمەك، بۇ ئايال مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ دەرۋازا بېشىدىكى «ئايەت»نى كۆرۈپ سەدىقە تىلەپ بۇ ھويلىغا كىرگەنىدى. . . ئۆزىنىڭ ئون يىل ئالدىدىكى سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئويلاپ ئۆپكىسى ئۆرلىگەن خەن زىچى يانچۇقىدىن پارقىراپ تۇرغان تەڭگىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ ئۇ ئايالنىڭ ئورۇق ئالىقىنىغا قويۇپ:

— ئېلىڭ، تويغۇدەك تاماق يەڭ! — دېدى.

ئۇ ئايال ئېغىر تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە خەن زىچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى.

خەن زىچى شۇندىلا بۇ ئايالغا سەپسېلىپ قارىدى. بۇ ئايالنىڭ چىرايى سولغۇن بولسىمۇ، لېكىن سەت ئەمەس، ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا بار ئىدى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايى جۇدەڭگۈ، قاش - كۆزلىرى ئادەتتىكىدەك ئىدى. روھى ھالىتىدىن نومۇس قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يىل بويى تىلەمچىلىك قىلىدىغانلارغا ئوخشىمايتتى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۇنچىۋالا كونا ئەمەس ئىدى، بىر نەچچە يېرى يىرتىلغانىدى. يىرتىلغان يەرلەرنى قولى بىلەن ئېتىۋالغان بولسىمۇ، ئەتلىرى يەنىلا كۆرۈنۈپ قالغانىدى. خەن زىچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈئېرگە:

— بىر نەچچە قۇر كونا كىيىم - كېچەك ئاچىقىپ بېرىڭ، بۇ ئايال كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ماڭسۇن! — دېدى — دە، مېھمانلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىق-

تى. يۈئېر ئۇ ئايالنى جەنۇب تەرەپتىكى مېھمانخانىدا ئولتۇرغۇ-
زۇپ قويۇپ، خەن خانىمنىڭ كونا ئىشتىنى بىلەن كۆڭلىكىنى
ئاچىقتى. بۇ كىيىملەرنى كىيىپ، تىلەمچىلەرگە خاس ئىسكەتتى-
نى شۇئان يوقىتىپ، «ۋالىلىدە» ئېچىلىپ كەتكەن بۇ ئايال يېڭى
كىيىم ـ كېچەككە ھەم پۇلغا ئېرىشكەنلىكىدىن مىننەتدار بو-
لۇپ:

ــ ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئاق كۆڭۈل خېنىم، سىز-
نى خۇدا رەھمەت قىلغاي! ــ دەپ يۈئېرگە تەزىم قىلىپ كەتتى.

يۈئېر دەرھال ئۇنى توسۇۋېلىپ:

ــ ئاچا، بۈگۈن بىزنىڭ تيەنشىڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا يۈز
كۈن بولغان كۈن، مۇبارەكلەپ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھ-
مەت! ــ دېدى.

ماڭماقچى بولۇپ تۇرغان ئۇ ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېڭىر-
قاپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ ھە، يۈز كۈن بولدى؟ ساق يۈز كۈن بولدىمۇ؟ ــ دېدى
ئۇ.

ھويلىدىن قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى
سۇس ئاڭلاندى. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۇ ئايال: «مېنىڭ
بالام! مېنىڭ بالام...» دەپ بىردىنلا ساراڭدەك ھويلىنىڭ
ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى.

خەن خانىم بىر خىلدا تيەنشىڭنى ئېمىتىۋاتاتتى. كېچىكىپ
تۇغقاچقا، سۈتى يەتمەيتتى. تيەنشىڭ قىرقىراپ يىغلايتتى. تى-
تىلداپ تۇرغان خەن خانىم ھۇجرىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن
ئايالنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كىرگەن يۈئېردىن
ئاچچىق بىلەن:

ــ بۇ... نېمە ئىش؟ ــ دەپ سورىدى.

يۈئېر ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىچە ئۇ ئايال خەن خانىمنىڭ
ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تيەنشىڭغا قوللىرىنى ئۇزاتتى ۋە:

— ساۋاب تاپارسىز، ياخشى خانىم، بالامنى قايتۇرۇپ بېرىڭ! بۇ مېنىڭ بالام! — دېدى.

— نېمە؟ ساراڭ! — خەن خانىم قورقۇپ كېتىپ ئۇ ئايالدىن ئۆزىنى قاچۇردى. تيەنشىڭ ئۇ ئايالنىڭ قولىغا چىقىپ بولغانىدى. خەن خانىم جىلە بولۇپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى، بالىسىغا قولىنى ئۇزاتتى. بالىسىنىڭ قورقۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، يۇئېرگە:

— چاققان ئىشكنى تاقا، ئۇ بالىنى ئېلىپ قېچىپ كەتمىسۇن! — دېدى.

ئۇ ئايالنىڭ قېچىش خىيالى يوق ئىدى. ئۇ تيەنشىڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ بىر پەس توختىماي سۆيۈپ كەتتى. ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى يېشىپ، تيەنشىڭنى ئېمىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پۇتۇنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن تيەنشىڭ يېتەرلىك سۈتكە ئېرىشىپ، ئۇ ئايالنى جېنىنىڭ بارىچە ئېمىۋاتاتتى، يىغىسىمۇ بېسىققانىدى.

گاڭگىراپ قالغان خەن خانىم يۇئېردىن:

— ئۇ... ئۇ... كىم؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئايالنىڭ چىڭقىلىپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن كۆكسى تيەنشىڭنىڭ ئېمىشى بىلەن بارا - بارا بوشاپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىمۇ ئېسىگە كېلىپ، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى تيەنشىڭغا تىكىپ:

— بەگزادەم، سەن بالامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسەن. مېنىڭ بالام... — دەپ پىچىرلىدى.

يۇئېر شۇبھە بىلەن:

— ھوي، نېمە گەپ بۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

ئۇ ئايال ياشلانغان كۆزلىرىنى بالىدىن ئېلىپ، تىترىگەن ئاۋازدا:

ـــ خېنىم، خانىم، مەن تىلەمچى ئەمەس! مېنىڭمۇ ئۆ-
يۈم، ئېرىم، بالام بار ئىدى! ـــ دېدى

. . .

بۇ ئايال جىلىن ئۆلكىسىنىڭ چاڭچۈن شەھىرىدە تۇغۇلغان
ئىكەن، ئۆزىنىڭ فامىلىسى ما، ئېرىنىڭ فامىلىسى خەي، ئىس-
مى خەي لىيەنيى ئىكەن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئاشخانا
ئاچقان، شۇ يەردىكى خۇيزۇ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز -
تولا نام چىقارغانىكەن، خەقلەر «خەي خۇي خۇي» دېيىشىدى-
كەن. «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن شەرقىي -
شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ياپونلار بېسىۋالغاندا، ياپونلارنىڭ ئاياغ -
ئاستى قىلىشىغا چىدىمىغان خەي لىيەنيى خوتۇنى بىلەن بىللە
شەنخەيگۈەنگە قېچىپ كىرىپ، پىڭدۇڭنىڭ توڭجۇ دېگەن يېرىدە
سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئاتا كەسپىنى قىلىشقا ماجالى يەتمە-
گەچكە، توڭجۇدا بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ چاي سېتىپ
تىرىكچىلىك قىپتۇ.

ياپون ئارمىيىسى مىنگونىڭ 22 - يىلى رېخېنى بېسىۋې-
لىپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، بېيپىڭ بىلەن تيەنجىنگە
قىستاپ كېلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى «تاڭگۇ كېلىشىمى» نى ئىمزالايدۇ،
جۇڭگو قوشۇنلىرى غەربكە چېكىنىدۇ. خەي لىيەنيى خوتۇنى
بىلەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ياپون ئارمىيىسىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى-
دىن قېچىپ كېتەلمەپتۇ. مىنگونىڭ 24 - يىلى 5 - ئايدا
ياپونىيە ھۆكۈمىتى، جۇڭگو «تاڭگۇ كېلىشىمى» گە بۇزغۇنچى-
لىق قىلدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، شىمالىي جۇڭگوغا ھۆكۈم-
رانلىق قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 6 - ئايدا گومىن-
داڭ ھۆكۈمىتى شىمالىي جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ياپونىيە ئارمىيە-
سىنىڭ قوماندانى مېيجىن مېيسىلاڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش-
كە خې يىڭچىننى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «خې - مېي كېلىشى-

مى» ئىمزالىنىپ، خېبېيدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو ئارمىيىسى چې-
كىندۇرۇلىدۇ. خېبېي ئۆلكىلىك ۋە بېيپىڭ بىلەن تيەنجىن
شەھەرلىك «پىرقە» ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، خېبېي ئۆلكىسى-
نىڭ رەئىسى ۋە بېيپىڭ ـ تيەنجىن شەھەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى
ئالماشتۇرۇۋېتىلىدۇ، ياپونغا قارشى بارلىق ھەرىكەتلەر مەنئى
قىلىنىدۇ. رېخې بىلەن چاخارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ كۆپ قىس-
مى ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە قوش قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ...

شۇ كۈنى ئۇ تېخى قىرىقى توشمىغان بالىسىنى ئېمىتىۋاتقا-
نىكەن. خەي ليەنيى ئالدى تەرەپتە ئوقىتى بىلەن بەند ئىكەن.
گۈگۈم چۈشۈپ، كوچىدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر شالاڭلىغاندا،
خەي ليەنيى چايخانىسىنى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇپ، كەچلىك
تاماقنى خوتۇنى بىلەن بىللە يېيىشكە ئالدىراپتۇ. بۇ چاغدا شە-
ھەردىن چىققان بىر ماشىنىدىن بىرنەچچە ياپون ئەسكىرى سەك-
رەپ چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ چاي ئىچىدىغانلىقىنى ئىشارەت ئار-
قىلىق ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپتۇ، ئۇ دەرھال چاي دەملەپ ئۇلارنىڭ
ئالدىغا ئەكەپتۇ. ياپون ئەسكەرلىرى چاينى ياراتماي ماشىنىدىن
ھاراق ۋە گۆش ئەچۈشۈپ چايخانىدا ئىچىشكە باشلاپتۇ. خەي
ليەنيى ئاچچىقىنى بېسىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— باشقا بىر جايدا ئىچسەڭلار قانداق؟ بىزنىڭ بۇ...
مۇسۇلمان چايخانىسى! — دەپتۇ. بىر ياپون ئەسكىرى كۆزىنى
چەكچەيتىپ:

— نېمە ئۇ مۇسۇلمان چايخانىسى دېگەن! — دەپلا، خەي
ليەنيىنىڭ مەيدىسىگە بىر مۇشت ساپتۇ. خەي ليەنيى قول
ياندۇرماپتۇ، قالغان ياپون ئەسكەرلىرى ئۇستەل ـ ئورۇندۇق-
لارنى ئۆرۈپ، خەي ليەنيىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، ئىتتىرگەن
پېتى ماشىنىغا ساپتۇ، خەي ليەنيى: «مېنى قويىۋېتىڭلار!»
دەپ ۋارقىراپتۇ.

خەي يەڭگە قورقۇشنى ئۇنتۇپ، بالىسىنى كۆتۈرگەن پېتى

ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ:

— دادىسى، دادىسى! — دەپ توۋلاپتۇ.

قاقاقلاپ كۈلگەن ياپون ئەسكەرلىرى بالىنى خەي يەڭگىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ماشىنىغا تاشلاپتۇ ـ دە، ماشىنا قوزغىلىپ، ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بالىسىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپتۇ. جان تالىشىپتۇ، ئاخىر ماشىنىدىن سەكرەپتۇ. . . خەي يەڭگە ھوشىغا كەلگەندە ماشىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، قارىسا ئۆيى، چايخانىسى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان، بالىسى بىلەن ئېرىنىڭ قايان ئېپكېتىلگەنلىكى نامەلۇم.

. . .

سۈتكە تويغان تيەنشىڭ ئۇ ئايالنىڭ قۇچىقىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

خەن خانىمنىڭ قولياغلىقى كۆز يېشى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتتى، بۇ ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بالىنى ئېلىۋېلىشقا، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلى بارمىدى. بىردەم تۇتۇپ تۇرسۇن، مەيلى، ئانىلارنىڭ يۈرىكى بالىسىنىڭ يۈرىكى بىلەن تۇتاش، تيەنشىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىپ قالسۇن.

— خەي يەڭگە، — دېدى يۈئېر يىغلاپ تۇرۇپ — سىز يالغۇز نەگە باراي دەيسىز؟

— بىلمەيمەن، — دېدى خەي يەڭگە يۈئېرگە ھاڭۋېقىپ قاراپ، — تىلەمچىلىك قىلغاچ ئېرىمنى ۋە بالامنى ئىزدەپ نۇرغۇن يەرگە باردىم. . .

يۈئېر خورسىنىپ:

— ھەي، ئۇلارنى نەدىن تاپالايسىز؟ بەلكىم. . .

خەن خانىم يۈئېرگە «لەپپىدە» قاراپ، ئۇنى خەي يەڭگىنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدىغان گەپلەرنى قىلماسلىققا، خەي يەڭگىنى

ئۈمىدلەندۈرۈشكە ئۈندىدى. ئادەمدە ئۈمىد بولمىسا ياشاش مۈمكىن ئەمەس.

— خەي يەڭگە، قايغۇرماڭ، ئاۋۋال ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى تېپىپ جايلىشىۋېلىڭ. ئالدىرىماڭ، ئېرىڭىز بىلەن بالىڭىزنىڭ دېرىكى چىقىپ قالار...

— خانىم، ماڭا ئوخشاش ئىگە - چاقىسى يوق تىلەمچىنىڭ نەدىمۇ پاناھى بولسۇن! — خەي يەڭگە يەنە يىغلاپ كەتتى ۋە بىردىنلا تيەنشىڭنى قۇچاقلىغىنىچە يۈكۈنۈپ، — خانىم، خېنىم، ئاق كۆڭۈل شەپقەتچىلىرىم، خۇش بوپكېتەي، مېنى ئېپقالساڭلار. مەن بۇ بەگزادىدىن كېچەلمەيمەن، مېنى ئېپقېلىڭلار، مەن ھەممە ئىشنى قىلالايمەن، ئات - ئېشەكتەك ئىشلەپ ياخشىلىقىڭلارغا جاۋاب قايتۇرىمەن! — دېدى.

خەن خانىم ئالدىراش ئۇنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى:

— بۇنداق قىلماڭ، خەي يەڭگە، قارىغاندا، بۇ بالىنىڭ سىز بىلەن تەقدىر - پېشانىسى بىر ئوخشايدۇ. يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا بىر ئادەم لازىم ئىدى، سىز قېپقېلىڭ، بىزنىڭ ئەپەندىگە دەي، سىزگە دۇكاندىكى خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ھەر ئايدا ھەق بەرسۇن، دەسلەپكى ئۈچ يىلدا...

— مەن ھېچنېمە ئالمايمەن! مۇشۇ بەگزادىگە ھەمراھ بولۇپ، بىر ئۆمۈر سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولۇپ، بالام بىلەن ئېرىمنىڭ دېرىكىنى قىلاي!

مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ يېنىپ كىرگەن خەن زىچى، ئۇنى مەسلىھەتلىشىشكە چاقىرغىلى ماڭغان يۈئېرگە يولۇقۇپ قالدى. خەن زىچى غەربىي ھۇجرىغا كىردى، بۇ ئىشنى خانىم بېكىتىپ بولغاچقا، ئۇمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. ئورۇنلاشتۇرۇش خانىمنىڭ دېگىنىچە بولىدۇ. خەن زىچى شەرقىي ھۇجرىدىكى «قاشتاش كۆرگەزمىسى» دىن ئەنسىرەپ، بىر دەم تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىپ:

— ئىپقالغان ئىكەنسىلەر، ئۇنى چاكاردەك كۆرمەي ئائىلىمىز-نىڭ بىر ئەزاسىدەك كۆرۈڭلار. مەنمۇ تىلەمچىلىكتىن كېلىپ چىق-قان. كەمسىتىلىشنىڭ ئەلىمىنى يەتكۈچە تارتقانمەن! بۇنىڭدىن كېيىن مېنى «ئەپەندى»، ئۇنى «خانىم» دېمەڭ. . . ئائىلىمىزنىڭ بىر ئە-زاسى كۆپەيدى، تيەنشىڭ ئۇنى «هاما» دېسۇن! — دەپ تاپىلى-دى.

خەي يەڭگە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان كىچىك تيەنشىڭنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ هالرەڭ يۈزىنى كۆز ياشلىرى بىلەن هۆل قىلىۋەتتى.

قاشتاش كۆرگەزمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى.

خەن زىچى گۇگۇم مەھەلدە ئاخىرقى بىرنەچچە مېھماننى ئۇزىتىۋېتىپ، دەرۋازىنى تاقىماقچى بولۇپ تۇراتتى. شۇ ئارى-دا، خۇيىيۇەنجەي قاشتاش بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى پۇ-شۇچاڭ كېلىپ قالدى.

چىجېنجەي بىلەن خۇيىيۇەنجەي ئارىسىدا ئون يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆچ - ئاداۋەت بار ئىدى. لياڭ يىچىڭ ئەتىۋارلىق قاشتاش كېمە ھەيكىلى ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بەر-دى، خەن زىچى خۇيىيۇەنجەيدىن چىقىپ كېتىپ چىجېنجەينى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەنە شۇ ئىشلار تۈپەيلى ئارىغا ئاداۋەت چۈشكەنىدى. كەسىپداشلار بىر - بىرىگە رەقىب بولى-دۇ. پۇ شۇچاڭ خەن زىچىنىڭ خۇيىيۇەنجەيدىن چىقىپ چىجېن-جەيگە بارىدىغانلىقىنى، بايراق كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشىدىغانلى-قىنى خۇيىيۇەنجەيدە ئۈچ يىل تۇرۇپ مۇشۇنچىۋالا كارامەتلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. پۇ شۇچاڭنىڭ نەزىرىدە، خەن زىچى سودىگەر ئەمەس، بەلكى ئەرزىمەس ھۈنەرۋەن ئىدى، خەن زىچىنى سودا ئىشلىرىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. كىم بىلسۇن، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتە - ئۆتمەي چىجېنجەي خۇيىيۇەن-

جەينىڭ سودىسىنىڭ يېرىمىنى تارتىپ كەتتى. ئون يىل ئارىلىقتا خۇيىۋەجەي لىنگشىپ قالدى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئاساسلىق خېرىدارلار كەينى - كەينىدىن چىجېنجەيگە ئۆلاشتى. ئايىغى چاققان سام خونتېر نەچچە يىلدىن بېرى چىجېنجەي ئارقىلىق پۇل تاپتى، چىجېنجەيمۇ كۆپ پۇلغا ئېرىشتى، خەن زىچىنىڭ شۆھرىتى بارغانچە ئاشتى. ئۇ تېخىمۇ شان - شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن قانداقتۇر «قاشتاش بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى» ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆپ ئادەملەر خۇشامەت قىلىپ ھەتتا «قاشتاش پادىشاھى» دېگەن ئاتاقنى بەردى. پۇ شۇچاڭ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، دۇكاندىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە خەن زىچىنىڭ «كۆرگەزمىسى» گە بارماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن خۇيىۋەنجەيگە كېلىۋاتقان ئەپقاچتى پاراڭلارنى توساش ئىمكانىيىتى بولمىدى. گەپ ئاۋۇغانسېرى شۇنچە سىرلىق تۈس ئالدى. «كۆرگەزمە» ئۈچ كۈن ئېچىلدى. چىجېنجەينىڭ ئالدى بازاردەك قىزىپ كەتتى. خۇيىۋەنجەي چۆلدەرەپ قالدى، خېرىدارمۇ يوق ئىدى، خىزمەتچىلەر قىلىدىغان ئىش يوق خەن زىچى توغرۇلۇق بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن خەن زىچىگە بولغان زوقلىنىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. پۇ شۇچاڭنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلىپ، زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. سودىگەرلەر، ئۆزىنىڭ رىقابەتتە يېڭىلىپ قالغانلىقىغا، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە تەن بەرمەيدۇ ھەم قىمار سورۇنىدا كۆزى قىزارغان قىمارۋازدەك، رەقىبىنىڭ روناق تېپىپ كۆكلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەقەت چىدىمايدۇ. قىمارۋاز باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭكى دەپ ھېسابلايدۇ. ھەر قېتىم ئۇتتۇرغاندا تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىدۇ. قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، جىددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشاش، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش، كۈچلۈك دۈشمىنىنى ھالاك قىلىش

قىمارۋاز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ لەززەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۇ شۇ-
چاڭ پايدىنىلا كۆزلەيدىغان ئادەتتىكى سودىگەر ئەمەس، قىممەت-
لىك بۇيۇملارنى تونۇيدىغان بىر جۈپ پاراسەتلىك كۆزلىرى بار
تۇرۇپ، ئۇ بۇيۇملارنىڭ چىجېنجەيگە ئۈزۈلمەي كىرىپ كېتىد-
ۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى، گۆھەر يىغالايدىغان چېۋەر قوللىرى
بار تۇرۇقلۇق خەن زىچېنىڭ كارامىتى ئالدىدا ئامالسىز قالدى. . .
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن چىدىغۇسىز ھاقارەت ئىدى.
ئۇ رىقابەتتە ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىدىكى، مۇنداق ئاۋارە يا-
شاشنى خالىمايتتى. ھەسەتخورلۇق، كىشىلەر لەنەت ياغدۇرىدى-
غان بۇ پاسقىلىق بەزىدە كىشىلەرنىڭ ھەرقانچە قوغلاپمۇ كەتكۈ-
زۈۋەتكىلى بولمايدىغان دوستىغا ئايلىنىدۇ. ئىشلىرىڭىز كۆ-
ڭۈلدىكىدەك بولماي قالغاندا، ئۇ ئاستا كېلىپ، سىزنى ئىشەنچ
ۋە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئازاب ئوتىدا قىلدەك تولغى-
نىپ كېتىۋاتقان پۇ شۇچاڭ توساتتىن ئەنە شۇنداق ئىشەنچ ۋە
قۇدرەتكە ئىگە بولدى. ھىم، چاكىنىلار، خۇيىيۈەنجەي مەغلۇبى-
يەت گىردابىغا بېرىپ قالغىنى يوق، چىجېنجەيىنىڭمۇ بۇنچىلىك
قۇدرەت تېپىپ كېتىشى ناتايىن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ
كېلەيچۇ. پۇ شۇچاڭ ئەنە شۇنداق ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، «قاشتاش بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى» نىڭ
ئاخىرقى كۈنىنىڭ ئاخىرقى پەيتىدە ئويلىمىغان يەردىن رىكشا
ياللاپ كەلدى.

پۇ شۇچاڭ «بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا
خەن خانىمغا دوقۇرۇپ قالدى. خەن خانىم تيەنشىڭنى خەي
ھامىمغا بېرىپ ئارام ئېلىپ قالغانىدى. ئۇ قوشنىلىرى بىلەن
پاراڭلاشقىلى نەقىشلىك ئىشىكنىڭ يېنىغا بارغاندا، دۈشمىنىنى
كۆرۈپ قالدى. دۈشمىنىنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانغان
خەن خانىم خانىۋەيران بولغان كۈنلەرنى ئېسىگە ئالدى، غەزەپ
شۇئان يۈزىگە تېپىپ چىقتى:

— ئوھۇي، كۇن قاياقتىن چىقتى: بۇ پۇ شۇچاڭ خوجايىن ئەمەسمۇ؟ ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتىلىغۇ؟ ھېلىمۇ يادىمدا، مەن سىلىنى دادام قازا قىلغان يىلى كۆرگەن، ئۇن يىلدىن بۇيان سىلىنىڭ ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ باققانلىرىنى كۆرمىۋېدىم، بۇ يەرگە خاتا كىرىپ قالدىلىمۇ نېمە؟

بۇ يەرگە ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن پۇ شۇچاڭ خەن خانىمنىڭ سېسىق گەپلىرىگە قانداق چىدىسۇن؟ ئاغزىنى بۇزاي دېسە تېخى، بۇزماي دېسە تېخى، چۇنكى ئۇنى بۇ يەرگە ھېچكىم چىللىمىغان ـ دە. ئۇ دېگەن چاقىرىلمىغان مېھمان! بىراق، كىرىپ سالغانىكەن، چىقىپ كېتىش بىئەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يا ئالدىغا يا كەينىگە ماڭالماي بىر دەم ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا خەن زىچى چىقىپ قالدى.

— ھۇي، ئۇستاز! — دېدى خەن زىچى ۋە ئىتتىك كېلىپ پۇ شۇچاڭنى بىلىكىدىن قولتۇقلىدى.

— ھەي، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى كۆرگەزمە قىلىپ، سىلىنى مالال قىلىپ قويىدىغانلىقىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئەسلىدە، خوتۇنۇم ماڭا، ئۇستازنى يول كۆرسىتىش-كە تەكلىپ قىلايلى، دېگەنىدى، سىلىنى بەك ئالدىراش، بەلكىم كېلەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ئاۋارە قىلىشقا پېتىنالمىدىم. قارى-سىلا، ئۆزلىرى كەپلا، مەن بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن! سىلىگە ئوخشاش پەزىلەتلىك ھەم ئابرۇيلۇق زات ئۇستىدە تۇرسا مەن بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرالايمەن. ئۇستاز، قې-نى، ئىچكىرىگە مەرھەمەت! — دېدى ئۇ.

بۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ ئۇنى دەل ۋاقتىدا ئىزا ـ نومۇس-تىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، خەن خانىمنىڭ بايامقى گەپلىرىدىن ۋۇجۇدىغا ياماشقان ئاچچىق ئەمدى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى. مەيلى نېمە بولسۇن، مەن پۇ شۇچاڭ ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان. «بىر كۈن ئۇستاز بولغان كىشى ئۆز دادىسىدەك بولۇپ كېتى-

دۇ» دېگەن گەپ بار. خەن زىچى، سەن ئاسمانغا چىقىپ كەت-
سەڭمۇ، مېنىڭ شاگىرتىم ئىكەنلىكىڭدىن تانالامسەن؟ ئاتاقلىق
ئۇستازدىن ئېسىل شاگىرت چىقىدۇ. سېنىڭ مەيلى قانچىلىك
كارامىتىڭ بولسۇن، ئۇستۇڭدە مەن بار، سۇ ھەرقانچە ئۆرلە-
سىمۇ تاغدىن ئاشالمايدۇ. پۇ شۇچاڭ مۇشۇلارنى ئويلاپ، خەن
خانىم بىلەن نېرى - بېرى دېيىشمىدى. «ياخشى ئەر خوتۇن
كىشى بىلەن تەڭ بولماس»، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دېگەن چوڭ!

خەن زىچى پۇ شۇچاڭنى قولتۇقلاپ ئىچكىرىگە ماڭغاچ
ئويلاندى: بۇ قېرى ئەبلەخ يا بالدۇر كەلمەي يا كېيىن كەلمەي،
نېمىشقا بۇ چاغدا كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ نىيىتى ياخشى ئەمەس! ئۈچ
كۈنلۈك «قاشتاش بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى» مۇۋەپپەقىيەت قا-
زىنىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغاندا، بۇ شور
پېشانىنىڭ كېلىشىنى كىم ئويلىغان؟ ئۇ كۆڭۈلگە نېمە شۇملۇق-
نى پۈكۈپ كەلگەندۇ؟ خەن زىچى پۇ شۇچاڭنى خەلقئالەم ئالدىدا
مات قىلىپ، نومۇسقا ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولدى.
ھالقىلىق پەيتتە پۇ شۇچاڭنىڭ بۇ كۆرگەزمىنى ۋەيران قىلىۋې-
تىشىگە يول قويماسلىق كېرەك. ناۋادا شۇنداق بولسا، پۇ
شۇچاڭنىڭ چېچىكى چاي بولىدۇ. ئۇنى ئالداش، سەۋرچان
بولۇش كېرەك. ئون نەچچە يىلدىن بېرى سەۋرچان بولمىغان
بولسا خەن زىچىنىڭ بۈگۈنكى كۈنى بولامتى؟ چىجېنجەينىڭ
بۈگۈنكى كۈنى بولامتى؟

تارقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىسىم مېھمانلار خەن
زىچىنىڭ پۇ خوجايىنىنى ھۆرمەت بىلەن قولتۇقلاپ كېلىۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئولاشتى. پۇ شۇچاڭنىڭ قاشتاش
بۇيۇملىرى ساھەسىدىكى نامىنى، ئورنىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى.
خەن زىچى ئۇنى مۇشۇنداق ھۆرمەتلەۋاتسا، بىر چەتتە قاراپ
تۇرۇشقا كىم پېتىنالىسۇن؟ ئۇنى تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغانلار
بولسۇن، ھەممىسى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول كۆرۈشتى، ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭغا سالام قىلىشتى. پۇ شۇچاڭنىڭ غۇرۇرى قانائەت ھاسىل بولۇپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، سالاپەت بىلەن خەن زىچى بىلەن شەرقىي ھۇجرىغا يۈرۈپ كەتتى.

پۇ شۇچاڭ ئىشىك بىشىدىكى «يېگىلى بولمايدۇ ھەم كىيەگىلى، لېكىن يوقتۇر ئۇنىڭ باھاسى» دېگەن مەسنەۋىنى ئاۋازنى چىقىرىپ ئوقۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بارىكاللا! چيەنلۇڭ خاننىڭ بۇ شېئىرى نېمىدېگەن ئاددىي، شۇنداقلا نېمىدېگەن مەزمۇنلۇق. بىز قاشتاش ساھەسىدىكى كەسىپداشلارنىڭ ئالىدىغان لەززىتى دەل مۇشۇ ئىككى شېئىردا، — دېدى.

مەسنەۋىنىڭ چيەنلۇڭنىڭ شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغانلىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىلمىسىمۇ، پۇ خوجايىن بىرلا كۆرۈپ بىلىۋالدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ كۆپنى كۆرگەن ۋە بىلىمگە توشقان زات ئىكەنلىكىگە ئىچىدە قايىل بولۇشتى.

پۇ شۇچاڭ نەزىرىنى ئۈستىدىكى ئۆزۈنىسىغا يېزىلغان «قاشتاش پادىشاھى» دېگەن خەتكە ئاغدۇرۇپ، سەل نارازىلىق بىلەن خەن زىچىگە:

— زىچى، سەن ئۆزۈڭنى «پادىشاھ» دېيىشكە قانداق پېتىنىدىڭ؟ — دېدى.

خەن زىچى كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈپ:

— مەندە نەدىمۇ بۇنداق جۈرئەت بولسۇن. مېنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان لياڭ يىچىڭ ھەم سىلىدەك ئۇستازلارنىڭ تەربىيىسىنى يەردە قويماسلىقىمنى ھەم «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئىگىسى بولغان مەرھۇم ھەزرەتنىڭ يوسۇنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان بۇرادەرلەر ماڭا مۇشۇ نامنى تولىمۇ يېنىكلىك بىلەن بېرىپ قويدى. مەن ئويلايمەن، بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى، ناۋادا لايىق تاپمىسىلا، بولدى...

پۇ شۇچاڭ «قاشتاش پادىشاھى» دېگەن خەتنى خەقنىڭ

ئالدىدا خەن زىچىگە ئالدۇرۇۋېتەلمەيتتى. خەن زىچىنىڭ چۇ-شەندۇرۇشىنى ئاڭلاپ رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن كۈلۈپ:

— ئەمىسە تۇرىۋەرسۇن، بۇنىڭدىن قاشتاش ساھەسىدىكى كەسپداشلار ئورتاق رىغبەت ئالايلى! — دېدى. ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە، كىيىكنى ھەرقانچە قوغلىساڭمۇ، ئۇ-نىڭ كىمنىڭ قولىدا ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئىگىسى ئالماشقان ئىكەن، «قاشتاش پادىشاھى» دې-گەن شان - شەرەپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقا بىرىگە ئۆتۈپ كېتەمدۇ تېخى؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ناھايىتى يىراقنى ئويلىغاند-دى.

خەن زىچى پۇ شۇچاڭنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، يۇ-ئېرنى چاي دەملەشكە بۇيرۇدى. ئۆزى پۇ شۇچاڭنىڭ قولىقىغا ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

— سىلى نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئالىي تەبىئەتلىك زات. ئۆزلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئەمەس، بەلكى كەسپداشلارنى ئويلايلا. پېقىر سىلىنىڭ تەلىملىرىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالماي-مەن.

پۇ شۇچاڭمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى:

— مەن تەربىيىلىگەن شاگىرتلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياراملىقى سەن. مەن بۇرادىرىمىز لياڭ يىچىڭ ھايات ۋاقتىدىمۇ دې-گەن. . .

بۇ چاغدا يۇئېر چاينى ئەكەلدى. پۇ شۇچاڭ يۇئېرنىڭ قولىدىن چاينى ئېلىپ، يۇئېرگە قاراپ زوق بىلەن:

— بۇرادەر لياڭنىڭ ئىككىنچى قىزىمۇ مۇشۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كەتتىمۇ؟ بۇرادىرىمىزنىڭ روھى خاتىرجەم بوپتۇ. مەر-ھۇمنىڭ قەدىناس دوستى بولغان مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

پۇ شۇچاڭنىڭ يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئۆزىنى ماختاپ دېگەن گەپلىرى يۈئېرگە كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى، لېكىن ئاچچىسىغا ئوخشاش يۈزىدىلا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ:

— چى ئاكام داۋاملىق سىلىنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. سىلىنىڭ بۈگۈن ئالايىتەن قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلىمىز. قېنى، كۆزلىرىدىن كەچۈرگەيلا! — دېدى قول ئىشارىتى بىلەن تەكلىپ قىلىپ، گەپنى كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئۈستىگە يۆتكىدى. يۈئېر گەپ ـ سۆزلەرنىڭ شاخ-لىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پۇ شۇچاڭنىڭ بالدۇرراق كۆرۈپ تېزراق كېتىشىنى تىلەيتتى.

پۇ شۇچاڭ كۈلۈمسىرەپ:

— ماقۇل، ماقۇل! — دېدى. ئۇ ئەسلىدە قاشتاش كۆر-گىلى كەلگەنىدى، شۇ تاپتا بۇ پۇرسەتنى خەن زىچى بىلەن يۈئېر ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ چايدىن بىر ئوتلاپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە قولىنى كەينىگە قىلىپ ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى. كۆر-گەزمىنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ـ تولا ھەيۋىتى بار ئىدى. ئۇ كۆرگەز-مە قىلىنغان بۇيۇملارنى خەن زىچىنىڭ يىلغا قاراپ تىزغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئاۋۋال ئۆزىگە يېقىن بولغان، رەڭگى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان بۇيۇملار تىزىلغان ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بار-دى. ئەسلىدە بۇ پۈتكۈل كۆرگەزمىنىڭ قۇيرۇقى ئىدى.

بۇ ئىشكاپقا: ئاغزى بار يېشىل قاشتاش پىيالە، ئاق قاش-تاش چۆگۈن، ھېقىق قەدەھ، بىر تىزىق قاشتاش مەرۋايىت، ھال رەڭ قاشتاش شاھانە تامغا ۋە راھىبنىڭ سىگا قولى بىلەن ئىككى خىل مېۋە سانجىلغان ھېقىق گۈل قويۇلغانىدى. يېشىل قاشتاش دۇخاۋىدەك ياپيېشىل، ئاق قاشتاش كۈمۈشتەك ئاپئاق، ھېقىق شەپەقتەك قىپقىزىل، ھال رەڭ قاشتاش شاپتۇل چېچە-كىدەك قىزغۇچ ئىدى. قىممەتلىك بۇ قاشتاش ۋە ئېسىل تاشلار

كۆزنىڭ يېغىنى يەپ جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئادەتتە يول - يول ھېقىق بىلەن يېشىل قاشتاش «تەلەي ۋە بەخت تېشى»، كۆك قاشتاش «مۇۋەپپەقىيەت تېشى» دەپ ئاتىلاتتى. تاڭتەيزۇڭ ھال رەڭ قاشتاش شاھانە تامغىنى «يامانلىقتىن ساقلىغۇچى» دەپ ئاتىغانىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قاشتاش مارجان ۋە قاشتاش مونچاق، سىشتەيخۇنىڭ پۇتىغا ئاخىرەتلىك بۇيۇم ئورنىدا تاقاپ قويۇلغان قاشتاش ھالقىنىڭ باھاسى يەتتە يۈز ئەللىك مىڭ سەر كۈمۈش ئىدى. بۇ بىر نەچچە بۇيۇمنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە، نەپىس ۋە نازۇك ئىدى. پۇ شۇچاڭ ھە دېگەندىلا ھەيران بولۇپ، بۇ كاساپەتنىڭ قويغان بۇيۇملىرى ھەقىقەتەن ئېسىلكەن، دېدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقارمىدى، بېشىنى لىڭشىتىپ، ئالدىغىراق بېرىپ زەن سېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ نەزىرى ئاخىرى مېۋىلەر سانجىلغان گۈلدە توختىدى. ئۇ بۇنىڭغا خېلى بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. گۈلگە راھىبنىڭ قولى بىلەن ئانار ۋە شاپتۇل سانجىلغانىدى. بۇ، بەختلىك ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ بېشارىتى ئىدى. چېۋەر ئويمىكەش «بەخت تېشى» دەپ ئاتالغان يول - يول ھېقىقنىڭ قىزىل بىلەن ئاق رەڭ ئارىلىقىدىكى رەڭ تۈسىدىن ۋە رەڭ ئايرىمىسىدىن تولۇق پايدىلانغان بولۇپ، ئاق تەرىپىگە راھىبنىڭ قولىنى ئويغانىدى، بۇ كىشىگە راھىبنىڭ سىڭا قولىنى ئەسلىتەتتى؛ ھال رەڭ تەرىپىگە خۇددى رەڭلىك قەلەم بىلەن سىزغاندەك شاپتۇلنى ئويغانىدى، شاپتۇلنىڭ ساپاق تەرىپى قىپقىزىل ئىدى؛ ئالا - بۇلىماچ تەرىپىگە پوستى يېرىلغان، دانىلىرى قىزىل ياقۇتقا ئوخشاش ئانارنى ئويغانىدى.

پۇ شۇچاڭ پىچىرلاپ:

— كارامەت! كارامەت! بۇ... ئۇرددىن سىرتقا ئېقىپ كەتكەن بۇيۇملار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

خەن زىچى كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى.

— ئۇستاز قالغانلىرىنىمۇ كۆرسىلە، — دېدى ئۇ. — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس بۇيۇملاردىن مەندە ئاز - تولا بار ئىدى. تاللاپ يۇرۇپ، يامان ئەمەسرەكلىرىدىن مۇشۇ بىرنەچچە-سىنى تىزىپ قويدۇم. ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قاشتاش دەرەخ، دالچىن دەرىخى دېگەنلەرغۇ جىڭ مال، لېكىن بەكمۇ ئاددىي، شۇڭا قويمىدىم. بۇيۇك چىڭ دەۋرىدىكى بۇيۇملاردا شۇنداق ئىللەت بار، سىلىچىمۇ، شۇنداقمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇرىكى سەل جىغىلدىغان پۇ شۇچاڭ:

— گەپنى چوڭ قىلىدىغان بوپكېتىپسەن! — دېدى دەر-ھاللا.

خەن زىچى بايىقىدەك كۇلۇپ قويۇپ، پۇ خوجايىنىنى ئالدى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

مىڭ دەۋرىگە خاس بۇيۇملار بىرنەچچە ئىشكاپنى ئىگىلىگە-نىدى. ئۇلاردا بامبۇك بوغۇمى شەكىللىك كۆك قاشتاش پىيالە، قاپارتما نەقىشلىك كۆك قاشتاش جام، سۇت رەڭ نەقىش بېرىل-گەن قۇلاقلىق كۆك قاشتاش، گۇل - گىياھنىڭ سۇرىتى چۇ-شۇرۇلگەن مودەنگۇللۇك ئاق قاشتاش بېزەك، مېيخۇا گۇل شەكىللىك قارامتۇل گۇلدان قاتارلىق بۇيۇملار بار ئىدى.

پۇ شۇچاڭ گۇلدانغا قارىدى. قارامتۇل گۇلداننىڭ گەۋدى-سىگە ئاپئاق چېچەكلىگەن مېيخۇا گۇلىنىڭ بىر تال شېخى چۇشۇرۇلگەنىدى. چېۋەر ھۇنەرۋەن ئاق ۋە قارا رەڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بۇ بۇيۇمنى نەپىس چىقارغانىدى.

— بۇ . . . ؟ — پۇ شۇچاڭ ئۆزىنى تۇتالماي قولىنى سۇ-نۇپ سالدى، قولى ئەينەككە تەگدى.

خەن زىچى ئەينەك ئىشكنى ئېچىپ، گۇلداننى ئىشكاپتىن ئاۋايلاپ ئالدى ۋە پۇ شۇچاڭنى بىلىپ قالسۇن دېگەندەك، گۇل-داننىڭ تەكتىنى كۆرسەتتى، تەكتىگە «زىگاڭ» دېگەن خەت چېكىلگەنىدى.

— لو زىگاڭ! دەرۋەقە لوزىگاڭكەنغۇ! — پۇ شۇچاڭ خۇد-
دى مىڭ دەۋرىدىكى قاشتاش ئۈستىسى لوزىگاڭنى كۆرگەندەك،
نەچچە يۈز يىلدىن بېرى قاشتاشچىلىق ساھەسى مۇقەددەس دەپ
تونۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىسىمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ
تۇۋلىۋەتتى.

خەن زىچى ئۇنى نېرىسىدا ساقلاپ تۇراتتى.

پۇ شۇچاڭ نېرىسىدىكى بۇيۇملارنى كۆرۈشكە پېتىنالماي
قالدى. ئالدى تەرەپتە يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە خاس ئەجدىھا
چۇشۇرۇلگەن قوش قۇلاقلىق كۆك قاشتاش لوڭقا، قوش قۇلاق-
لىق ئاق قاشتاش قەدەھ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئەجدىھا چۇشۇرۇل-
گەن بەلۋاغقا ئېسىۋالىدىغان قاشتاش بېزەك بار ئىدى. بۇ بۇ-
يۇملار تەقلىدىي بۇيۇملار بولسىمۇ، لېكىن لايىدىن ياسالغان
ئەمەس ئىدى. نەپىس ياسالغان بۇيۇملاردىن يۇەن دەۋرىنىڭ
ئۇسلۇبى چىقىپ تۇراتتى. سۇڭ دەۋرىگە خاس ئاپتاپپەرەس شە-
كىللىك ھېقىق جام، ئەجدىھا شەكىللىك ئاق قاشتاش چىراغ،
كۆك قاشتاش شىر ھەيكىلى قاتارلىق بۇيۇملاردا ماتېرىيال تال-
لاش ۋە تەبىئىي رەڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ
قىلىنغانىدى. بۇ دەل چىڭ دەۋرىدىكى «رەڭدىن ئۇستىلىق
بىلەن پايدىلىنىش» نىڭ باشلىنىشى ئىدى.

تارىخنىڭ ئىخچام تەسۋىرى نامايان قىلىنغان بۇ كۆرگەزمى-
دە پۇ شۇچاڭ خەن زىچىگە ئەگىشىپ قاشتاش تارىخىنىڭ ئۇزۇن
ئېقىنىدا ئۈزۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا سۇڭ
دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگە ئۆتتى. تاڭ دەۋرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
بىلەن غەربىي دىيار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تازا راۋاجلانغان دەۋر
ئىدى. شۇ دەۋردە ئىشلەنگەن قاشتاش بېزەكلەرگە ئويۇلغان
ئادەملەرنىڭ ۋە ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پەرىزاتلارنىڭ سۈرەت-
لىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇ گويا تاڭ
ئوردىسىدىكى نەغمە - ناۋا ساداسىنى، يىپەك يولىدىكى تۆگىلەر-

نىڭ كولدۇرما ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئۆزىنى خىيالىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرگەندەك، بارغانلا يېرىدە كۆزىگە چېلىققان نەرسىلەردىن مەستخۇش بولۇپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى.

كۆك قاشتاش تۇتۇلغان نەقىشلىك غىلاپ، يۇمىلاق كەلگەن كۆك قاشتاش قىلىچ دەستىسى، تاج شەكىللىك كۆك قاشتاش بېزەكلەر قەدىمىي ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان رەڭدار بۇلۇتلاردەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قايسى دەۋردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى، تۆت بۇرجەكلىك قېلىن ئاق قاشتاش بۇيۇمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خۇددى بېشىغا توقماق تەگكەندەك:

— باستۇرغۇ! خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باستۇرغۇ! — دەپ توۋلىۋەتتى.

— توغرا، ئۇستازىنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىكەن! — دېدى خەن زىچى پۇ شۇچاڭغا قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراپ، — مەن بۇنى ئون خالتا چەت ئەل ئۇنىغا تېگىشىۋالغان.

— ھە! — پۇ شۇچاڭنىڭ كۆكرەك بوشلۇقىدىن قاتتىق بىر ھەسرەتلىك ئاۋاز چىقىپ كەتتى، — مەن بۇ بۇيۇمنى ئۆمرۈمدە بىرلا قېتىم كۆرگەن، بىر ھەزرەتنىڭ...

خەن زىچى پۇ شۇچاڭنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان بىر ھەزرەتنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنمۇ؟ — دېدى.

— ھە، ئۇنىڭكىگە سەنمۇ بارغانمۇ؟ — دېدى پۇ شۇچاڭ سوغۇق تىنىپ.

— ياق، ئۇنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى نېمە، ئۆيى نەدە، ھازىرغىچە بىلمەيمەن، — دېدى خەن زىچى، — بۇ ئىشنى سۆزلەپ كەلسەم قىزىق. بىر كۈنى، بىر موماي مېنى ئىزدەپ دۇكانغا

كېلىپ، مۇشۇ بۇيۇمنى ساتمەن دېدى، بۇ بۇيۇمنى ئېرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بوۋاي بۇرۇنلا خۇسۇ-سىي مەكتەپ ئاچقانىكەن، ئەجنەبىيچە ئوقۇش ئەۋج ئېلىپ كەت-كەندىن كېيىن ئىش يوق، ئىچى پۇشسا ئاز - تولا ھاراق ئىچىپ، رەسىم سىزىپ، ھۆسنخەت يېزىپ يۈرۈپتۇ. بوۋاي قېرىپتۇ، بىساتىنىمۇ يەپ بوپتۇ، مويى قالمىغان قەلىمى بە-لەن، قەغەز باستۇرۇپ قويۇشقا ئىشلىتىدىغان مۇشۇ بۇيۇمدىن باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ. . .

— توغرا، بۇ قەغەز باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە، — دېدى پۇ شۇچاڭ بىتاقەت بولۇپ، — بۇنى، سېتىشقا كۆزى قىيىپتىمۇ؟

— ھەئە. بوۋاي سەكراتقا چۈشۈپ قالغۇچە كۆزى قىيمىغا-نىكەن. ئۇ كاڭدا بىر نەرسە دەيدىغاندەك، گەپ قىلاي دېسە ئاۋازى چىقماي جان تەسلىم قىلىش ئالدىدا يېتىپتۇ. موماي يىغلاپ تۇرۇپ بوۋايدىن: «ماڭا تاپشۇرىدىغان يەنە قانداق ئىشلار بار؟» دەپ سوراپتۇ. بوۋاي مىڭ بىر تەسلىكتە قولىنى كۆتۈ-رۈپ، باشتا ئۈستەلدىكى بۇ بۇيۇمنى، ئاندىن قاچىنى كۆرسى-تىپتۇ. موماي قىياسەن: «بۇنى تاماق قاچىسىغا تېگەش دېمەك-چىمۇسەن؟» دەپتۇ. بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ تىنىقتىن قاپتۇ. بوۋايدىن ھېچقانداق مىراس قالماپتۇ، ئۆلۈمگە پەرزەنتلىرىمۇ كەلمەپتۇ. موماي قولۇم - قوشنىلىرىغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاددىيلا ئۆزىتىپتۇ. ئېرىدىن ئايرىل-غان مومايىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تەسلىشىپ، ئاچ - توق يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. موماي بۇ چاغدا ئېرىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇ بۇيۇمنى ئېلىپ مېنى ئىزدەپ كەلدى. خوجايىن، ماۋۇ نەرسىگە قاراپ باقسىلا. . . دەپ قولىدىكى نەرسىنى ماڭا بەردى. قاراپ باقسام، رەڭگى يېشىل ئارىلاش ئاق، لېكىن يېشىل ئەمەس، «دۇشەن تېغى قاشتېشى»غا ئوخشاپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دۇشەن تېغى قاشتېشى قاتتىق كېلىدۇ، گېرمانىيىلىكلەر ئۇنى «نەنياڭ يېشىل قاشتاش» دەيدۇ، لېكىن يېشىل ئەمەس، ھازىر قاشتاش ساھەسىدىكى كەسپداشلار دۇشەن تېغى قاشتاشنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىمايدۇ. مەن خېنەننىڭ «نەنياڭ ناھىيە تەزكىرىسى»نى كۆرۈپ باقتىم. ئۇنىڭدا: «يۇشەن تېغى ناھىيىنىڭ شەرقىدىن ئون بەش چاقىرىم يىراقلىقتا»، دۇشەن تېغىمۇ دېيىلىدۇ، بۇ تاغدىن يېشىل قاشتاش چىقىدۇ، دەپ يېزىلىپتۇ. دۇشەن تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇب تاغ باغرىدا «قاشتاش بازىرى» دەيدىغان بىر جاي بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ خەن دەۋرىدىكى قاشتاش بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان جاي ئىكەن. دۇشەن تېغىدا قەدىمكىلەر قاشتاش كولىغان نۇرغۇن گوداڭلار بار، بۇنىڭدىن دۇشەن تېغىنىڭ خەن دەۋرىدە ناھايىتى مەشھۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ...

پۇ شۇچاڭ خەن زىچىنىڭ گېپىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇزۇۋەتتى:

— دۇشەن تېغى قاشتېشىنىڭ تارىخى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن. مەن ياش ۋاقتىمدا تاراشلانغان بىر پارچە دۇشەن تېغىدىن چىققان قاشتاش ياپرىقىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ قانداق بۇيۇم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئەمەس، ئىشلىنىشكە قارىغاندا بەش - ئالتە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى نەرسىدەك قىلىدۇ. زىچى، قاشتاشقا باھا بېرىشتە، سۈپىتى بىلەن ئىشلىنىشى مۇھىم ئەمەس، يىلىغا ھۆكۈم قىلىش ئەڭ مۇھىم...

— ئۇستاز توغرا دەيدۇ! — دېدى خەن زىچى، — مەن شۇ چاغدا موماي ئەكەلگەن نەرسىگە قاراپ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتىم، يىلىغا ھۆكۈم قىلالمىدىم. شەكلىدىن «باستۇرغۇ»غا ئوخشىمايدۇ، قېلىن ھەم چاسا، تامغا قىلىدىغان ماتېرىيالغىمۇ ئوخشىمايدۇ، «تامغا» دېسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بار، خەت چېكىشكە تېگىشلىك يېرىگە

خەت چېكىلمەي، تېگىشلىك بولمىغان يېرىگە خەت چېكىلگەن. تۆت تەرىپىدە ئىككىدىن سەككىز خەت بار، ئىككى قاتار يېزىلـ-غان، لىشۇ خەت ئۇسلۇبىنىڭ پۇرىقى بار. خەن دەۋرىنىڭ نەرسىـ-سىدەك تۇيۇلدى، لېكىن ئىشەنچ قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مومايدىن: «نەچچىگە ساتىدىلا؟» دەپ سورىدىم. موماي ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەي، مەندىن: «بىر خالتا چەت ئەل ئۇنىغا تېگىشكىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «مەن بىر خالتا ئەمەس، سىلىگە ئون خالتا چەت ئەل ئۇنى بېرەي» دېدىم. خىزمەتچىلەرگە ئون خالتا چەت ئەل ئۇنى ئېلىپ بېرىشنى، رىكشا كىرا قىلىپ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدۇم. موـ-ماي مەندىن قاتتىق مىننەتدار بولۇپ كەينى ـ كەينىدىن: «كۆپ رەھمەت! بۇنچىلىك كۆپ ئۇنغا تېگىشىدىغانلىقىمنى ئويلىمىغاـ-نىدىم. سىلى ئىنساپلىق خوجايىن ئىكەنلا، ماڭا ئوخشاش قارا تۇرك بىر مومايىنى بۇزەك قىلمىدىلا!» دېدى. بۇ زادى قانچىـ-لىك پۇلغا يارايدۇ، مەنمۇ بىلمەيمەن، مال قولۇمغا چۈشكەندىن كېيىن، ئىشىكنى تاقاپ ئۈچ كۈن تەپسىلىي قاراپ چىقىپ ئاخىر بىلدىم. بۇ قانداقتۇر «سىزغۇچ» ياكى «تامغا» ئەمەس، «باستۇرغۇ» ئىكەن!...

پۇ شۈچاڭنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى:

— كۆزۈڭ ئۆتكۈركەن! بۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانـ-لىقىنى بىلەمسەن؟

— بۇنى، — دېدى خەن زىچى ئالدىرىماي جاۋاب بېرىپ، — قەدىمكى كىشىلەر تۇمار ئورنىدا ئىشلىتەتتىكەن. ئادەتتە قاشـ-تاش، ئالتۇن ھەم ياغاقتىن ياسىلىدىكەن. ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئېسىۋالىدىكەن. بۇ بۇيۇم ئەڭ بالدۇر غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەيدانغا كەلگەن، خانلىق ھوقۇقنى تارتىۋالغان ۋاڭ ماڭ بۇنى چەكلىگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، لېكىن ئۇزۇن

داۋام قىلمىغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن بۇ بۇيۇم
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن يوقاپ كەتكەن. شۇ-
ڭا، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن باستۇرغۇ تەقلىدىي بولمىسى-
لا، شۈبھىسىزكى، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە.

— ئەمىسە، سىنىڭ قولۇڭدىكى بۇ بۇيۇمچۇ؟ — دەپ
قىستاپ سورىدى پۇ شۇچاڭ ئۇنىڭدىن.

خەن زىچى قولىدىكى بۇيۇمغا قاراپ ئىشەنچ بىلەن:

— قاشتاشنىڭ سۈپىتىگە، ياسىلىش شەكلىگە، تاراشلى-
نىشىغا ۋە خەتلەرنىڭ شەكلىگە قارىغاندا، كېيىنكىلەر بۇنچىلىك
دەرىجىدە ئوخشىتىپ ياسالمايدۇ. بۇ بۇيۇم غەربىي خەن بىلەن
شەرقىي خەن سۇلالىسى ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېيتا-
لايمەن! — دېدى.

پۇ شۇچاڭنىڭ سۈرلۈك قاراشلىرى سۇسلىشىپ كەتتى.
خەن زىچىنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىگە بولقىدەك
تېگەتتى. ئۇ ئىچىدە: «خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان ھەزرەت شۇ
چاغدا ماڭىمۇ مۇشۇنداق دېگەنىدى. مەن شۇنىڭكىدە كۆرگەن
بۇيۇم دەل مۇشۇ. ماڭا سېتىپ بەرسىلە دەپ بىر تۈمەن باھا
قويسام، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىغانىدى. كېيىن ئىز-
دەپ بارسام، بالا ئوقۇتمايدىغان بوپتۇ، نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ
بىلگىلى بولمىدى. بۇ نەرسىمۇ شۇنىڭ بىلەن غايىب بولغان.
مەن شۇنچە يىل پېيىغا چۈشكەن نەرسىنىڭ سىنىڭ قولۇڭغا
چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ باھاسى يوق بۇ ئەتىۋار-
لىق بۇيۇمنى سەن ئون خالتا ئۇنغا تېگىشىپسەن. مەن شۇنچى-
لىك ئەجىر قىلىپ قولغا چۈشۈرەلمىگەن نەرسىنى سەن ھېچقان-
چە ئەجىر قىلمايلا قولۇڭغا چۈشۈرۈۋاپسەن.» دەپ ئويلىدى.
پۇ شۇچاڭ خۇددى قولىدىكى نەرسىنى خەن زىچى بۇلاپ ئېلىۋال-
غاندەك، خەن زىچىنىڭ بۇ نەرسىنى ئاسانلا قولغا چۈشۈرۈۋالغان
چېغىدىكى مەمنۇنىيەت كۈلكىسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. خەقنى

قاقتى ـ سوقتى قىلىش پۇ شۇچاڭ ئۇچۇن ئەڭ ھۇزۇرلىنارلىق ئىش ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنى بۇلىۋالالمايدۇ، تارتىۋالالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك ئازاب ـ ھە!

خەن زىچى «باستۇرغۇ»نى ئۆز جايىغا ئاستا قويۇپ قويدى.

ــ بۇنىڭ خەن دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى باشتىلا بىلگەن بولسام ئۇ موماينى ئوبدان رازى قىلغان بولاركەنمەن. كېيىن ئۇ موماينى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىگە كەلدىم، لېكىن تاپالمايدى. غانلىقىمنى بىلەتتىم، نائىلاج، ھەسرەتتە قالدىم. تەقدىر شۇنـ داق بولسا كېرەك. بۇ «باستۇرغۇ» ئىشەنچلىك يەرگە چۈشتى. بولمىسا، باشقىلارنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كېتەر ئىدى. شۇنـ داقمۇ ئۇستازىم؟

پۇ شۇچاڭ نېمە دېيەلەيدۇ؟ دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىنى خەن زىچى دەپ بولدى. ئۇ ناھايىتى خاپا ئىدى.

خەن زىچى پۇ شۇچاڭنىڭ روھى ھالىتى بىلەن چاتىقى يوق، ئۇنى قولتۇقلاپ بۇيۇملارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ يۈرەتتى.

ئالدى تەرەپتىكىلىرى غەربىي جۇ دەۋرىگە تەۋە بۇيۇملار ئىدى: ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار ياپىلاق ھەم يۇمىلاق قاشتاش بۇيۇمى، قىرلىق تۇۋرۇك شەكىللىك ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار قاشتاش بۇيۇمى، ئۇستى ئۇچلۇق ئاستى تەرىپى چاسا شەكىللىك قاشتاشقا ئوخشاش تاش، قاشتاش ھالقا... قاتارلىق بۇيۇملار بار ئىدى. بۇ بۇيۇملارنى كۆرۈپ پۇ شۇچاڭنىڭ پېشانىسى بىر دەم ـ بىردەم تارتىشىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. كىچىك ئىگىلەش ئىستىكى ئۇنى قىينىماقتا ئىدى، «قاشتاش خۇمارى» قوزغىلىپ قالغانىدى. ئۇ نەچچە ئون يىل قاشتاش «ئويناش» ئارقىلىق بىر خىل غەلىتە ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغانىدى: كۆزى چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا قىممىتى بار دەپ بىلگەن نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا «ئاچـ چىقى» چىقاتتى، خانىۋەيران بولۇپ كېتىشكە قارىماي، شۇ

www.uyghurkitap.com

نەرسىنى قولىغا چۇشۇرەتتى. بۇ جەھەتتە خەن زىچى ئۇنىڭغا
شۇ قەدەر ئوخشايتتى ھەتتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۇپ، ئۇنىمۇ بېسىپ
چۇشكەنىدى، خەن زىچى ئون يىل ئارىلىقتا مۇشۇنچىۋالا قىممەت-
لىك بۇيۇملارنى يىغقانىدى. كۆرگەزمە دائىرىسى چوڭ بولمى-
سىمۇ، قەدىمدىن تارتىپ تا بۇگۇنگە قەدەر ھەيۋەت بىلەن توختى-
ماي ئېقىۋاتقـان ئاشۇ قاشتـاش ئېقىنىدىن ئوزۇق ئالغاندەك
ھەرقانداق ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ سەرخىل بۇيۇملارغا
كىشى ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى. ئالدىغا ماڭغانسېرى قەدى-
مىي جىراغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاشۇ قاشتاش ئېقىنىنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسىنى كۆرگەندەك بىردىنلا ھۆرمەت تۇيغۇسى
قوزغىلاتتى.

پۇ شۇچاڭ بېشىنىڭ «پىررىدە» ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
سەزدى. ئۇنىڭدا خەن زىچىنىڭ كەينىدىن ماڭغۇدەك رەۋتى
قالمىغانىدى. بۇنداق كۇچلۇك زەربىگە چىدىيالماسلىقىدىن ئەن-
سىرەپ، مۇشۇ يەردە بولدى قىلىپ قەسرىگە قايتماقچى بولدى،
يەنە كۆرسە بولالماي قالاتتى.

ــ ئۇستاز، سىلى. . . سەل چارچاپ قالدىلىمۇ نېمە؟ ــ
ئۇنىڭ جايىدا مەزمۇت تۇرالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان خەن
زىچى ئۇنى دەرھال يۆلىۋالدى، ــ ئارام ئالغاچ ئازراق ئۇس-
سۇزلۇق ئىچسىلە، ئۆيدىكىلەرنى تاماق قىلىشقا بۇيرۇپ قوي-
دۇم، بۇگۇن ئىككىيلەن ئوبدان مۇڭدىشىمىز، ــ خەن زىچى
قويۇن سائىتىگە قارىدى.

ــ بولدى، بولدى! ــ دېدى پۇ شۇچاڭ قوللىرىنى كۆ-
ڭۇلسىز پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن بالدۇرراق كېتىشتىن
باشقا ھېچقانداق ئويى يوق ئىدى، ــ قايتاي دەيمەن. . .

پۇ شۇچاڭ كەينىگە ئۆرۇلگەن ئاشۇ دەقىقە ئىچىدە دېرىزىگە
يۆلەپ قويۇلغان ئىشكاپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ
ئەمدى كېتەلمەيتتى، ئىشكاپتا ئۇنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر

نەرسە تۇراتتى.

يېرىم هالقا شەكىللىك قاشتاش! مۇڭگۈزسىز ئەجدىھا شە-كىللىك كۆك قاشتاش!

پۇ شۇچاڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قارىدى، يەنىلا شۇ يېرىم هالقا شەكىللىك قاشتاش ئىدى. تاقا شەكىللىك بۇ بۇيۇم ئىشكاپتا كۆزگە ئالاھى-دە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ نەرسە. . . سەندىمۇ بارمۇ؟ — دېدى پۇ شۇچاڭ ئىش-كاپقا قاراپ مېڭىپ، بۇيۇمنىڭ ئىلگىرى ئۆزىدىمۇ بولغانلىقى-نى. . . ھەسرەت بىلەن ئەسلىدى. ئەپسۇس، ئۇ پۇلغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. پۇلنى، مەيلى نېمە بولسۇن، قاشتاشقا سېلىشتۇر-غىلى بولمايتتى. پۇ شۇچاڭنىڭ قولىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتكەن بۇ بۇيۇم خەن زىچېنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

— مەندە مۇشۇ بىر تاللا بار، ئۇستاز، — دېدى خەن زىچې ئۇنى قولتۇقلىغان پېتى ئاستا خورسىنىپ.

— بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ — پۇ شۇچاڭنىڭ ئاۋا-زى تىترەپ كەتتى. ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى يوق پۇ شۇچاڭ خەن زىچېنى سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ قولى-دىكى بۇ بۇيۇمنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇنىڭغا ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن تەلىم بەرمەكچى ئىدى.

خەن زىچې كەمتەرلىك بىلەن:

— مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم بەكمۇ ئاز، قەدىمكىلەر بۇنى يېرىم هالقا شەكىللىك قاشتاش دەيدىكەن. بېزەك قاتارىدا يېنىغا ئېسىۋالىدىكەن. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ليۇ باڭ بىلەن شاڭ يۈي تەڭلىشىپ قېلىپ، پادىشاھلىقنى تالىشىپ قالىدۇ. خوڭمېن زىياپىتىدە شاڭ يۈي يۈز - خاتىرە قىلىپ، ليۇ باڭنى ئۆلتۈرۈشكە قول سالالماي ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ، پاراسەتلىك ۋەزىر خەن زېڭ بېلىگە ئېسىۋالغان يېرىم هالقا

شەكىللىك قاشتاش بېزەكنى نەچچە قېتىم قولىغا ئېلىپ، شاك يۈنى قول سىلىشقا ئۈندەيدۇ. . . خەن زېڭ شۇ چاغدا مۇشۇنداق بۇيۇمنى ئىشلەتكەن. . .

— بارىكاللا! — دېدى پۇ شۇچاڭ خەن زىچىنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، لېكىن يەنە ئۆلىمالارغا خاس سالاپەت بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سەن بۇ نەرسىنى چىن، خەن دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارامسەن؟ — دەپ خەن زىچىدىن قايتۇرۇپ سورىدى.

— ياق، — دېدى خەن زىچى دەرھال جاۋاب بېرىپ، — بۇنى پەقەت چىن - خەن دەۋرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىگە مىسال قىلغىلى بولىدۇ. مېنىڭچىكى بۇ خەن زېڭ ئىشلەتكەن ھېلىقى بۇيۇمدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەن بۇنى شاڭ دەۋرىگە تەۋە دەپ قارايمەن.

پۇ شۇچاڭ يەنە كەتكۈزۈپ قويدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى تەن ئالماي، خەن زىچىنى مات قىلماقچى بولۇپ، ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى يوق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— بەلكىم بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، شاڭ دەۋرىگە تەۋە يېرىم ھالقا شەكىللىك كۆك قاشتاش بېزەكتىن مەندە بىرى بار.

— بىلىمەن! — دەپ چورتلا جاۋاب بەردى خەن زىچى، — بىرلا ئەمەس.

پۇ شۇچاڭ ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ:

— ئۈچى بار، — دېدى.

— توغرا، ئۈچ تال، ئەينى يىللاردا «قاشتاش مەستانىسى» ساقلىغان ئۈچ تال يېرىم ھالقا شەكىللىك قاشتاش بېزەكنى ھەزرەت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سىلى سېتىۋالغان، — خەن زىچىنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق نۇر چاقناپ كەتتى، — لېكىن، ئىككى تالنى سىلى

كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتىپ، مۇشۇ بىر تالنى ئېپقېلىپ سام خونتېرغا يۇقىرى باھادا ساتتىلا. خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن، ئۇستاز؟

ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەيران بولۇپ تەڭلا «ھە» دېگەن ئاۋازى جىرادىن يانغان ئەكس سادادەك چىقىپ كەتتى.

— نېمە؟ بۇ. . . مەندىكىسى شۇمۇ؟ — دېدى پۇ شۇچاڭ. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ، تىلى كالۋالىشىپ، قانغا تولغان كۆز قارىچۇق-لىرى بىردىنلا كىچىكلەپ كەتتى. ئۇ يېرىم ھالقا شەكىللىك قاشتاش بىزەككە ھاڭۋېقىپ قارايتتى.

— ئۇستاز، زەن قويۇپ قاراپ باقسىلا، بەش يۈز مىڭ كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋەتكەن نەرسىلىرىنىڭ شەكلى ھەر ھالدا يادىلىرىدا باردۇ؟ — دېدى خەن زىچى سوغۇقلا.

پۇ شۇچاڭ كۆزلىرىنى قىسىپ بىر پەس زەن قويۇپ قاراپ، تۇيۇقسىز خەن زىچىدىن:

— بۇ بۇيۇم قانداقلارچە سىنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى ئاددىي، — دېدى خەن زىچى بىمالال ھالدا — مەن سام خونتېردىن تېخىمۇ يۇقىرى باھادا سېتىۋالدىم.

— ھە! . . . — پۇ شۇچاڭنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى چاقماق چاققان چاغدىكى يورۇقلۇقتەك پاللىدە نۇرلىنىپ، يەنە شۇئان غۇۋالىشىپ كەتتى، دەلدەڭشىپ يىقىلىپ كەتكىلى قىل قالدى، خەن زىچى دەرھال بېرىپ تۇتۇۋالدى.

پۇ شۇچاڭ ئارانلا كېلىپ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئول-تۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلەر چىد-رىپ كەتكەن بىر قۇچاق ئوتۇنغا ئوخشايتتى. ئۇ خۇنى ئۆچكەن كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپكە تىكىپ:

— يەنە قايتىپ كەپتۇ، «بىلىمدان» قەسرىدىكى نەرسە يەنە

قايتىپ كەپتۇ . . . — دەپ پىچىرلىدى.

«قاشتاش بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى» بۇ شۇچاڭنىڭ پاجى-ئەلىك مەغلۇبىيىتى، خەن زىچىنىڭ كاتتا غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. «قاشتاش پادىشاھى» دېگەن نام بېيجىڭدىكى قاش-تاش ساھەسىدىكى كەسىپداشلار ئارىسىغا ناھايىتى تېز تارقىلىپ كەتتى. خەن زىچى قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن، چىچېنجەيگە كېلە-چەك قوچاق ئاچقان بىر چاغدا، غايەت زور بىر بالا - قازا شەپىسىز يېتىپ كەلدى. خەن زىچى بۇنى ئويلىمىغان ھەم ئۇنىڭ بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇ يىلى يازدا «خې - مېي كېلىشىمى»، «چىن - تۇ كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى خېبېي بىلەن چاخار ئىككى ئۆلكىنى تىزگىنلىۋالدى. 10 - ئايدا ياپو-نىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتەن خائىنلىرىنى خېبېينىڭ شياڭخې دېگەن يېرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ۋە شياڭخې ناھىيىسىنى ئىش-غال قىلىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى. 11 - ئايدا ۋەتەن خائىنلىرىنى «شىمالىي جۇڭگودىكى بەش ئۆلكىنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتى» نى ئېلىپ بېرىشقا قۇتراتتى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىن-داڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي خېبېي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىي-سى دىيەن روڭگېڭ توڭجۇدا «شەرقىي خېبېي گۇڭچەنداڭدىن مۇداپىئەلىنىش ئاپتونوم ھۆكۈمىتى» نى قۇردى. خېبېي ئۆلكى-سىنىڭ شەرقىدىكى يىگىرمە نەچچە ناھىيىنىڭ كەڭ زېمىنلىرى ياپونىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 12 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوڭ جېيۇەننى «خېبېي - چاخار مەمۇرىي كېڭەش كومىتېتى» قۇرۇشقا بېكىتىپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «شىما-لىي جۇڭگو ئالاھىدە ھاكىمىيىتى» تەلىپىنى قاندۇردى. شىما-لىي جۇڭگودا خەۋپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېيپىڭدىكى ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ھەيۋەت-لىك نامايىش قىلدى. «يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىكى!»،

«يوقالسۇن ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار!»، «شىمالىي جۇڭگونىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىمىز!»، «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپونغا بىرلىكتە قارشى تۇرايلى!» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. ھەربىي ۋە ساقچىلار تۇركۈملەپ ئىشقا سېلىنىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋەھشىيانە ھالدا باستۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ خانىمى تەشەببۇس قىلغان «يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى» نى يولغا قويدى. بۇ ھەرىكەت تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: «قالايمىقان تۈكۈرمەسلىك؛ بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش؛ يوللارنى ياخشى ياساش؛ يول ماڭغاندا ئېھتىيات قىلىش؛ پىيادىلەر ۋە ماشىنىلار ئوڭ تەرەپ بىلەن مېڭىش؛ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ماشىنا ساقلاش؛ ساپ ھاۋادىن داۋاملىق نەپەس ئېلىش ۋە ئاپتاپسىنىش؛ چىۋىن يوقىتىش؛ چىشنى كۈندە چوتكىلاپ تۇرۇش؛ داۋاملىق ۋىتامىن ئىستېمال قىلىش؛ قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش؛ ئىش قىلىش؛ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش؛ ئىقتىساد بىلەن پۇل ئىشلىتىش؛ ئاستا ھەرىكەت قىلىش؛ توختاش، قاراش، ئاڭلاش؛ بوۋاقلارنى ساغلام چوڭ قىلىش؛ تازىلىق قىلىش؛ ئۆينى ئاقارتىش؛ ئۆي بىساتلىرىنى ئوبدان ئاسراش.» ساقچىلار چوڭ كوچىلاردا يۈرۈپ قالايمىقان تۈكۈرۈشنى، ئۆتكۈر ھاراق ئىچىشنى، چاچنى بۇدۇر قىلىشنى، غەلىتە كىيىم كىيىشنى. . . چەكلىدى.

خەن زىچى تېخىمۇ گۈزەل «يېڭى تۇرمۇش»قا ئىنتىلمەمدۇ؟ ئۇ چىچېنجەينىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىنى، يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىنى، ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، رەھىمسىز ئۇرۇش بۇلۇتلىرى ئىبلىسقا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشىغا سايە تاشلى-

www.uyghurkitap.com

دى، بىپىلىك، شىمالىي جۇڭگو ۋە پۈتكۈل جۇڭگو خەتەر ئىچىدە قالدى، خەۋپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خەن زىچى مەپتۇن بولغان قاشتاش بۇيۇملىرى كەسپى ئەزەلدىن تىنچ دەۋرنىڭ زىن-نىتى ئىدى. شەپقەتسىز ئۇرۇش يېتىپ كەلگەندە، بۇنداق نە-پىس بۇيۇملاردىن، قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەردىن لەززەتلىنىش ئەرزىمەس بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالاتتى.

چىجىنجەي نەگە بارىدۇ؟

# 8 ـ باب  تۇيۇقسىز كەلگەن بالا ـ قازا

تۆتىنچى ئاي. باھار مەنزىرىسىگە چۈمۈلگەن يەنيۇەن، چوكانتال مەۋسۇمى. شۇيۇەن، ۋېيشۇيۇەن، جىڭچۇنيۇەن، لەڭيۇنيۇەن، چىڭزىيۇەن ۋە نامسىز كۆلنى ئوراپ تۇرغان شۇچۇنيۇەنلەر ئاق يېغىندا كۆكىرىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر، ئەگرى ـ بۈگرى كۆل ياقىسى يېشىل پاياندار سېلىنغاندەك ياپيېشىل كۆرۈنەتتى؛ تىك ئۆسكەن ئاق تېرەك، زىلۋا مەجنۇنتال، قېرى تۇخۇمەك دەرىخى، چىرايلىق ئۆرۈك دەرەخلىرى يېشىل لىباس كىيگەنىدى؛ نەقىشلەنگەن بىنالار دەل ـ دەرەخلەر سايىلىرى ئارىسىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى؛ ئېقىن بەرگىلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ھال رەڭ شاپتۇل، قاردەك نەشپۈت چېچەكلىرى بىلەن سېرىن، ھەشقىپىچەك ۋە يەسمەن گۈللىرىنىڭ يۇمران چېچەكلىرىنى باغرىغا ئېلىپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى...

چۇ يەنچاۋ قىشلىق تەتىلدە لۇ شۈننىڭ «جىددىي ئېقىم» نى تەرجىمە قىلىپ، نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ، ئاندىن قولىدىن چىقاردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا «سۇ يولى»، «ياۋا نۇقۇت يىغىش» نى تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇش باشلانغىچە دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقتى. ئۇستىدىن كۆرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرمەي «يېڭى ھېكايىلەر» دىكى سەككىز پارچە ھېكايىنى تەرجىمە قىلىپ بولۇپ، بىر باشتىن تەپسىلىي كۆرۈپ، قايتىدىن تۈزىتىپ چىقىش ئۈچۈن تاشلاپ قويدى. شۈنىڭ بىلەن «شەمشەر سوقۇش» دېگەن ھېكايىنىڭ تەرجىمىسىنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن سۈرئەت تولىمۇ ئاستىلاپ كەتتى.

ئۇ بىرىنچى يىللىقنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ھەم سىنىپ
مەسئۇلى ئىدى، ئۇن ئالتە ئوقۇغۇچىغا ئۇ ئوقۇۋاتقان دەۋردە
يەن پروفېسسور ئۇلارغا مەسئۇل بولغاندەك مەسئۇل بولۇشى كې-
رەك ئىدى. ئۇ ئۈسمۈر ۋاقتىدا «بىز ۋەتەننىڭ گۈل - غۇنچىلىرى،
مۇئەللىم جاپاكەش باغۋەن. . . » دېگەن ناخشىنى ئۆگەنگەنىدى،
ھازىر «باغۋەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندى.
ئۇن ئالتە ياش ئۇن ئالتە تۈپ گۈل ئىدى. ئۇلار پۈتۈن مەملە-
كەتتىكى مىڭلىغان رىقابەتچىلەر ئارىسىدىن قاتتىق تاللانغانىدى.
ئۇلارنىڭ يارامLIق بولۇش - بولالماسلىقى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدا-
رى بىلەن تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، يەنە «باغۋەن»
بولغان ئۇنىڭغىمۇ باغلىق ئىدى. توپىسىنى يۇمشىتىش، ئوغۇت-
لاش، سۇغىرىش، ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش، شاخلىرىنى پۇتاش
زېھىن كۈچ، ۋاقىت ۋە ھەقىقىي ھېسسىيات تەلەپ قىلاتتى.
ئۇ بەش يىلدىن كېيىن بۇ ئۇن ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسىنىڭ
ياراملىق بولۇپ چىقىشىنى، بىرەرىنىڭمۇ يارامسىز بولۇپ قال-
ماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ، دۆلەتكە جىددىي كېرەكلىك
چەت ئەل تىلى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۆزى-
نىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولماي، بەلكى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىدى. بولمىسا، ئۇ مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارغا،
بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى «باغۋەن» بولغان ئۆزىگە
تاپشۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا يۈز كېلەلمەيتتى.
ئۇ بىر قېتىم بىنانىڭ ئىشكى ئالدىدا مەكتەپنىڭ بىر باغۋىنى-
نىڭ: «ماۋۇ بىر تۈپ، ئەي بولمايدۇ، يېنىدىكىسىنىڭ ئۆسۈ-
شىگە دەخلى قىلىدۇ، ئۇنى يۇلۇۋېتىپ ئورنىغا باشقا بىر تۈپنى
تىكىپ قويايلى! » دەپ، ئاجىز بىر تۈپ كۆچەتنى يۇلۇپ تاشلى-
ۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن، شۇ چاغدا ئىچى سېرىلىپ كەتكەنىدى.
ئۇمۇ بىر تۈپ كۆچەت ئىدى. ئۇنىڭ يوغىناش، چېچەكلەش
ھوقۇقى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر تۈپ كۆچەتنى

تىكىپ قويغان بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى شۇ كۆچەت باسالامدۇ؟
ھېلىقى گۈلچى كەتكەندىن كېيىن ئۇ تەقدىر تەرەپتىن تاشلىنىۋې-
تىلگەن ھېلىقى كۆچەتنى ئېلىپ دېرىزىسىنىڭ ئالدىدىكى بوش
يەرگە تىكىپ قويدى. قىش كېتىپ باھار كەلدى. ئۇ كۆچەت
چېچەكلىدى. ئاجىز ھەم شالاڭ چېچەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن
ھەر ھالدا باھار ئۇ كۆچەتنىڭ، ئۇ كۆچەت باھارنىڭ ئۇمىدىنى
يەردە قويمىدى، كېلەر يىلى باھاردا ئۇ كۆچەت چېچەكلەپ
تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ سىنىپتىكى
ئىنگلىز تىل ئاساسى ئەڭ ئاجىز بولغان لۇ شيۇجۇنى كۆز
ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇ يېرىم يىلدىن ئارتۇق تىرىشىش ئارقىلىق
دەرستە يېتىشىۋالدى ھەم ئىككىنچى يىللىقا چىققاندا ئەلاچى
ئوقۇغۇچىلاردىن بولغان خەن شىنيۈ بىلەن شيې چيۇسىغا يېتىد-
شىۋالىدىغانلىقىنى ئىشەنچ بىلەن جاكارلىدى. خەن شىنيۈ بى-
لەن شيې چيۇسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىشىۋېلىشىغا ياكى
ئۆزلىرىدىن ئېشىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ
ئىككىسى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۇرۇپلا قالماس-
تىن، يەنە تېخى ئىنگلىز تىلىدىكى، دۇنياۋىي مەشھۇر ئەسەر-
لەرنى دەرستىن سىرت ۋاقىتلاردا بېرىلىپ ئوقۇيدۇ، بۇنىڭدىن
چۇ يەنچاۋ ناھايىتى خۇشال.
ھەر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋالقى تۆت سائەتلىك ئىنگلىز تىلى
دەرسى ئۇنىڭ زېھنى ۋە جىسمانىي كۈچىنى بەك خورىتىۋېتەتتى.
ئومۇمىيۈزلۈك بىر قۇر ئوقۇتۇش، پىششىق ئوقۇتۇش، تېكىست-
نى تەھلىل قىلىش، گراممانىكا سۆزلەش، ئېغىز مەشقى قى-
لىش. . . ئون ئالتە تۇپ كۆچەتكە ئۇ ئۆزى يالغۇز سۇ ۋە ئوزۇق-
لۇق يەتكۈزۇپ بېرەتتى. تۆت سائەتلىك دەرستىن چۈشكۈچە تولا
سۆزلەپ تامىقى قۇرۇپ، ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى. . .
چۇ يەنچاۋ ئوقۇتقۇچىلار ئاشخانىسىدا تامىقىنى ئالدىراش
يەپ بولۇپ، كۆل بويىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

تۇمان ئىچىدە كۆرۈنگەن مەجنۇنتاللار ۋە كۆز ئالدىدىكى گۈل ـ چېچەكلەردىن روھى كۆتۈرۈلگەن چۇ يەنچاۋنىڭ ۋۇجۇدىدىكى هار-غىنلىق تارقاپ كەتتى.

چۇ يەنچاۋ ياتىقىغا كىرىپ دېرىزە سىرتىدىكى هېلىقى كۆ-چەتنىڭ يۇمران شېخىنى، يېشىل ياپرىقىنى، غۇنچىلىرىنى ۋە ياپراق غۇنچىلىرىدىكى شەبنەم تامچىلىرىنى كۆرۈپ، هاياتلىق-نىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ كىتاب جازىسىدىن موي قەلەم يۇيىدىغان قاچىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، باسىم گۈلىنىڭ سۈيىنى يۆتكىدى، بۇ خاسىيەتلىك قەلەمچە يوپۇرماق چىقارغان، پات ئارىدا غۇنچىلايدىغان ئەلپازدا ئىدى.

چۇ يەنچاۋ شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىشقا تۇتۇندى. چۈش-تىن كېيىن ئىنگلىز تىلى دەرسى يوق ئىدى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلسا تامامەن بولاتتى. ئۇ ئەزەلدىن چۈشتە ئۇخلىمايتتى، مۇشۇ ئولتۇرغان پېتى يېرىم كېچىگىچە ئولتۇراتتى، كەچلىك تاماققا ئاشخانىغىمۇ بارمايتتى. بايام جىڭمومىدىن ئىككىنى ئالغاچ كەل-گەنىدى. ئۇ ئۈستىدىكى «لۇشۇن ئەسەرلىرى» نى ئاچتى. ئې-چىشىغا «شەمشەر سوقۇش» دېگەن هېكايە چىقىپ قالدى. ئۇ بۇ هېكايىنى بىرىلىپ ئوقۇپ كەتتى. لۇشۇننىڭ «شەمشەر سو-قۇش» دېگەن بۇ هېكايىسىنى ئۇ ئون نەچچە ياش چېغىدا ئوقۇ-غان، گەنجاڭ بىلەن موشېنىڭ قىلىچۋازلىقى بايان قىلىنغان بۇ هېكايە بىلەن ئۇ رەسىملىك كىتاب ئارقىلىق تونۇشقانىدى. لېكىن هېكايىنىڭ سېھرىي كۈچى ئاجىزلىماي، ئەكسىچە يېشى-نىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچەيگەنىدى. لۇشۇن ئالاهىدە تەسۋىرلىگەن مېي جەنچى بىلەن هېلىقى «قارا ئادەم» ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان، ئۆزى ياسىغان شەمشەردە ئۆلۈپ كېتىدىغان دادا ــ گەنجياڭنى كۆرۈش ئىستىكىنى تېخىمۇ قوز-غىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ خىسلىتى ۋە ئوبرازى قانداق بولۇشى كې-رەك؟ ئۇ ئوغلىغا شەمشەرنى، شەمشەر بىلەن پۇشايماننى ۋە

مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان مۇراد ــ مەقسىتىنى قالدۇرۇپ كەتكەندى. ئوغلى دادىسىغا موھتاج ئىدى. مېي جەنچىنىڭ قەلبىدە دادىسىنىڭ ئېنىق ئوبرازى بارمۇ؟ ئاپىسىنىڭ سۈرەتلەپ بېرىشى بىلەن قىياس قىلامدۇ ــ يا؟ چۇ يەنچاۋمۇ بالىلىق چېغىدىن تارتىپ دادىسىنى سانسىز قېتىم قىياس قىلغان. ھەي، دادا. . .

لۇشۈن ئۇ «قارا ئادەم»نى مېي جەنچىنىڭ دادىسى ئورنىدا ياراتقانمىدۇ؟ ئۇ شەكىلسىز ئادەم، قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنغان، ئاۋازى بايقۇشنىڭ ئاۋازىغا، كۆزلىرى ئىككى ئوت توچكىسىغا ئوخشايدىغان ئادەم. . .

*— سەنمۇ؟ مېنىڭ ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا ئۇنامسەن، ھەي ئادىل ئادەم؟*

*— مېنى بۇنداق چاقىرىپ ماڭا ئۇۋال قىلما.*

*— ئەمىسە، بىزدەك تۇل خوتۇن ــ يېتىم ئوغۇلغا خەيرخاھلىق قىلامسەن؟*

*— ھەي، بالام، ھاقارەتلەنگەن نامنى ئەمدى تىلىڭغا ئالما، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ، — ھەققانىيەت، خەيرخاھلىق، بۇ نەرسىلەر بۇرۇن پاكىز ئىدى، ھازىر بولسا پاسىقلىقنىڭ دەسمايىسى بولۇپ قالدى. مېنىڭ قەلبىمدە سەن دېگەن ئۇ نەرسىلەر يوق. مەن سەن ئۈچۈن قىساس ئالسام بولدى!*

. . .

*— لېكىن سەن نېمىشقا مەن ئۈچۈن قىساس ئالىسەن؟ سەن مېنىڭ دادامنى تونامسەن؟*

*— مەن سېنىڭ داداڭنى تونۇيمەن، خۇددى سېنى تونۇغاندەك. لېكىن مەن قىساس ئالىمەن. قىساس ئېلىشىم بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس. ئەقىللىق بالام، بۇنى ساڭا دەپ قوياي، مېنىڭ قىساس ئېلىشقا قانچىلىك ماھىر ئىكەنلىكىمنى سەن تېخى بىلمەيسەن. سېنىڭ مېنىڭ، مېنىڭ سېنىڭ بولىدۇ. مېنىڭ*

*روھىمدا كىشىلەر قالدۇرغان شۇنچىلىك كۆپ جاراھەت بار. مەن ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن!*

. . .

ئۇ پەقەت لۇشۇنلا يېزىپ چىقالايدىغان مۇشۇنداق بىر «دادا» ئىدى.

چۇ يەنچاۋ ئىختىيارسىز ماقالە قەغىزىنى يايدى. ئۇ تەرجىمە قىلىپ، مېيجەنچىنىڭ كاللىسىنىڭ چىملىقتا چۇشكەن، قولىدىكى شەمشەرنى قارا ئادەمگە بەرگەن يېرىگە كەلگەنىدى. «ئۇ بىر قولىدا شەمشەرنى، بىر قولىدا مېي جەنچىنىڭ بېشىنى چېچىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن ئىسسىق لېۋىگە ئىككىنى سۆيۈپ، سوغۇق كۈلدى. . . »

چۇ يەنچاۋ ئاخشام مۇشۇ يەردە توختىغان، ئەمدى تەرجىمە قىلىدىغىنى تۆۋەندىكى ئابزاس ئىدى:

*شەمشاد دەرەخلىكىنى بىر ئالغان كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى، دەرەخلىكنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر تۈپ ھايۋاننىڭ كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇرلار چاقناپ، بارا - بارا يېقىنلاشتى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىلەرنىڭ ھاسىرىشى ئاڭلاندى. ئۇلار مېي جەنچىنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، جەسىتىنى يېيىشكە باشلىدى، ئاخىر يەپمۇ بولدى، قان ئىزلىرىنىمۇ پاكپاكىز يالىۋەتتى، ئەمدى پەقەت بۆرىلەرنىڭ ئۇستىخان غاجىلىغان چاغدىكى ئاۋازىلا سۇس ئاڭلىناتتى.*

. . .

بۇ ئابزاس پۇتۇن ئەسەرنىڭ جەۋھىرى ئىدى. چۇ يەنچاۋ «شەمشەر سوقۇش» نى بىرىنچى قېتىم ئوقۇغاندا «بىر تۈپ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇرلار چاقناپ» دېگەن

قۇرلارنى ئوقۇپ ھەيران قالغانىدى. بۇ قۇرلارنى كېيىنمۇ ئۇنۇ-
تۇپ قالمىدى. بۇ ئابزاسنى ئىنگلىزچىگە ئۆرىمەك تەس ئەمەس
ئىدى. لېكىن لۇشۇننىڭ جاسارىتى، ئەدەبىي ئىستېداتىنى ئۇس-
تىلىق بىلەن ئىپادىلەش ئاسان ئەمەس ئىدى. جۇڭگو تەرجىمە
ساھەسىدىكى پېشقەدەملەردىن بىيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى
مۇدىرى يەن فو: «تەرجىمىدە ئۈچنى قىلماق تەس: توغرا بو-
لۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش» دېگەنىدى. بۇ،
مەزمۇنى توغرا بولۇش، جۈملىلەر راۋان بولۇش، تىلى پاساھەت-
لىك بولۇش دېگەنلىك ئىدى. جاۋ جىڭچېن بولسا «خاتا بولسى-
مۇ، راۋان بولسۇن» دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلدى. لۇشۇن
جاۋ جىڭچېنغا تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ: «راۋان بولمىسىمۇ
مەيلى، لېكىن خاتا بولمىسۇن» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان توختىماي تالاش - تارتىش
قىلىۋاتقان بۇ مەسىلىدىن تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر قىيىن
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرىنى
«توغرا، راۋان، پاساھەتلىك» تەرجىمە قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن
«راۋان بولمىسىمۇ مەيلى، لېكىن خاتا بولۇپ قالمىسۇن» دېگەن
سەۋىيىدە تەرجىمە قىلماقمۇ ناھايىتــى تــەس ئىدى. چۇ يەنچاۋ
قولىغا قەلەمنى ئېلىپ يەنە قويۇپ قويدى. ئۇ ئوبدانراق ئويلان-
ماقچى ئىدى.

—تاك، تاك، تاك! — بىرى ئىشىكنى چەكتى.

—كىرىڭ! — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي.

ياتاقدا جېڭ شاۋجىڭ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈچىسىغا ئەرەنچە
ھەربىي فورما كەيگەنىدى، ھەرىكەتلىرى چاقماقتەك چاققان ئى-
دى، قولىدا ھۆججەتتەك بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى
كىشىگە كىنولاردىكى ئايال رادىستلارنىڭ «دوكلات باشلىق»
دېگەن تۇرقىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشى ئىرسىيەت-
تىنمۇ ياكى دوراپچىلىقتىنمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. جېڭ

شاۋجېڭ «ئەسكەر» سىياقىدا يۇرۇشكە ئامراق ئىدى، بۇنىڭغا
كۆپچىلىكمۇ كۆنۈپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ
ئاتا - ئانىسىنىڭ مىلتىق كۆتۈرۈپ جەڭ قىلىدىغان ھەربىيلەر-
دىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. دادىسى قىسىمدا سىياسىي كادىر،
ئاپىسى سەنئەت ئۆمەكتە رېژىسسور ئىدى.
— ھۇي، ساۋاقداش جېڭ شاۋجېڭكەنغۇ! — دېدى چۇ يەن-
چاۋ ئورنىدىن تۇرۇپ.
— چۇ مۇئەللىم، دەرس تەييارلاۋاتامسىز؟ — جېڭ شاۋ-
جېڭ ئۇستەلدىكى ئىنگلىزچە ئورىگىناللارغا بىر قۇر قاراپ
قويدى. نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ
خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈ-
رۈم سورىماي، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى:
— سىنىپتىكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق سىز بىلەن پاراڭلى-
شاي دەپ كەلدىم...
— ياخشى، ياخشى، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئورىگىناللارنى
يىغىشتۇرۇپ تارتمىغا سېلىپ. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلى-
رىنى جېڭ شاۋجېڭغا خەن شىنيۆگە كۆرسەتكەندەك كۆرسىتىش-
نى، ئىشتىن سىرت قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئۇنى خەۋەردار
قىلىشنى خالىمايتتى. تەرجىمە ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قى-
لىنىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشقا تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل
بۆلۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدە يېزىقچىلىق بىلەن «نام ۋە ئۇنۋانغا ئىگە بولۇش» تەبى-
ئىي مۇناسىۋەتتەك قارىلاتتى.
— ھە، ئولتۇرۇڭ! — دەپ چۇ يەنچاۋ ئورۇندۇقنى ئۇ-
نىڭغا بېرىپ، ئۆزى كارىۋاتتا ئولتۇردى. چۇ يەنچاۋ ئوي -
پىكرىنى تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسىرىدىن جېڭ شاۋجېڭنىڭ خىز-
مەت توغرىسىدىكى دوكلاتىغا بۇراپ ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالدى.
— مەن يېقىندا سىنىپتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئوقۇغۇ-

چىلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم پاراڭلاشتىم. ۋەزىيەت تەربىيىسى
ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار دۆلەتنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىغا قارىتا
ئاساسەن توغرا قاراشقا ئىگە بولدى، ــ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان
جېڭ شاۋجىڭ جىددىي تەرزدە سۆزلەۋاتاتتى، ــ بولۇپمۇ دۆلەت-
نىڭ ئوقۇش پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ھېچقايسىسى نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى ئەركىن بازارغا بارمايدۇ.
بۇ قارىماققا كىچىك ئىش، ئەمەلىيەتتە ھېسسىياتقا ۋە مەيدان
مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش. بۇ بىزنىڭ قىيىنچىلىق
ئالدىدا پارتىيە بىلەن بىر مەقسەت ـ بىر نىيەتتە بولۇش ـ
بولماسلىقىمىزغا، ئۆتمۈشنى ئىنقىلاب نامىدىن ئويلاش ـ ئويلى-
ماسلىقىمىزغا باغلىق ئىش.

جېڭ شاۋجىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ
يۈزىگە سەل قىزىللىق يۈگۈردى. يۇمۇق كۆزلىرىدە مەردانىلىك
چاقنايتتى. ئاچ قورساق ئىنقىلاب قىلىش زۆرۈر بولسا، ئۇ ئاچ
قورساق ئىنقىلاب قىلىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئى-
شىنەتتى، ئادەتتىكى كىشىلەر چىدىيالمايدىغان جاپا ـ مۇشەق-
قەتكە چىدايتتى،

ــ ۋەزىيەت ناھايىتى ئېغىر! ــ دېدى جېڭ شاۋجىڭ ئۇس-
تەلنى ئاستا چېكىپ، ئۇنىڭ روھى ھالىتىدىن ئاز ـ تولا
سىياسىيونلارغا خاس پۇراق چىقىپ تۇراتتى، ــ بىز يالغۇز تەبى-
ئىي ئاپەتكىلا ئەمەس، بەلكى يولداش خىروشچېۋ بىلەن پرىنسى-
پاللىق ئىنقىلابقا دۇچ كەلدۇق. . .

چۇ يەنچاۋ ھەيران قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت
ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە بىئەدەپ گەپ قىلىشقا پېتىنغان ئادەم-
نى كۆرمىگەنىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە خىروشچېۋ لېنىن
ۋە ستالىنغا ئوخشاش مۇقەددەس ئىدى. بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق
ئىش ئىدى. گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. «پرىنسىپاللىق ئىختى-
لاپ» دېگەن بۇ گەپ نەدىن چىقتى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيران قالغان-

www.uyghurkitap.com

لىقىنى يوشۇرالماي بۇ ياش «بولشېۋىك» كە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. جېڭ شاۋجىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ساناقلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بايا دېگەن گەپ بىرى تاپقان گەپ ئەمەس. بەلكىم پارتىيە ئىچىدە قانداقتۇر يېڭى بىر ھۆججەتنىڭ روھىنى يەتكۈزگەن بولۇشى ياكى بولمىسا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن.

جېڭ شاۋجىڭ گەپنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي:

ـــ ھە، مۇشۇنچىلىك بىلىپ قالسىڭىزلا بولىدۇ، تېخىمۇ كۆپ يولداشلارغا بىلدۇرۇپ. . ـــ ئۇ ئىنتايىن چوڭقۇر بىر مەنىلىك ئارىلىق قالدۇرۇپ، تۇيۇقسىز گېپىنى توختىتىۋالدى.

چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇقسا بولمايدىغان مەخپىيەتنى نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاشكارىلىغانلىقىنى، نېمىشقا گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ جىم بولۇۋالغانلىقىنى بىلەلمىدى، بۇيرۇققا بىنائەن سىنىپ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان چۇ يەنچاۋنى «قورقۇتىۋاتامدۇ» ياكى ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى «مۇشۇنچىلىكلا» بىلگەچكە، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟ لېكىن، چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭدىن سورىيالمايتتى، جېڭ شاۋجىڭنىڭ كەسكىن گەپ ـ سۆزلىرى ۋە روھى ھالىتى چۇ يەنچاۋغا: سەن پارتىيە سىرتىدىكى ئاما، بۇ ساڭا ئىشەنگەنلىك ھەم ساڭا قىلىنغان ھۆرمەت. ئۇبدان ئاڭلىساڭلا بولدى، دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ـــ قىسقىسى، سىنىپىمىزنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، ـــ جېڭ شاۋجىڭ سەل قىمىرلاپ، تىك ئولتۇرغان ھالىتىنى ئۆزگەرتتى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىمۇ سەل سىلىقلاشتى. ئۇ گەپنى خەلقئارا كوممونىزم ھەرىكىتىدىن ئۆزى تۇرۇۋاتقان كىچىك كوللېكتىپقا يۆتكىدى، ـــ بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان شىي چيۇسى، پومېشچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بەي شۈلى قاتارلىق ساۋاقداشلاردا پرىنسىپقا ياتىدىغان نارازى

گەپ - سۆزلەر بايقالدى. ئۇلار سىياسىي مەسىلىلەرگە ناھايىتى ئېھتىياتچان، ئەمما ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتىدۇ. . .

— ياخشىغۇ، — دېدى جۇ يەنچاۋ بىلىپ - بىلمەي ئېھتىيات بىلەن، — ساۋاقداشلارنىڭ تولىسى يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمىگەن، ساددا، تىرىشىپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى بىلىدىكەن. . .

— بىراق، بىر قىسىم مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. . .

— قانداق مەسىلىلەر؟

— ئوغۇل ساۋاقداشلار ئارىسىدا ساغلام بولمىغان كەيپىياتلار بار، — جېڭ شاۋجېڭنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ ناھايىتى جىددىي تۈس ئالدى. چىرايىدىن سەل ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، — ئۇلاردا قىز ساۋاقداشلارنىڭ كەينىدىن قالايمىقان گەپ قىلىدىغان، لەقەم قويىدىغان، ئۆزلىرىچە نومۇر بېرىدىغان ئىشلار بار. كىم چىرايلىق بولسا، شۇنىڭغا بەش نومۇر، كىم سەت بولسا ئۈچ نومۇر بېرىلىدىكەن. ھەتتا خەن شىنيۈ بىلەن شيې چيۇسى ئۈستىدە «سايلام رىقابىتى» ئېلىپ بېرىلغان. خەن شىنيۈ تەبىئىي گۈزەل، شيې چيۇسى پەردازى بىلەن گۈزەل، بىرى ئاددىي ۋە يېقىملىق، چاڭ قونمىغان ئاق نىلۇپەر، بىرى نازۇك ۋە سىپايە، چىرايلىق مودەنگۈل. ھەر ئىككىسى، داڭلىق گۈللەردىن بولسىمۇ، مودەنگۈل نىلۇپەرگە يەتمەيدۇ. . . ئىشقىلىپ گەپ تولا، مۇئەللىم، مۇشۇنداق پەلىپەتىش گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ.

جۇ يەنچاۋ گەپ قىلمىدى، جېڭ شاۋجېڭ بۈگۈن گەپنى چوڭ يەردىن باشلاپ بارا - بارا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى جۇ يەنچاۋغا تېتىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ ئوقۇغان سىنىپتىمۇ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىدا مۇشۇنداق تېمىلاردا گەپ - سۆز بولۇنۇپ تۇراتتى، بۇنداق گەپ سۆزلەرگە ئۇ ئارىلاشمايتتى. ئوغۇل ساۋاقداشلار قىز ساۋاقداشلارنى گۈلگە،

يەنە بىر نېمىلەرگە ئوخشىتاتتى، بەزىدە بۇ قىزلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكمۇ بولۇپ قالاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىدىلىرىدىمۇ ئاشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپتۇ. يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى ئوغۇل بالىلاردا بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ناھايىتى ئاسان قىزىقىش پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭغا كەلگەندە ئۇلارغا ئۇستاز كەتمەيدۇ. جېڭ شاۋجېڭ بايا خەن شىنيۈنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ قەلبى سەل - پەل داۋالغۇدى. ئۇ سىنىپىدىكى نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك ھەم ئۆزى ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ كۆڭلىنىڭ غەش بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايتتى، باشقىلارنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچى شىي چيۈسىنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىشىنىمۇ خالىمايتتى. لېكىن ئۇ ئاخىرىدىكى «باھا» نى ئاڭلاپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق يامان نىيەتنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ تالاش - تارتىشلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلغۇسى يوق ئىدى...

— بۇ گەپلەرنى تاڭ جۇنشېڭ شىي چيۈسىگە دەپ ئىشنى بۇزغان، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكى بۇرۇنلا يېرىم ئاشكارا تۇس ئالغان، شىي چيۈسى تاڭ جۇنشېڭنىڭمۇ بۇ پاراڭغا ئارىلاشقانلىقىنى، ئىززەت - نەپسىگە تەگكەنلىكىنى بىلىپ، ئاچچىقىدا تاڭ جۇنشېڭدىن يۈز ئۆرگەن. تاڭ جۇنشېڭ ھازىر چېچىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

— چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپتىمۇ؟

— چۈشتىن بۇرۇنقى ئىنگلىز تىلى دەرسىدە كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ھە راست، ئۇ بېشىغا شەپكە كىيىۋاپتۇ.

— دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — چېچىنى نېمە مەقسەتتە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

— ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز؟ — دېدى جېڭ شاۋجېڭ ئۇستەلنى چېكىپ تۇرۇپ، — راھىب بولماقچىمىش.

چۈ يەنچاۋ ئۆزىنى تۇتۇلماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. شاڭخەي-
لىك يۇرتلۇقىنىڭ مۇشۇنداق قىزىق ئويۇن ئويناپدىغانلىقىنى ئۇ
ئويلىمىغانىدى.

ئەمدى پاراڭ ئەركىن - ئازادە تۇس ئېلىشقا باشلىدى.

— كۈلكىلىكمىكەن؟ — دېدى جېڭ شاۋجىڭ ئاچچىق
كۈلۈپ، — بۇنداق ئىشنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدى-
كى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا يۈز بېرىشى ھەقىقەتەن ئېچى-
نىشلىق. نېمىدىگەن بىمەنىلىك بۇ، — جېڭ شاۋجىڭنىڭ چىرا-
يىدىن كۈلكە ئۆچتى، — تاڭ جۇنشېڭ بەك چۈشكۈنلىشىپ كەت-
تى. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ باشقا سىنىپتىكى يۇرگىنى-
دىن ئايرىلىپ كەتكەنلەرنى تەكلىپ قىلغان، ئۇلار كىرلىك ۋە
تاغارلارنى ئارتىشىپ، باشلىرىغا پاناما قالپىقىنى كىيىشىپ
مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا قوللىرىنى تۇتۇشۇپ خاتىرە سۈرەتكە
چۈشكەن. يەنە تېخى ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ...

— نېمە؟

— پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشەيلى، دېگەن ناخشى-
نى ئېيتقان.

جېڭ شاۋجىڭنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى، چۈ يەنچاۋ
قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

— بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسكەنغۇ! — دېدى ئۇ، — ياش-
لارنىڭ كەيپىياتى مۇقىم بولمايدۇ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، ئوب-
دان يېتەكلىسەكلا، ھېچقانداق مەسىلە چىقمايدۇ. تاڭ جۇنشېڭ
بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىمەن. ھە راست، ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى
قوزغاپ، مۇشۇ ئىقتىدارىنى نورمال مەدەنىي مەشغۇلاتلارغا قا-
راتساڭلار بولمامدۇ؟ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ۋاقتى-
غىمۇ ئاز قالدى...

— راست، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئۇنى مەكتەپ قۇرۇل-
غانلىقىنى تەبرىكلەش سەنئەت كېچىلىكىدە ئازراق كۈچ چىقار-

سۈن دېگەن خىيالىم بار ئىدى. ئۇ ماڭا يوغانچىلىق قىلىپ، بوينىنى تولغاپ يۈرىدۇ...

— سىلەر قانداق نومۇرلارنى تەييارلىدىڭلار؟ — قىزنىڭ سورىدى چۇ يەنچاۋ ئۈنىڭدىن.

— ھە.... جېڭ شاۋجېڭ بىر ئورام قەغەز بار قولىنى ئۈستەلگە قويۇپ، — كەسپىي ئالاھىدىلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ ئىنگلىز تىلىدا ئوپېرا ئورۇنلىماقچى بولۇۋاتىمىز، شكىسپېرنىڭ «خاملېت» درامىسىدىن ئارىيە...

— ھە! بەك ياخشى بوپتۇ، — چۇ يەنچاۋ ئېغىز مەشىقىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلغان ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن خۇشال بولۇپ، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن جېڭ شاۋجېڭغا قاراپ، — سىز رېژىسسورلۇق قىلىڭ! — دېدى.

— ھىم، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ ئىككىلەنمەي بېشىنى لىڭشىتىپ، — نەچچە كۈندىن بېرى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شۇ ئىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن... — ئۇ قولىدىكى بىر ئورام قەغەزنى مىجىقلاپ ئولتۇراتتى.

— روللارنى تەقسىم قىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟

— ھەئە، بەك قىيىنكەن! — دېدى ئۇ پىلان ۋە ئادەم كۈچلىرىنى جاي - جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقان كاتتا رېژىسسوردەك ياكى زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرالدەك قوللىرىنى يېيىپ، — ئون ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى چىقمىسا بولمىغۇدەك، پارچە - پۇرات روللارغا باشقا سىنىپنىڭ بالىلىرىنى ياردەمگە «ئالاھىدە تەكلىپ» قىلمىساق بولمايدىكەن. سەھنە سۆزى ئاز، ئۇلار سۆزلىمىسىمۇ بولىدۇ، باش رول بىر مەسىلە بولۇپ قالدى، باش رولغا چىقماق بەك تەس.

— سىزنىڭچە خاملېتنىڭ رولىغا كىم چىقسا بولىدۇ؟

— بىز بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ قىيىن مەسىلىگە يولۇقتۇق.

ئون ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ باقتىم، بەزىلىرىنىڭ بويى پاكار، بەزىلىرىدە سالاپەت يوق، بەزىلىرى ئىنگلىز تىلىدا خام. . .

— باشقا سىنىپنىڭ بالىلىرىنى «تەكلىپ» قىلساق بولماي-دۇ، خامىلىت رۇسچە گەپ قىلسا بولمايدۇ — دە! — چۇ يەنچاۋ جېڭ شاۋجىڭ ئۇچۇن ئەستايىدىل ئويلىنىۋاتاتتى. جېڭ شاۋ-جىڭ ھەقىقەتەن قىيىن تېمىنى تاللىغانىدى.

— لېكىن، باش رولغا كەلگەندە بولدىلا دېگىلى بولمايدۇ، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالساق تېخىمۇ بولمايدۇ، قايتا - قايتا ئويلى-نىش ئارقىلىق مۇۋاپىق نامزاتتىن بىرنى تاپتىم، يەنە كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ سىنىپىدىن! — جېڭ شاۋجىڭ شۇنداق دەپ گېپى-نى توختىتىۋالدى.

— كىم ئۇ؟ — سورىدى چۇ يەنچاۋ ئەجەبلىنىپ.

— سىز، چۇ مۇئەللىم! — جېڭ شاۋجىڭ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى، ئۇنىڭمۇ كۈلىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن - ھە!

— ياق، بولمايدۇ، بولمايدۇ، — جېڭ شاۋجىڭ ئۇنى قات-تىق قورقۇتىۋەتكەنىدى، — مەن قىلالمايمەن، مەن سەھنىگە چىقىپ باقمىغان، مۇنبەرگە چىقىپ يېڭى دەرس ئۆتكەن چاغلاردا قىزىرىپ كەتكەنمەن.

— ھازىر ئادەتلىنىپ كەتتىڭىزغۇ! — دېدى جېڭ شاۋ-جىڭ قول ئاستىدىكى ئادەمنى قايىل قىلغاندەك ياكى ئۇنى ئىل-ھاملاندۇرۇۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — سىزنىڭ ئىنگلىز تىلى سە-ۋىيىڭىزگە گەپ كەتمەيدۇ، ئوبراز، تەقى - تۇرق، خاراكتېر جەھەتتىن سىز ناھايىتى مۇۋاپىق، پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداش-لارنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ سىنىپىمىزدىكىلەرنىڭ پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئو-قۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىشىمىز، مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش كۈنى نۇرغۇن مەكتەپداش-

لار، پېشقەدەم باشلىقلار كېلىدۇ، ئويۇنىمىزنى كۆرىدۇ، مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز كېرەككى، مەغلۇپ بولماسلىقىمىز
كېرەك. چۇ مۇئەللىم، زىممىڭىزدىكى يۈك ئېغىر!
— ياق، ياق. . . — دېدى چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ قاملاشتۇ-
رالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ. ئۇ ئۆزىنى ئۆز كەسپىدىن باشقا
ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنچىسى يوقتەك چاغلايتتى. چۇ يەنچاۋ ھايا-
جان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ جېڭ شاۋجىڭ بىلەن تالاشتى، — مې-
نىڭ خاراكتېرىم قانداقسىگە خاملېتنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشى-
سۇن؟ خاملېت كەم سۆزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە
ئىنتايىن سىرلىق، ئىنتايىن قەيسەر، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا غايەت
زور كۈچ - قۇدرەت يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ سارالڭ بولىۋېلىپ
دېگەن تاققا - تۇققا گەپلىرى يەر - زېمىننى لەرزىگە سېلىپ،
جىن - شاياتۇنلارنى يىغلىتىۋېتىدۇ. «يىغلىيالامسىز؟ ئۇرۇشا-
لامسىز؟ ئاچلىق ئېلان قىلالامسىز؟ تېنىڭىزنى قىيما - چىيما
قىلىۋېتەلەمسىز؟ بىر كۈب ئاچچىقسۇنى ئىچىۋېتەلەمسىز؟ پۇ
تۇن تىمساھنى يەۋېتەلەمسىز؟ بۇ ئىشلارنى مانا مەن قىلالاي-
مەن! . . . » — چۇ يەنچاۋ قوللىرىنى چۇشۇرۇپ، نائىلاج كۈل -
دى، — بۇ، مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمدۇ؟ بۇنداق رولنى ئوينىيال-
مايمەن. . .
— ياق، بۇ بىر ئابزاس سەھنە سۆزىنى ناھايىتى ياخشى
دېدىڭىز! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ ھاياجان بىلەن ئۇستەلنى ئۇ-
رۇپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ تۇرقى ئارتىسنى سىناۋاتقان كاتتا رېژىس-
سورنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى، ئۆزىنى ئۇستاز ئورنىغا قويۇپ
گەپ قىلىۋاتاتتى، — بولدى، خاملېتتىن خاتىرجەم بولدۇم! —
جېڭ شاۋجىڭ چۇ يەنچاۋغا مەسلىھەتلىشىدىغان ئىمكانىيەت قال-
دۇرمىدى.
— سىز يەنە ئويلىنىپ كۆرۈڭ، ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ
ئارىسىدىن تېخىمۇ مۇۋاپىق بىرى تېپىلىپ قالار، — چۇ يەنچاۋ

يەنىلا ئۇنىمىدى، — تاڭ جۇنشېڭ قانداقراق؟
— بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ! — جېڭ شاۋجىڭ ئۇنى رەت قىلىۋەتتى، — ئۇ دېگەن ئاق پىشماق، ئىنچىكە بەل، بولمايدۇ، ھازىر ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، ئىنگلىز تىلىنىمۇ راۋان تەلەپپۇز قىلالمايدۇ، ئۇ ھېلىقى نەس باسقان پولونيۇسنىڭ رولىنى ئالسا بولىدۇ، رول قىسقا، خاملېت قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ سەھنىدىن چۈشۈپ كەتسە بولىدۇ...
— باشقا روللارغا ئادەم سەپلەپ بولدۇڭلارمۇ؟
— ئاساسەن سەپلەپ بولدۇق، — دېدى جېڭ شاۋجىڭ بارماقلىرىدىن «قاس» چىقىرىپ، — دانىيە پادىشاھىنىڭ رولىنى بەي شۇلى ئوينايدۇ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ياخشى ئەمەس، شۇڭا قەھرىمانلارنىڭ رولىنى تالىشىشتىن خىجىل بولدى، مۇشۇ رولغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك قىلىپ توغرا جاۋاب بەرمەيدىغان خاراكتېرى پادىشاھنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، خانىشنىڭ رولىنى، ئامال يوق ئۆزۈم ئالىدىغان بولدۇم، لۇ شيۇجۇغا دېسەم ئۇنىمىدى، شيې چيۇسىگە دېسەم، ئۇمۇ ئۇنىمىدى، ئەسكى ھەم بەختسىز بۇ ئايالنىڭ رولىنى ياراتمىغان ئوخشايدۇ، ئوينىغانغا نېمە بولاتتىكىن؟ ئويۇن تۇرسا! شيې چيۇسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئوپېلىيانىڭ رولىنى ئالغۇسى بار...
— سىز ئوپېلىيانىڭ رولىنى كىمگە بەرمەكچى بولۇۋاتىدسىز؟ — دەپ سورىدى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭدىن چۇ يەنچاۋ.
— ئەلۋەتتە خەن شىنيۈگە بېرىمەن! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ ئىككىلەنمەي، — ئۇنىڭ ئوبرازى، خاراكتېرى ناھايىتى ياخشى، خەن شىنيۈ پاك، ساددا، ئۇياتچان، يەنە سەل ئۇياتچاندلىق ۋە غەمكىنلىك قوشۇلسا، ئۇ ئوپېلىياغا شۇنداق ئوخشايدۇ، قىل سىغمايدۇ!
— ئوپېلىيانىڭ رولىنى ئۇ ئوينايدىكەندە! — دېدى چۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنچاۋ پىچىرلاپ، ئۇنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى ياكى قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— مەن خەن شىنيۆگە دېدىم، ئۇ قوشۇلدى، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ — گەپ سىزدە قالدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە رولغا چىقسىڭىز، راۋۇرۇس ماسلىشىپ كېتىسىلەر. . .

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ بىردىنلا ھەيران بولۇپ، ئۇ جېڭ شاۋجېڭنىڭ نېمىشقا «راۋۇرۇس» دېگەن گەپنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلمىدى.

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — ھەر ئىككىڭلار ئاساسلىق ئارتىس، سەھنە سۆزۈڭلار پۇتكۈل ئوپېرادا ئەڭ ياخشى، كۆپچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلغان سۆز. «تەمتىرەش» تىن، «كېكەچلەش» تىن ئەنسىرىمەيسىلەر، ئاساسىي زېھنىڭلارنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى قېزىشقا قاراتساڭلار، رول ياخشى چىقىدۇ.

— ھەي. . . — دېدى چۇ يەنچاۋ خۇددى رولغا كىرىۋاتقاندەك ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىپ، — ياق، ياق، بەك قىيىن، بۇ رولنى ئويناش بەك قىيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقاندا سەھنىگە چىقىپ قەبرىستانغا سەكرەپ چۈشەمدىمەن؟ « بۇنداق ئېغىر ھەسرەتنى كۆتۈرۈشكە كىمنىڭ يۈرىكى چىدايدۇ؟ كىمنىڭ ئاھۇ پىغانلىرى ئاسمان سەييارىلىرىنىمۇ جايىدا قاتۇرۇپ قويالايدۇ؟ مانا ئۇ مەن، دانىيە شاھزادىسى خاملېت! » بۇ. . . بۇ بەك قىيىن!

— Very good — دېدى جېڭ شاۋجېڭ كۈلۈپ، — مۇشۇنداق كەيپىيات كېرەك، قانچە قىيىن بولسا شۇنچە ياخشى!

جېڭ شاۋجېڭ ئۈستەلدىكى بىر ئورام قەغەزنى چۇ يەنچاۋنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى، — كىتابنى بېسىپ بولدۇق، ئاۋۋال پىششىق تونۇشۇپ چىقىڭ، لېكىن بۇ رول سىز ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس. شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىنى سىز يادلاپ بېرە-

لەيسىز. ۋاقىت چىقىرىپ خەن شىنيۈ بىلەن مەشىق قىلىڭلار...
چۇ يەنچاۋ شاپىگرافتا بېسىلغان كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە:
— قارىغاندا، ماڭا بېسىم ئىشلىتىدىغاندەك قىلىسىز، — دېدى
— توغرا — دېدى جېك شاۋجىك كەسكىن تۈردە، — مەن ھەر بىر ئارتىسقا ئېنىق تاپشۇردۇم: بۇ سىياسىي ۋەزىپە، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۇلار ياخشى ئوينايدۇ.
چۇ يەنچاۋ نائىلاج ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. بۇ «ۋەزىپە»، يەنە كېلىپ «سىياسىي تۈس» ئالغان ۋەزىپە ئىكەن، دېمەك، مەسلىھەتلىشىشكە ئورۇن يوق ئىدى. جېك شاۋجىڭنىڭ گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ، يېرىم كۈن سىياسەت سۆزلىگەنلىكىنىڭ مەقسىتى مۇشۇمىدۇ؟ تېخىمۇ قىزىق يېرى، جېك شاۋجىڭنىڭ تالىلغىنى ھازىر ئېقىۋاتقان «ئىنقىلاب نامىدىن» دېگەن تىياتىر بولماستىن، بەلكى ھېچقانداق «ئىنقىلاب» پۇرىقى يوق «خام-لېت» ئىدى: قارىمامدىغان بۇ يۇمران سىياسەتچىگە!
جېك شاۋجىك زەپەر قۇچۇپ، ياتاققا چاقماق تېزلىكىدە قايتتى، ياتاقتا خەن شىنيۈ ئۆزى يالغۇز رېژىسسور بەرگەن كىتابقا قاراپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ سەھنە سۆزىنى يادلاۋاتاتتى:
*قىزچاق، قىزچاق، ئاڭلاپ قويغىن، ئۇ كەتتى بۇ جاھاز-دىن،*
*كەلمىشى يوق ئەمدى مەڭگۇ بۇ جاھانغا قايتىدىن.*
*پۇركىنىپتۇ ئۇنىڭ بېشى ياپيېشىل ئوت ـ گىياھقا،*
*ئۇنۇپتۇ مۇخ ـ ئۈسۈملۈكلەر پۇتلىرىنىڭ ئۇستىدىن.*
جېك شاۋجىك ياتاققا ئۇسۇپ كىرىپ:
— ھەي، گۈزەل ئوپىلىيا! — دېدى.
خەن شىنيۈ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، توۋەندىكى سەھنە سۆزد-

نى ئوقۇدى:

*يامغۇردەك تۆكۈلىدۇ ئاڭا قىزىل گۈل بەرگى،*
*شۇ گۈللەردە شەبنەم كەبى يالتىرايدۇ كۆز ياشلار،*
*ئۇزاتماقتا يەرلىككە يىغلاپ ئۇنى يۇرت ئەھلى.*

جېك شاۋجىك خەن شىنيۆنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ:

— ھەي، سىزگە سەھنە سۆزى سۆزلەۋاتقىنىم يوق، شۇنى ئۇقتۇرۇپ قوياي، خاملىت بار بولدى!

— شۇنداقمۇ! — دېدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوپېرا ۋەقەلىكى ئىچىدىن رېئاللىققا قايتقان شىنيۆ، ئەر پېرسوناژنى تاللاش ئۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويۇن قويۇش بولسىمۇ، ئەمما كۆرۈمسىز بىر ئەرنىڭ سەھنىدە ئۇنىڭغا: «مەن بۇرۇن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن» دېيىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ ئۇنىڭغا كىتابىتىكىگە ئوخشاش: «راست، جانابىي ئالىيلىرى، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزگە مەنمۇ ئىشەنگەن» دېيىشى كېرەك ئىدى، بۇ ھال ئۇنىڭغا بىر قىسما تۇيۇلاتتى. ئۇ بىتاقەت بولۇپ جېك شاۋجىڭدىن:

— خاملىت كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزىڭىز پەرەز قىلىڭ! — جېك شاۋجىك رېژىسسور بولغان ئۆزىنىڭ ئارتىس تاللاشقا قويغان يۇقىرى ئۆلچىمىنى، خىزمىتىنىڭ قىيىنلىقىنى ۋە نوپۇزىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆز - كۆز قىلىش مەقسىتىدە ئۇنى بىر دەم ئويلىنىشقا سالماقچى بولدى، — بۇ خاملىت ئەڭ سالاپەتلىك، ئەدەبىيات ساھەسىدە بىلىمى كەڭ، خاراكتېرى ئۆزگىچە، ئىنگلىز تىلىدىمۇ ئەڭ ياخشى. بايام رولنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتى، قالتىس ياخشى بولدى، گۈزەل ئوپېلىيا چوقۇم رازى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن!

جېك شاۋجىك چىرايلىق گەپلەرنى تولا قىلىپ شىنيۆنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى، سىنىپىدىكى ئون ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇ-

چى ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى، لېكىن ئۇنى كۆز ئالدىغا زادىلا كەلتۈرەلمىدى. ئۇ بىتاقەت بولۇپ:

ــ زادى كىم؟ مۇۋاپىق بىرى بولمىسا ئوينىمايمەن! ــ دېدى.

ــ چۇ يەنچاۋ! ــ جېڭ شاۋجىڭ بىردىنلا جاكارلىدى، ئۇ مۇئەللىم بولمىغان مەيداندا ئۇنىڭ ئىسمىنى يۇرەكلىك ئاتىدى، بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ بۇ گۇرۇپپىغا ئۇ رېژىسسورلۇق قىلىدىغان تۇرسا!

ــ هە، چۇ مۇئەللىم! ــ شىنيۆ خۇشاللىقىدا تولۇقلىۋەتتى، ــ هەي، مەن نېمىشقا ئۇنى خىيالىمغا ئەكەلمىگەندىمەن؟ ساۋاقداشلارنى ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.

ــ ئۇ بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز بولۇشقا رازىمەن، دېمىگەندىدى، ــ دېدى جېڭ شاۋجىڭ مەغرۇر هالدا، ــ كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، تەييارلىقسىز تۇرغاندا هۇجۇم قىلدىم، ئىنقىلابىي تەدبىرىم ئالدىدا ئۇ نائىلاج قالدى.

ــ ئۇ قوشۇلدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى شىنيۆ ئەنسىرەپ.

ــ قوشۇلدى، قوشۇلدى! ــ دېدى جېڭ شاۋجىڭ خۇشال هالدا، ــ مېنىڭ بۇ ئوپېرايىمنىڭ يېرىمى تۈگىدى. «4 ـ ماي» غا ئاز قالدى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ سەھنە سۆزىنى پىششىق يادلاڭ، چۇ يەنچاۋ بىللە مەشىق قىلغىنىڭلار ياخشى، شۇنىڭدا هېسسىيات ئالماشتۇرۇش بولاتتى، ۋەقەلىككە ئاسانلا كىرىپ كېتەلەيتتىڭلار...

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، رېژىسسور! ــ دېدى شىنيۆ خۇشال هالدا، ــ مەن چوقۇم بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، سىز تاپشۇرغان «سىياسىي ۋەزىپە» نى ئورۇندايمەن!

كارىدوردا بىرىنىڭ جىددىي ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىشىك «جالاق» قىلىپ ئېچىلىپ، سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن لۇ شيۇجۇ شىنيۆنىڭ ئۈستىگە چۈشكىلى قىل قالدى.

— ھەي، لۇشيۇجۇ! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ، — سىزنى ئاۋارە قىلىشقا مەجبۇرمەن، يېنىمدا تۇرۇپ دېدەكنىڭ رولىنى ئويناپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

لۇ شيۇجۇ ئۇنىڭ گېپىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى:

— چاققان، چاققان! خەن... شىنيۆ... — دېدى.

شىنيۆ تېڭىرقاپ قالدى:

— نېمە بولدى؟ بۇنچىلىك بوپكەتكۇدەك نېمە ئىش بولدى؟...

لۇ شيۇجۇ جىددىيلەشكەنسېرى گېپىنى تېپىپ قىلالماي، پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— تېلېفون... سىزنى تېزراق كەلسۇن دەيدۇ، دادىڭىزنىڭ... يارىسى ئېغىر كەن...

— ھە؟! — شىنيۆنىڭ تۇيۇقسىز چاقماق سوقۇۋەتكەندەك چىرايى شۇئان تاتىرىپ «خاملېت» نىڭ كىتابى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. مۇزلاپ كەتكەن قوللىرى ياپراقتەك تىترەيتتى. ئۇ ئالمان - تالمان لۇ شيۇجۇنىڭ بىلىكىنى تارتقۇشلاپ كەتتى:

— نېمە... نېمە...

— كونكرېت ئەھۋالنى... سوراشقا مەنمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم... جىددىي تېلېفونكەن، دادىڭىزنىڭ ئىدارىسىدىن كەپتۇ...

— دادام... ھازىر نەدىكەن؟

— تۆك... تۆگرېن دوختۇرخانىسىدىكەن!

جېڭ شاۋجىڭ كەسكىن ھالدا:

— خەن شىنيۆ، سىز دەرھال مېڭىڭ! مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، چوقۇم ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى.

شىنيۆ ھېچنېمىگە قارىماي ياتاقتىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئاستىدىكى قەۋەتكە يۈگۈردى. يارىسى ئېغىر؟ دادام قانداقسىگە ئېغىر يارىلانغاندۇ؟ ئۇتتا كۆيۈپ يارىلانغانمىدۇ؟ بىر يېرىگە بىر

نەرسە كىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ ماشىنا سوقۇۋەتكەنمىدۇ؟ دادامنىڭ خىزمىتى بۇنداق خەتەرلىك ئىپتىمالدىن يىراق، بۇ مۇمكىنمۇ؟ . . . مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن. . . بۇ گەپ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ بۇنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىدى، قاندق ئەھۋال يۈز بېرەر؟ دادامنىڭ يارىسى قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىردۇ؟ . . . ئاھ، ھەرقانداق بىر ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن، تەقدىر ئەزەل-دىن ھەرقانداق كىشىگە رەھىم قىلغان ئەمەس! ئۇ دادىسىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايتتى، كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا يۆلە-نىپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ تۇنجى ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى دادىسى ئىدى، دادىسى ئۇنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىشىنى قەت-ئىي قوللىغان. . . دادىسى ئائىلىسىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى. . . ئاھ، دادا، دادا!

خەن شىنيۆ مەكتەپنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ 32 - يول ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ چاپتى، يارىسى ئېغىر! يارىسى ئېغىر! دېگەن گەپ كاللىسىدىن نېرى كەتمەيت-تى. ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى، دادىسىنى تېزراق كۆرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.

خەن زىچى تۆگرېن دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتاتتى. باش، بىلەك، پۇت ۋە مەيدىسىنىڭ. . . ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قى-لاتتى. بىرىنىڭ قولى ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلايتتى، مەيدىسىدە مۇزدەك تىگشىغۇچ ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى، كۆزلىرىنى ئاچقۇدەك ماغدۇر يوق ئىدى.

— يارا ئاغزىنى تازىلاڭلار، ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلى ئۇرۇڭلار، شامالداپ قالمىسۇن! — خەن زىچى دوختۇرنىڭ سېستىرالارغا بۇيرۇق ئاھاڭىدا قىلغان سۆزىنى ئاڭلايتتى، — ئاندىن رىنتگېنغا ئېلىڭلار، قوۋۇرغىلىرىنىڭ سۇنغان ئەھۋالى-

www.uyghurkitap.com

نى ئىنقلاش كېرەك. . .

— ئاللا! قوۋۇرغىلىرى سۇنغان ئوخشىمامدۇ؟ — بۇ خەي هامىمىنىڭ يىغا ئارىلاشقان ئەنسىز ئاۋازى ئىدى.

— تىنچ بولۇڭلار، يىغلىساڭلار بولمايدۇ. . .

— قانداقمۇ يىغلىماي تۇرالايمىز؟ — بۇ خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — دوختۇر، بىز بىر ئۆيلۈكنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، بىز. . . — خوتۇنى گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتى.

— قارا سېنى، ھەدېسىلا يىغلايدىكەنسەن، يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — بۇ ئوغلىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — بولدى يىغلىما، دوختۇرلار كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ ساقايتىدۇ.

— تىيەنشىڭ، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسەن! — بۇ يەنە خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — دادالڭ ھەر كۈنى ئىشقا ماڭغاندا، ئۇنى چارچاپ كېتەمدىكىن، ماشىنا سوقىۋېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ ئىدى، ئاتمىشقا بېرىپ قالدى، دىققەت قىلمىغان بىلەن بولمايتتى، ئېھتىيات قىل، دەپ كېتىمەن، قېرىشقاندەك ئۇ گېپىمنى يەنە قۇلىقىدا تۇتماپتۇ. بۇ بىزگە نېمە كۈن ئەمدى؟ . . .

خەن زىچىنىڭ مەيدىسى بىر پەس سانجىپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئازابلىق ئىڭراپ كۆڭلىدە: يىغلا، مەندىن ئاغرىن، مەن سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ مۇشۇ بالاغا يولۇقتۇم. ئۇ بۇ بالا ـ قازا يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىدى. . .

ئۇ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن كۈندىكىدەك ئىشخانىسىدا ئۈستىلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئىستاكانغا ئاچچىق پەمىلچاينى دەملەپ قويۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئاچتى. بۇ ئۇنىڭ 1951 ـ يىلىدىن تارتىپ ئالاھىدە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىدە ئىشلىگەندىن بۇيان قولىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە كۆزدىن كەچۈرگەن قىم-

مەتلىك قاشتاش بۇيۇملىرىغا ئائىت مۇكەممەل خاتىرىسى ئىدى. بۇ، ئائىلىسىدىكى «مەخپىي ھۇجرا» دا يىغىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. ئەلۋەتتە، چىچېنجەيىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كەسىپداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى قولىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاشتاش بۇيۇملىرىنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە قازانغان نام - ئابرۇيى بىلەن ئازادلىقتىن كېيىن قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتكە تەكلىپ قىلىنىپ دۆلەت كادىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىك ھەرىكىتىدە مال - مۇلكى ئۇنىڭ مال - مۇلكىگە يەتمەيدىغان دۇكاندارلار، كارخانا خوجايىنلىرى كاپىتالىست، كىچىك دۇكان خوجايىنى بولۇپ باشقا بىر تىزىملىككە چۈشۈپ قالدى. بەزىلەر ئىختىيارسىز خورسىنىپ: «خەن ئەپەندى ھەقىقەتەن زامانىنى چۈشىنىدىغان دانىشمەن ئىكەن، تازا ۋاقتىدا ۋەيران بولدى!» دېيىشەتتى. لېكىن ئۇ كۆڭلىدە بىلەتتى، بۇ پەقەت تارىخىي ئۇقۇشماسلىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىنقىلابقا مەقسەتلىك بېغىشلىغان ئەمەس ئىدى، ئەمما قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى مۇشۇ سەۋەبتىن ساقلاپ قالغانىدى. داغدۇغىلىق سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشمۇ ئۇنىڭ بىر تال موينى يۇلالمىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىدە خۇشال بولاتتى ھەم چەكسىز غەم - قايغۇغا پاتاتتى، «مەخپىي ھۇجرا» سى ئاشكارىلىنىپ قالسا، پالاكەت باستى دېگەن شۇ ئىدى، ئۇ بۇنى بىلەتتى... ئۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلاتتى. ئۆزىنى ھەمىشە «توردىن چۈشۈپ قالغان بېلىق» ھېسابلايتتى، ئۆزىنىڭ بۇ تورغا قاچان قايتا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇ كۈن يېتىپ كېلىپ، نىقابى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلانسا، ئۇ يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ ئۇ شۇ كۈن ھەر ۋاقىت كېلىدىغاندەك، شۇ

كۇنىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ «تور»نىڭ سىرتىدا
تۇرۇپمۇ، خۇددى «كاپىتالىست» دەپ رەسمىي قالپاق كىيگەنـ
لەرگە ئوخشاش، «پايدىلىنىش، چەكلىنىش، ئۆزگىرىش» روـ
لىنى ئويناۋاتاتتى. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاقىۋىتىنى كۇتۇۋاتاتـ
تى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ كۇتۇش ناھايىتى ئازابلىق ئىدى.
ئۇ دەككە ـ دۇككە ئىچىدە ئۆتكەن ئون يىل جەريانىدا قېلىن
بىر دەستە ماتېرىيال يىغقانىدى. بۇ ھەم ئالاھىدە ھۇنەر ـ
سەنئەت بۇيۇملىرى شىركىتى ئۇچۇن قىممەتلىك تارىخىي ھۆجـ
جەت ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا
رەھبەرلىك ئۇنى مال سېتىۋېلىش، سىرتقا مال سېتىپ بېرىشـ
تەك ئېغىر خىزمەتلەرگە سالماي، ئۇنداق ئىشلاردىن ئازاد قىلـ
دى، ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان توپلىغان مول تەجرىبىلىرىنى
كەسىپداشلىرىغا ھەم كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك بولالىغۇدەك نەرسە
قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇش ئۇچۇن رەتلەپ چىققانىدى. ئۇ بىر
دۆۋە ماتېرىياللارنى قويۇۋېلىپ، ئارىسىدىكى ۋەكىللىك خاراكـ
تېرىگە ئىگە، بەدىئىي سۇپىتى ۋە ئاسارئەتىقە قىممىتى بىرقەدەر
يۇقىرى بولغانلارنى ئايرىم ـ ئايرىم خاتىرىلەپ، تەھلىلىنى يېـ
زىپ قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ كىتابىنىڭ ئىسمى «قاشتاش
پەرقلەندۇرۇش قوللانمىسى» ئىدى، يېرىمىنى يېزىپ بولاي دېـ
گەنىدى. لېكىن كەسىپىي ئىشلاردىن تەلتۆكۇس قول ئۈزۈپ
كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى بىلەن كەسپىي ئىشخانا ئارىتام
ئىدى. كەسىپداشلىرى يېڭىلىقلارغا ھەم گۇمانلىق مەسىلىلەرگە
دۇچ كەلسە، ھەمىشە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى، ئۇمۇ
قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، بۇيۇملارنى شۆلار بىلەن بىللە كۆرەتـ
تى ھەم تەتقىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ زوقى
ھەم ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى مۇشۇ ئىدى. بۇ ئىش نۆۋەتتە قىلىۋاتـ
قان خىزمەت ئۇچۇن ئۇنى داۋاملىق يېڭى ماتېرىياللار بىلەن
تەمىنلەپ تۇراتتى.

ئۇ شۇ تاپتا لوپا ئەينەك بىلەن «نىلۇپەر چىشلىگەن سىياھ
بىلىق» نىڭ سۈرىتىنى كۆرۈۋاتاتتى، بۇ بۇيۇمنى بۇنىڭدىن بەش
يىل بۇرۇن ماگىزىندىن سېتىۋالغانىدى. بۇ بۇيۇم ھازىر گۇ-
گوڭدا ساقلىنىۋاتاتتى. بۇ بىلىقنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۇم قارا،
ئاغزىدىكى نىلۇپەر گۈلى ئاپئاق، رەڭ ئايرىمىسى ئېنىق، ھۈنەر
زىل، ئىشلىنىشى كۆركەم ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى خاتىرىنى ئاچتى،
ئۇنىڭدا بۇ بۇيۇم سۇڭ دەۋرىدە ئىشلەنگەن دەپ يېزىلغانىدى.
ئۇ سۈرەتنى قايتا - قايتا كۆرۈپ ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمىنىڭ
توغرىلىقىنى جەزم قىلىپ، «قاشتاش پەرقلەندۈرۈش قوللانمى-
سى» غا كىرگۈزۈشنى قارار قىلىپ، جىددىي تەرزدە قەلەم
تەۋرەتتى: نىلۇپەر گۈلى چىشلىگەن سىياھ بىلىق، سۇڭ. . .

— ئالىجوقا، سەن ھۈنەرنى ئۇستازدىن ئۆگەنگەنمۇ ياكى
قۇشناچىتىنمۇ؟

ئىشىك سىرتىدىن دىرېكتورنىڭ ئاۋازى كەلدى، ئۇ چاق-
چاقچى دىرېكتورنىڭ ئالىجوقىنى گەپكە سېلىۋاتقانلىقىنى بىل-
دى. «ئالىجوقا» بىر مال ساتقۇچىنىڭ لەقىمى ئىدى. ئۇ ياشى-
نىپ قالغان ، ئىقتىدارى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. تۇرۇپ -
تۇرۇپلا قاشتاش بۇيۇملىرىنى خاتا پەرقلەندۈرۈپ قويۇپ كۈلكىگە
قالاتتى. شۇڭا كەسىپداشلىرى ئۇنى «ئالىجوقا» دەيتتى. ئۇنىڭ
ئىقتىدارى تۆۋەن بولغىنى بىلەن مىجەزى ياخشى ئىدى. يۈزىدىن -
يۈزىگە «ئالىجوقا» دېسىڭىز، خۇددى بايام دىرېكتورنىڭ «قۇش-
ناچىتىن ئۆگەنگەنمۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ خاپا بولمىغاندەك
خاپا بولمايتتى. دىرېكتورنىڭ گېپىدىن: سەن ئەينى چاغدا ئۇس-
تاز تۇتۇپمۇ ھېچنېمە ئۆگىنەلمەپسەن، دېگەندەك مەسخىرە چى-
قىپ تۇراتتى. ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولغان بولسا
ئۆڭگەن بولاتتى، لېكىن «ئالىجوقا» ئېرەن قىلمىدى:

— نېمە بولدى، دىرېكتور؟ «يېشىل قاشتاشنى سالقىن
قانلىق بىلەن كۆرسەم» كۆزلىرىم مېنى ئالدىمايدۇ، — بۇ

گەپلەر خەن زىچىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

— «يېشىل قاشتاشنى سالقىن قانلىق بىلەن كۆرۈش» دېگەن قانداق گەپ؟ بۇ يېشىلمۇ؟

— مەنمۇ يېشىل دېمىدىمغۇ، بۇ دېگەن كۆك قاشتاش، مەن ساڭا تونۇگۇن مۇشۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ!

— بۇ قانداقمۇ كۆك قاشتاش بولسۇن؟ يېشىل تۇرمامدۇ! سەن ھەقىقەتەن ئالىجوقا جۇمۇ!

«ئالىجوقا» قايىل بولماي:

— ساڭا دەپ قوياي، يېشىل بۇيۇملار ئاسان جا چىقىپ قالىدۇ، يېشىل تاش، يېشىل ھېقىق، ئاۋستىرالىيە يېشىل قاشتېشى، مۇشۇلارنى خەلقلەر يېشىل قاشتاش دەپ ئەكېلىدۇ، سەن ھەممىنى يېشىل قاشتاش دەۋالما! بۇ دېگەن كۆك قاشتاش بىزەك. كۆك قاشتاش، يېشىل قاشتاش ئەمەس! — دېدى.

— سەن «بەلكى يالغانى دېسەڭ راست، راست ئىمىش يالغان هامان»، دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىسەن، خەقلەرنىڭ قولىدىن يالغان بۇيۇملارنى تولا ئېلىپ، بۇ بۇيۇمنىمۇ ساختا دەۋاتىسەن! — دېدى دىرېكتور، — ئوبدان قارا، ئارىسىدا يولى بار، كۆك قاشتاشنىڭ مۇشۇنداق يولى بارمۇ؟

— قاشتاشنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ كۈن قاراش كېرەك. ئوتقا قويۇپ قاراپ باقامدۇق؟ ساختىسىنىڭ رەڭگى ئوتتا ئۆڭۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئالىجوقا.

— ماڭە، گەپلىرىڭ بارغانچە چاك باسمىغىلى تۇردى. بۇ يېشىل قاشتاش، پارافىن يا باشقا بىر نېمە ئەمەس ئوتقا قويىدىغان. . .

ياش باللار «پاراقىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى

سىرتتا بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان خەن زىچى ئىختىيارسىز ھالدا:

— چىراغقا تۇتۇپ باقساڭلار بولامدۇ. يېشىل قاشتاش



www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ يېشىل كۆرۈنىدۇ، كۆك قاشتاش كۆل رەڭ كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

— قېنى، قېنى، مۇتەخەسسىس پەرقلەندۈرۈپ بەرسۇن، ھەقىقەتەن يېشىل بولسا ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن. نوپۇسقا، خىزمەت كىنىشكامغا ئىسمىمنى «ئالىجوقا» دەپ تولدۇرىمەن! — دېدى سىرتتا تۇرغان «ئالىجوقا».

ئۇلار خەن زىچىنىڭ يېنىغا كىردى. دىرېكتور قولىدىكى بۇيۇمنى ئۈستەلگە قويۇپ:

— لاۋخەن، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ. چەت ئەللىكلەر يېشىل قاشتاش بېزەك ئالماقچىكەن، «ئالىجوقا» چۈشەندۈرۈش كارتۇشكىسىغا كۆك قاشتاش بېزەك دەپ يېزىپتۇ.

— چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلغاندا ئۇلارنى ئالداشقا بولمايدۇ، نېمە بولسا شۇنى يازمامدۇ! — دېدى «ئالىجوقا» ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ.

خەن زىچى ھالقا شەكىللىك بېزەكنى زوق بىلەن قولىغا ئالدى، بېزەك مەرۋايىتتەك پارقىراق تۇراتتى، ساپ ئىدى، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ ئالقىنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە قويۇلدى. بۇ، سۈپىتى ياخشى، نەپىس ئىشلەنگەن بېزەك ئىدى. يىلىغا قارىغاندا، چيەنلۇڭ زامانىسىدا ئىشلەنگەنلىكىدە شەك يوق. ئۇ شۇنداق دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. . .

— بۇنى نەدىن سېتىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۇيۇقسىز.

— بىرى ساتقىلى ماگىزىنغا كەپتىكەن. . .

— قانداقراق ئادەمكەن ئۇ؟

— ئاپلا، يادىمدا قالماپتۇ. . .

— بۇ قاچان بولغان ئىش؟

— ئۆتكەن يىل، ئۆتكەن يىلى يازدىكى ئىش! . . .

— ئۆتكەن يىلى يازدىكى ئىش؟ خەن زىچى قولىغا ئالدىراش لوپا ئەينەكنى ئېلىپ كۆك قاشتاش بېزەككە يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي قارىدى، قاراپلا كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ، يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. بايامقى ھۆكۈم ئىسپاتلانغاندى. ئۇ شۇ يىلى يازدىكى ھېلىقى ئاخشامنى ئەسلەشنى پەقەت خالىمايتتى. خوتۇنى ئۇنىڭغا «مەخپىي ھۇجرا» نىڭ ئىشىكىنى مەجبۇرىي ئاچقۇزۇپ، ئوغلىنىڭ تويلۇق راسخوتى ئۈچۈن، بىرەر تال ئېرىغ مالنى سېتىشقا قىستىغانىدى. خەن زىچى ھاياتى بىلەن يۈرەك قېنى بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ ھېچقايسىسىنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە كۆڭلى تارتمىدى. ئەمما خوتۇنى ئۇنىڭغا پەقەتلا يول قويمىدى. قىزىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلماي باشقا يول يوق ئىدى. شاڭ، جۇ، چىن، خەن، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ. . . دەۋرلىرىگە تەۋە بۇيۇملارنىڭ ھەر قانداقىدىن ئۇمىدىنى ئۈزەلمىدى. بۇ بۇيۇملار ئۇنىڭ كۆزى ھەم يۈرىكى ئىدى. ئۇ بۇ بۇيۇملارنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ يۈرۈپ چىڭ دەۋرىدە ئىشلەنگەن قاشتاش بۇيۇمنى — بۇ چيەنلۇڭ دەۋرىگە تەۋە كۆك قاشتاش بېزەك ئىدى — ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ، ئاخىر، ئالە مانا، دەپ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ خوتۇنىغا بېرىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ بۇنداق نەرسىسى بولۇپ باقمىغاندەك ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن، مەۋجۇت بولمىغان نەرسە سۈپىتىدە بىلگەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەتلەنمەيدىغان بولغانىدى. . . خوتۇنىنىڭ قانداق بىر ئەقىلسىز ۋە دۆت بىرىگە ھاۋالە قىلىپ، بېيجىڭدىكى شۇنچە كۆپ ئاسارئەتىقە ئالىدىغان ماگىزىنلارغا ئەمەس، قېرىشقاندەك ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت شىركىتىگە ساتقۇزىدىغانلىقىنى، «ئالىجوقا» نىڭ بۇيۇمنى خاتا تونۇپ كۆك قاشتاش دەۋالىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن! بۇ بۇيۇم شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، قولىدا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ

يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسىنى «بېكىتىۋاتاتتى» ، لېكىن باھا بې-
رەلمەيۋاتاتتى!

خەن زىچى ئۆز پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالغان دادىدەك، پۈت - قولى كېسىلىپ مەجرۇھ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئېغىر ئازابقا چىداپ تۇراتتى، بۇ ئازابنى ھېچكىمگە دېيەلمەيتتى، ھېچقانداق كىشىنىڭ بىلىپ قېلىشىغىمۇ بولمايتتى. ئۇ لوپا ئەينەكنى، قاشتاش بېزەكنى جىممىدە قويۇپ قويۇپ، مۈزدەك ۋە تىترىگەن بارماقلىرى بىلەن قاشتاش بېزەكنى نېرىراق ئىت-تىرىۋېتىپ، بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

«ئالىجوقا» تاقەتسىزلىنىپ:

— لاۋخەن، ئېنىق كۆردىڭىزمۇ؟ كۆك قاشتاشمۇ ياكى يېشىل قاشتاشمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خەن زىچى جاۋاب بەرمىدى. ئۇ مەيلى تاش ياكى لاي دېسۇن، بەربىر ئىدى، مۇھىمى، بۇ بۇيۇم ھازىر ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلار نېمىشقا قاشتاشنى جېنىدىن ئەلا بىلىدىغان بۇ ئادەمنى قىينايدۇ؟

دىرېكتور تېگىرقاپ قالدى:

— لاۋخەن، سىز ئەينى يىللاردا بېيجىڭدا «قاشتاش پادى-شاھى» دەپ نام چىقارغان. بۇنىڭ يېشىل ياكى كۆك قاشتاش ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدىڭىزما؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس! يەنە بىر قېتىم ئوبدانراق كۆرۈڭ، چەت ئەللىكلەر ئالماقچى، چۈشتىن كېيىن كېلىپ ئەكېتىدۇ.

خەن زىچىنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى. ئۇنى قانداقمۇ «قاشتاش پادىشاھى» دېگىلى بولسۇن؟ دۇنيادا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدىغان مۇشۇنداقمۇ يارامسىز «پادىشاھ» بولام-دۇ؟ قاشتاشنىڭ «قۇلى» بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ ساقلاپ قالال-مىسا - ھە!

— ساتماڭلار! چيەنلۇڭ زامانىسىدىكى يېشىل قاشتاش

بېزەكنى سېتىشقا بولمايدۇ! — ئۇنىڭ قولى ئۇستەلگە ئېغىر چۈشتى، ئاچچىقى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇستەلنى قاتتىق ئۇرۇشى-دىن دىرېكتور بىلەن «ئالىجوقا» قورقۇپ كەتتى. راست، خەن زىچى خىزمەتكە قاتناشقان ئون يىلدىن بېرى خاپا بولۇپ باققان ئەمەس، بۇ قېتىم كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى.

«ئالىجوقا» ئۇستەلدىكى يېشىل قاشتاش بېزەكنى كۆڭۈل-سىز ھالدا ئاچقىپ كەتتى. دىرېكتور خەن زىچىنىڭ تېرىككە-نىگە خاپا بولمىدى، چىقىپ كېتىۋېتىپ «ئالىجوقا» نىڭ چې-شىغا تېگىپ:

— قانداق؟ زەنجىۋىلىمكەن ياكى لازىمىكەن! ھېلىمۇ لاۋخەن بار ئىكەن، بولمىسا، بۇ يېشىل قاشتاشنى ساقلاپ قالالماسكەنمىز، ئاڭلىدىڭمۇ؟ چيەنلۇڭ زامانىسىغا تەۋە نەرسە-كەن ئەمەسمۇ، — دېدى.

كەسپىي ئىشخانا تەرەپتىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ياشلار دىرېكتورغا بولۇشۇپ «ئالىجوقا» نى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغانىدى، ئۇنى خىزمەت كىنىشكىسى ۋە نوپۇسىدىكى ئىسمىنى ئۆزگەر-تىشكە مەجبۇرلاۋاتاتتى. خەن زىچى خۇشال كۈلكە ساداسى ئىچى-دە پۈتۈن بەدىنىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

خەن زىچى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتنى كۈتمەستىنلا مى-جەزىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ دىرېكتوردىن رۇخسەت سورىدى. دىرېكتور كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قايتىپ ئوبدانراق ئارام ئې-لىشنى، ھەر كۈنى ئىشقا كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، ماتېرىياللارنى ئۆيىدە رەتلەپ ئولتۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيت-تى.

خەن زىچى ئىشخانىدىن ئىلەڭ - سىلەڭ چىقتى، سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلۈك ئالمىغانىدى، ئۆيىگە بارغۇچە يامغۇردا قالاتتى. يامغۇرمۇ قاتتىق ئەمەس ئىدى، ئۇ يامغۇرنىڭ

شارقىراپ يېغىپ كۆڭۈلدىكى ھەسرەتنى يۇيۇۋېتىشنى ئۇمىد
قىلاتتى، شۇندىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولاتتى! ئۇ بېشىنى سې-
لىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتاتتى. سىرتتىكى سېمونت پەلەمپەي
يامغۇردا بەك تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. خەن زىچى ۋادەكنى
تۇتۇپ ئاستا چۈشتى، سىم - سىم يامغۇردا ئۇنىڭ كۆزلىرى
غۇۋالىشىپ، ھېلىقى يېشىل قاشتاش بېزەك كۆز ئالدىدا ئەلەڭ-
لەپ تۇرغاندەك، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدا بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرغاند-
دەك، ئۆزىنى پاختىنىڭ ئۇستىدە كېتىۋاتقاندەك سەزمەكتە ئىد-
دى. . .

— لاۋخەن، توختاپ تۇرۇڭ! — تۇيۇقسىز دىرېكتور-
نىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان خەن زىچى كەينىگە ئۆرۈلە -
ئۆرۈلمەيلا، پۇتى ھاۋادا ئېسىلىپ قېلىپ ئىختىيارسىز ئالدىغا
يىقىلدى. . .

— لاۋخەن ، لاۋخەن!

خەن زىچى ھۆل ھەم قاتتىق سېمونت پەلەمپەيدىن پەسكە
قاراپ دومىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭ-
غۇلىشىپ، ھېچنېمىنى بىلمىدى.

. . .

خەن زىچى ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى
چۈشەندى.

خەن زىچى خوتۇنىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى. خوتۇنى
رەنجىگەن ھالدا شىركەتتىكىلەرگە تاپا - تەنە قىلىۋاتاتتى.

— ھەممىسى سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن بولغان، ئۇنى
ئېشەكتەك ئىشقا سالغانسىلەر؟ شۇنچە ياشقا كىرگەن كىشىنى
شۇنداقمۇ ئىشلەتكەن بارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، خەن يەڭگە، — بۇ دىرېكتورنىڭ ئاۋا-
زى ئىدى. دىرېكتورمۇ بۇ يەردىكەندە!

— مەن ئۇنى ئارام ئېلىڭ دەپ يولغا سېلىپ قويغان، قارىسام، كۈنلۈكى يوق، كۈنلۈك بېرەي دەپ كەينىدىن چىققانىدىم. كىم بىلسۇن، شۇ چاغدا. . . ھەي! خەن يەڭگە، رەھبەرلىك ھەرقانداق بەدەل بېرىپ بولسىمۇ لاۋخەننى داۋالاپ ساقايتىدۇ. ئۇ دېگەن دۆلەتنىڭ ئەتىۋارلىق كادىرى. خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ. . .

ئەنسىرىمەيمەن، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيمەن، خەن زىچى كۆڭلىدە شۇنداق دەيتتى. ئەمدى بولغاندا ماڭا «ئەتىۋارلىق دۆلەت كادىرى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگىنىڭلارغا رەھمەت. ئەسلىدە ماڭا ئوخشاش «ئەتىۋارلىق دۆلەت كادىرى» نى بۇرۇنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن بولسام بىر تىنىڭگە ئەرزىمەيتتىم. مەن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ - تىرمىشىپ، جېنىمنىڭ بارىچە ئالغا ئىنتىلىپ كەلدىم، تار چىڭقىپ كەتكەچكە ئاخىر ئۈزۈلدى. ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق بولاتتى. بۇ قېتىمقى يىقىلىپ چۈشۈش جېنىمغا قادالغان بولسا كېرەك. مەن. . . ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ھەي، تىرىكچىلىك قىلماق نېمىدېگەن مۈشكۈل، يۈرەكتە شۇنچىۋالا كۆپ دەرد - ئەلەم، يا دېگىلى بولمىغان، بۇنىڭ ئۆلگەن بىلەن نېمە پەرقى؟ ئۆلسە، قايغۇ - ھەسرەت ۋە جىمىكى پەرىشانلىق تۈگەيدۇ، دۇنيانىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلىسەن! لېكىن . . . ياق. . . ئۆلۈپ كەتسەم بولمايدۇ، ئاشۇ قاشتاشلارنى تاشلاپ قانداق كېتىمەن؟ قىزىمنى تاشلاپ قانداق كېتىمەن؟ قىزىم يەنە تۆت يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان، تۇرسا! خەن زىچى مۇشۇلارنى ئويلاپ ياتاتتى.

شىنيۈ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۆگرېن دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي يۈگۈرۈمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، نەپەس ئېلىشى تېز، كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي ھۆل ئىدى. كىيىم - كېچەكلىرى سىم - سىم يامغۇر-

دا، بەدىنىدىن قوْيوْلغان تەردە ۋە مەڭزىلىرىدىن ئاققان كۆز ياشلىرىدا هۆل بولوْپ كەتكەنىدى. . .
شىنيۆ يوْگوْروْيتتى، موْزدەك يامغوْردا تىزىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىغا، نەپەس ئېلىشىنىڭ تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، يوْرىكىنىڭ قالايمىقان سوقوْۋاتقانلىقىغا قارىماي يوْگوْروْيتتى. ئوْ هېچقاچان بوْنداق تېز، بوْنداق جىددىي هەم بوْنداق ئوْزوْن يوْگوْروْپ باقمىغانىدى. يول بەك ئوْزوْن ئىدى!
شىنيۆ دوختوْرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، كۆزگە ئالاهىدە تاشلىنىپ تۇرغان «جىددىيقوْتقوْزوْش بۆلوْمى» دېگەن خەتلەرگە قارىدى.
مېنى بېلىمدىن تۇتۇۋالغان كىم؟ هە، خەي هامامكەنغۇ!
— خەي هاما. . . خەي هاما. . . دادام قېنى؟ — دېدى شىنيۆ هاسىرىغان پېتى.
— شىنيۆ، سەن ئاخىر كەلدىڭ! — دەپ خەي هاما ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى، — داداڭ. . . قوۋۇرغىسى. . .
— هە؟ شىنيۆ خەي هاممىنىڭ قولىدىن يوْلقوْنوْپ چىقىپ جىددىي قوْتقوْزوْش بۆلوْمىگە ئوْزىنى ئاتتى.
بۆلوْمدە بىر توپ ئادەم — ئاپىسى، ئاكىسى ۋە ئاق خالاتلىق دوختوْر - سېسترالار، دادىسىنىڭ ئىدارىسىدىكى رەهبەرلەر قىستىلىشىپ تۇروْشاتتى.
— دادام قېنى؟ دادىسى كۆزلىرى يوْموْق، مىدىر - سىدىر قىلماي كارىۋاتتا ياتاتتى. ئوْنىڭ قارامتوْل چىرايى شوْ تاپتا خەسىدەك ئاق ئىدى. باش، بىلەك ۋە مەيدىسى بىنىت بىلەن ئورالغان، ئاپئاق كىرلىك قان ئىدى.
— دادا! — شىنيۆنىڭ يوْرىكىگە قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كېتىپ، بىردىنلا يەرگە يىقىلىپ سەزگوْسىنى يوقاتتى.
— شىنيۆ؟ — خەن زىچى بىردىنلا سىلكىنىپ بوغوْق ئاۋازدا توۋلىۋەتتى، — شىنيۆ!

كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مىدىرلىماڭ، تىنچلىنىڭ! — دېدى سېسترا ئۇنى يې-
سىپ.

— شىنيۈ، شىنيۈ! — شىنيۈنىڭ تۇغقانلىرى پاتىپاراق
بولۇپ كېتىشتى.

شىنيۈ ئۇلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىنى ئاڭلىيالمايتتى،
چۇپ - چۇپ ھۆل بولۇپ كەتكەن گەۋدىسى يەردە ياتاتتى،
ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.

— شىنيۈ! — ئېتىلىپ كەلگەن تيەنشىڭ تىزلىنىپ ئول-
تۇرۇپ سىڭلىسىنىڭ بېشىنى كۆتۇردى، — شىنيۈ، كۆزۇڭنى
ئاچ، دادامغا ھېچ ئىش يوق! كۆزۇڭنى ئاچ! — دېدى.

شىنيۈ كۆزلىرىنى ئاچمىدى، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن مەڭ-
زى جىگەررەڭ بولۇپ، كۆكىرىپ كەتكەن جاۋغىيىدىن قىپقى-
زىل قان ئېقىشقا باشلىدى...

دوختۇر ۋە سېسترالار ئالدىراش يۇگۇرۇپ كېلىشىپ يەنە
جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى.

دوختۇر شىنيۈنىڭ مەيدىسىدە تىڭشىغۇچنى ئويان - بۇيان
ماڭدۇردى. قان بېسىم ئۆلچىگۈچ 60/40 نى كۆرسىتىپ تۇرات-
تى...

— دوختۇر، دوختۇر... — جىددىيلىشىپ كەتكەن خەي
هاما لاغىلداپ تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلات-
تى، گەپنىمۇ تۇزۇك قىلالمايتتى.

— دوختۇر... بۇ بالا... — دېدى خەن خانىم ئەنسىز-
لىك بىلەن توپقا قىستىلىپ كىرىپ، — بۇ بالا دادىسىغا تولىمۇ
ئامراق ئىدى، شۇڭا جىددىيلىشىپ كەتكەن گەپ!

— يۈرەك سوقۇشى تەكشى ئەمەس، غەيرىي ئاۋاز بار،
ئۆپكە سۇ كۆپۈكچىلىرى بىلەن تولغان... — دېدى دوختۇر.
ئۇنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ بويىنىدىن تىڭشىغۇچنى
ئېلىپ، سېستراغا، — جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك ئاجىزلىق

كېسەللىكى. بىمارنى كارىۋاتقا ئېلىڭلار، دەرھال ئوكسىگېن بېرىپ، ئوكۇل ئۇرۇڭلار. . .

— ھە؟ يۈرەك ئاجىزلىق كېسەللىكى؟ — دېدى تيەنشىڭ سىڭلىسىنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئېلىپ، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى تىترەيتتى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ كېسىلىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەت-كەنىدى، — ئۇ تېخى ئون سەككىز ياشقىمۇ كىرمىگەن تۇرسا، قانداقسىگە. . . يۈرىكى ئاجىز بولىدۇ؟

دوختۇر ۋە سېسترالار چۈشەنچە بەرمەي، شىنيۆنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

— ئاللا، بۇ بالا كېتىپ قالىدىغان بولدى! — دېدى خەي ھاما تېپىچەكلىگەن پېتى خەن خانىمنى قۇچاقلاپ، ھەر ئىككى-لىسى قورقۇپ كەتكىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

خەن خانىم خەي ھامىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى، بىر كۈندە ئىككى ئادەم تەڭ يىقىلدى، ئۆلەيمۇ - ئۆچەيمۇ. . .

— شىنيۆ. . . شىنيۆ. . . — خەن زىچى تىركىشەتتى، ۋارقىرايتتى.

— گەپ قىلماڭ، مىدىرلىماڭ! — سېسترا شۇنداق دەپ خەن زىچىنى باستى، — سىز بىزگە ماسلىشىپ بېرىڭ، بولمى-سا، سۇنغان قوۋۇرغىلىرىڭىز باشقا ئەزالىرىڭىزغا كىرىپ كې-تىدۇ. . .

خەن زىچىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ئۇنىڭ سۇنغان قوۋۇرغىلىرى ئەمەس، بەلكى ئارزۇلۇق قىزىنىڭ بېشى-غا تۇيۇقسىز كەلگەن بالا - قازا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشقا دەل ئۇنىڭ ئۆزى سەۋەبچى ئىدى.

شىنيۆ ھوشىنى بىلمەي كارىۋاتتا ياتاتتى.

زەمبىرەك ئوقىغا ئوخشايدىغان ئوكسىگېن تۇڭى ئېپكېلىن-دى. سېسترا شلانكىنى شىنيۆنىڭ بۇرنىغا تىقتى. ئوكسىگېن

ئۇنىڭ ئوكسىگېن ئىنتايىن كەم كۆكرەك بوشلۇقىغا ئاستا-ئاستا كىرمەكتە ئىدى. سېسترا شىنيۆگە جىددىي ھەم سالماق ھالدا ئوكۇل ئۇرماقتا ئىدى.

تيەنشىڭ كۆزلىرىنى شىنيۆگە تىكىپ تۇراتتى. ئەرلەرنىڭ كۆزىگە ئاسان ياش كەلمەيدۇ، چۈنكى ئەرلەر سەۋر - تاقەتلىك ھەم چىداملىق. لېكىن تيەنشىڭنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ئۇنىڭغا نېمىشقا دەيدۇ؟ ماڭا دېگەندەكىن بولدى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا شىنيۆ چىدىيالمايدۇ! ھۇ ھاماقەتلەر، ئۇنىڭغا كىم تېلېفون بەردى؟

— مەن... تېلېفون بەرگۈزگەن... — دېدى ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت شىركىتىنىڭ دىرېكتور مەيۈس ھالدا، — سىلەرگە خەۋەر قىلىمىز دەپ ئالدىراپ كەتتۇق، دادىڭىزنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن مۇشۇ تېلېفون نومۇرى تېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن... ھەي! بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدە چاتاق بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟

— يالغان! — يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كېتىۋاتقان تيەنشىڭ شۇ تاپتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ تىللاشقا پېتىنالايتتى، — سىڭلىمنىڭ كېسىلى يوق! كېسىلى بار دەپ كىم شۇنداق دەيدۇ؟

دىرېكتور گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئەمما دوختۇر:

— ھازىرقى كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىغاندا، بىمارنىڭ يۈرىكىدە بۇرۇنلا ئېغىر مەسىلە بار ئىكەن، — دېدى.

— بىمارنىڭ جەمەتىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار بارمۇ؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ...

— يوق! — دېدى خەن خانىم، — دادىسى ئىككىمىزنىڭ نەدىمۇ يۈرەك كېسىلى بولسۇن؟

— يوق، — دېدى خەي ھاممىمۇ قوشۇمچە قىلىپ، — بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدە ھېچكىم بۇنداق كېسەل بولۇپ باقمىغان!

— ئۇنداقتا، بىمارنىڭ بۇرۇن رېماتىزىم كېسىلى بارمى-

دى؟ ئۇگىلىرى ھەمىشە ئاغرىمتى؟

— ياق! — دېدى خەن خانىم.

— ئاغرىيتتى، — دېدى خەي هامما، — ئۇ كىچىكىدە مەن
بىلەن بىللە ياتاتتى. هاۋا ئۆزگەرسىلا پۇتۇم ئاغرىيدۇ دەيدىغان،
مەن ئۇۋۇلاپ قوياتتىم، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياخشى بولۇپ
كېتەتتى، هېچنېمە بولمىغاندەك يۈرىۋېرەتتى. دوختۇر، بۇنىڭ-
مۇ تەسىرى بولامدۇ؟

دوختۇر ئېنىق جاۋاب بەرمەي:

— ئاۋۋال تەكشۈرۈپ باقايلى، دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ
ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ـ داۋالاشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

شىنيۈ ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى. كۆزلىرىنى ئاچماق-
چى بولغاندەك كىرپىكلىرىنى قىمىرلاتتى، لېكىن ئاچالمىدى،
گەپ قىلماقچى بولغاندەك كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتتى، لېكىن
گەپ قىلالمىدى. ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ئاۋازدا:

— دادا. . . — دېيەلىدى.

— ۋاي ئاللا، ئېسىگە كېلىۋاتىدۇ. . . — دېدى خەي هام-
ما خۇشاللىقىدا كۆز يېشىنى ئېرتىپ.

— شىنيۈ، داداڭدىن ئەنسىرىمە، ئۆزۈڭنى قانداقراق
سېزىۋاتىسەن؟ — دېدى خەن خانىم شىنيۈنىڭ قۇلىقىغا، —
شىنيۈ، مەن بېشىڭدا، كۆزلىرىڭنى ئېچىپ ماڭا قارىغىنە. . . — ئۇ-
نىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يىغا يۇتۇۋەتتى.

— ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭ، بىمارغا تىنچلىق كېرەك! —
ئاندىن دوختۇر سېستراغا تاپشۇردى، — بىمارنى كۆزىتىش بۆ-
لۇمىگە ئەكىرىڭلار. . .

كارىۋاتنىڭ رېزىنكە چاقلىرى ئاستا ـ ئاستا هەرىكەتلەندى،
شىنيۈ ئوكسىگېن تۇڭى بىلەن بىللە كۆزىتىش بۆلۈمىگە ئېلىپ
مېڭىلدى. . .

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. . .

www.uyghurkitap.com

بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ دېگەندەك، خەن ئائىلىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كېلىشمەسلىك كەلدى. بۇنىڭغا يۈرەك ـ باغرى جاراھەتكە تولغان بۇ ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلەمدۇ!

ئەتىياز ئاخشىمى، ھاۋا سالقىن ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئاق يېغىن توختىغان، ھاۋا نەمخۇش، يول بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ، بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئېچىلىپ كەتكەن گۈل- لەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ياپيېشىل ياپراقلارنىڭ ساپ ھىدلىرىغا قوشۇلۇپ ئەتراپقا ئاستا ـ ئاستا تارقىلاتتى.

ئاي كۆكتە لەيلەپ يۈرگەن نېپىز بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ يوقاپ كېتەتتى. بۇ يېرىمى رو- شەن، يېرىمى سۇس كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاي ئىدى. كامالەك تەرىپىنىڭ ئىزنالىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، كىرىچ تەرىپى تۇتۇق ئىدى، كۆككە سىڭىپ كەتكەنىدى. نۇرىنى بولۇشىغا چاچىدىغان قىسقا ۋاقىتنى ئالدىراش ئۆتكۈزگەن ئاي خۇددى تاشقىن ئاز ـ ئازدىن يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك تېزلىك بىلەن كى- چىكلەپ كېتىۋاتاتتى.

سۇس ئاي نۇرى تۇغرىن دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ۋە دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ ماڭ- لىيىغا قىزىل قەغەزگە سېرىق ھەل بېرىلىپ يېزىلغان «1 ـ ماينى كۈتۈۋالايلى» دېگەن پلاكات ئېسىلغانىدى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھەم كىچىك ماشىنىلار دوختۇرخانىغا ئالدىراش كى- رىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا ھۆل ئاسفالت يول قارىيىپ كۆرۈنەتتى. قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئى- شىكىدىكى قىزىل چىراغ كۆزنى چاقاتتى. جىمجىت كېچە، دوختۇرخانىدىكىلەرگە ھېچقاچان خاتىرجەم ئۇيقۇ نېسىپ بولغان ئەمەس. دوختۇرخانىدىكىلەر ھەر ۋاقىت ھەر قاچان تۇيۇقسىز كەلگەن ياردار ۋە بىمارلارنى كۈتۈۋالىدۇ، دوختۇرخانا پاتپاراق

بولۇپ كېتىدۇ، يېڭى دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلارنىڭ يىغىسى، كېسىلى ئېغىر بىمارلارنىڭ ئىڭرىشى دوختۇرخانىنى بىر ئالدى. دوختۇرخانا ھايات - ماماتلىق مەيدانى؛ دوختۇرخانا، پەرىشتە بىلەن ئەزرائىل ئېلىشىدىغان جەڭگاھ؛ دوختۇرخانا رەھىمسىز ئىلىم - پەن بىلەن رەھىمدىل ئىنسانىيەت ئارىلىشىپ كەتكەن جاي. . .

نېپىز دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ تاشقى كېسەللىكلەر ياتىقىغا چۈشكەن ئاي نۇرى ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى چىراغنىڭ ئاجىز يورۇقى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

كېسەللەر ياتىقى جىمجىت ئىدى. ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن بىمارلار تەكشى نەپەس ئېلىپ ياتاتتى، پەقەت خەن زىچىلا ئويغاق ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى قانداقتۇر بىر ئازاب تاتىلايتتى.

خەن زىچىنىڭ يارىسى ئۇ باشتا تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ئۇنداق ئېغىر ئەمەس ئىدى. كۆپ تەرەپلىمە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئۇنىڭ مېڭىسى قاتتىق سىلكىنىپ كەتمىگەن، باش قىسمى قانىمىغان، پۇت - قوللىرى سۇنمىغان، پەقەت بىر تال قوۋۇرغىسى سۇنغان، سۇنغان قوۋۇرغا گۆشنى تېشىپ سىرتقا چىقىپ قالمىغان ھەم باشقا ئەزالارنى زەخىملەندۈرمىگەن، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن شۇك بولۇپ قالغان، تېرىسى سۈرۈلۈپ كېتىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى قاناپ كەتكەنىدى. سېسترا قاننى تازىلاپ يارا ئاغزىنى تېڭىپ، ئىشنى ناھايىتى ئاسانلا تۈگەتتى. بەختكە يارىشا قوۋۇرغىسى سۇنغان ئەمەس، ئېگىلىپ كەتكەن بولۇپ چىقتى. قوۋۇرغىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ نورمال نەپەس ئېلىشىغا، تاماق يېيىشىگە ۋە يېنىك ھەرىكەتلەرنى قىلىشىغا تەسىر يەتمەيتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا: «سىز ئۆيىڭىزدىكىلەرنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز، يارىڭىز ئۇنچىلىك خەتەرلىك ئەمەس، دورا يېزىپ بەرسەك ئۆيىڭىزدە ئارام ئېلىپ نەچچە

كۆندىن كېيىن كېلىپ قايتا تەكشۈرۈتسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ-
چە، چاتاق چىقمايدۇ» دېگەنىدى. لېكىن شىركەت دىرېكتورى
كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بۇ «دۆلەت گۆھىرى» گە
بىرەر خېيىمخەتەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دوختۇرخانىدا
يېتىپ داۋالانسۇن دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن خەن زىچى
تاشقى كېسەللىكلەر ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇنداق دېيىش كېرەككى، يىقىلىپ كېتىپ يېنىك يارىلى-
نىشى ئۇنىڭ تەلىيى، خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى.
بىراق، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى قىزىنى غەم قىلىپ
ياتاتتى. غۇنچىدەك چىرايلىق، كىيىكتەك شوخ قىزىنىڭ ئۇنىڭ
ئالدىدا تۇيۇقسىز يىقىلىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان؟ مۇشۇ
كۆتۈلمىگەن ھادىسە سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا بۇرۇنلا بار بولغان ئاشۇ
كېسەلنىڭ بىردىنلا بايقىلىشىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلغان؟ نېمە-
دېگەن قورقۇنچلۇق! جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە دوختۇرنىڭ:
«بىمارنىڭ يۈرىكىدە بۇرۇندىن تارتىپ ئېغىر مەسىلە بولۇشى
مۇمكىن» دېگەن گېپىنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلىغان چېغىدا ئۇ ھو-
شىدىن كەتكىلى قىل قالغانىدى. نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ، نې-
مىشقا؟... قىزى شۇ تاپتا كۆزىتىش بۆلۈمىدە، ئۆزى بولسا
تاشقى كېسەللىكلەر ياتىقىدا. بىر - بىرىگە ئامراق دادا بىلەن
قىز بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى، بولۇپمۇ بىر - بىرىگە
ھەمنەپەس بولىدىغان چاغدا. ئۇ ئۆزى ياتقان ياتاق بىلەن كۆزى-
تىش بۆلۈمىنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيت-
تى. ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئاۋازىنى، بوش ئاۋازدا «دادا» دېيىشىنى،
ھېچبولمىغاندا ئىڭرىشىنى بولسىمۇ ئاڭلىغۇسى كەلدى، بۇ ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئازراق تەسەللى بولۇپ قالاتتى. ئەمما، ئۇ ئاڭلىيال-
مايتتى، ئازراقمۇ ئاڭلاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

خەن زىچى ئەپسۇس، نادامەت چېكىۋاتاتتى. ئۇ دادا تۇرۇق-
لۇق، نېمىشقا قىزىنىڭ كېسىلىنى سەزمىدى؟ ئۇ خوتۇنىدىن

ئاغرىندى، ئانا بولغان كىشى ئەرگە قارىغاندا بەكرەك ئىنچىكە كېلىدۇ، ئۇ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ بالىسىنىڭ ئىشى چاتاق بولدى! خوتۇنى قىزىنى بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ دەپ ئۆزىنىڭ پەقەت ئويلىمىغانلىقىنى دەپ بېشىدا يىغلاپ تۇراتتى. خوتۇنى بىلمەيتتى. . . راست، خوتۇنىنىڭ بىلمەيدىغانلىقى راست، بۇنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيدۇ، شۇڭا يالغۇز خوتۇنىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇ: «ھەي، سەن كەت، مېنىڭ بېشىمدا يىغلىما. مېنىڭ بىلەن ھېچقايسىڭلارنىڭ كارى بولمىسۇن، بىرىپ شىنيۈنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار!» دەپ خوتۇنىنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇ قىزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا موھتاج بولۇۋاتقان چاغدا، ئانا بولغۇچىنىڭ چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

خەن زىچى جاراھەتكە تولغان يۈرىكىنى ئازابلاپ كارىۋاتتا ياتاتتى. بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل ئىلگىرىكى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان بولماقتا ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە شاد - خۇراملىققا تولغان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى كۆردى. ئۇنچىۋالا كۆپ بەختسىزلىكلەرنى چۈشەنمەيدىغان قىزىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چاقنايتتى. گۆدەك قەلب، ئالتۇندەك قەلب دۇنيانى، كىشىلىك تۇرمۇشنى گۈزەل دەپ بىلەتتى. . .

دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن سالقىن شامالدا دېرىزە پەردىلىرى پەلپۈنەتتى، ئاي نۇرىمۇ يېنىك تەۋرىنەتتى. . . ھېلىقى ئۇنتۇلغۇسىز ئاخشام خەن زىچىنىڭ يەنە كۆز ئالدىغا كەلدى. . .

شۇ يىلى ئۇنىڭ دەل قىرىق ياشقا كىرگەن چاغلىرى ئىدى. ئۇ ئاي نۇرىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى، ھۇجرىدىن چىقىۋاتقان ئىڭراشتىن ئەنسىزلىككە تولغان يۈرىكى ئېغىپ تۇ-

www.uyghurkitap.com

راتتى. ئۇن ئاي قورساق كۆتۈرۈش، ۋاقتى ـ قەرەلىدە يەڭگىش، يېڭى بىر جان دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئانا بىلەن دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بالىغا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيتتى.

خەن زىچى ئاخىر ئىنچىكە يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۆكىنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك بولدى.

ــ ھە، قىزبالا! ــ تۇغۇت ئانىسى يەتكۈزگەن بۇ قۇتلۇق خەۋەردىن ئۇنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ كەتتى:

ــ قىز؟ ئۇنىڭ ئىسمى شىنيۆ بولسۇن! ــ دەپ ۋارقىردى ئۇ. شۇ چاغدا، كۆكتە يېڭى چىققان ھىلال ئاي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەسلىدە، ئۇ بۇ ئىسىمنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى تيەنشىڭ ئىدى، قىزىنىڭ ئىسمى شىنيۆ بولۇشى كېرەكتە.

ئاياغ تىۋىشى، يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى، كىيىمىنىڭ سۈركىلىشىدىن ھاسىل بولغان «شىر ـ شىر» ئاۋاز كەلدى، كىمكىنە ئۇ؟ خەن زىچى كۆزلىرىنى ئاچتى، غۇۋا ئاي نۇرىدا بىرىنىڭ سىماسى كۆرۈندى. ئاق پىلاتى ـ يوپكا كىيگەن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. . . ئاھ، شىنيۆ! ياق، ئۇ ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرالمىدى. ئۇ ئۇنىڭ شىنيۆسى ئەمەس، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان سېسترا ئىدى.

سېسترا قولىدا قول چىراغ، ياتاقنى بىر قۇر ئايلىنىپ، ئاستا مېڭىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى. خەن زىچى:

ــ يولداش. . . ــ دەپ چاقىردى ئۇنى.

ــ ھە، نېمە ئىشىڭىز بار؟ ــ دەپ سېسترا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ يولداش، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، ــ دېدى خەن زىچى تاقەتسىزلىك بىلەن، ــ قانداق بولسا يۈرەك كېسەل بولۇپ قالىدۇ؟

— يۈرەك كېسەل؟ — دېدى سېسترا كارىۋاتتا ياتقان قارا سايىغا سەۋرسىزلىك بىلەن قاراپ، — سىزنىڭ ھەممە ئەزايىڭىز تەكشۈرۈلگەن، سىزدە يۈرەك كېسىلى يوق. ئوبدان ئۇخلاڭ، يېرىم كېچە بولدى! — سېسترا ياتاقتىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ھوي، مەن ئەمەس، — دېدى خەن زىچى زورۇقۇپ، — مەن پەقەت سوراپ باقماقچىمەن...

— بۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى سېسترا بۇ قېرىنىڭ ئۇستىخىنى ئانچە ئەدەپ يېمىگەن بىلەن نېرۋىسى چاتاق ئوخشىمامدۇ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ.

— مېنىڭ... مېنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى، يېشى سىز بىلەن تەڭ، لېكىن ئۇ... يۈرەك كېسىلى بولۇپ قاپتۇ... — خەن زىچى بۇ غۇنچە بوي قىزغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ گېپىنى داۋام قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى.

سېسترا سۈكۈتكە چۆمدى، ياتاقتىن چىقىپ كەتمىدى، غۇۋا يورۇقلۇقتا مېھرىبان دادىنىڭ يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

— ئەھۋالغا قارايدىغان گەپ، — دېدى ئۇ، — مەسىلەن، ئىرسىيەتتە بارمۇ - يوق؟

— يوق، — دېدى خەن زىچى «چورتلا» جاۋاب بېرىپ، — ئاپىسى ئىككىمىزدە يۈرەك كېسىلى يوق.

— ھە، — دېدى سېسترا ئويلىنىپ، — ئاپىسى ئىككىڭلاردا يۈرەك كېسىلى بولمىسا، بالاڭلاردا بولۇشى مۇمكىن. ھامىلىدار ۋاقتىدا ئاپىسىغا يۇقۇملۇق كېسەل يۇققان بولسا، ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە ياكى پەرىشان بولسا، ھامىلە تۇغما يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ...

— ھە؟ — خەن زىچى چۈشىنىكسىز جاۋاب بېرىپ سېسترا دېگەن ئېھتىماللىقنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن شىنيۈ تۇغۇلۇشنىڭ

ئالدىدىكى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىشكە تىرىشتى. چۈنكى شىنيۈ تۇغۇلغان ئاشۇ يىللاردا ھامىلىدار ئايالالارنىڭ «ئۇزۇقـ لۇق يېتىشمەسلىك» ، «كۆڭۈل پەرىشانلىق» لاردىن ساقلانمىقى تەس ئىدى. بۇ ھال جەزمەن تۇغما يۈرەك كېسىلىنى پەيدا قىلامدۇ؟ «ياق، ياق» .

— قىزىمنى كىچىك ۋاقتىدا دوختۇرخانىدا تەكشۈرۈتكەنـ دە، يۈرىكىدە ھېچقانداق چاتاق بايقالمىغان. ئۇ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بىلەن نام چىقارغان دوختۇرخانا ئىـ دى، ئۇلار بىخەستەلىك قىلمايدۇ! — دېدى خەن زىچى.

توغرا، ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق يادىدا، شۇ چاغدا پېشقەدەم مۇتەخەسسىس ئىنگلىز تىلىدا ئۇنىڭغا: مۇشۇنداق چىرايلىق ھەم ساغلام قىزىڭىز بولغانلىقى ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمەن، دېگەـ نىدى.

— ئەمىسە. . . كېيىن شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، — ياش سېسترا ئۆزى ئۆگەنگەن ئاز - تولا ئاساسى بىلىملىرى بىلەن خەن زىچى سورىغان سوئاللارغا ناھايىتى قىيىنلىپ جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئۇ بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ناھايىتى تېزلا تاپتى، — بىمارنى كۆرمەي ھۆكۈم قىلىش تەس. قىزىڭىزنى دوختۇرخانىغا ئەكېلىڭ. . .

— قىزىم، مۇشۇ دوختۇرخانىدا، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆ - لۈمىدە! — دېدى خەن زىچى ھەسرەت بىلەن خورسىنىپ.

— ھە، ئەمىسە دوختۇرغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى لۇ دوختۇر ئاتاقلىق يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى. ئۇ قىزىڭىزنىڭ كېسىلىنى داۋاـ لاپ ساقايتىدۇ. بۇنچىلىك ئەنسىرەپ كەتمەي، چاققانراق ئۇخلاڭ، سىزمۇ كېسەل.

سېسترا ياتاقتىن يېنىك قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى. خەن زىچى ئۇنىڭغا كەينىدىن قاراپ قالدى. ئىچىدە، قېرىشقاندەك

قىزىم نېمىشقا بۇنداق كېسەل بولۇپ قالغاندۇ. . . دەپ ھەسرەت-لەندى.

خەن زىچىننىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ياتاقتىن چىقىپ قىزىنى ئىزدەپ يۈرەتتى. . .

جىددىي كۆزىتىش بۆلۈمىنىڭ دېرىزىسى يېنىق ئىدى.

ئوكۇل جازىسىدا بوتۇلكا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئوتتۇرىسىغا ئەينەك قۇتا ئېلىنغان بىر تال رېزىنكە نەيچىدىن سۇيۇقلۇق سائەتنىڭ سېكۇنت ئىسترېلكىسىدىنمۇ ئاستا سۈرئەتتە تامچىلاپ چۈشەتتى. بىر تېمىم، بىر تېمىم. . .

رېزىنكە نەيچە شىنيۈنىڭ بىلىكىدە، بىلىكى كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئىدى. يېرىم ئوچۇق تۇرغان داكىدەك ئاپئاق ۋە نازۇك بارماقلىرىدا جان يوق ئىدى.

ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان نەيچە بۇرنىغا تىقىپ قو-يۇلغانىدى. ئۇ يۈزىنى بىر ياققا قارىتىپ ياتاتتى، نەپەس ئېلىشى نورمال، گويا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

تيەنشىنىڭ سىڭلىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇراتتى. كۆزلىرى رې-زىنكە نەيچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان ئەينەك قۇتىدا، رېزىنكە نەيچىدىن چۈشۈۋاتقان تامچىدا ئىدى. رېزىنكە نەيچىدىن چۈشۈ-ۋاتقان تامچە ئۇنىڭ يۈرىكىگە چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

تيەنشىڭنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىغا بىر نەچچە سائەت بولدى، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئاپىسى بىلەن خەي ھاممىنى ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى. «كېتىڭلار، ئۆيگە كېتىڭلار، يىغلاپ ئا-دەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەنسىلەر، ياردەم قىلماق تۇ-گۇل ئىشنى بۇزىدىكەنسىلەر. بۇ يەردە مەنلا قالاي، سىلەر كېتىڭلار!» تيەنشىڭ بۇ ئىككى قېرىغا تولىمۇ قوپال تەگدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمىدى. بۇ قانداق ۋاقىت؟ ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئۇنىڭ قوپال گەپلىرى-دىن پەرىشانلىق ئارىلاش كۆيۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاپىسى

www.uyghurkitap.com

بىلەن خەي هاممىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتى. هەر ئىككىلىسى ئەللىك - ئاتمىش ياشتىن ئاشقانىدى. ئۇلار ئاغرىپ يېتىپ قالسا بۇنى خەن ئائىلىسى كۆتۈرەلمەيتتى. دادىسى يېقىلدى، ئارقىدىنلا سىڭلىسى يېقىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەلكىسىدىكى يۈكنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلەتتى.

چېن شۇيەن تيەنشىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئۆيىگە بارماي تيەنشىڭلارنىڭكىگە كەلگەنىدى. بۇ ئائىلىدە بۇنچىلىك چوڭ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. شىنيۈنى سېغىنغان بۇ قىز خەن تاغىدىن شىنيۈ ماي بايرىمىدا قايتىپ كېلەمدۇ - يوق، شۇنى سورىغىلى بارغانىدى. ئۇ خەن ئائىلىسىگە كىرىپلا قورقۇنچلۇق بۇ خەۋەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئۆيىگىمۇ بارماي ئالدىراش دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى.

— شىنيۈ، شىنيۈ، — ئۇ قەدىناس دوستىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. شىنيۈ چىرايى قورقۇنچلۇق ئاقىرىپ كەتكەن، بىر قارىسا ئۇخلاۋاتقاندەك، بىر قارىسا ئويغاقتەك ياتاتتى. چېن شۇيەننىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن غۇۋالاشتى. شىنيۈ، ئۇ هەر كۈنى ياد ئېتىدىغان شىنيۈ، ياشلىقى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان شىنيۈ، هەرقانداق كىشىدىن بەختلىك بولغان شىنيۈ نېمىشقا بىردىنلا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا هەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئۇ شىنيۈنىڭ قولىنى سىلاپ، يۈزىنى شىنيۈنىڭ قولىقىغا يېقىپ:

— شىنيۈ، مەن كەلدىم، مەن چېن شۇيەن. . . — دېدى.

— ئۇنى چاقىرماڭ، ئۇ ناهايىتى تەستە ئۇخلاپ قالدى، بولدى قىلىڭ! — تيەنشىڭ سىڭلىسىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدى، ئۇ هەرقانداق ئادەمنىڭ سىڭلىسىنى پاراكەندە قىلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا چېن شۇيەننى هەيدىگەندەك قىلىپ، — كۆردىڭىز، بولدى ئەمدى، كېتىڭ! — دېدى.

— تېيەنشىڭ ئاكا، مەن. . . بۇ يەردىن كېتىشكە قانداقمۇ يۈرىكىم چىدىسۇن؟ — دېدى چېن شۇيەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ، — مېنى ئۇنىڭغا قارىغىلى قويۇڭ، ئۇنىڭغا قاراي. . .

چېن شۇيەننى كەتكۈزۈۋېتىش تەستەك قىلاتتى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. تېيەنشىڭ باشقا گەپ قىلمىدى. چېن شۇيەن ئۇندىمەستىن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ شىنيۆنىڭ بېشىدا ئولتۇردى.

بۇ چېن شۇيەننىڭ تېيەنشىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم يالغۇز ئولتۇرۇشى ئىدى ھەم بىرىنچى قېتىم يۈزمۇ يۈز پاراڭلىشىشى ئىدى. ئۇ بۇرۇن شىنيۆنى ئىزدەپ بارغاندا، تېيەنشىڭ ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى، گەپمۇ قىلمايتتى. شىنيۆ قىش- لىق تەتىلدە ئاپىسىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭغا دەپ، ئۇنىڭ ئاكى- سى بىلەن توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى. قىزىق ئىش، ئۇ خەن ئائىلىسىگە پات - پات بېرىپ تۇرغاچقا، تېيەنشىڭنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇراتتى، لې- كىن ھېلىقىدەك ئويلىمايتتى، شىنيۆنىڭ ئاكىسىنى ئۆز ئاكى- سىدەك كۆرەتتى، ئۇ شۇ چاغدا بىر پەس جىمىپ كېتىپ شىنيۆ- دىن: «ئاكاڭنىڭ ھېلىغىچە يۈرگىنى يوقمىكەن» دەپ سورىغا- نىدى. شىنيۆ ئۇنىڭغا: «شۇنداق ئوخشايدۇ، ئۇ ئاپامنىڭ سىزد- قىدىن چىقمايدۇ، ئاپام سېنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭگە قاراپ قال- دى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئۇ يەنە بىر پەس جىمىپ كەتكەن، تېيەنشىڭنى «سۆيگۈنى» ھالىتىدە كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ، ئەستا- يىدىل ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ تېيەنشىڭنى تازا ياخشى چۈ- شىنىپ كەتمەيتتى. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، مىجەزى بىر قىسما، ئاسان گەپ قىلمايدىغان، ياۋاش، ئېۋەن تاپقىلى بولماي- دىغان تېيەنشىڭ بىر ھېسابتا ئۇنىڭ پىسەنتىگە يېقىپ قالدى. ئۇ خەن تاغىسى بىلەن خەن يەڭگىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنتۇيالمايتتى، شىنيۆ ئۇنىڭ قەدىناس دوستى ئىدى. بەختلىك

www.uyghurkitap.com

ۋە ئىناق خەن ئائىلىسىنى ئويلاپ، ئاخىر: «ھەي، بۇ ئائىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك!» دەپ ئويلىغانىدى. شىنيۇ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئاپىسىغا يەتكۈزدى. بۇنى ئاپىسى تيەنشىڭغا دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر تال شەكىلسىز يىپ بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىدا پەيدا بولدى. ئۇ خەن ئائىلىسىگە بېرىپ تيەنشىڭنى كۆرۈپ قالسىلا قىزىرىپ كېتەتتى ھەم گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى... مانا ھازىر بىرىنچى قېتىم چىش يېرىپ «تيەنشىڭ ئاكا» دېدى، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ يېنىدا قېلىشنى يۈرەكلىك ئىلتىماس قىلدى، بۇ شىنيۈ ئۈچۈن ئىدى. شىنيۈنىڭ كېسىلىدىن باشقا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

ئۇلار شۇ تەقلىدتە ئولتۇردى، ئۇزۇن ئولتۇردى، ھېچكىم گەپ قىلمىدى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى شىنيۈدە ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ تەقدىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويغان بۇ «ئاي» گۈزەل ئارزۇ ۋە ساددا قىزغىنلىق بىلەن ئۇلار ئۈچۈن بەختلىك كېلەچەك پىلانلاپ، ئۆزى ئۇشتۇمتۇت بالا - قازاغا مۇپتىلا بولغانىدى.

بوتۇلكىدىكى سۇيۇقلۇق ئاستا تامچىلايتتى، چېن شۇيەن بىلەن تيەنشىڭنىڭ بىلىكىدىكى سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى ئالدىراش ماڭماقتا ئىدى. شۇ تاپتا سائەت تاڭ سەھەر ئىككى بولغانىدى، ھەر ئىككىلىسى چارچىغاندەك قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە پەقەت شىنيۈلا بار ئىدى. مۇشەققەت كىشىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دوستلۇق كىشىنىڭ روھىنى پاكلايدۇ.

نۆۋەتچى سېسترا كېلىپ، گەپ قىلماي شىنيۈنىڭ چىرايىغا قارىدى، يۈرىكىنى تەكشۈردى، قان بېسىمىنى ئۆلچىدى.

— دوختۇر، ئۇ قانداقراق؟ — بىر ياندا تۇرغان چېن شۇيەن تەقەززالىق بىلەن ئاستا سورىدى سېسترادىن. چېن شۇيەن

سېستىرانىڭ ئاغزىدىن تەپسىلىي جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن سېستى-
رانى مەقسەتلىك ھالدا «دوختۇر» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ ئادەتتە
ئاسارئەتىقە ماگىزىنىدا مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئۆزد-
دىن ئۈچ كۈن بۇرۇن كەلگەن ياشلارنىمۇ «ئۇستام» دەيتتى.
— بىر ئاز ياخشى، — دېدى سېستىرا.
چېن شۈيەن بىلەن تيەنشىڭ يېنىك نەپەس ئالدى. «بىر
ئاز ياخشى» دېگەن گەپ ئۇلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر ئىدى.
سېستىرا شىنيۆگە يەنە ئوكۇل ئۇردى.
— دوختۇر، بۇ قانداق ئوكۇل؟ — دەپ سورىدى تيەن-
شىڭ.
— ئۇنۇمى ياخشى ئوكۇل.
— ئۇنۇمى ياخشى ئوكۇل دېدىڭىزمۇ؟ ئەڭ ياخشى ئوكۇلنى
ئۇرۇڭ:
— مۇشۇ ئوكۇلنىڭ ئۆزى ياخشى ئوكۇل، سۈيدۈك ماڭ-
غۇزىدۇ.
ئىككىسى يەنە يېنىك نەپەس ئېلىشتى، ئۇلار گەرچە سۈي-
دۈك ماڭغۇزۇش بىلەن يۈرەك كېسەللىكىنىڭ قانداق مۇناسىۋە-
تى بارلىقىنى بىلمىسىمۇ، «ئۇنۇملۇك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ
ئۈمىدكە تولدى.
— دوختۇر، قارىغاندا، ئۇ ئەتە ياخشى بوپكېتىدىغان
ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى تيەنشىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن. ئۇنىڭ
كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى.
— ئەتە؟ ئەتە دوختۇرخانىدا يېتىش رەسمىيىتىنى بېجىرد-
سىلەر تېخى! — دېدى سېستىرا ئىپادىسىز ھالدا.
— ھە؟ يەنە دوختۇرخانىدا ياتامدۇ؟ بايا ئۇنى ياخشى بوپ-
قالدى دېمىگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى تيەنشىڭ ھەيران بو-
لۇپ سېستىرادىن.
— يۈرەكنىڭ زەئىپلىشىشى سەل ئورنىغا كەپتۇ، يەنە

دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانمىسا بولمايدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك تەك-
شۈرۈلىدۇ رېنتگېنگە چۈشۈرۈلىدۇ، قان تەكشۈرۈلىدۇ...
بۇنىڭدىن كېيىن تەكشۈرۈش كۆپ. يۈرەك كېسىلى ئاسان سا-
قايغان نەدە بار؟ يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كەتسە، بۇ كېسەلدىن ئۆمۈر-
ۋايەت قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

تيەنشىڭ ئورۇندۇقتا سولىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

سېسترا تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ كېسەل تارىخىغا بىر نېمە-
لەرنى يازدى، ئاندىن سۈيۈقلۇق قاچىلانغان بوتۇلكىدا يەنە يېرىم
بوتۇلكا سۈيۈقلۇقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— ئۆمۈرۋايەت قۇتۇلغىلى بولمايدۇ؟ ئۆمۈرۋايەت قۇتۇل-
غىلى بولمايدۇ... — تيەنشىڭ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى،
يوغان كۆزلىرى تەشۋىشكە تولغانىدى.

— تيەنشىڭ ئاكا — دېدى چېن شۈيەن ئەلەم بىلەن كۆز
يېشىنى سۈرتۈپ، — شىنيۈ قانداقلارچە يۈرەك كېسىلى بولۇپ
قالدى؟

— يۈرەك! — تيەنشىڭ ئەلەم بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ
تورۇستىكى چىراغقا قاراپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك
تىندى، — كىشىنىڭ يۈرىكى قانچىلىك چوڭدۇ؟ يۈرەككە قانچى-
لىك دەرد پاتىدىغاندۇ؟ ئۇ بەك دەردمەن، تولىمۇ دەردمەن...

تيەنشىڭ سىڭلىسىنى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلغان
نەرسە - چوقۇم دەرد دەپ ئويلايتتى.

— دەرد؟ — دېدى چېن شۈيەن شۈبھە بىلەن، — شىنيۈ
دەرد تارتقان قىز ئەمەسقۇ؟ ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئۇ-
نىڭدەك بەختلىك ياشىغان ھېچكىم يوق، ئائىلە، مەكتەپ،
ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا
ئۆتەلمەيدۇ. ئۇ بىر ئادەم ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىگە ئېرىشكەن....

— ياق، سىز بىلمەيسىز، سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىز! — دې-

دى تيەنشىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، يىرىك قىسقا چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە، — ئۇمۇ بىلمەيدۇ! دەردمەن سىڭلىم نې-مىشقا شۇنچىلىك دەردمەن ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. . .

چېن شۇيەن تيەنشىڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان چۈشىنىكسىز بۇ گەپلەرنىڭ زادى قانداق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقماي، ھاڭۋېقىپ قالدى. ئىچى ئاغرىپ تيەنشىڭغا قارىدى، بۇ مېھرى-بان ئاكا سىڭلىسىنىڭ دەردىدە تەلۋىدەك بولۇپ قالغانىدى. شىنيۆ مۇشۇنداق ياخشى ئاكىغا ئىگە بولۇشقا ئەرزىيتتى.

— بەلكىم، بۇ تەقدىر بولسا كېرەك؟ — دېدى چېن شۇ-يەن نائىلاج تيەنشىڭنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — شىنيۆنىڭ توققۇ-زى تەل بولۇپ كەلگەچكە، ئاللا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئازابنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. . .

— نېمە دېدىڭىز؟ — تيەنشىڭ بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن، — توققۇزى تەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تار-لىق قىلىۋاتامسىز؟

— ئۇنىڭ توققۇزى تەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — چېن شۇيەننىڭ كۆز ياشلىرى چىراغ نۇرىدا يالتىرايتتى، — ناۋادا ئاللا بۇ كېسەلنى ماڭا بەرگەن بولسا، شىنيۆنىڭ ئورنىدا مەن ئازابلانغان بولسام جان دەپ رازى بولغان بولاتتىم، — دېدى چېن شۇيەن ئاستا ئېڭىشىپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان شىنيۆگە چوڭقۇر مېھىر بىلەن تىكىلىپ. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئاپئاق كىرلىككە تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بوتۇلكىدىكى سۇيۇقلۇق توختىماي تامچىلىماقتا ئىدى. . .

شىنيۆ خاتىرجەم ئۇخلىماقتا ئىدى، مۇشۇنداق بىر تىنچ كېچىدە دىلكەش دوستىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قانداق دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى.

— شۇيەن. . . — تيەنشىڭ ئەنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇيەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئاستا چاقىردى. سىڭلىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورنىدا ئازابلىنىشنى خالايدىغان بۇ قىز ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالغانىدى. بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈن چۈشكەندە، زىممىسىگە چۈشكەن ئېغىر يۈكنى بۇ قىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

كەچقۇرۇن، «بىلىمدان» قەسرىنىڭ قاراڭغۇ دەرۋازىسىدىن ئىككى قىز چىقتى، ئۇلار جىڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ ئىدى. چىرايلىرىنى قايغۇ بۇلۇتلىرى قاپلىغان بۇ ئىككى قىز كەلگەن يولى بىلەن مەكتەپكە قاراپ يول ئالغانىدى. ئۇلار پۈتكۈل سىنىپتىكى ئون ئالتە ساۋاقداشنىڭ ئون ئالتە تۈرلۈك سوئالىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، مانا ئەمدى خەن خانىم ئۇلارغا تاپشۇرغان ئۈندەش بەلگىسىنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

چۇ يەنچاۋ 27 - بىنانىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، روشەنكى، ئۇ جىڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇنى ساقلاۋاتاتتى.

— قانداقكەن؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ ئالدىراش ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — خەن شىنيۆنىڭ ئائىلىسىدە زادى نېمە ئىش بوپتۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى...

چۇ يەنچاۋ ھېچقانداق بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ دادىسىغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. شىنيۆ ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ شۇ قەدەر ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەچكە ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋاتقانمىدۇ - يا؟ شىنيۆ دادىسىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالمىسۇن، بۇنداق ئازابقا ھەرگىز مۇپتىلا بولمىسۇن! ھەرقانداق بالىغا دادا بولمىسا بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ...

بىراق چۇ يەنچاۋ جىڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇنىڭ ئاغزىدىن كۈتمىگەن جاۋابقا ئېرىشتى.

— يۈرەك كېسىلىكەن؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجىزمىكەن؟ — چۇ يەنچاۋ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى.

— ئاپىسى بىزگە شۇنداق دېدى! — دېدى لۇ شيۇجۇ يۈزد-
دىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ.

— نېمىشقا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلمىدىڭ -
لار؟ — چۇ يەنچاۋغا بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسى بەك
ئاددىي تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ،
بىرنەچچە ئېغىز گەپنىلا كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ
كۆپ نەرسىنى بىلىشكە موھتاج ئىدى.

— ئاپىسى دېدى، — دېدى جېڭ شاۋجىڭ ھاسىراپ تۇرۇپ
ئوقۇتقۇچىسىغا، — خەن شىنيۈنى دوختۇرخانىغا ئاپتۇ. بۈگۈن
كېسەل يوقلاش كۈنى ئەمەس ئىكەن، كىرگۈزمەيدىكەن.

— كېسەل يوقلاش ۋاقتى قاچانكەن؟

— ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىسى، تۆتى، ئالتىسى چۈشتىن
كېيىن ئىكەن، ئەتە يوقلىسىمۇ بولىدىكەن، — دېدى لۇ شيۇجۇ
جېڭ شاۋجىڭنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىپ، — بىز بىئەپ ۋاقىتتا
بېرىپ قاپتۇق، ئەتە بارغان بولساق ياخشى بولاتتىكەن.

— ھىم! — دېدى چۇ يەنچاۋ، — بۈگۈن سىلەر جاپا چەك-
تىڭلار، چاققان تاماقىقا بېرىڭلار، ئاشخانا تاقىلاي دەپقالدى.
بۈگۈن كەچتىكى مۇزاكىرىگە قاتناشماي ئوبدان ئارام ئېلىڭلار.

چۇ يەنچاۋ جىممىدە ياتىقىغا قايتتى.

ئۇ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۈستەل چىرىغى-
نى ياندۇردى.

ئۈستەلدە لۇشۈننىڭ تېخى تەرجىمە قىلىنىپ بولمىغان
«شەمشەر سوقۇش» ناملىق ئەسىرى تۇراتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى
بەك ئالدىراش ئىدى. «1 - ماي»، «4 - ماي» يېقىنلىشىپ
قالغانىدى. مەكتەپنىڭ، غەربىي ياۋروپا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ
ۋە ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يى-
غىنلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى ھەم
سىنىپ مەسئۇلى ئىدى، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتەت-

تى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزى ئارىلاشقان خىزمەتنى ئەستايىدىل قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭ ئىشتىن سىرت ۋاقىتلىرىنى ئىگىلەپ كەتكەنىدى. ئۇن مىڭ خەت ئەتراپىدىكى ئەسەر مۇشۇ كەمگىچە قولدىن چىقماي تۇراتتى.

چۇ يەنچاۋ ماقالە قەغىزىنى يېيىپ، تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇندى. ئالدىنقى قېتىم بىر شېئىرغا كەلگەندە توختاپ قالغانىدى، بۇ شېئىرنى تەرجىمە قىلماق ئاسان ئەمەس ئىدى. شېئىرنىڭ رىتىمى ناھايىتى كۈچلۈك، تېكىستى مۇرەككەپ ھەم تۇتۇق ئىدى. شېئىرنى ئوقۇغان كىشى بىر تۇرۇپ چۈشەنگەندەك، بىر تۇرۇپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەندەك قىلاتتى. ئەسەردە بۇ شېئىر «يۇمىلاق شېئىر» دېيىلگەنىدى. لۇشۈن ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا دوستلىرىغا يازغان خېتىدە: «ئەسەردىكى شېئىرنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، چۈنكى بۇ شېئىرنى غەلىتە ئادەم بىلەن بىر باش ئېيتقان، بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بۇ شېئىرنى چۈشەنمىكى تەس» دېگەنىدى. لۇشۈننىڭ ئۆزى يازغان ئەسەرنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، بۇ تەسىرلىك شېئىر، ئۇنىڭدىكى مەردانىلىك ۋە ئوتلۇق ھېسسىيات ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ ۋە ئۇلارنى ئازابلايدۇ. ئەمما بۇ شېئىر كىشىگە بىمەنىدەك تۇيۇلىدۇ، لۇشۈن چوڭقۇر مەنىنى بىمەنىلىككە سىڭدۈرۈپ، چۈشەنگىلى بولىدىغان بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئارىلىقتا كۈچلۈك بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان. بۇ شېئىر بەلكىم شېكسپىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دانىيە شاھزادىسىنىڭ تاققا ـ تۇققا، لېكىن يۈرەكنى ئېزىدىغان «ساراڭلارچە گېپى»گە ئوخشاپ كېتىدىغاندۇ؟

شاپىگرافتا بېسىلغان «خاملېت» ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ماقالە قەغىزىنى قويۇپ كىتابنى ۋاراقلىدى. جېڭ شاۋجىڭ ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن بۇ كىتابنى تەپسىلىي كۆرۈپ چى-

قىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ مۇنداقلا ۋاراقلاپ «ئوپىلىيا» دېگەن
ئىسمىنى كۆرۈپ قېلىپ تۇرۇپ قالدى. كىتابتا پەيدا بولغان
شىنيۆنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭغا جىم قاراپ تۇراتتى. شىنيۆنىڭ
چىرايىنى بىر قەۋەت سۇس قايغۇ بۇلۇتلىرى قاپلىغانىدى...
ياق، ئۇنىڭ ئوبرازى قايغۇلۇق بولسا بولمايدۇ، ئۇنداق بولماس-
لىقى كېرەك!... ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ كۈن
بولغانىدى، ئۈچ كۈندىن بۇيان چۇ يەنچاۋ ئىنگلىز تىلى دەرسىدە
ئۇنىڭ ئىخلاس بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتقان تۇرقىنى، نامسىز كۆل
بويىدا كىتاب ئوقۇغاچ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ھالى-
تىنى كۆرمىگەن، ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ: «چۇ مۇئەل-
لىم...» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى. بۇ ئۈچ كۈن ئۇنىڭغا
ھەتتا بىر ئايلىق قىشلىق تەتىلدىنمۇ بەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەت-
كەنىدى. قىشلىق تەتىل بولغاندا ئۇ خۇشال كەتكەنىدى. ئۇنىڭ
قىشلىق تەتىلدە قانداق كىتابلارنى ئوقۇيدىغانلىقىنى، نېمە ئىش-
نى قىلىدىغانلىقىنى چۇ يەنچاۋ بىلەتتى: لېكىن بۇ قېتىم ئالدى-
راش كېتىپ، شۇ كەتكەن پېتى كەلمىدى، چۇ يەنچاۋ، ئۇ
جەزمەن بىر ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇقتى، بولمىسا، بۇ چاغقىچە
دەرسكە كەلگەن، ھېچ بولمىغاندا تېلېفون بولسىمۇ بەرگەن
بولاتتى، دەپ قىياس قىلدى، چۇ يەنچاۋ پۈتۈن ئېھتىماللىقلارنى
مۆلچەرلىدى، دادىسىنىڭ كېسىلى خەتەرلىك بولسا كېرەك دەپ
ئويلىدى... ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، كېسىلىنىڭ بۇنچى-
لىك ئېغىرلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شىنيۆ راستتىنلا يۈرەك كې-
سىلىمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئادەتتە سالامەتلىكى شۇنداق ياخشى ئەمەسمى-
دى؟ بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە دەرستىن سىرتقى ئەمگەكلەرگىمۇ
قاتنىشاتتى. چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ بەزىدە سەل دىمى سىقىلىپ كېتى-
دىغانلىقىنى كۆرەتتى، بۇ، قىز بالا ئۈچۈن بىنورمال ئىش
ئەمەس ئىدى. لېكىن، مانا ئەمدى بىردىنلا كېسەل بولۇپ
يىقىلدى. بۇنى ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايتتى.

چۇ يەنچاۋنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش يا خاتىرجەم كىتاب ئوقۇشقا، يا ئەسەر تەرجىمە قىلىشقا قولى بارمىدى. تىتىلدىغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كىتاب جازىسى بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدىكى بوش يەردە ئۇياقتىن - بۇياقتىن مېڭىپ، مەقسەتسىز هالدا كىتاب جازىسىدىكى كىتابلارغا، كىتاب جازىسىنىڭ ئۈستىدىكى ياپېشىل يوپۇرماق چىقىرىپ، چېچەكلەش ئالدىدا تۇرغان گۈلگە، كىتاب ئۈستىدە بىكار تۇرغان ئىسكىرىپكىغا قارايتتى. ئۇ شۇ تاپتا ساغلام ۋە هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان شىنيۆنى كۆرگەندەك بولدى. ياق، ئۇ كېسەل بولۇپ يىقىلمىدى. ئۇنىڭغا دوختۇر خاتا دىئاگنوز قويغان ياكى كېسەللىك ئەهۋالى جېڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ ئېيتقاندەك ئۇنداق ئېغىر ئەمەس، چۈنكى ئۇلار شىنيۆنىڭ ئۆزىنى كۆرمىدى. چۇ يەنچاۋ شۇنداق ئويلايتتى.

چۇ يەنچاۋ ئەتىسى ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئىنگلىز تىلى سىنىپىغا قاراپ ماڭدى، ئۇنى سىنىپتا ئون بەش ئوقۇغۇچى ساقلاپ تۇراتتى.

جېڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە بىر سومكا مېۋە - چېۋە ئېلىپ ئالدىراش تۈگۈرۈپ دوختۇرخانىسىغا باردى. ياتاق بىناسى ئالدىدا بىر بوۋاي ئۇلارنى توسىۋالدى.

— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟

— ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 109 - ياتاقتىكى شىنيۆنى، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ شيۇجۇ. ئۇ ئاخشام خەن خانىم دەپ بەرگەن بۇ نومۇرنى يادىدا چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

بوۋاي كىچىك تاختىلار بىلەن تولغان ياغاچ تاختىغا مىسىلداپ قاراپ، خەن شىنيۆ دېگەن ئىسىمنى تاپتى:

— ۋوي، تاختىدا يوق تۇرىدۇ، ئۇنى يوقلاپ بىر كىملەر

كەلگەن ئوخشايدۇ. بىر قېتىمدا ئىككى ئادەمنىڭ كىرىشىگە بولىدۇ. قاراڭلار، مانا تاختا يوق...

— ئەمىسە بىز بىكار كەپتۇقتە؟ — دېدى لۇ شيۇجۇ «لاسىسدە» بولۇپ.

— ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى بوۋاي ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن، — كىرىپ كەتكەنلەر چىقسۇن...

— يولداش، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ ھەربىي چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى چىقىرىپ، — بىز بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلدۇق، پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكىل بولۇپ...

— سىز كىمگە ۋەكىللىك قىلسىڭىزمۇ بەربىر، بۇ دوختۇرخانىنىڭ تۈزۈمى! — دېدى بوۋاي جېڭ شاۋجېڭنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي.

جېڭ شاۋجېڭنىڭ چىرايى «شاپپىدە» ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەتتە ×× ھويلىغا كىرىپ ـ چىقىشتا، پوستلارغا بېشىنى لىڭشىتىپلا قوياتتى، ئالدىنى توسايدىغان بۇنداق ئادەمنى ھېچيەردە كۆرمىگەنىدى.

— بوۋا، بىز كېلىشسەك بولمىدىمۇ؟ بىز شۇنچە يىراق يەردىن كەلدۇق... — دېدى لۇ شيۇجۇ قارشى تەرەپنى يومشاتماقچى بولۇپ.

— بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ! — قولىدىكى كىچىككىنە ھوقۇقىنى ئىككىلەنمەي ئىشلەتكەن بۇ بوۋاي ئۇ ئىككىسىگە ئېرەن قىلماي، كۆزەينىكىنى تاقاپ گېزىت ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇلار نائىلاج ساقلاشقا مەجبۇر بولدى، نېمىشقا بالدۇر چىقمايدىغاندۇ دەپ، شىنيۈنى يوقلاپ كىرىپ كەتكەن ئىككى كىشىدىن ئاغرىندى.

شۇ تاپتا شىنيۈنىڭ بېشىدا چېن شۇيەن بىلەن چۇ يەنچاۋ ئولتۇراتتى.

چۇ يەنچاۋ كىرگەن چاغدا چېن شۇيەن شىنيۈگە بىر چىنە سۈتنى ئىچكۈزۈپ بولۇپ تۇرغانىدى. شىنيۈ سۈتنى ناھايىتى ئاستا ئىچتى، چېن شۇيەن سۈتنى قوشۇق بىلەن ئاغزىغا ئاپىراتتى، شىنيۈ ئاستا يۇتاتتى. ئىچىپ بولغاندىن كېيىن چېن شۇيەن ئىسسىق لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى ئېرتاتتى، ئۇنى جىمجىت يېتىشقا، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا ئۈندەيتتى.

ياتاقتا بىر بىمار ئۇخلاۋاتاتتى، باشقا ئىككى بىمارنىڭ ئورنى بوش ئىدى، تومپۇچكىدا دورا بوتۇلكىلىرى بىلەن يەيدىغان نەرسىلەر تۇراتتى. كېسىلى يېنىكرەك بىمارلار ھاۋا يېگىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ياتاق ناھايىتى تىنچ ئىدى.

بۇ چاغدا چۇ يەنچاۋ كەلدى.

شىنيۈ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ياستۇققا يېرىم يۆلىنىپ، چىرايىدىكى قىزىللىق قايتىپ، بۇرۇنقى ئاق ھالىتىگە كىرگەنىدى، لەۋلىرى قىيا يۇمۇلغان، نەپەس ئېلىشى تەكشى ئىدى. بىر قولىدا ئىڭىكىنى يۆلەپ، يەنە بىر قولىنى كارىۋاتقا قويۇپ ياتاتتى. گويا ئۇزۇن سەپەردە ھېرىپ كېتىپ بەھۇزۇر ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋاتقان ھالەتتە ئىدى.

چۇ يەنچاۋ ئىشىكنى تولىمۇ بوش چېكىپ، ياتاققا پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كىردى. لېكىن شىنيۈ بۇ تىۋىشنى ئاڭلاپ:

— شۇيەن، ئاكام كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

چېن شۇيەن جاۋاب بەرمەي، سوئال نەزىرى بىلەن بۇ ناتونۇش كىشىگە قارىدى. چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ شىنيۈنى چۆچۈتىۋەتكۈسى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ چېن شۇيەنگە ئىشارەت قىلدى.

شىنيۈ كۆزلىرىنى ئاچتى، كۆزلىرى خۇشال چاقناپ كەتتى.

— چۇ مۇئەللىم... — دېدى ئۇ.

— ساۋاقداش شىنيۈ... — دېدى چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭدىن

كەچۇرۇم سورىغاندەك، ـــ سىزنى ئويغىتىۋەتتىم. . .

ـــ ياق، مۇئەللىم، مەن ئۇخلىمىغانىدىم، ـــ دېدى شىنىيۆ. ئۇنىڭ يۈزىگە شۇئان كۈلكە يامرىدى، ـــ سىنىپتىكى ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتىم، سىز كەلدىڭىز، مەن بۇنىڭدىن بەك خوش. . .

ـــ شىنيۆ، سىزنى ساۋاقداشلارمۇ سېغىنىدى، ـــ دېدى چۇ يەنچاۋ كارىۋاتقا ئېڭىشىپ، ـــ ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك بەكمۇ تىتىلداپ كەتتى. . .

ـــ ئۇلارمەندىن ئەنسىرىمىسۇن، ـــ دېدى شىنيۆ بىلىنەر - بىلىنمەس ھاسىراپ، ـــ دادامنىڭ يارىسىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم، كېيىن يارىسىنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدۇم. . .

ـــ ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟

ـــ كۆپ ياخشى بوپكەتتىم، قارىڭا، ياخشى بوپكەتكەندەك تۇرامادىمەن؟

ـــ ھىم. . . ـــ دېدى چۇ يەنچاۋ يېنىك نەپەس ئېلىپ، ـــ ياخشى، ياخشى. . .

ـــ چۇ مۇئەللىم، ئولتۇرۇڭ! ـــ دېدى چېن شۇيەن ئۇنىڭغا ئورۇندۇق ئەكېلىپ بېرىپ.

چۇ يەنچاۋ بۇ قىزغا ئەيمىنىپرەك قاراپ قويدى، لېكىن ئولتۇرمىدى.

ـــ مەن شىنيۆنىڭ ساۋاقدىشى، ـــ دېدى چېن شۇيەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ـــ مەن شىنيۆدىن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. . .

ـــ شۇنداقمۇ. . . ـــ دېدى چۇ يەنچاۋ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، ـــ رەھمەت سىزگە، شىنيۆگە ئوبدان قاراۋېتىپسىز. . .

شىنيۆ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ:

ـــ شۇيەن مېنىڭ ئۆز ئاچامغا ئوخشاش، قارىڭا، مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق ياخشى ساۋاقدىشىم بار...

يىراقتىن كەلگەن ئىككى ساۋاقداش ئىشىك ئالدىدا تاقەت-
سىزلىك بىلەن ساقلاپ تۇراتتى.

بىمارلارنى يوقلىغىلى كەلگەن كىشىلەر كۆپىيىشكە باشلى-
دى. دېرىزە تۈۋىگە يىغىلغان بۇ كىشىلەر بوۋايغا بىمارلارنىڭ
ئىسمىنى دەپ بېرىپ تاختاي ئالاتتى.

لۇ شيوجۇ بىردىنلا توپنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ،
تامغا ئېسىپ قويۇلغان تاختايلارنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئىچكى كېسەللىكلەر 104 - بۆلۈم، جاڭ گولياڭ،
ئىككى ئادەم! — دېدى.

«جاڭ گولياڭ» دېگەن ئىسىم يېزىلغان ئىككى تاختاينى
بوۋاي ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. لۇ شيوجۇ تاختاينى ئېلىپ، جېڭ
شاۋجېڭنى سۆرىگەن پېتى ئىچكىرىگە يۈگۈردى.

— ھوي، جاڭ گولياڭ دېگەن كىم؟ — دېدى ھېچنېمىنى
ئاڭقىرالمىغان جېڭ شاۋجېڭ.

— چاتىقىمىز نېمە، بىز خەن شىنيۈنى يوقلايمىز! —
دېدى لۇ شيوجۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن كېرىلىپ.

— بۇ تازا ياخشى بولمىدى.

— ياخشى بولمايدىغان نېمىسى بار؟ تاكتىكىمىچۇ، جان-
لىقراق بولۇشى كېرەك!

ئۇلار چۇ يەنچاۋغا ئوخشاش سالماق بولماي، ئىشىك سىر-
تىدىلا:

— خەن شىنيۈ! — دەپ ۋارقىرىدى.

كىملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلغان چۇ يەنچاۋ ئى-
شىكنى ئاچتى، لۇ شيوجۇ بىلەن جېڭ شاۋجېڭ ھەيران بولۇپ:

— ھوي، چۇ مۇئەللىمكەنغۇ! — دەپ توۋلىۋەتتى.

— تېخى ئالدىڭلاردىراق كەلگەنىدىم... — دېدى چۇ يەن-
چاۋ.

لۇ شيۇجۇ بىلەن جېڭ شاۋجېڭنىڭ دىققىتى بۇ چاغدا چۇ يەنچاۋدىن يۆتكەلگەنىدى. ئۇلار ئالدىراش شىنيۆنىڭ بېشىغا بې- رىپ، بىر - بىرىگە يول قويماي:

— خەن شىنيۆ، بىزنى تولىمۇ قورقۇتىۋەتتىڭىز! — دەپ، چۇۋۇلدىشىپلا كەتتى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— كۆپ ياخشى بولۇپ قالدىم. . . — دېدى شىنيۆ ئۇلارغا زوق بىلەن قاراپ. ئۇ ئۇلارنى چېن شۈيەنگە تونۇشتۇردى، — شۈيەن، ئۇلار بىزنىڭ monitor، «مۇشۇك گۆشىنى ئوغرىلىغان كىم» شۇ. . .

چېن شۈيەن كۈلۈپ كەتتى.

— مەن ھازىر «مۇشۇك گۆشى ئوغرىلىمايمەن»، — دېدى لۇ شيۇجۇ كۈلۈپ، — ھوي، خەن شىنيۆ، ماڭا چاقچاق قىلى- شىڭىزنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. مەن تېخى سىزنىڭ يۈرەك كېسىلىڭىز. . .

— ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھېچقانداق چاتاق يوق، — چېن شۈ- يەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى، — دوختۇر، بىر نەرسە تۇيۇقسىز تەسىر قىلغاچقا، يۈرىكىنىڭ سوقۇش سۈرئىتى تېزلى- شىپ كەتكەن، دەيدۇ. ھازىر ياخشى بوپكەتتى.

— بەك ياخشى بوپتۇ! — دېدى لۇ شيۇجۇ جېڭ شاۋجېڭغا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ، — بىكاردىن - بىكارغا قورقۇپ كې- تىپتۇق ئەمەسمۇ!

— مەن پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن سىز- دىن ئەھۋال سورايمەن، دوختۇرخانىدىن بالدۇرراق چىقىشىڭىز- نى تىلەيمەن! — دېدى جېڭ شاۋجېڭ قولىدىكى بىر سومكا مېۋە - چېۋىنى تومپۇچكىغا قويۇپ، — كېسىلىڭىز ياخشى بوپكەتسە، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ شان - شەرىپىنى ساقلاپ قالالايمىز. «خاملېت» نى رەپېتىس قىلىشقا تەسىر يېتەمدىكىن دەپ قورق-

www.uyghurkitap.com

قاندىم.

قىز ساۋاقداشلارنىڭ پارتىغا ئارىلىشالمىغان چۇ يەنچاۋ ئىككىلىنىپ:

— سىلەر پاراڭلىشىڭلار، مەن قايتاي. ساۋاقداش شىنيۆ، خاتىرجەم داۋالىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەكتەپتىكى ئىشلارنى ھازىرچە ئويلىماڭ سىلەر ئىككىڭلار... — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ جېڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇغا دېدى، — بەك ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرماڭلار، ئۇنىڭ دەم ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭلار...

— بىلىمىز، بىلىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ، مۇئەللىم! — دېدى لۇ شيۇجۇ چۇ يەنچاۋنى بالدۇرراق يولغا سېلىپ قويۇشقا ئالدىراپ. مۇئەللىم كەتسە ئۇلار تېخىمۇ ئەركىن پاراڭلىشالايتتى.

— مۇئەللىم، سىز كېتەمسىز؟ — دېدى شىنيۆ چۇ يەنچاۋغا قاراپ، — ۋاقىت چىقىرىپ يەنە كېلەرسىز... ھە، ياق، كەلمەڭ، سىز بەك ئالدىراش...

— ئالدىراشلىق تۈگىمەيدۇ... مەن جەزمەن يەنە كېلىمەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ شىنيۆگە قاراپ. ئاندىن ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

شىنيۆ مۇئەللىمنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى، قەلبى غەشلىككە تولدى. ئوقۇتقۇچىسىدىن تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسەرنىڭ سۈرئىتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى سوراشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئوقۇتقۇچىسى كېتىپ قالدى.

قەلبىدىكى بۇ غەشلىكنى ئىككى ساۋاقدىشى تارقىتىۋەتتى. جېڭ شاۋجىڭ بايا چۇ يەنچاۋ ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى:

— سىزگە مەلۇم، ھازىر ساۋاقداشلار سەھنە جابدۇقلىرى، كىيىم ئارىيەتكە ئېلىش بىلەن ئالدىراش، سەھنە سۆزلى-

رىنى يادلاپ بولاي دېدى. . .

— چۇ مۇئەللىمنىڭ تەييارلىقى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى شىنيۆ.

— ئۇنىڭدا چاتاق يوق، شېكىسپىرنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ئۇنىڭغا ياد، ئۇنىڭدىن مۇتلەق خاتىرجەممەن، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — ھازىر گەپ ئوپېلىيەدە قالدى. بەزىلەر ماڭا ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىش، B رول ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوپېلىيەنىڭ سەھنە سۆزىنى شيې چيۇسغا تەييارلىتىش تەكلىپىنى بەردى. پەقەت بولمىغاندا. . .

— ئۆزۈم ئالىمەن، — دېدى شىنيۆ، — پات ئارىدا دوختۇرخانىدىن چىقىمەن، ئۆلگۈرەلەيمەن. . .

— بەللى! بۇگۈنكى روھى قىياپىتىڭىزنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ كەسكىن ھالدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم. B، A رول ئورۇنلاشتۇرمايمەن! ئوپېلىيەنىڭ رولىنى باشقىلار ئالالىسىمۇ، شيې چيۇسىنىڭ شارائىتى ياخشى بولسىمۇ، ئۆلچەمنى چۈشۈرمەيمەن.

شىنيۆنىڭ مەڭزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىق يۈگۈردى، ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن ھاياجانلانغانىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ monitor، سىزنى نائۇمىد قويمايمەن. نېمىشقا ماڭا سەھنە كىتابىدىن بىرنى ئالغاچ كەلمىدىڭلار؟ مەن دوختۇرخانىدا. . .

— ئالغاچ كەلدىم! — دېدى جېڭ شاۋجېڭ ھەربىي چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قاتلانغان سەھنە كىتابىنى چىقىرىپ. ئۇ شاپىگرافتا بېسىلغان بۇ كىتابنى ئاچتى. سەھنە كىتابىنىڭ بېتى ئۇ سىزغان ھەر خىل بەلگە ۋە يادىغا كەلگەندە يازغان «سەھنە ئەسلەتمىلىرى» بىلەن تولغانىدى.

www.uyghurkitap.com

شىنيۆ سەھنە كىتابىنى قولىغا ئېلىپ، مەيدىسىگە يېقىپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى، قەلبى قاناتلاندى، مەكتەپ زالىنى، ھەممە كىشىنىڭ كۆز ئۆڭىدە سەھنىگە قانداق چىقىدىغانلىقىنى، ئوپېلىيەنىڭ رولىنى قانداق ئوينايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىشى ئىنگلىز تىلىدىكى تىياتىرنى بىرىنچى قېتىم ئوينىشى ئىدى. جىددىيلىشىپ كې-تەرمۇ؟ ياق، جىددىيلىشىپ كەتمەيدۇ، چۇ مۇئەللىم دېگەن: ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ! چۇ مۇئەللىممۇ سەھنىگە چىقىدۇ، مۇئەللىم بار، مۇئەللىمگە ماسلىشىدىغان گەپ، نېمە-دىن قورققۇلۇق؟

قىزنىڭ قەلبىدە يارقىن قۇياش نۇرى پارلىغاندەك، ھەسەن - ھۆسەن كۆتۈرۈلگەندەك بولدى...

چۇ يەنچاۋ دەرھال مەكتەپكە قايتمىدى، ياتاقتىن چىقىپ، دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، شىنيۆنىڭ مەسئۇل دوختۇرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. سېسترا ئۇنىڭ يۈرەك كې-سەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى لۇ دوختۇرنىڭ يېنىغا باشلاپ كىر-دى.

لۇ دوختۇر ئەللىكتىن ئاشقان، كېلىشكەن ھەم يېقىملىق ئايال دوختۇر ئىدى.

— سىز خەن شىنيۆنىڭ تۇغقىنى بولامسىز؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ مۇئەللىمى، ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋا-لىنى بىلگۈم بار ئىدى...

— بولىدۇ! — لۇ دوختۇر كۆزەينىكىنى تاقاپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قېلىن ئارخىپلارنىڭ ئىچىدىن خەن شىنيۆنىڭ كې-سەللىك تارىخىنى ئاختۇردى، — بىز كېسەل ئەھۋالىنى بىمارغا ئەينەن دېمىدۇق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بىزگە ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بىمار بەك ياش، بالا دېسىمۇ بولىدۇ...

— بۇنى مەن ئويلىغان، — دېدى يۈرىكى «قارتتىدە» قىل-غان چۇ يەنچاۋ پىچىرلاپ، — ئۇنىڭ ئۆزى دېگەن ئەھۋاللارغا

رادىلا ئىشەنمىدىم. دوختۇر، ئۇ زادى. . .
— ئۇ رېماتىزم خاراكتېرلىك يۈرەك كلاپانى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، — دېدى دوختۇر كېسەللىك تارىخىنى ئې- چىپ، — يۈرەك كلاپانى تارىيىپ كەتكەن، تولۇق يېپىلمايدۇ، بۇ ئالامەتلەرگە ناھايىتى ئۇزۇن بولغان.
— بۇ ناھايىتى ئېغىر كېسەللىكمۇ؟ — دەپ سورىدى دوخ- تۇردىن چۇ يەنچاۋ تاقەتسىزلىك بىلەن. ئۇ تېببىي ئىلىمنى پەقەتلا بىلمەيتتى.
— ناھايىتى ئېغىر، — دېدى لۇ دوختۇر، — يۈرەك ئادەم ئورگانىزمىدا ناھايىتى مۇھىم. پۈتۈن بەدەندىكى قاننى ئايلاندۇ- رىدىغان مۇھىم ئەزا. كلاپان سول يۈرەك دالانچىسى بىلەن سول يۈرەك قېرىنچىسى ئارىلىقىدىكى ئىشىك. كلاپان تارىيىپ كەت- سە، بۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشى نورمالسىزلىنىپ، قاننىڭ ئايلىنىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. جىددىي تۇتۇپ كەتكەن- دە، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلمىسا، ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.
— ھە! — چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان- دەك قاتتىق سېلىپ كەتتى، — بۇنچىلا ئېغىر كېسەل نېمىشقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان چاغدىكى بەدەن تەكشۈرۈشتە بايقالمى- غاندۇ؟
— ئۇنداق تەكشۈرۈشلەر ئىنچىكە ئەمەس، — دېدى لۇ دوختۇر جىددىي ھالدا، — ئوقۇتقۇچى بولغان سىز ھەم بىمار- نىڭ ئاتا - ئانىسى بۇنىڭغا تولىمۇ بىپەرۋالىق قىلغان، بۇ كېسەلنى بۇرۇنلا بايقىشىڭلار كېرەك ئىدى، بۇرۇنراق داۋالان- غان بولسا ياخشى بولاتتى!
— راست! — دېدى چۇ يەنچاۋ چوڭقۇر ئەپسۇس بىلەن. ئۇ «باغۋەن» تۇرۇپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ئىدى، — ھېلىمۇ ياخشى دوختۇرخاناڭلار دەل ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىپتۇ. . .
— بىمارنىڭ كېسىلى بىرلا قېتىم جىددىي قوزغالغان، بىز ئۇنى جىددىي قۇتقۇزدۇق، يۈرەكنىڭ زەئىپلىشىشىنى ۋاق-

www.uyghurkitap.com

تىنچە پەسەيتتۇق. لېكىن بىمارنىڭ كېسىلى يەنىلا مەۋجۇت، تۈپ يىلتىزىدىن ساقىيىپ كەتكىنى يوق.

— ئۇنىڭ سەللىمازا ساقىيىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

— بۇ مەسىلىگە هازىر جاۋاب بېرەلمەيمەن. چۈنكى هازىر بىماردىكى رېماتىزمنىڭ ھەرىكەت ۋاقتى. ئوپېراتسىيە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. كېسەللىكنىڭ تەرەققىي قىلىپ كەتمەسلىكىگىلا كاپالەتلىك قىلالايمىز. هازىر بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلىق ئەمەس، نۇرغۇن زۆرۈر سانلىق مەلۇماتلار تېخى چىقمىدى. ئۆزۈڭلار كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بىر ئايدىن ئىككى ئايغىچە دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ...

— بىر ئايدىن ئىككى ئايغىچە؟ ئۇ ئوقۇۋاتسا! ئۇ دەرسىنى تاشلاپ قويسا بولمايدۇ - دە، — دېدى چۇ يەنچاۋ تاقەتسىزلىنىپ.

— دەرسنى هازىرچە ئويلىمىسىڭىز بولارمىكىن؟ سىلەر مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارغا ھەمىشە: سالامەتلىك ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسى، دەيسىلەرغۇ؟ شۇڭا بىمار هازىر جەزمەن يېتىپ داۋالىنىشى كېرەك...

— مەن ئۇنى... بەرداشلىق بېرەلمەسمىكىن دەيمەن. ئۇ مەكتەپتىن، ئۆزى قىزغىن سۆيگەن كەسىپتىن ئايرىلالمايدۇ.

— مانا مۇشۇ جەھەتتىن سىلەر مۇئەللىملەر ۋە بىمارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىزگە ماسلىشىشىڭلار زۆرۈر. دورا بىلەن روھىي داۋالاش ئوخشاشلا مۇھىم. بىمار مەنىۋىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ساقلىنىشى لازىم. ھەددىدىن ئارتۇق دەرد - ئەلەم، ئوي - خىيال ياكى خۇشاللىنىشلار بىزنىڭ داۋالىرىمىزغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ...

— بۇنى ئورۇنداشقا بىز چوقۇم كاپالەتلىك قىلىمىز! — دېدى چۇ يەنچاۋ لۇ دوختۇرغا ئۆتۈنۈش بىلەن قاراپ، — خەن شىنيۈ سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدى، مۇنەۋۋەر چەت ئەل تىلى ئىختىساس ئىگىسى بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر-

نى هازىرلىغان ئوقۇغۇچى. مەن ئۇنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن. دوختۇر، ماڭا ئوخشاش بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغايسىز. مەيلى نېمە بولسۇن، سىز چوقۇم...

— بۇ گەپلەرنى دېيىشىڭىزنىڭ ئورنى يوق، — دېدى لۇ دوختۇر كۆزەينىكىنىڭ تېگىدىن چۇ يەنچاۋغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ، — بىر دوختۇرنىڭ پەرزەنتكە ئامراق قەلبىگە ئىشىنىڭ. مەنمۇ مۇئەللىم بولغان، ئوقۇغۇچىلىرىم، باللىرىم بار.

چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى تاش بېسىۋالغاندەك ئېغىر ئىدى. ئۇ لۇ دوختۇر بىلەن خوشلاشتى.

چۇ يەنچاۋ يەنە شىنيۈ ياتقان ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ياتاقتا بىر پەس قۇلاق سالدى، ياتاقتا پاراڭلاشقان ئاۋاز يوق ئىدى، شىنيۈنى يەنە ئاۋارە قىلغۇسى كەلمەي ئاستا كېتىپ قالدى.

چۇ يەنچاۋ كوچىغا چىققاندا، گۇگۇم چۈشۈپ قالغان، كوچا چىراغلىرى يانغانىدى. شەرقىي - جەنۇب تەرەپتە ھىلال ئاي كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئارىسىدا سۇس نۇر چېچىپ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9 ـ باب چەت ئەلگە سەپەر

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936) ، ئەتىيازنىڭ تاشئالمىلار ئاپئاق، ئانارلار قىپقىزىل چېچەكلىگەن مەزگىلى ئىدى. خەن زىچى ئۆيىدىكىلىرى بىلەن بىللە غەشلىك ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئامراق ئوغلى تيەنشىڭنىڭ بىر ياشقا تولغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ھېچكىمنى چاقىرمىغان، ھېچقانداق مۇراسىم ئۆتكۈزمىگەنىدى. خەي ھامما ئەتكەن چۆپنى جىمجىت يېيىشىپ، بالىسىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇپ، يۈز ياشقا كىرگۈچە ياشىشىنى تىلىشەتتى. بۇلتۇرقى «قاشتاش كۆرگەزمىسى» شېرىن چۈشكە ئوخشايتتى، بۇ چۈشنىڭ قانچە ئۇزۇن داۋاملىشىدىغانلىقىنى خەن زىچى بىلمەيتتى، ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتتە تىكلىگەن ئىگىلىكىنى ساق ـ سالامەت ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەلەرمۇ؟

بىر رىكشا دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، رىكشىدىن سام خونتېر چۈشتى.

— خونتېر ئەپەندى، بۈگۈن ئوغلۇمنىڭ بىر ياشقا تولغان كۈنى، قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت، — دېدى خەن زىچى سام خونتېرنى مېھمانخانىغا باشلاپ، — چۆپتىن ئازراق يەپ قويامسىز؟ ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ئەتكەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تامىقى!

— ھۆي، ناھايىتى ياخشىغۇ، — دېدى سام خونتېر خىجىل بولۇپ، — كەچۈرۈڭ، ئوغلىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا ئەكېلەلمىدىم!

— بۇ يىل ئۆتكەن يىلدىكىدەك داۋراڭ كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي دوستلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا دېمىدىم. سىزمۇ خىجىل

بولۇپ كەتمەك. بىز ئون نەچچە يىللىق دوست، كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزى ھەرقانداق سوۋغىدىن قىممەتلىك!

ناھايىتى سەمىمىي ئېيتىلغان بۇ سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئون بىر يىلىنىڭ ئالدىدا، سام خونتېرنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى بولمىغان بولسا، خەن زىچى خوييۇەنجەيدىن چىقىپ كېتىشكە پېتىنالمىغان بولاتتى؛ سام خونتېر ئۇنىڭغا بىر مۇنچە قەرز بەرمىگەن بولسا، چىچېنجەينى بۇنداق تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەت يېزىلغان ۋېۋىسكىنى ئاسالمىغان بولاتتى. ئۇ دۇكاننى ماڭغۇزغان دەسلەپكى چاغلاردا ئاۋۋالقىدەكلا قاشتاش تاراشلاش، قاشتاش بۇيۇملىرىنى بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن سېتىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئانچە - مۇنچە دەسمايە يىغقاندىن كېيىن دۇكاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاشتاش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ - ساتىدىغان دۇكان قىلدى، خوييۇەنجەي بىلەن بازار تالىشىشقا پېتىندى. باشتا پۇتۇشكەن كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، خەن زىچى سام خونتېرنىڭ قولىدىكى قاشتاش بېزەكنى ئەسلىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ ئۈچ تال ياساپ بەردى. سام خونتېرنىڭ «ئاسارئەتىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. خەن زىچى سام خونتېرغا بېزەكنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئۆزىگە بېرىش تەلىپىنى قويۇپ: «خونتېر ئەپەندى، مەن بېزەكنى ئەسلىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ ئوننى، يۈزنى ياساپ بېرەي، لېكىن بۇ دۆلەت گۆھىرىنىڭ ئۆزۈمدە قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزمۇ بىلىسىز، مەن نىيەت قىلغان ئىشنى جەزمەن باشقا ئاچىقىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل كەتسىمۇ مەيلى! بولمىسا، بۇ قەسىرنىڭ ئىگىسىگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى يىغىپ - ساقلىغان بۇيۇملىرىنىڭ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن. شۇ بۇيۇملارنى ئىمكان بار يىغىمەن!» دېگەنىدى. خەن زىچىنىڭ بۇ ئىرادىسى سام

www.uyghurkitap.com

خونتېرنى تەسىرلەندۈردى. خەن زىچى بۇ جەھەتتە قىممەتلىك بۇيۇملارنى ۋەيران قىلىدىغان، سېتىۋېتىدىغان پۇ شۇچاڭغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ گېپى گەپ بولدى، سام خونتېر قاشتاش بېزەكنى خەن زىچىگە ئۆتۈنۈپ بەردى. دوستلۇقنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن خەن زىچى بۇ بېزەكنى ئەسلى باھاسىدىن كۆپ ئۆرە باھادا سېتىۋالدى. خەن زىچى ئون يىلدىن كېيىن، يىغىپ ـ ساقلاۋاتقان بۇ بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن بېيجىڭدا «قاشتاش پادىشاھى» دەپ ئاتالدى. خەن زىچىنىڭ مۇشۇنداق بولالىشىدا سام خونتېرنىڭ ھەسسىسى بار ئىدى.

خەي ھاما پىيالىدە چۆپ ئەكەلدى. سام خونتېر چۆپنى ھۈزۈرلىنىپ يېگەچ:

ـــ بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تامىقى بەك ئوخشاپتۇ. ئەپسۇسكى، خەن ئەپەندى، كېلەر يىلى بۇگۈنكى كۈندە بۇ تاماقنى يېيەلمەيمەن! ـــ دېدى.

ـــ بۇ. . . نېمە دېگىنىڭىز؟ ـــ دېدى خەن زىچى تىڭىرقاپ.

ـــ مەن كېتىمەن، ـــ دېدى سام خونتېر چوكىنى قويۇپ، ـــ جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ ئەنسىز! خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دۆلەتىڭلار ھۆكۈمىتى توكيو تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ ياپونىيە بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا رازى ئىكەنلىكىنى ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا گۇرۇھلىرىنى جۇڭگودىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سودا ھوقۇقى بىلەن كونسېسسىيەلىرىنى ياپونىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتى بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ، بىراق بۇ ياپونىيە «پادىشاھ ئارمىيىسى» نىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، پۈتكۈل جۇڭگونى قورال

كۆچى بىلەن ئىشغال قىلىش ئىكەن. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرغان جۇڭگولۇقلارمۇ ۋەھىمە ھېس قىلىشماقتا.

خەن زىچى ئۈندىمىدى. خەن زىچىمۇ دەل سام خونتېر دېگەن مۇشۇ ئىشلاردىن غەم قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەزەلدىن سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان خەن زىچى سىياسىينىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلالمىدى، مۇشۇ نەچچە ئايدىن بۇيان سودا ـ سېتىق ۋە يىغىپ ـ ساقلاش ئىشلىرىدىن بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى.

— كۆپلىگەن چەت ئەللىك زاتلار دۆلىتىڭلاردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى سام خونتېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۇ قېتىم كەتسەم، قاچان كېلىدىغانلىقىم مەلۇم ئەمەس. ئارىمىزدىكى سودا ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ناھايىتى تەس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، خەن ئەپەندى.

خەن زىچى نائىلاج خورسىنىپ:

— بۇ سىزگە ئەمەس، بەلكى ماڭا باغلىق، ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ دەپتىكەن. بىزنىڭ تەقدىرىمىز. . .

— ياق، خەن ئەپەندى، — دېدى سام خونتېر، — سىز نېمىشقا ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا تۇتمايسىز؟

— بۇ. . . قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ — دېدى خەن زىچى بېشىنى يەڭگىل چايقاپ. ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، كۈچلۈك رەقىبنى يېڭىپ، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەن، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغانىدى. ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرغان تەھدىت سوكال پۇشۇچاڭ ئەمەس ئىدى، پۈتكۈل بېيپىڭ، پۈتكۈل جۇڭگو خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. «دۆلەت ئىشلىرىنى سۆزلەش چەكلەنگەن» بىر دەۋردە، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر سودا-

www.uyghurkitap.com

گەر، بىر ئەركەكتە تەقدىر بىلەن قارشىلاشقۇدەك قانچىلىك ماغدۇر بولسۇن؟

— خەن ئەپەندى «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دىكى ئوتتۇز ئالتە تەدبىر ئىچىدىكى، پەشنى قېقىپ كېتىش قىلىش ھەممىدىن ئەلا، دېگەن تەدبىر يادىڭىزغا كەلمىدىمۇ؟ — دېدى سام خونتېر كۆك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. بۇ چېچەن ئەنگلىدىيىلىك جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى.

— كېتىش؟ مەن سىزگە ئوخشاش كېتەلمەيمەن. مەن جۇڭگولۇق، كەتسەم نەگە بارىمەن؟ — خەن زىچىنىڭ ئالدىدىكى يول غۇۋا ئىدى.

— مەن بىلەن بىرگە ئەنگلىيىگە كېتىپ ئىشلىرىڭىزنى داۋام قىلىڭ! — دېدى سام خونتېر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ياق! — دەپ خەن زىچى ئاچچىق كۈلدى، — مەن ئۇ يەرگە بارالمايمەن، بۇ يەردە دۇكان، ئۆيۈم، بالا - چاقىلىرىم بار...

سام خونتېر خەن زىچىنىڭ گېپىنى توغرا تاپماي:

— ياق، بىر سودىگەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە كاپىتال! كاپىتاللا بولسا، ھەممە نەرسە بولىدۇ. خانىمىڭىز بىلەن ئوغلىڭىزنى ئېلىپ ئۆيىڭىزنى كۆچۈرۈپ كەتسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، ئىككى يۈز قىرىق تۆت مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئىگە ئەنگلىيىدىن سىزگە پۇت قويغۇدەك بىر پارچە يەر چىقماسمۇ؟

— ھە... مەن ئەزەلدىن... بۇنداق ئويلاپ باقمىغان، — سام خونتېر تەسۋىرلىگەن مەنزىرە خەن زىچىگە چەت ئەلنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئاجايىپ پاراڭلىرىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، — مەن بۇ يەردىن كېتەلمەيمەن، سىز بىلمىسىز، چىچېنجەينىڭ بۈگۈنكى كۈنى ئاسان قولغا كەلمىگەن. بۇ يەرگە بىز ئىككى ئەۋلادنىڭ يۈرەك قېنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىستەكلىرى سىڭ-

گەن. ئەمدىلا ئۆرە قىلغان چىچىنجەينى قانداق ۋەيران قىلىۋېتە-
لەيمەن؟ قەسرچۇ تېخى، بۇ قەسرگە بولغان مۇھەببىتىمنى ھېچ-
كىم چۈشەنمەيدۇ. مەن بۇ يەردىن كېتەلمەيمەن!
سام خونتېر نائىلاج مۇرىسىنى قىسىپ:
— جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇرت - ماكان قارىشى تولىمۇ ئې-
غىر، سىلەرنىڭ يۇرت - ماكانىڭلارغا مېھرىڭلار بەك چوڭقۇر.
شۇڭا سىلەردە: «چاڭگا بولسا، تۇخۇم ساق بولۇر» دېگەن گەپ
بار. دۆلىتىڭلار ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ يۇرتۇڭلارنى پىلە قۇر-
تىدەك يېيىشىگە قەدەممۇ بىر يول قويۇۋاتىدۇ. بۇگۈنكى بېيپىڭ-
نى تۇنۇگۈنكى شەرقىي - شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە بىلەن چاخار،
خېبېيگە ئوخشاش بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن. ئېيتىڭە، بېي-
پىڭدىكى چىچىنجەي بىلەن «بىلىمدان» قەسرنى ئويلاپ رەھىم-
دىللىك قىلىدىغان كىم بار؟ ئۇرۇش ئوتى بېيپىڭغا يامراپ
كەلسە، يۇرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلىپ يىغقان سەرمايىلىرىڭىز
بىردەمنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ!
خەن زىچى تىترەپ كەتتى. ئۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئاشۇ
ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەسرەت بىلەن كۆز-
لىرىنى يۇمۇپ، قېشىنى ھىمىردى.
— بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، — دېدى سام خونتېر، —
گۇگۇڭ مۇزېيىدىكى قىممەتلىك بۇيۇملاردىن ئىككى يۈز قىرىق
مىڭ دانە بۇيۇم ئالتە ۋاگونغا قاچىلىنىپ مەخپىي يۆتكەپ كېتىل-
دى.
— ھە، نەگە؟
— شاڭخەيگە. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھازىرچە ئەنگلىيە ۋە
فرانسىيە كونسېسسىيىلىرىدە ساقلىنىدىكەن. بۇ مەن دوستلى-
رىمدىن ئاڭلىغان ئىشەنچلىك خەۋەر! ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ
تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ بۇيۇملارنى يەنە يۆتكەش ئېھ-
تىمالى بارمىش. قارىغاندا، دۆلىتىڭلار ھۆكۈمىتى بېيپىڭغا

ئۇمىد باغلاپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا سىز
قانداق قىلىسىز، خەن ئەپەندى؟ بۇلتۇرقى «قاشتاش كۆرگەز-
مىسى» بىمەھەل مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئۆزىڭىز يىغىپ-
ساقلاۋاتقان بۇيۇملارنى ئاشكارىلىۋەتتىڭىز، ھەممە ئادەم بىلىپ
كەتتى. ۋەزىيەت ئۆزگەرگەن ھامان، ئۇ نەرسىلەرنى يۆتكەشكە
ئۇلگۇرەلمەيسىز، ساقلاپ قالمىقىڭىزمۇ تەس!

خەن زىچى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۆز كەسپىنىڭ ئەھ-
لى، ئەمما سىياسىينى بىلمەيدىغان ئادەم، ئەخمىقانە بىر ئىشنى
قىلغان، بۇلتۇر «قاشتاش كۆرگەزمىسى»نى ئۆتكۈزۈپ «قاش-
تاش پادىشاھى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشىپ، ئۆزىنى ھالا-
كەت گىردابىغا ئىتتىرگەنىدى.

— خونتېر ئەپەندى، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ —
دەپ سورىدى ئۇ سام خونتېردىن.

— «سۇ كەلگۈچە توغان سال» دېگەن گەپ بار. يۆتكەڭ! —
دېدى سام خونتېر، — ماڭا ئىشەنسىڭىز، دوستۇمنىڭ خىزمى-
تىگە تەييارمەن! بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا ئەنگلىيىنىڭ توڭجى-
لوڭ ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى بار. ماشىنا
بېلىتى، پاراخوت بېلىتى، پاسسازىر ۋە يۈك يۆتكەش ئىشلىرىنى
ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ، سىزگە كۆپ
قۇلايلىق بولىدۇ، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، مەن سىزنى ساق-
لايمەن...

— ئۇ... — خەن زىچى ئىككىلىنىپ قالدى، — دوست-
لۇقىڭىزغا رەھمەت، خونتېر ئەپەندى، مەن ئويلىنىپ كۆرەي.
بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىش.

سام خونتېر ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭغۇچە يەنە تاپىلىدى:

— سىزنى ئۆزۈن ساقلىيالمايمەن، بالدۇرراق بىر قارارغا
كېلىڭ، بۇرادەر! خوڭمېن زىياپىتىدىكى شياڭ يۈيىنىڭ ساۋىقى-
نى ئۇنتۇپ قالماڭ. مەن ھازىر فەن زېڭنىڭ رولىنى ئويناۋاتى-

مەن، چاپسان بىر قارارغا كېلىڭ!
خەن زىچى سام خونتېرنى ئۇزىتىۋېتىپ، ھويلىدىكى تاش-
ئالمىنىڭ تۈۋىدە خېلى بىر ھازاغىچە ئۆزىنى تىڭشاپ تۇردى.
«غۇژژىدە» چېچەكلىگەن تاشئالما دەرىخىدىن مەيىن شامالدا
چېچەك بەرگىلىرى ئۇچۇپ چۈشۈپ، يەر ئاپئاق چېچەك بەرگى-
لىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. چېچەكلەرنى دەسسەپ تۇرغان
خەن زىچىنىڭ كۆڭلى ئىختىيارسىز يېرىم بولدى: كېلەر يىلى
تاشئالما يەنە چېچەكلىگەندە «بىلىمدان» قەسىرنىڭ خوجايىنى
نەلەردە يۈرەر؟
خەن خانىم ئېرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ:
— بالىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە چىرايىڭىز تۇتۇلۇپ كەت-
تى، سىگە نېمە بولدى؟ ھېلىقى ئەجنەبىي سىزنى نېمە ئىش
بىلەن ئىزدەپ كەپتۇ؟ — دېدى.
خەن زىچى گەپ قىلماي، كەينى - كەينىدىن ئۇلۇغ -
كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ كۆڭلىدىكىنى خوتۇنىغا قانداق دېيىش-
نى بىلمەيتتى.
قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا يۇئېر تۇيۇقسىز قايتىپ كەل-
دى. ئۇ ناھايىتى ئالدىراش كەلگەندەك قىلاتتى. پېشانىسىنى
تەر ئۇنچىلىرى باسقانىدى، يەڭسىز نېپىز يۇڭ پوپايكىسى قولىدا
ئىدى. پوپايكىسى بىلەن توختىماي ئۆزىنى يەلپۈيتتى.
— بۈگۈن شەنبە بولمىسا، ئەجەب قايتىپ كەپسەنغۇ؟ — دېدى
خەن خانىم. سىڭلىسىنىڭ ھاسىراپ كەتكەن ئەلپازىنى كۆرۈپ،
چوقۇم مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدى ئۇ دەپ ئويلىدى ئۇ.
— بۈگۈن تيەنشىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا
ئالايىتەن كەلدىم. ئەتە مۇھىم دەرسىمۇ يوق، تەسىر يەتمەيدۇ، —
دېدى يۇئېر.
— ھە، تيەنشىڭغا يەنىلا ھامىمىسى كۆيۈنىدىكەن، — دېدى
خەن خانىم كۈلۈپ، — ھامما، تيەنشىڭنى ئەپكىرىڭ!

www.uyghurkitap.com

— خوپ! — خەي ھاما شەرقىي ھۇجرىدىن تىيەنشىڭنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمدىلا يېشىغا توشقان تىيەنشىڭ خۇددى ئۈچ ياشلىق بالىدەك كۆرۈنەتتى. يەرگە چۈشمەن دەپ تېپىچەكلەيتتى. خەي ھاما ئۇنى بېلىدىن تۇتۇۋالغانىدى. تىيەنشىڭ بۇدرۇق قوللىرىنى سوزۇپ «ھاما، ھاما» دەپ يۇ ئېرگە ئىنتىلەتتى.

— ھە، ئوبدان تىيەنشىڭ، ياۋاش تىيەنشىڭ، سېنى كۆرگۈم كېلىپ ساراڭ بولاي دېدىم! — يۇئېر تىيەنشىڭنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھال رەڭ يۈزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى، — تىيەنشىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئاتاپ سوۋغا ئەكەلدىم!

يۇئېر يانچۇقىدىن نەپىس بىر قۇتىنى چىقىرىپ، ئىچىدىن يېشىل قاشتاش مېداليوننى ئېلىپ تىيەنشىڭنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن چىرايلىق! تىيەنشىڭ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى، — دېدى خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالغان ھامىسى.

خەن خانىم قاشتاش مېداليوننى كۆرۈپ:

— يېشىلكەنغۇ. سەنزە، ئۇنىڭغا بۇنچىلىك قىممەت نەرسىنى ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى.

— بۇنى ئالمىدىم، ماڭا چى ئاكام مەن يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەندە بەرگەن! ئەمدى بۇنى تىيەنشىڭغا بېرىمەن. تىيەنشىڭ بىزنىڭ جىجېنجەينىڭ كىچىك خوجايىنى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا مەنسۇپ! — دېدى يۇئېر تىيەنشىڭنى سۆيۈپ، — يېشىل تىنچلىق بىلەن ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى، سېنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشۇڭنى، ئىشلىرىڭنىڭ راۋان بولۇشىنى تىلەيمەن! — يۇئېرنىڭ بولاقتەك كۆزلىرى بىردىنلا قىزىرىپ تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

خەن خانىم تىيەنشىڭنى قولىغا ئېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قارا سېنى، ساراڭدەك تۇرۇپ يىغلىغان، تۇرۇپ

كۆلگەن! ــ دېدى.
يۈئېر يېشىنى زورغا توختىتىپ، قولياغلىقىنى چىقىرىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېرتتى.
خەن زىچى يۈئېرگە شۈبھە بىلەن قاراپ:
ــ بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.
يۈئېر زورغا كۈلۈپ:
ــ ھېچنېمە. . . كۆڭلۈم بەك پاراكەندە ئىدى، تيەنشىڭنى كۆرۈپ ياخشى بولۇپ قالدىم. كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختلىك بولۇ- شىنى، ئۇلارنىڭ بىزدەك بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ. . .
ــ مەكتىپىڭلاردا چوقۇم بىر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدى خەن زىچى يۈئېردىكى نورمالسىزلىقنى ھېس قىلىپ.
يۈئېر «لىققىدە» ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ:
ــ سىنىپىمىزدا بىر ئوقۇغۇچى يوقاپ كەتتى. . . ــ دې- دى.
ــ ھە! ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتىمۇ؟ ئېسىلىپ ئۆلۇۋاپتىمۇ - يا؟ ــ دېدى. خەي هاما گەپ قىستۇرۇپ.
خەن خانىم خەي ھامىغا «لەپپىدە» قارىدى. ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلار توغرىسىدا سۆزلە- شىش كىشىنى غەشلىككە سالاتتى.
ــ ئۇنداق ئەمەس، ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەن، ــ دېدى يۈئېر.
ــ نېمىشقا؟ ــ دەپ سورىدى موماي يۈئېردىن.
ــ ئۇ ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. . .
ــ قارىنىنى يېرىۋەتسە بولىدۇ ئۇ ئىتلارنىڭ! ــ دېدى خەي ھاما غەزەپ بىلەن، ــ نوچى بولسا ياپونلارنى تۇتسا بول- مامدۇ! ياپونلارنى مەنمۇ تىللىغان، ئۇ ئىتلار كېلىپ مېنىمۇ تۇتسۇن!
ــ بولدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار، ــ دېدى خەن

www.uyghurkitap.com

خانىم سەۋرسىزلىنىپ، — سىز تاماقتا قوپامسىز؟ بىزنىڭ قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى!

خەي ھاما غودۇرىغان پېتى كېتىپ قالدى. خەن زىچى قاپىقىنى تۈرۈپ يۈئېردىن:

— سىز دېگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوغۇل، سىنىپىمىزدە نەتىجىسى ئەڭ ياخشى ساۋاقداش ئىدى، — دېدى يۈئېر يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

خەن خانىمنىڭ ئىچىگە ئەندىشە چۈشۈپ:

— ئۇنىڭ بىلەن ئالاقەڭ يوقتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەممىمىز جۇڭگولۇق تۇرساق، نېمە دېگىنىڭ بۇ سېنىڭ؟

— مەن دەيمەن...

— نېمە دەيسەن؟ سەن ھېچنېمىنى بىلمەيسەن، تولا بىلجىرلىما! خەق دېگەن دۇرۇس ئوقۇغۇچى، ئۇنى ھەممە ساۋاقداشلار ھۆرمەتلەيدۇ. تەشۋىق ۋەرىقى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلدى!

— سەن ئارىلاشمىغان بولساڭ بوپتۇ؟ — دېدى خەن خانىم خاتىرجەم بولۇپ، — قىز بالىنىڭ تالا - تۈزدە بىزگە چاتاق تېپىپ بەرمەي، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغىنى ياخشى...

— ئوقۇش؟ — دېدى يۈئېر دىمىغىنى قېقىپ، — كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە تۇرسا، قانداق ئوقۇغىلى بولىدۇ؟ بۈلتۈر قىشتا نامايىش قىلغان ئوقۇغۇچىلار دېگەندەك، شىمالىي جۇڭگو شۇنداق چوڭ، لېكىن بىر پارتا قويغۇدەك يەر يوق!

— ئەمىسە سەن نېمە قىلماقچى؟ — دېدى خەن خانىم خاپا بولغاندەك يۈئېرگە ئالىيىپ، — سېنى بىز ئۆزىمىز يېمەي - ئىچمەي ئوقۇتۇۋاتىمىز. سەن ئۆزۈڭنىڭ مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەك ئىكەنلىكىڭنى بىلمەي يۈرۈپسەن. بولمىسا، بولدى ئوقۇما،

ئۆيگە كېلىپ ماڭا ياردەملەش. . . — خەن خانىم ئەسلىدە سەن ماڭا قاراشمىغاچقا، ئۆيگە خىزمەتچى سېلىپ، يات ئادەمنى بېقىۋاتىمىز، دېمەكچى ئىدى، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى. خەي ھامىمۇ بەختسىز تۇل ئايال، بىر يىلدىن بۇيان بالا بېقىپ، تاماق ئېتىپ، كىر - قات يۇيۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممە ئىشنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن بىر تىيىن پۇل تەلەپ قىلمىدى، بۇ ئۆينى ئۆز ئۆيى دەپ بىلدى. شۇڭا خەن خانىم تىلىنى تارتقانىدى.

يۇئېر سوغۇق كۈلۈپ:

— ماڭا يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك چوڭ قەپەسنى ئاز دەپ، ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قەپەسكە سولاپ قويماقچىمىدىڭ؟ بولدى بەس! — دېدى.

— نېمانداق ساراڭدەك گەپ قىلىسەن؟ — دېدى خەن خانىم گېپىنى تېپىپ قىلالماي جىلە بولۇپ، — ئۆي دېگەن قەپەسمۇ؟ ئەتە ساڭا بىر قەپەس تېپىپ بېرەي. لايىق تېپىشقا ئەلچى سېلىپ، سېنى بالدۇرراق تاللىق قىلىۋېتىپ، باش ئاغرىقىدىن بىراقلا قۇتۇلامدۇق! .

— بولدى قىلە، مەن ساڭا ئوخشاش ئۆي خوتۇنى بولمايمەن، ئۆمۈر بويى ئەرگە تەگمەيمەن. ئاش - تاماق ئېتىدىغان، بالا تۇغىدىغان ماشىنا بولمايمەن. مەن ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن! ھېچكىمنى! — ئۇ بىر تۇرۇپ ئاچىسىغا قىيداۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ مۇشۇ باھانىدا قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. گەپ قىلىۋېتىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى، — سەن ھەيدىمىسەڭمۇ ئۆزۈم كېتىمەن!

خەن خانىم چىرايىنى تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردىغۇ بۇ، نەگە بارىسەن؟

— نېمە كارىڭ! دېدى — يۇئېر يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى بەك دىمىقكەن، تۇنجۇقۇپ ئۆـ

لەي دېدىم، بۇ دۇنيانى تاشلاپ، جەبىر ـ جاپا، ئازاب ـ ئوقۇبەت بولمىغان دۇنياغا كېتىمەن!

خەن زىچى گەپكە ئارىلاشماي تۇراتتى. يۈئېرنىڭ گېپىنى بىر تۇرۇپ چۈشەنگەندەك، بىر تۇرۇپ چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى. ۋەزىيەتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشى ئۇنى غەشلىككە سېلىپ قويغانىدى. لېكىن، يۈئېرنىڭ كەيپىياتىدىكى تۇراقسىزلىققا يالغۇز ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبچى ئەمەس، بۇنىڭ «يوقاپ كەتكەن» ئوقۇغۇچى بىلەن ئالاقىسى بارمىدۇ؟ يۈئېر ئەمدى كىچىك قىز ئەمەس ئىدى. ئالىي مەكتەپتە ئوغۇل ـ قىز ساۋاقداشلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ ئوغۇل ساۋاقدىشىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇ تۇيۇقسىز ۋەقە ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانمىدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، بۇ بىر ئاۋارىچىلىق ئىش، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يېتىپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولىغىمۇ سايە تاشلايدۇ. ئۇ دېگەن ئائىلە باشلىقى يۈئېرگە قانداق ياردەم بېرىشى كېرەك؟ خەن زىچى شۇلارنى ئويلاپ دېدى:

— ئەخمەق سىڭلىم، سەن بەك خىيالپەرەسكەنسەن. سەن دېگەن دۇنيا بۇ دۇنيادا يوق، ئىنسان رېئال دۇنيادا ياشايدۇ! بۈگۈن چۈشتە سام خونتېر ماڭا ئەنگلىيىگە كېتىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى...

— ئەنگلىيە؟ — يۈئېر بىردىنلا يىغىدىن توختىدى ۋە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ خەن زىچىگە قاراپ قالدى، — ئەنگلىيىدە ياپونلار يوقتۇ؟ ئوقۇغۇچىلارنى تۇتىدىغان ساقچىلار يوقتۇ؟ بارايلى، بارايلى! خونتېر بىلەن دېيىشىپ قويدىڭىزمۇ؟

— ياق تېخى، — دېدى يۈئېرنىڭ بۇ ئىشقا بۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان خەن زىچى، — ئاچاڭغا مەسلىھەت سالمىدىم، مېنىڭچە...

گەپنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا خەن خانىم گەپنىڭ بېلىگە

تەپتى:

— نېمە، نېمە؟ تېزىنى باسسا مېزى، دېگەندەك گەپ بولدىغۇ بۇ؟! ھېلىقى ئەجنەبىي چۇشتە سىز بىلەن يېرىم كۈن كالدىرلىشىپ، سىزگە مۇشۇ ئەقىلنى كۆرسەتتىمۇ؟ ئەنگلىيىدەگە؟ جۇڭگودا بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق ئەنگلىيىدە نېمە بار بىزگە؟

— بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتىمىش؟ كېلەر يىلى قوناق ئۇنىمۇ يېيەلمەسلىكىڭ مۇمكىن! بەك نادانكەنسەن، بېيىپىڭ پات ئارىدا ياپونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ! — دېدى يۇئېر ئاچچىسىنىڭ كالتە پەملىكىدىن خورسىنىپ.

خەن خانىم «نادان» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى بىلمەي، بىتاقەت بولۇپ:

— ئىشەنمەيمەن، جۇڭگو شۇنچە ئەسكىرى تۇرۇپ، ياپونلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىگە قاراپ تۇرامدۇ؟ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمامدۇ؟

— دەۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ، — دېدى يۇئېر زاڭلىق قىلغاندەك، — ياپونغا قارشى تەشۋىق ۋەرىقى تارقىتىشقا يول قويمىسا، ياپونلار بىلەن ئۇرۇشارمىش؟ ئارمىيىمىز ياپونلار بىلەن ھەقىقىي ئۇرۇشقان بولسا، خەي ھامامنىڭ ئېرى بىلەن بالىسى. . .

خەي ھاما بىر قاچا چۆپنى كۆتۈرۈپ كىرىۋېدى، يۇئېر شۇئان گېپىنى توختىتىۋالدى. لېكىن موماي ئاڭلاپ قالغاندى. بۇ گەپ ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغىۋەتتى، يەنە سۆزلەپلا كەتتى:

— مېنىڭ ئوغلۇممۇ بىر ياشقا كىردى، تيەنشىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن تۇغۇلغان. ئوغلۇم بىر يىلدىن بېرى دادىسى بىلەن بىللە، دادا - بالا ئىككىسى نەلەردە قاڭقىپ يۈرگەندۇ، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— ئۇلارنى ساقلاۋاتاملا؟ ياپونلار ئادەم ئۆلتۈرسە مىتمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىلىپ قويمايدۇ. . .

خەن زىچى يۈئېرگە شەرەت قىلىپ قويغۇيدى ، يۈئېر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى.

خەي هاما يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ:

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ياپونلارنىمۇ بىزگە ئوخشاش ئانىلار تۇغقان بولغىيتتى. سەبىي بالىغا زەھەرلىك قولىنى سېلىشقا قانداقمۇ كۆڭلى بارار؟ مەن داۋاملىق بالامنى چۈشەيمەن، چۈشۈمدە ئۇ تيەنشىڭغا ئوخشاش پاقلاندەك سېمىزمىش! كۈتۈۋاتىمەن، كۈتۈۋاتىمەن، ئانا - بالا ئىككىمىز قاچانمۇ يۈز كۆرۈشەرمىز كىنتاڭ؟ ئەگەر ياپونلار بېيپىڭغا كىرسە، ئۇلاردىن. . . بالامنى سورايمەن.

ھېچكىمنىڭ تاماققا رايى يوق ئىدى، ئۇلار چۈشتە «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش» تامىقى يېگەنىدى. يۈئېر كەلگەچكە قايتىدىن داستىخان سېلىندى. يۈئېر قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، تاماق ئاغزىغا تېتىمىدى.

— سىلى ھەقىقەتەن ۋاپادار ئايال، مېھرىبان ئانىكەنلا. بالىلىرى يۈز ياشقا كىرگەي، ئىلاھىم. . . — يۈئېر بۇ گەپنى قىلغىنىدىن خىجىل بولدى. بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئىش ئىكەنلىكى ئايدىڭ ئىش بولسىمۇ، بۇ ئايالنى يالغان گەپ بىلەن ئالداشقا توغرا كەلگەنىدى، كىشىلىك ھايات نېمىدىگەن شەپقەتسىز - ھە!

قاتتىق تەسىرلەنگەن خەي هاما ئالمان - تالمان يېشىنى ئېرتىۋەتتى، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پارلىدى.

— بالامنىڭ دادىسىنىڭ ساق - سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى كۈتىمەن!

— ئەمىسە كۈتۈپ تۇرىۋەرسىلە، — دېدى يۈئېر ئاچچىق كۈلۈپ، — بىز كېتىمىز!

— كېتىمىز؟ نەگە؟ — دېدى خەي هاما تېڭىرقاپ قې-

لىپ.

— دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە، جەبىر - جاپا ۋە ئازاب ئوقۇبەت يوق دۇنياغا. بىز بۇ يەردە ياپونلارغا قۇل بولمايمىز، — يۇئېر ئورنىدىن تۇرۇپ، تيەنشىڭنىڭ قولىدىن تارتتى، — تيەنشىڭ، سەن كېتەمسەن - كەتمەمسەن؟

تيەنشىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، هاممىسىنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ، چۇشىنىكسىز ئاهاڭدا:

— كېتىمەن! — دېدى.

يۇئېر كۇلدى، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى يالتىرىدى.

— كېتەيلى، كېتەيلى! — دېدى ئۇ.

خەي هاممىنىڭ شۇئان رەڭگى ئۆچۇپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ — دېدى ئۇ.

خەن خانىم قېيىدىغان هالدا قولىغا بىر قاچا چۆپنى ئېلىپ، خەي هاممىغا:

— يەڭگە، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ! هەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىش بۇ، يالغۇز بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كېلىۋاتقان ئىش ئەمەس، قورقماڭ! ماڭ دېسە، ماڭىدىغان ئىش نەدە بار؟ — خەن خانىم خەن زىچىڭگە قاراپ دېدى، — سەنمۇ ئوتتۇزدىن ئاشقان ئادەم، تىكىشىڭمۇ توختىمايدىكەن سېنىڭ. سېنىڭ ئۆيۇڭ، ئىشلىرىڭ، خوتۇن - بالاڭ بار ئادەم، سەن كېتەلەمسەن؟

خەن زىچى غەمكىن ئولتۇرۇپ:

— راست، مەنمۇ شۇنداق دېدىم. خونتېر ئەپەندى ماڭا پۇتۇن ئائىلىنى بىللە كۆچۇرۇپ ئېپكېتىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى.

— نېمە؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى خەن خانىم ئالدىيىپ — چىچېنجەينى كۆچۇرۇپ كېتەلەمسەن؟ مۇشۇ ئۆيىنى، بىر ئۆي قاشتاش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېتەلەمسەن؟

خەن زىچى گەپ قىلمىدى، قولىدىكى چوكىنى ئوينىاپ ئولتۇراتتى، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە ئىدى.

ــ ھىم، دۇنياپەرەس! ــ دېدى يۈئېر تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ھۈجرىسىغا ماڭغاچ.

ــ كەينىڭگــە قايت! ــ دېدى خەن خانىم تــەئەددى بىـ ـلەن، ــ يۈئېر، ئۆزۈڭچە مەن چوڭ بولدۇم، نېمە دېگۈم كەلـ ـسە شۇنى دەيمەن دەپ ئويلىما! ئاكاڭ بولمىسا، ئۆيىمىزنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقمايتتى. سېنىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالـ ـمايتتۇق. بۇ ئۆينى ئاكاڭ تۇمشۇق تىرەپ قامداپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ تاپقان پۇللار قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن. بۇ كۈنگە كەلگەندە ئاكاڭغا يانىدىغان بولدۇڭما. ئۇنچىلىك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتـ ـمە!

يۈئېر ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ مەن ئاكامغا بىر نېمە دېمىدىم، سەن ئوت قويرۇقلۇق قىلما. مەن سېنى، دۇنياپەرەس، دېدىم. مال ـ دۇنيانى جېنىـ ـدىن ئەزىز كۆرىدىغان دۇنياپەرەس!

خەن خانىم تېرىكىپ چوكىنى «ۋاققىدە» ئۈستەلگە تاشلىـ ـدى:

ــ ياخشىغۇ، ۋۇھ ۋاپاسىز! يۈرىكىڭگە قولۇڭنى سېلىپ باق، ساڭا قايسى جەھەتتىن يۈز كېلەلمىگەن يېرىم بار؟

كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرغان خەن زىچى قولىدىكى تامىقىـ ـنى غەزەپ بىلەن يەرگە تاشلاپ:

ــ نېمىگە سوقۇشىسىلەر؟ نېمىگە سوقۇشىسىلەر؟ ــ دېـ ـدى.

تيەنشىڭ بۇ ۋاراڭ ــ چۇرۇڭدىن قورقۇپ «ۋارلا» قىلىپ يىغلىدى، خەي ھاما ئۇنى بەزلىدى، كىمگە نەسىھەت قىلىشنى بىلمەي تىت ـ تىت بولدى:

ــ بۇ نېمە گەپ ئەمدى...

يېرىم كېچە، ھاۋا تۇتۇق، ئايسىز ۋە يۇلتۇزسىز كېچە ئىدى. ئەتىياز بورىنى يەر - جاھاننى بېشىغا كىيىپ، گۈل بەرگىلىرى بىلەن توپا - تۇماننى ئۇچۇرۇپ چىقىۋاتاتتى، بوراندا دېرىزىنىڭ قەغەزلىرى شالدىرلايتتى.

خەي ھاما شەرقىي ھۇجرىدا تيەنشىڭنى قۇچاقلاپ ئۇخلاۋاتاتتى. پەقەت چۈشىدىلا تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولاتتى. ئۇ چۈشىدە ئېرىنى ئېنىق كۆردى: ئېرى بۇرۇنقىدەكلا قاۋۇل ھەم شۈكۈر - قانائەتچان ئىدى، چىرايىدا خوتۇنىنى خاتىرجەم قىلىدىغان تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىدىن: «نەگە باردىڭ؟ ياپونلار سېنى ئۇردىمۇ؟ قىيىندىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئېرى ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇلار مېنى ئىشقا سالغىلى ياپونىيىگە ئېپماڭماقچى بولدى، مەن پاراخوت يولغا چىققۇچە، ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتتىم. قارا، مەن بىر ئوبدان تۇرمامدىمەن؟ دادا - بالا ئىككىمىز سېنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىدۇق. سېنىڭ مۇشۇنداق كاتتا يەردە تۇرۇۋشۇڭنى كىم ئويلىغان دەيسەن؟ جۇزى، بولە، ئاپا دە، بۇ سېنىڭ ئاپاڭ!» دېدى. ئۇ شۇندىلا ئېرى يېتىلىۋالغان بالىغا دىققەت قىلدى. «شۇنچىلىك چوڭ بوپكەتتىمۇ ئۇ؟ ئوغلۇم جۇزى شۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كەتتىمۇ؟ جۇزى، سېنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى!». ئۇ جۇزدىنى چىڭ قۇچاقلاپ، دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن ھۇزۇر — جەننەت ھۇزۇرىنى سۈردى... ئۇ ئۇيقۇلۇقتا توختىماي تيەنشىڭنى پەپىلەۋاتاتتى.

غەربىي ھۇجرىدا كىرسىن چىراغ ھېلىھەم يېنىق ئىدى. يۇئېر بېيپىڭنىڭ ئەتىياز پەسلىدىن بەك قورقاتتى. بېيپىڭنىڭ ئەتىياز پەسلى ئەتىياز پەسلىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. بۇ يەردە جەنۇبىي جۇڭگودىكىدەك رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ۋە ئەتىياز پەسلىگە خاس يامغۇر - يېشىن يوق ئىدى، توپا - چاڭ توزۇتۇپ

كۆتۈرۈلگەن بوران كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. بىپىشقەدا گۈل ـ چېچەكلەر ئەتىياز كىرىشى بىلەن يەنىلا ئېچىلاتتى، لېكىن قۇرغاق ھاۋادا سولىشىپ ماكانسىز يېتىم بالىلاردەك كۆرۈنەتتى. بىر پەس چىققان بوران بۇ گۈل ـ چېچەكلەرنى خازان قىلىپ تاشلايتتى. يۈئېر كارىۋاتتا دېرىزىگە چاپلىغان قەغەزنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتاتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. يادىغا ھويلىدىكى تاشئالما دەرىخى كېلىپ، تاشئالما دەرىخىنىڭ بوراندا قانچىلىك جان تالىشىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز ھەسرەتلەندى. بۇ، مەھكۇملۇققا چۈشۈپ قالغان شائىر. لى چىڭجاۋنىڭ قەلبى ئاستىدىكى مەنزىرە ئەمەسمۇ؟

ئاخشامقى جۇدۇن توختىماي بۇگۈن،
مەستلىك تاراپ كەتمىگەن مەندىن.
تاشئالما چېچەك ئاچتىمۇ كۆلۈپ،
سورىدىم ئۆيگە كىرگەن كىشىدىن،
بىلەمسەن يوق، ياپرىقى يېشىل،
لېكىن بۇ گۈلنىڭ غۇنچىسى نازۇك!

بۇ مەزلۇم گۈلنىڭ بەختسىزلىكىنى، كىشىلەرنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى مۇشۇ بىر مىسرا شېئىر بىلەن يارقىن تەسۋىرلىگەندى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، نەقىش ئىشلەنگەن پەرداز ئۈستەلنىڭ ئالدىغا باردى. ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تونۇيالماي قالدى. چىرايى تاتارغان، جۇدەپ كەتكەن ۋە مىسكىن ئىدى. ئەينەكتىكىسى لى چىڭجاۋمۇ ياكى ئۆزىمۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى «قاشتاش كۆرگەزمىسى» دە چىرايىڭدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، نېمىشقا ئەمدى ئۆزگىرىپ بۇنچىلىك بىچارە، بۇنچىلىك غەمكىن تۇسكە كىرىپ قالدىڭ؟ ئاھ، سېنىڭ قايغۇ ـ

ھەسرىتىڭ تولىمۇ كۆپ، دەردىڭگە ئورتاق بولىدىغان دىلكىشىڭ يوق!

ئەينەكتىكى ئەكسىنى كۆرۈپ كۆڭلى سوۋۇغان يۈئېر كۆڭۈلسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ پىلىلداپ ئاجىز يېنىۋاتقان چىراغقا قاراپ قويدى. غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرغان بۇ چىراغ كىشىنى قاراڭغۇلۇقتا بەند قىلىپ، كۆڭۈلنى چىدىغۇسىز بوغاتتى. ئۇ چىراغنىڭ پىلىكىنى ئازراق چىقىرىپ، يورۇقراق قىلدى...

كىرسىن چىرىغىنىڭ تۇۋىدە، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىر قىسىم كىتاب ـ گېزىتلەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئۇستەل ئالدىدا خۇشياقماي ئولتۇرۇپ، پەرۋازسىزلىق بىلەن كىتاب ـ گېزىتلەرنى مالتىلىدى، كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. گېزىتكە بېسىلغان ماقالىنىڭ بىر ئابزاسىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى، ئابزاسنىڭ ئاستىغا قىزىل قەلەمدە ئۇزۇك ـ ئۇزۇك سىزىق تارتىلغانىدى. بۇ، جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ ماقالىسى ئىدى:

*بۈگۈنكى كۈندە مۇتلەق كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىشۋالغان ھەم بىقارار... ئەمەلدارلىرىمىز ساختا، ئاچ كۆز ۋە چېرىك. بىزنىڭ خەلقىمىز چېچىلىپ كەتكەن قۇم، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ياشلىرىمىز چۈشكۈن، مەسئۇلىيەتسىز، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەردە ئىللەت كۆپ، نادان. دۆلەتمەنلەر ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن، نامراتلارنىڭ ئورنى تۆۋەن، مەينەت، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نوپۇز بىلەن ئىنتىزامنىڭ كۈچىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ئاپەت ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئالدىدا ئامالسىز قالىمىز.*

ھەي! يۈئېر قولىغا قىزىل قەلەمنى ئېلىپ، گېزىتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاق يېرىگە بىر تالاي ئۇندەش بەلگىسى بىلەن سوئال بەلگىسى قويۇپ، ئىچىدە خورسىندى. مانا بۇ ۋېيپوەنجاڭنىڭ نەزىرىدىكى جۇڭگولۇقلار ئىدى، لېكىن كىشىلەر يەنىلا ئۆزلىرىنى بىلمەيتتى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان تارىخ قايتىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مېنىڭ قونۇمدىن لى چىڭجاۋغا ئوخشاش چۆل - جەزىرىگە قېچىپ كېتىشتىن باشقا نېمە كېلىدۇ؟ بىچارە، نادان ئاچا، سېنى ۋە مۇشۇ ئۆيىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سەن بىلمەيسەن، ساڭا پۇللا بولسا بولىدۇ. يۈئېر ئۈنسىز يىغلاتتى.

تۆر ئۆيدىكى چىراغ ھېلىھەم يېنىق تۇراتتى. خەن زىچى بىلەن خانىم كۇندۇزدىكى جېدەلنى تەكشۈرۈپ ياتاتتى.

— ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولما، ئۇنى كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ مۇشۇنداق قىلىۋەتتىم. دادام بالدۇر تۈگەپ كەتتى، كەينىدىن ئاپام كېتىپ قالدى، يۈئېر كىچىكىدىن تارتىپ يېتىملىكتە چوڭ بولدى. مەن ئۇنىڭدىن سەككىز ياش چوڭ. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئاپامنىڭ ئالدىدا يۈرگەندەك يۈرۈپ ئەركە چوڭ بولۇپ قالدى. نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ. ئاپام بولسا يوق، ئۇنى سىز دادا، مەن ئاپا بولۇپ تالالىق قىلىمىز. ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ! — كۇندۇزى قاتتىق تەگكىنى ئۈچۈن يۈئېرگە ئىچى ئاغرىغان خەن خانىم ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتاتتى. خەن زىچى بىلەن يۈئېر بىر - بىرىنى ئاكا - سىڭىل دەپ بىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىن ئەمەس ئىدى.

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ سەن؟ مەن پەقەت كۆڭلۈمگە ئالمىدىم! — دېدى خەن زىچى، — مەن بۇ ئۆيگە كىرگەندە، يۈئېر ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولدى، ئۇنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ھېلىمۇ يادىمدا، ئۇستازىم «ئۇ ئالەمگە كەتكەن» چاغ دەل تاۋۇز

چاغىنىنىڭ هارپا كۈنى ئىدى، مەن سىلەرنى يېخىپۇەنگە ئاپى-رىپ سۈرەتكە چۈشۈرۈپ كېلىشكە ۋەدە قىلغانىدىم. مانا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن بېرى كۈنلىرىم ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سىلەرنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ ئەكەلمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بالا!

— هەي، شۇنچىلىك كىچىك ئىش ـۇ ئۇنتۇپ قالمىدى-ڭىزمۇ؟ قانچىلىك ئىشتى ئۇ؟ يېخىپۇەنگە ئۇ ئۆزى يالغۇز قانچە قېتىم بارغاندۇ، ئۇ ئەمدى چەت ئەلگە ئوينىغىلى چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ، سىزمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېرىۋاتىسىز؟

— ئۇ چەت ئەلگە ئوينىغىلى چىقىمەن دېمىدى، — دېدى خەن زىچى غەمكىن هالدا، — يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ، ئۇ يەردە پۈتۈن ئىشتىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر كۆپنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ئاز - تولا داۋلىسى بار.

— نېمە داۋلىسى بولسۇن؟ — دېدى خەن خانىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — مۇشتۇمدەك بىر قىز بالىنىڭ گېپىنى راست قى-لىۋاتامسىز؟ قاراپ تۇرۇڭ، بۇ ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىۋې-تىپ، ئاندىن كۆڭلى تىنىدۇ ئۇنىڭ. بىز مۇشۇ ئائىلىنى دەپ، ئون نەچچە يىل ئات - ئېشەك كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردۇق، ئاسان گەپمۇ؟

— هەي، ئىنسان دېگەنچۇ قارا، تىنىقى بولسىلا تىرىشىپ تىرمىشىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي پۇل تاپىدىكەن، ئا-خىر بېرىپ پۇلنىڭ قولى بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇيدىكەن. قېرى-غان چېغىدا، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەيدىكەن! كۈنلىرى مەن-سىز ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆزىنى بۇ دۇنياغا بىر خۇرجۇن پۇلنى يۈكلىگىلى كەلگەن ئېشەكتەك ھېس قىلىدىكەن!

— دەۋاتقان گېپىڭىزگە قارىڭا، پۇل قىزىتمىڭىزنى ئۆر-

www.uyghurkitap.com

لىتىۋەتتىمۇ نېمە! پۇل دېگەن ئادەمنىڭ قېنىغا ئوخشايدۇ، ئادەم پۇلسىز ھېچ يەرگە بارالمايدۇ. مەن يوقسۇزچىلىقتىن بەك قورقىمەن. باشتا پۇلىمىز بولغان بولسا، ئاشۇنداق جىم - جىم توي قىلىۋالغان بولارمىدۇق؟ تويلۇق كۆتۈرىدىغان تۆت ئادەممۇ يوق، «تىلەمچىلەر» چىلىكمۇ بولالمىدۇققۇ! . . . — خەن خا-نىم ئۆتمۈشنى تىلغا ئېلىپ، ئىختىيارسىز ھەسرەتلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ كۈنلەردە قاتتىق سورۇقچىلىقلارنى تارتقانىدى، — شۇ كۈنلەر-نى ئويلاپ، بۈگۈنكى كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەرگە شۈكۈر - قانائەت قىلىمەن. ناۋادا پۇلىمىز بولمىغان بولسا، يۈئېرنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالامتۇق؟ بۇ قەسرگە ئىگە بولالايتتۇق؟ شۇنچىۋالا پۇللۇق قاشتاش بۇيۇملارنى ئالالامتۇق؟

بۇ گەپ خەن زىچىنىڭ ھەسرىتىنى قوزغىۋەتتى، ئۇ بىتا-قەت بولۇپ ئورنىدىن قوپۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— ئاشۇ قاشتاش بۇيۇملىرى ئاخىر بېشىمغا چىقىدۇ! ئاشۇ نەرسىلەر بولمىسا، مەن ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم، ھېچ يەر-گىمۇ بارمايتتىم!

— ئۇنچىلىك يېرى بولسا، سېتىۋەتسىڭىز بولمىدىمۇ؟

— سېتىۋەتسىڭىز؟ — نەگە ئاپىرىپ ساتىسەن؟

— يېگىلى يا ئىچكىلى بولمايدىغان نەرسىنى ساتماي قور-قۇپ يۈرگەندىن، سېتىۋېتىپ ياننى چىڭىتقان ياخشى ئەمەسمۇ! بۇ نەرسىلەرگە ھېلىقى ئەجنەبىي ئامراق ئەمەسمىدى، شۇنىڭغىلا سېتىۋېتىپ قۇتۇلامسىز!

— ھەي، سەنزە! — دېدى خەن زىچى ئېغىر خورسىنىپ. قاشتاشچى ئائىلىسىدە چوڭ بولغان، جاپا - مۇشەققەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن خوتۇنى شۇ تاپتا ئۇنى چۈشەنمەيۋاتاتتى! — مەن بۇ نەرسىلەرنى ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ، بىر تالدىن بىر تالدىن يىغقان، قانداقسىگە سېتىۋېتى-مەن؟ بۇلار دېگەن مېنىڭ جېنىم! مۇشۇ قاشتاش بۇيۇملىرى

بولمىسا ماڭا تىرىكچىلىكنىڭ ھېچقانداق مەززىسى بولمايدۇ!
بۇنى. . . ھەتتا سەنمۇ بىلمىسەڭ ھە؟
— راست بىلمەيمەن! — دېدى خەن خانىم «چورتلا» ، —
بىزنىڭ لياڭ جەمەتىمىز كىچىك ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىپ
كەلگەن ئۈششاق ھۈنەرۋەن، قاشتاش بۇيۇملىرىنى يىغىپ -
ساقلاپ كۆرمىگەن، پۇل بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشى نەرسە
ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتۇق. چوڭ دادام، دادام بىر ئۆمۈر شۇنچە-
لىك كۆپ قاشتاش بۇيۇملىرىنى ياساپ، سېتىپ بالا - چاقىسى-
نى باقمىدىمۇ؟ قىزلىرىغىمۇ بىرەر تال بىر نەرسە قالدۇرۇپ
قويمىغان. ئەمدى سىزگە كەلگەندە پەدە ئۆزگىرىپ كەتتى.
پۇللۇق نەرسىنى ساتماي نېمە قىلىسىز، ئۇ نەرسىلىرىڭىز سىز-
گە ئالتۇن تۇغۇپ بېرەتتىمۇ؟
خەن زىچىنىڭ خوتۇنى بىلەن تالاشقۇسى كەلمەي، ئۇ ھەس-
رەت بىلەن خورسىنىپ ئولتۇراتتى.
— بۇنچىلىك خورسىنىپ كەتمەڭ، ساتقىڭىز بولمىسا،
بولدى ساتماڭ، ئىشقىلىپ، قاشتاش بۇيۇملىرى كونىرىغانسېرى
پۇل بولىدۇ. بىلىمەن، ھەممىسى تيەنشىڭغا قالىدۇ، باشقىلار-
نىڭ مېنى «دۇنياپەرەس» دېيىشىدىن قورقمايمەن! — دېدى
خەن خانىم.
— ساقلاپ قالغىلى بولامدۇ - بولمامدۇ، مۇشۇنىڭدىن
قورقىمەن. ياپونلار بېيپىڭغا باستۇرۇپ كەلسە، قانداق قىلغۇ -
لۇق؟ — دېدى خەن زىچى كالپۇكىنى چىشلەپ، — مۇشۇ ئېھ-
تىماللىقنى نەزەردە تۇتۇلۇپ گۇگۇڭدىكى قىممەتلىك بۇيۇملارمۇ
توشۇپ كېتىلىپتۇ.
— ھە! — دېدى ئۆڭى ئۆچكەن خەن خانىم بىر پەس تې -
ڭىرقاپ، — ئەمىسە. . . بىزمۇ يۆتكىۋەتمەيلىمۇ؟
— نەگە يۆتكىۋېتىمىز؟ مەندە ھوقۇق ۋە كۈچ يوق، ئۇ-
رۇق - تۇغقىنىم ئەسلا يوق، نەگە پاناھ تارتىپ كېتىمەن؟

www.uyghurkitap.com

ئۆرۈش بوپكەتسە، مېنىڭ نەرسىلىرىم بىلەن كىمنىڭ كارى؟ قارىغاندا، خونتېر كۆرسەتكەن يولدا ماڭماقتىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ.

— چەت ئەلگە كېتەمسىز؟ — دېدى خەن خانىم پىچىرلاپ. ئۇ ئەجنەبىي خونتېر كۆرسەتكەن «تىكىشى» يوق مەسىلەھەت توغرىسىدا جىددىي ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى، — ۋاي خۇدايىم! ئەمچەكتىكى بالامنى كۆتۈرۈپ چەت ئەلگە كېتەمدىمەن؟ سودىنى تاشلاپ، ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ — ھە؟ بۇ... نېمە ئىش ئەمدى!

سىرتتا شامال بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى، دېرىزىگە چاپلىغان قەغەز بوراندا تۇرۇپ شالدىرلايتتى، تۇرۇپ جىم بولۇپ قالاتتى. خەن خانىم گويا تيەنشىڭنى قۇچاقلاپ پاراخوتتا سىلكىنىپ ئولتۇرغاندەك، پاراخوت پايانسىز دېڭىزدا چايقىلىپ كېتىۋاتقاندەك، تالادىكى گۈركىرەپ چىقىۋاتقان قورقۇنچلۇق سادىغا قۇلاق سېلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى.

— ياق، بولمايدۇ! — دېدى خەن خانىم قولىدىن چىقىپ كەتكەن ھامان دولقۇنلۇق دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، ئېرىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ — كەتمەيلى، تيەنشىڭ بەك كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئەمچەكتە، خەي ھاممىنى بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان گەپ، لاقا - لۇقىلىرىمىز كۆپ... بولمايدۇ. ھېچ يەرگە كەتمەي، باشقا كەلگەننى كۆرەيلى!

— باشقا كەلگەننى كۆرەيلى؟ — دېدى خەن زىچى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ھېچقانداق گەپ تاپالماي، ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بېشىمىزغا نېمە كۈنلەر كېلىدۇ، ھېچكىم بىلمەيدۇ...

— ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يولى ئوچۇق بولىدۇ، ئاللا ئۆزى مۇشكۈلنى ئاسان قىلىدۇ! — دېدى خەن خانىم يۈزىنى ئېرىنىڭ مۈرىسىگە يېقىپ. ئېرىنىڭ تاشتەك چىڭ مۇسكۇل-

لىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە كۈچ ئاتا قىلغاندەك بولدى. لياڭ ئائىلە-سىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرگەن بۇ يەلكە ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا يۆلەك بولغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ يەلكىنىڭ بوشاپ كېرەكتىن چىقىپ كەتمەي، چېچېنجەينىڭ تۇۋرۇكىنى داۋاملىق كۆتۈرۈ-شىنى، ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ كۆڭلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈ-شىگە كاپالەتلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— چى ئاكا، — خەن خانىم ئاكا - سىڭىللىق مېھرى بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببەت سىڭگەن بۇ نامنى تىلغا ئالدى، — كەت-مەيلى، گېپىمنى ئاڭلاڭ، كەتمەيلى! بۇ يەردە ئاتا - بوۋىلىرى-مىزنىڭ قەبرىسى بار. يىلتىزىمىز مۇشۇ يەردە، روزىغارىمىز مۇشۇ يەردە، ئاللا بىز خۇيزۇلارغا سايە بولىدۇ. دۇنيادا ئۆتۈپ كەتمەيدىغان بالا - قازا يوق. ئاللا بىزگە تيەنشىڭنى بەردى، ئالدىمىزدا يول تېخى ئۇزۇن. بۇلتۇرقى مۇشۇ كۈن ئېسىڭىزدى-مۇ؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن؟ — دېدى خەن زىچى خو-تۇنىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ. ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ ھېس-لارغا تولغانىدى. ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىغا ئون يىل بولغانى-دى. كىچە - كۈندۈز ئالدىراش ئۆتكەچكە، بۇنداق شېرىن دەملەر ئۇلارغا ناھايىتى ئاز نېسىپ بولاتتى. خوتۇنى ئۇنىڭغا چىپىلغاق، ۋات - ۋات ئايالدەك تۇيۇلاتتى، خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگە سەل قارىغانىدى، بۇ شۇنداق سەمىمىي ھەم تېپىلغۇسىز مۇھەببەت ئىدى. ئوغلى ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە ئىدى. ئوغلىنى ئويلاپ خەن زىچىنىڭ يۈرىكى يۇمشاپلا كەتتى.

— بۇلتۇر بۇگۈنكى كۈندە، يېرىم كېچە مەھەلدە، ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ بىر ئوغۇللۇق بولغاندۇق...

— بۇ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى... — دېدى خەن خانىم رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

www.uyghurkitap.com

— بەلكىم شۇنداقتۇ! — دېدى خەن زىچى پىچىرلاپ، — ماڭا ھېلىقى «قاشتاش مەستانىسى» ھەزرەت كەتمىگەندەك، مۇشۇ قاشتاش بۇيۇملىرىنى، مۇشۇ زېمىننى، تيەنشىڭنى ماڭا شۇ بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ...

— ياخشى ئادەملەرگە خەيرلىك ھامان يار بولىدۇ. بۇ زېمىن ئالتۇن قوزۇق، كەتمەيلى، كەتسەك بولمايدۇ! — دېدى خەن خانىم. ئۇ بەخت ئىلكىدە مەستخۇش بولۇپ، تالادا گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوراننى، خەن زىچى بايام ئۇنىڭغا دەپبەرگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى خەۋپ-خەتەرنى ئۇنتۇغانىدى.

— كەتمەيمىز، كەتمەيمىز... — دېدى خەن زىچى خوتۇنىنى سىلاپ. قايناق ھېسسىيات، گۈزەل كېلەچەك ئالدىدا ئۇنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ئەتىياز پەسلىدىكى قاردەك ئاستا-ئاستا ئېرىپ كېتىۋاتاتتى!

ئىككىسى بىر-بىرىگە يۆلىنىپ، شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى.

بوران توختاپ، ھاۋا ئېچىلدى. «بىلىمدان» قەسرىدىكى ھەشقىپىچەكلەر، تاشئالما ۋە ئانار دەرەخلىرى يەنە چېچەكلىدى. پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. تيەنشىڭ چوڭ بولدى، دادىسىغا ئوخشاش ئېگىز بويلۇق بۇ ئەزىمەت ئۈچىسىغا رەتلىك نىمچە چاپان، بېشىغا يېڭى شىلەپە كىيگەنىدى. چىچېنجەينىڭ ياش خوجايىنى دادىسىدىن كېلىشكەن ھەم سالاپەتلىك ئىدى. ئۇ «غۇچچىدە» چېچەكلەپ كەتكەن دەرەخلەرنى تاماشا قىلىپ، ھويلىدا بەخىرامان يۈرەتتى. ئۇ قولىنى گۈل شېخىغا ئۇزاتتى. گۈل شېخىدىن ئەتراپقا نۇرلار چېچىلىپ، كۆزنى زادىلا ئاچقىلى بولمايتتى. ئاھ، ئۇ گۈل ئەمەس، قاشتاش ۋە ئۈنچە-مەرۋايىت ئىدى. يېشىل ھېقىق، قىزىل

كەھرىۋا، ئېقى ئاق قاشتاش ئىدى. ئاقۇچ ياقۇت، كۆك ياقۇت، قىزىل ياقۇت. . . لارمۇ بار ئىدى. . . خۇددى ئاسماندىن سان - ساناقسىز يۇلتۇز شاخ - شاخلارغا كۆچۈپ چۈشكەندەك، ھەشقى-پىچەكلەر، تاشئالما ۋە ئانار دەرەخلىرى نۇرانە چاقناپ تۇراتتى. تيەنشىنىڭ شاخلاردىكى ئاللا ئىلتىپات قىلغان بۇ ئېسىل تاشلارغا قولىنى ئۇزاتتى. دەل شۇ چاغدا قۇم - شېغىللارنى ئۇچۇرۇتۇپ قاياقتىندۇر پەيدا بولغان قۇيۇنتازنىڭ زەربىسىدە دەرەخلەر پۇلاڭلاپ، ئۆيلەر لىڭشىپ، «گۇلدۇر» قىلغان غايەت زور ئاۋاز بىلەن ھەممە نەرسە كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى.

— ئاھ. . . — خەن زىچى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ تېز - تېز نەپەس ئالاتتى، پۇتكۈل بەدىنىنى تەر باسقانىدى.

— سىز. . . سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئېرىنىڭ قورقۇنچلۇق ھالىتىنى كۆرۈپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمىگەن خەن خانىم.

— كېتەيلى! كەتمىسەك بولمىغۇدەك! — دېدى خەن زىچى قاتتىق پەرىشان بولۇپ.

بېيپىڭنىڭ قۇم بورانلىق ئەتىياز پەسلى ئۆتۈپ كەتتى. تونۇردەك قىزىق ياز پەسلى كۆڭلى بىئارام پۇقرالارنى قىيناپ، ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمىدى. مەبلىغى كۆپ دۇكان، بانكا ۋە سەرراپخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى كېيىنلىكىنى ئويلاپ بەزىلىرى نەنجىڭگە، شياڭگاڭغا، بەزىلىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.

شۇ يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى، شىمالىي جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ياپونىيە ئارمىيىسى زورلۇق بىلەن فېڭتەيىنى بېسىۋېلىپ، لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىگە قىستاپ كەلدى. 22 - نويابىر كۈنى، شاڭخەيدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن شېن جۇنرۇ، جاڭ نەيچى، زو تاۋفېن، لى گوڭبۇ، شا چيەنلى، شى لياڭ ۋە ۋاڭ زاۋشى قاتارلىق «يەتتە ئەزىمەت» ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ

تۈرمىگە تاشلاندى. 12 ـ دېكابىر كۈنى، جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ شەنشىنىڭ لىگتوڭ دېگەن يېرىدە جياڭ ۋېيۈەنجاڭ-غا بېسىپ ئىشلىتىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى لەرزىگە سالغان «شىئەن ۋەقەسى» نى قوزغىدى...

سام خونتېر خەن زىچىنى ئەمدى ساقلاپ تۇرالمايتتى، ئۇ ئىچكى ـ تاشقى ئاپەت پەللىگە يەتكەن، ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بۇ دۆلەتتىن كېتىشكە ئالدىرايتتى.

خەن زىچى ئاخىرى سام خونتېر بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى يەنە بىر قېتىم كۆچىنى كۆرسەتتى، ئۆزىگە ئوخشاش جاھىل خوتۇنىنىڭ ۋالاق-لاشلىرى بىر تىيىن بولدى.

خەن خانىم ئۆي ـ ماكانىنى تاشلاپ كېتىشكە قەتئىي ئۇنى-مىدى، خەن زىچى هاياتىدىن قىممەتلىك ئېسىل بۇيۇملارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، خوتۇن ـ بالىسىنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. چىجېنجەينى ئۆزى بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن ھېساباتچى لاۋخۇ بىلەن خىزمەتچى-لىرىگە تاپشۇردى. بۇ ئادەملەر ئېغىر كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەم ئۇنىڭ سادىق خىزمەتكارلىرى ئىدى. ئىگىلى-كىنى شۇلارغا تاپشۇرۇپ پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولدى. خەن زىچى ئون نەچچە يىلدىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ يىغقان قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى قايتا ـ قايتا تاللاپ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، باھاسى ناھايىتى يۇقىرى يۈز دانە بۇيۇمنى تاللىدى ۋە بەش ياغاچ يەشىككە قاچىلىدى (بۇلار گۇگۇڭ مۇزېيىدىن ئون مىڭدىن ئارتۇق يەشىككە قاچىلىنىپ توشۇپ كېتىلگەن بۇيۇملاردىن بەكلا ئاز) يەنە تېخى يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، سېتىش ئۈچۈن چىجېنجەيدىن بىر قىسىم قاشتاش بۇيۇملىرىنى ئالدى.

يۈئېر خەن زىچى بىلەن بىللە كەتمەكچى بولدى، خەن خانىم زادىلا ئۇنىمىدى.

— مەن كەتمىسەم ساڭا نېمە بار؟ — دېدى ئۇ يۈئېرگە.

خەن زىچى يۈئېرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئۇنىڭغا، ئالىي مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇشنى، ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، دەرھال ئۆيگە قايتىپ، ئاچىسىغا ياردەم بېرىشنى ئېيتتى، يۈئېر كەيند-گە ئۆرۈلۈپلا ھۆجرىسىغا كىرىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ يىغ-لىدى.

خەي ھامما دادىسى بىلەن خوشلىشىۋالسۇن دەپ تيەنشىڭنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان تيەنشىڭ جىق گەپلەرنى قىلالايتتى. ئۇ دادىسىنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ چۈچۈك تىلى بىلەن:

— دادا، نەگە بارىسەن؟ ماڭا يەيدىغان نەرسە ئالغىلى بارامسەن؟ سېنى ساقلايمەن، — دېدى.

خەن زىچى ئوغلىنىڭ ئىسسىق ھەم سېمىز يۈزىگە سۆيۈپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقاتتى.

— تيەنشىڭ، مېنى ساقلا، مەن پات ئارىدىلا قايتىپ كېلد-مەن. . . — دېدى ئۇ. بۇ بالىسىنى ئالداپ دەۋاتقان گەپ ئەمەس ئىدى، ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئويغا كەلگەنىدى. ئۇرۇش يۈز بەرمەي قالسا، كۆپ دېگەندە بىر يېرىم يىلغىچە قايتىپ، ئۆيىدد-كىلىرى بىلەن جەم بولاتتى: ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ قال-سا، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەنگلىيىگە قويۇپ قويۇپ، قايتىپ كېلىپ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ئۆيىدىن خەۋەر ئالاتتى. . .

— ھويلا بەك سوغۇق، بالىنى ھويلىغا ئاچىقماڭ، مەن. . . كەتتىم! — دېدى خەن زىچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئوغلىغا، خوتۇ-نىغا، يۈرىكىنىڭ رىشتىسى مەھكەم چىگىلىپ كەتكەن «بىلىم-دان» قەسرىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن يەنە بىر قارىۋېتىپ. ئۇ چىشىنى چىشلەپ مېڭىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا، بىردىنلا لى خوجۇنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋېتىدىغان «ئالاقزا-دىلىكتە ئايرىلىش ئەڭ يامان» دېگەن سۆزى يادىغا كېلىپ قەلبى

چەكسىز ئەلەمگە تولدى. ئۇ مۇشۇ بىر ئىش بىلەن قارارىمدىن يېنىپ قالماي دەپ ئويلاپ، كەينىگە قاراشقا پېتىنالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قارارىدىن يېنىۋېلىش ئىمكانىيىتىمۇ قالمىغانىدى، خىزمەتچىلىرى يوق - تاقلارنى ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى. ھېساباتچى لاۋ خۇ ئۇنى پويىزغا سېلىپ قويۇش ئۇچۇن بىر چەتتە ساقلاپ تۇراتتى.

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇپ مېڭىۋېرىڭ. ئاخشام سىزگە دۇئا قىلدىم. ئاللا مەدەتكار بولغاي، ئامان - ئېسەنلىك يار قىلغاي، — ئارقىسىدىن خەي خانىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەپەندى، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ. ئۆيدىكى ئىشلارغا مەن بار! — لاۋ خۇ شۇنداق دەپ دەرۋازىنى ياپتى.

خەن زىچى «قاشتاش مەستانىسى» دىن قالغان «ئۇنچە بىلەن زۇمرەت، تولۇن ئاي بىلەن سالقىن شامال» دېگەن ئىككى قۇر خەتنى سىلىدى...

ماڭاي، ماڭاي...

سام خونتېر ئۇنى ۋوگزال ئىشىكىدە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ يەردىن پويىزغا چۈشۈپ شاڭخەيگە، ئاندىن پاراخوت بىلەن شەرقىي دېڭىز، جەنۇبىي دېڭىزدىن چىقىپ، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيانى ئايلىنىپ، بېنگال قولتۇقى، ئەرەب دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قىزىل دېڭىز، سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كىرىپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا قەدەم قوياتتى. بۇ، ئون مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەر ئىدى.

پويىزدىكى كۇتكۇچى سېرىق چاچلىق، كۆك كۆز سام خونتېرغا ئالاھىدە تەكەللۇپ قىلىپ كەتتى. ئۇنى پويىزنىڭ زاكاز قىلىنغان يۇمشاق كارىۋاتلىق خاس خانىسىغا باشلاپ كەتتى. لاۋخۇ قولىدىكى چامادانىنى خەن زىچىگە بېرىپ:

— ئەپەندى، ئاق يول بولغاي، بالدۇرراق قايتىپ كېلەرسىز! — دېدى.

— لاۋخۇ، قايتىپ كەت!

خەن زىچىنىڭ كۆزىگە شۇ تاپتا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. پويىز دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان جىلغ ياغمېن راۋىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىنىڭ بىئارام بولماسلىقى ئۈچۈن ۋاگونغا كىرىپ ئۇخلاشنى ئويلايتتى.

خەن زىچى پويىزنىڭ يۇمشاق كارىۋاتلىق خاس خانىسىغا كىرىپ، خاتا كىرىپ قالدىممۇ نېمە دەپ ئويلىدى. خاس خانىدا چىپاۋ كىيگەن بىر خېنىم يۈك - تاقلىرىنى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى.

خەن زىچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ خاس خانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ خېنىم ئىشىك تەرەپكە ئۆرۈلدى.

— Hello, Miss لياڭ! جۇڭگودىن ئايرىلىش ئالدىدا سىز بىلەن كۆرۈشەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خوشالمەن! — دېدى سام خونتېر خۇشال بولۇپ.

خەن زىچى تۇرۇپلا قالدى، خاس خانىدا يۈئېر ئولتۇراتتى. يۈئېرنىڭ ئۇنى ئۇزىتىپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكىلى كەلگەنلىكىنى خەن زىچى دەررۇ چۈشەندى

— سىز نېمانداق جاھىل! دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى سىزگە دېگەن ئەمەسمىدىم؟ سىز ماڭا ئوخشىمايسىز، مەن دېگەن سودىگەر، سىز دېگەن ئوقۇغۇچى. بۇ يىل ئىككىنچى يىللىققا چىقتىڭىز، شۇڭا. . .

— مېنىڭ ئوقۇغۇم يوق ئەمەس، بار، لېكىن. . . — گەپ قىلىۋېتىپ يۈئېرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى، — چى ئاكا، مەن يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر كۈنمۇ تۇرالمايمەن! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، مېنى بىللە ئېلىپكېتىڭ! ماڭا سىزگە تايانماقتىن باشقا ئامال يوق!

— ئەمىسە. . . — دېدى خەن زىچى يۇمشاپ. ئۇ ئەتىياز-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىلا يۈئېرنىڭ كەيپىياتىدىكى نورمالسىزلىقنى بايقاپ، مۇھەببەت-تە بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان، لېكىن ئائىلە باشلىقى بولغاچقا، سورىيالمىغان، يۈئېرگە مۇھىت ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى ئويلىغانىدى. ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە چەت ئەلگە ئاچىقىپ كېتىش بىئەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشقا خەن خانىم قەتئىي قارشى چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ نىيىتىدىن يانغانىدى، مانا ئەمدى يۈئېر ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماي «ئايغى چاققان بالدۇر يېتەر» دېگەندەك ئىش قىپتۇ. ئۇنى پويىزدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە خەن زىچىنىڭ قانداق كۆڭلى چىدىسۇن؟ يۈئېرنىڭ جاھىللىقتا ئاچىسىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى خەن زىچى بىلەتتى. يۇ ئېر ئاچىسىدەك ئۇنداق قەيسەر بولمىغىنى بىلەن تۇيۇق يولغا مەجبۇرلىسا، ئۇنى بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمايدۇ دېگىلى بولمايتتى.

— يا ئالدىنئالا ئاچىڭىزغا دەپ قويماپسىز، ئاچىڭىز سىزنى تاپالماي تىتىلداپ كەتمەمدۇ! — دېدى خەن زىچى يەنە.

— كېرەك يوق، — دېدى خەن زىچىنىڭ گېپىدىن ئۆزىگە يول قويغانلىقىنى سەزگەن يۈئېر يېشىنى سۈرتۈپ، — تيەنشىڭنىڭ چاپىنىغا بىر پارچە خەت سېلىپ قويدۇم، ئۇ خەتنى ئاچام ھامان بايقايدۇ.

پاراۋۇز يىرتقۇچ ھايۋاندەك نەرە تارتتى، چاقلار ھەرىكەتكە كەلدى، تالاش - تارتىشلارنىڭ ھەممىسى بىر تىنىن ئىدى، خەن زىچى ھېچنېمە دېيەلمەي كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى.

سام خونتېر ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ يۈئېرگە:

— Miss لياڭ، سىز بىز بىلەن بىللە بولسىڭىز، ئۇزۇن سەپەردە ھەرگىز زېرىكىپ قالمايمىز. ئەنگلىيىگە بارغاندا خاندىنىم بىلەن بالام سىزنى ئايال پادىشاھنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالىدۇ!

— رەھمەت، — دېدى يۇئېر، — خانىمىڭىز ئايال پادىشاھدەك چىرايلىقتۇ ھەقىچان؟

— ياق، چىرايلىق ئەمەس، — دېدى سام خونتېر مۇرىسىنى قىسىپ، — ماڭا ئوخشاش كۆرۈمسىز، بويى پاكار ھەم سېمىز، لېكىن كۆزلىرى بىلەن چېچى چىرايلىق، قاپقارا، ئۇ جۇڭگولۇق!

— ھە؟ ياخشىغۇ، — دېدى يۇ ئېر زوق بىلەن، — ياقا يۇرتتىشىمىز بىلەن ئۇچرىشىدىكەنمىز ئەمىسە!

— شۇنداق، خانىمىم ئەنگلىيىدە جۇڭگولۇقلارنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ. سىلەر دېگەن «ئۆز ئادەم» دە!

— خونتېر ئەپەندى، سىز جۇڭگولۇق بوپكېتەيلا دەپسىز، گەپلىرىڭىزدىن «جون تاغا» غا پەقەتلا ئوخشىمايسىز!

— ئەپسۇسكى، بۇرنۇم سەل ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدا ماڭا قاراچاچ بىلەن قارا كۆز بەرمەپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدادىن ئاغرىنىمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرگە خاس يۇمۇرستىك خاراكتېرىنى ئۇنتۇپ قالماي. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى مازاق قىلىشنىمۇ بىر خىل خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، — بىراق، بۇ جەھەتتىكى ئەپسۇس نادامەتنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تولۇقلىۋالىمەن، خۇدا ماڭا چىرايلىق بىر ئوغۇل بەردى. ئۇ بىزنىڭ يېتەرسىزلىكىمىزنى ئەمەس، ئارتۇقچىلىقىمىزنى تارتتى. ئۇ ماڭا ئوخشاش كۆرۈمسىز ھەم ئاپىسىغا ئوخشاش پاكار ئەمەس، بويى ئېگىز، مۇرىلىرى كەڭ، چاچلىرى تۇم قارا، كۆزلىرىمۇ قارا قاشتاشتەك قاپقارا.

يۇئېر سام خونتېرنىڭ چاقچاق ئارىلاش گەپلىرىگە «پىخىلداپ» كۈلۈپ:

— ئوغلىڭىز ئەنگلىيىدە نېمە قىلىدۇ؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟ — دېدى.

— ئالىي مەكتەپنى ئاللىقاچان پۈتتۈرۈپ بولدى. ئەسلىدە

ئادۋوكات بولماقچى ئىدى، لېكىن مەن ئۇنى دۇكاندا ئېپقالدىم. ماڭا قارىشىدۇ. مەن داۋاملىق سىرتتا يۈرىمەن«خونتېر دۇكىنى» نى ھامان بىر ئادەم باشقۇرۇشى كېرەكتە، — دېدى سام خونتېر زوق - شوق بىلەن ئوغلى توغرۇلۇق سۆزلەپ، — ئۇ ھازىر مېنىڭ ياللانما خادىمىم ، — بۇ گەپ سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ بىزنىڭ ئەنگلىيىدە «كىچىك خوجايىن» يوق، ئۆز ئوغلۇممۇ مېنىڭ ياللىشىمنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا مەن مائاش بېرىمەن. ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇ ئاندىن مېنىڭ مىراسىمغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما مەن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايمەن، ئوغلۇم شۇ كۈننى تاقەت بىلەن كۈتسۇن.

سام خونتېر ھايات ۋە مامات ھەققىدە قىزىق سۆزلەۋاتاتتى. غەمكىن يۇ ئېر ئۆزىنى چۇلغىۋالغان پەرىشانلىقلارنى ئۇنتۇپ سام خونتېرغا تۈرلۈك سوئاللارنى قوياتتى. ئۇ چۈشىنىشكە ئالدىراۋاتقان ناتونۇش دۇنيا بۇرۇقتۇرمىلىقتا تولغان يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كۆپ مەنىلىك ئىدى.

خەن زىچى ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغاندەك ئۇخلىغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. خونتېر ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى، ئۇمۇ ئوغلىنى ئويلاۋاتاتتى. ھەي، تيەنشىڭ بەك كىچىك، ناۋادا ئۇمۇ «كىچىك خونتېر» دەك دادىسىنىڭ قولىنى سوۋۇتقان بولسا، خەن زىچى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلاردىن ئازاد بولغان بولاتتى.

پويىزنىڭ چاقلىرى مۇز تۇتۇپ كەتكەن زېمىننى يانجىپ، زېرىكىشلىك ئاۋازدا بىر خىل ھۆركىرەپ، جەنۇبقا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. بېيپىڭ بارغانسېرى يىراقتا قالدى.

سام خونتېر چۆلدەرەپ قالغان زېرىكىشلىك شاڭخەيدە يۇ ئېزگە پاسپورت ۋە پاراخوت بېلىتى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئەنگلىيىنىڭ «دېڭىز يىلپىزى» ناملىق پاسساژىرلار پاراخوتىغا چۈشۈپ شاڭخەيدىن ئايرىلدى. پاراخوت ئۇ-

زۇن گۇدۇك چېلىپ يولغا چىقتى. يولۇچىلار ئارىسىدىكى نۇر-
غۇن كىشىلەر شاڭخەيدىن شياڭگاڭغا ياكى سىنگاپورغا ماڭغانلار
ئىدى. ئۇزاتقىلى پرىستانغا چىققان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئايرى-
لىشقا كۆزلىرى قىيمىغان هالدا كۆزلىرىنى ياشلاپ «خۇش»
دېگىنىچە پرىستاندا قالدى، پاراخوت قىرغاقتىن خېلى ئۇزاپ
كەتكەندىن كېيىنمۇ قىرغاقتا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغانلارنى چې-
لىقتۇرغىلى بولاتتى، خەن زىچى پەرىشان هالدا باشقا ياققا
قارىۋالدى، قىرغاقتا ئۇنى ئۇزىتىپ چىققانلار يوق ئىدى، ئائى-
لىسى، خوتۇن - باللىرى بېيپىڭدا قالغانىدى!
پاراخوت شياڭگاڭدىن ئۆتۇپ ئۇدۇل جەنۇب تەرەپكە قاراپ
ماڭدى. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بارا - بارا كۆزدىن غايىب
بولدى. پاراخوت چەكسىز كەتكەن دېڭىزدا كېتىۋاتاتتى. ئەتراپ
پۇتۇنلەي دېڭىز ئىدى، كۆپكۆك دېڭىز دولقۇنلىرى كۆكلەمدىن
دېرەك بېرىپ تۇراتتى. چېكىتتەك كۆرۈنگەن كىچىك ئاراللار
كۇن نۇرىدا كۆك پەتنۇستىكى ياقۇتتەك كۆرۈنەتتى، ئاسماندا
چايكىلار توپ - توپ بولۇپ پەرۋاز قىلىشاتتى. چايكىلار دېڭىزدا
كېتىۋاتقان غايەت زور بۇ مەخلۇقتىن قىلچە تەهدىت هېس قى-
لىشمايتتى. دېڭىز چايكىلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان جەن-
نىتى ئىدى، ئىنسانلار بولسا بۇ دېڭىزدا، پاناه ئىزدەپ ماڭغان-
لار ئىدى.
پاراخوت ئىككى كۇندىن كېيىن سىنگاپوردا توختىدى.
سىنگاپوردا چۇشىدىغان يولۇچىلار پاراخوتتىن: «ئۆيىمىزگە
كەلدۇق، ئۆيىمىزگە كەلدۇق!، چاغان قىلىمىز!» دېيىشىپ
خۇشال چۇشمەكتە ئىدى.
خەن زىچى چاغان كېلىپ قالغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئال-
دى. سىنگاپورلۇق بۇ جۇڭگولۇقلار يات ئەللەردىمۇ چاغان قىلى-
دىكەن، ئۇ بولسا «چاغان» نى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ يىل
چاغاننىڭ هارپا كۇنىنى پاراخوتتا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«بىلىمدان» قەسرى قانچىلىك چۆلدەرەپ كېتەر ـ ھە!

سىنگاپور ئارىلىدىكى ياپيېشىل چىملىقلار، ئېگىز ئۆسكەن كوكۇس دەرەخلىرى، پالما دەرەخلىرى ۋە قېقنۇسنىڭ قۇيرۇ- قىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماندارىن دەرەخلىرى يۇ ئېرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى، يۇئېر قىرغاقتا چىقىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى، خەن زىچىنىڭ ئۇنى كۆرۈشكە ھەپىلىسى يوق ئىدى، سام خونتېر يۇئېر بىلەن بىللە قىرغاققا چىقىشقا ماقۇل بولدى، ئۇلار يېرىم كۈن ئايلىنىپ قايتىپ كېلىپ، سىنگاپورنىڭ جۇڭ- گو بىلەن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، ھەممە يەردە جۇڭ- گولۇقلار بارلىقىنى، سىنگاپورلۇقلارنىڭ جۇڭگوچە تىلدا سۆز- لىشىدىغانلىقىنى، جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش كىيىنىدىغانلىقىنى، ماگىزىن ۋىۋىسكىلىرىنىڭمۇ جۇڭگو يېزىقىدا يېزىلىدىغانلى- قىنى، ئۆزلىرىنىڭ پاراخوت شۇنچە ئۇزۇن ماڭغان بولسىمۇ، جۇڭگودىن تېخى چىقىپ بولالمىغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار سىنگاپورنىڭ ئانار، نەش- پۈت، كىلوزىيە قاتارلىق مېۋىلىرىدىن بىر تالاي ئالغاچ كەلگە- نىدى.

— باققاللاردىن ئاڭلىساق، ئانار سىنگاپوردا «مېۋىلەرنىڭ پادىشاھى»، كىلوزىيە «مېۋىلەرنىڭ خانىشى» ئىكەن. نېمىدې- گەن قىزىق! باققاللار يەنە تېخى ئانار يېمىگەن ئادەم سىنگاپورغا كەلگەن ھېسابلانمايدۇ، دەيدۇ. سىنگاپورلۇقلار ئانارغا بەك ئام- راق ئىكەن «سالوننى سالساڭ ئانار بېرىمەن» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. يەرلىك خەلق ئىشتاننى «سالون» دەيدىكەن. ئۇلار ئانار يېيىش ئۈچۈن ئىشتانلىرىنى سېلىشتىن يانمايدىكەن! — يۇئېر كۆرگەن ـ ئاڭلىغان يېڭىلىقلارنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇ خۇددى غەمسىز بالىغا ئوخشايتتى.

— ھە، شۇنداقمىكەن؟ — دېدى خەن زىچى كىرپىگە ئوخ- شاش مېۋىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ، — يېگۈم يوق، مەن

ئۈچۈن قاشتاشلا ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

يۈئېر تېتىپ بېقىش ئۈچۈن ئانارنى يېرىپ، ئاغزىغا ئاپىرا - ئاپارمايلا كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ، قولىدىكى ئانارنى پالوبىغا تاشلىۋەتتى.

— تەمى ئەجەبكەنغۇ؟ تەمى يەنىشۇ كوچىسىدىكى ۋاڭ جېخې-نىڭ سېسىق دۇفۇسىنىڭ تەمىگە ئوخشايدىكەن! — دېدى ئۇ.

سام خونتېر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن بۇ مېۋىنى تېتىپ باققان، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ يۈئېرگە قەستەن دېمى-گەنىدى.

پاراخوت ئورنىدىن قوزغالدى، مالايسىيا يېرىم ئارىلى بى-لەن ھىندونېزىيە ئارىسىدىكى مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، بېن-گال قولتۇقىغا كىردى، ئېكۋاتورغا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا تو-نۇردەك ئىسسىپ كەتتى. قۇياش گويا باش ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئوتلۇق شاردەك «دېڭىز يىلپىزى» گە قوغلاپ يۇرۇپ ھارارىتىنى چاچاتتى. شامالدۇرغۇچ كۈن بويى توختىماي پىرقى-رايتتى، پاتېفوندا يېنىش - يېنىش قويۇلغان جاز مۇزىكىسى كىشىنى پەرىشانلىقتىن خالاس قىلالمايتتى. خەن زىچىلەر بى-رىنچى دەرىجىلىك كايوتىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ بۇ پاراخوتتىكى ئەڭ راھەت كايوتا ئىدى. ھۇجرىلىرى پاكىز، ئاشخانىسى چوڭ، بىر كۈندە تۆت ۋاخ تاماق بېرىلەتتى. تاماقتىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن بىر ئىستاكان قەھۋە كەلتۈرۈلەتتى. ئازراق پۇل خەجلىسە، كۈتكۈچىلەر سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئەكېلىپ بېرەت-تى. مۇزىكا ئاڭلاش ۋە كىنو كۆرۈش ھەقسىز ئىدى. مەشغۇلات ھەر كۈنى ئوخشاش بولغاچقا، ئادەم زېرىكىپ كېتەتتى، سام خونتېر بۇلارغا كۆنۈك ئىدى، زېرىككەندەك قىلمايتتى، پارا-خوتتا خۇشال ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئادىمى بىلەن پاراڭلىشالايتتى. ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيانى ئاساسەن ئايلىنىپ چىققانىدى. سودا بولىدىغانلا

www.uyghurkitap.com

يەردە ئۇنىڭ ئىزى قالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە تىلدا سۆزلىيەلەيتتى. يۇئېر بۇ يول باشلىغۇچىغا ئىچكىپلا كەتتى، يۇئېر ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيتتى، شۇڭا ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ئەركىن پاراڭلىشىپ يۈردى، پاراخوتتا خىزمىتىدىن دوكلات بەرگىلى جۇڭگودىن دۆلىتىگە قايتقان بىر پوپ بار ئىدى، ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىلىدا ئوخشاشلا سۆزلىيەلەيتتى، ئۇ يۇئېر بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۇ يۇئېرنى خرىستىئان مۇرىتى دەپ بىلىپ قالغانىدى. ئىككىسى ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ پەرقلىرى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئۇ پەقەتلا خاپا بولمىدى. بىردەم ئويلىنىپ، ئاندىن خەنزۇ تىلىدا: «دۇنيادا بىرلا خۇدا بار، لېكىن كىشىلەر بۇ خۇدانى ھەر خىل چۈشەندۈرىدۇ. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىلاھقا ئىشەنسەڭ، ئىلاھ بار دېگەنلىكتۇر!» دەپ جاۋاب بەردى. يۇئېر خرىستىئان مۇخلىسىنىڭ بىر پەشۋاغا يارىمىغان ئېتىقادى ھەققىدىكى بۇ پاراڭنى خاتىرىسىگە يېزىۋالغانلىقىنى خەن زىچىگە چاقچاق تەرىقىسىدە دەپ بەردى، خەن زىچى ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي، توختىماي ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇن سادالىرىغا قۇلاق سالغاچ، پالوبىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى.

پاراخوت كولامپورغا كەلگەندە، بېجىرىلىدىغان ئىش بولغانلىقتىن بىر سوتكا تۇرۇپ ئاندىن يولغا چىقماقچى بولدى. بۇ يۇئېر ئۈچۈن يەنە بىر تاماشا قىلىش پۇرسىتى ئىدى. ئۇ قىرغاققا چىقىشقا ئالدىراپ تاقەتسىزلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىم خەن زىچىمۇ «ياقۇت شەھىرى» نى ئۇلار بىلەن بىللە تاماشا قىلىشقا بەكلا قىزىقىپ قالدى، يۇئېر بۇنى ئويلىمىغانىدى.

سەيلون ياقۇتى بىلەن داڭلىق ئىدى. «ياقۇت ئارىلى» دەپ ئاتىلاتتى. «ياقۇت شەھىرى» كولامپوردىن ئاتمىش تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. بۇ شەھەر سەيلون تىلىدا «لاتناپور»

دەپ ئاتىلاتتى. خەن زىچى بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ئۆزۈندىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتى، قاشتاش سودىگىرى سام خونتېرنىڭ قىزدىقىشى، تەبئىيكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۈچى قېيىق بىلەن قىرغاققا چىقىپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

«ياقۇت شەھىرى» دەرۋەقە ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شەھەر ئىدى. كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ساپلا ياقۇت سېتىلىدىغان ماگىزىنلاردىن باشقا ماگىزىنلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەسەن ـ ھۆسەنگە ئوخشاش رەڭلىك ياقۇت، سۆس يېشىل ياقۇت، يېشىل ياقۇت، يېشىلغا مايىل كۆك ياقۇت، قىزىل ياقۇت، سۆترەڭ ياقۇت، كۆكۈچ سۆسۈن ياقۇت، سېرىق ياقۇت. . . لار ۋاللىداپ چاقناپ تۇراتتى. . . ياقۇتنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەيلوننىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ياقۇت چىقىدىكەن. كۆكۈچ سۆسۈن ياقۇت بىلەن كۆك ياقۇت كىشىنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلاتتى. كۆكۈچ سۆسۈن ياقۇت چىراغ يورۇقىدا قىزغۇچ كۆرۈنىدىكەن. رەڭگىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇ ياقۇتنىڭ باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ھەر بىر كىراتى ئون مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن، كۆك ياقۇت قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىدىغان بىر خىل نۇر قايتۇرىدىكەن، نۇرنىڭ ئاجىزلىشىش ۋە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ تۇتۇق ۋە قېنىق كۆرۈنىدىكەن ۋە تەۋرىنىپ تۇرغاندا خۇددى مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇرىدىكەن. بۇ ياقۇت ئاساسەن سەيلوندىن چىقىدىغان بولغاچقا، «سەيلون كۆك ياقۇتى» دېيىلىدىكەن. سام خونتېر «ياقۇت شەھىرى» نىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى. ئۇ خام ماتېرىيالنى بۇ يەردىن ئەرزان ئېلىپ، جۇڭگوغا ئاپىرىپ پىششىقلىتىپ، ئاندىن ياۋروپا بازارلىرىدا ساتاتتى. بۇرۇن خۇييۈەنجەي بىلەن چىجېنجەي ئۇ سەيلوندىن ئەكەلگەن ياقۇتلاردا نۇرغۇن بۇيۇملارنى ياسىغانىدى. خەن زىچى شۇ تاپتا ياقۇت شەھىرىدە تۇراتتى. گويا خىيالىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك

كۆزلىرىنىمۇ چىمچىقلاتمايتتى، ياقۇتلارنى قولىدىن چۈشۈرگۈسى، دۇكاننىڭ ئالدىدىن كەتكۈسى كەلمەيتتى، پۈتكۈل «ياقۇت شەھىرى» نى سېتىۋالغۇسى كېلەتتى، لېكىن بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

ئۇلار كوئالامپور پورتىغا قايتتى. پاراخوت قوزغىلىش گۈدۈكىنى چالغانىدى. ساقاللىق كاپىتان يۈگۈرۈپ كېلىپ، پاراخوتقا چىققان ئۈچ يولۇچىغا: «بىر مىنۇت كېچىككەن بولساڭلار، سىلەرنى سەيلونغا تاشلىۋېتىپ كەتكەن بولاتتىم!» دەپ چاقچاق قىلدى.

خەن زىچى بۇ قېتىم قاراملىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قىلچە پۇشايمان قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— پاراخوتتا نەرسە - كېرەكلىرىم بولمىغان بولسا، مۇشۇ يەردە قېلىشقا رازى ئىدىم! — دېدى ئۇ.

داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان پاراخوت ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي يېقىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ يول ئېلىپ، بومبايدىن ئۆتۈپ يەنە سولغا بۇرۇلۇپ، غەربنى نىشانلاپ ئەرەب دېڭىزىغا كىردى.

يېرىم كېچە ئىدى. ئارزۇ - ئۈمىد ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرى ئوخشاش بولمىغان، كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئوي - خىياللىرى بەلگىسىز كىشىلەرنى قاچىلىغان پاراخوت قاپقارا دولقۇنلار باغرىنى يېرىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

كايۇتا جىمجىت ئىدى. خەن زىچى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ پەقەت ياتالمىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ كايۇتىدىن پالۇبىغا چىقتى، پالۇبىدا ھېچكىم يوق ئىدى، ۋادەكنى تۇتۇپ، پاراخوت گىرۋەكىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان، قاپقارا دېڭىز سۈيىگە قارىدى. تۇرۇپ ئاپئاق كۆرۈنگەن، تۇرۇپ كۆپكۆكتەك يوقاپ، ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ، يىپى ئۈزۈلگەن تور سىياقىغا كىرگەن دولقۇنلار گىرانت تاشلارنىڭ ئۆزگىرىشچان يوللىرىغا ئوخشايت-

تى. دولقۇنلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز سەكرەپ چىققان بىلىقلار قاناتلىرىنى چىرايلىق ياي شەكلىدە كېرىپ، دېڭىز شەيتىنىدەك ئاي نۇرىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولاتتى. ئاسمانغا قارىسىڭىز، ھىلال ئاي ئەگىم قاشتاش بېزەككە، يۇلتۇزلار ئاسمان سەتھىگە چېچىۋېتىلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارغا ئوخشايتتى. دېڭىز ئۈستىدىكى ئاسماندا قۇم، ئىس ـ تۈتەك يوق ئىدى، كۆك غايەت زور قارامتۇل دۈۋەتكە ئوخشايتتى. تىنىق ۋە سىرلىق ئاسمان تۇرۇپ چەكسىز ئېگىزلىكتە، تۇرۇپ قول يېتىم يەردە تۇرغاندەك، چاڭ قونمىغان تازا ئاي ـ يۇلتۇزلار قورۇقلۇقتا تۇرۇپ قالغاندەك، دېڭىزدا تېخىمۇ يېقىندەك بىلىنەتتى.

خەن زىچى كۆكتىكى سۈكۈنات ئىچىدە تۇرغان ئاي ـ يۇلتۇزلارغا، ئۇيۇقتا خىرە ـ شىرە كۆرۈنگەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سۇس ئىزناسىغا قاراپ بەش يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەيۋەتلىك دېڭىز سەپىرىنى ئەسلىدى، ئاغۋات جېڭ خې مۇشۇ دېڭىز يولىنى بويلاپ، دولقۇن يېرىپ، يېرىم شاردىن ھالقىپ جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ۋە دوستلۇقىنى دۇنياغا تارقاتقانىدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە جېڭ خېنىڭ ۋاپاسىز ئەۋلادى چەت ئەل پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قېچىپ كېتىۋاتاتتى. تارىخ كىشىنى مەقسەتسىز مازاق قىلىدۇ، كىشى رەھىمسىز تارىختا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

خەن زىچى يەنە باشقا بىر كىشىنى، بىر تىپىن پۇلى يوق سەيياھ توروريدىن بابانى ئەسلىدى. توروريدىن بابا بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل ئىلگىرى ئەجدادىنىڭ ئىزىنى بويلاپ مەككە ـ مۇكەررەمگە سەپەر قىلغانىدى. ئۇ زەئىپ تېنىنى سۆرەپ، پۇتىغا چىغ چورۇق تارتىپ، بۇ ئۇزۇن يوللارنى قانداق بېسىپ تۈگەتكەن بولغىيتتى؟ ئۇ ھازىر نەدىدۇ؟

پاراخوت جەنۇبىي يەمەن تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇچەيدەك تار قىزىل دېڭىزغا كىردى، پاراخوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە

تۇرۇپ قارىسا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنى كۆرگىلى بولاتتى. سەئۇدى ئەرەبىستان قۇرغاق ئىسسىق، يېرى مۇنبەتسىز، زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قىزىق قۇم بىلەن قاپلانغان، ھېچقانداق مەنزىرىلىك جايلىرى، ئاۋات شەھەرلىرى ھەتتا بىرەر كۆلىمۇ يوق مەملىكەت ئىدى. لېكىن بۇ ئەلدە بىر ئۇلۇغ زاتى مۇبارەك، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىدىكى پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغانىدى. ئۇ زاتى مۇبارەك مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىپ، غايەت زور چاقىرىق كۈچى بىلەن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى يەتتە ئىقلىمغا تارقىتىپ، بۇ دىنىنى دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ دىنغا ئايلاندۇرغانىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى نەچچە مىلياردقا يەتتى، بۇ بىر مۆجىزە ئىدى، بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن بېرى مەككە مۇكەررەم مۇسۇلمانلارنىڭ كېچە - كۈندۈز تاۋاپ قىلىدىغان سەجدىگاھى بولۇپ قالغانىدى، ئىقلىمى قۇرغاق مەككە - مۇكەررەمدە توختىماي بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان «زەمزەم» بار ئىدى. ئاھ، «زەمزەم » دەل تيەنشىڭنىڭ قۇرئاندىكى ئىسمى ئەمەسمۇ.

پاراخوت كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغدا جىددە پورتىغا كىردى. بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ شام نامىزى ئۆتەيدىغان ۋاقتى ئىدى. قىزىل دېڭىز شەپەق نۇرىدا قىزىرىپ تۇراتتى، ئاسمان ئالتۇندىن ياسالغان دۇنيا ئىدى. ئەزەن ئاۋازى ياڭرىدى. پورتتا ئىشلەۋاتقان بارلىق خىزمەتچى خادىملار ئالدىراش ئىشلىرىنى تاشلاپ، «تەيەممۇم» قىلىپ، شەرققە قاراپ ئىخلاس بىلەن نامازغا تۇرۇشتى. شۇ تاپتا مەككە - مۇكەررەم ئۇلارنىڭ قىبلىگاھى ئىدى. مۇسۇلمانلار نەدىلا بولسۇن، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەردە مەككە - مۇكەررەم تەرەپنى پەرق ئېتىۋالاتتى. بىر خىل ئالاھىدە سېھرىي كۈچ خەن زىچى بىلەن لياڭ بىڭيۈنى قىرغاققا ئاچىقتى. ئىككىسى شەپەق نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان

مەسچىتنىڭ ئۇچلۇق قوببىلىرىغا قاراپ، سۈكۈتتە تۇرۇپ ئەج-
دادلىرىدىن قالغان ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەن زىچى ئون
سەككىز يىلدىن بۇيان توروريدىن بابا ئۆگەتكەن ناماز قائىدىلى-
رىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يۇئېر ئاپىسى
بىلەن خەي ھاممىغا ئوخشاش ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇمايت-
تى. خەن زىچى ئىككىسىنىڭ ئوقۇش قىياپەتلىرى قائىدىگە
تەلەپكە ئۇيغۇن بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى
ئاجايىپ بىر ھاياجان بىلەن لەرزىگە كېلىۋاتاتتى. . . خەن زىچى
سەزگۈسىنى يوقاتتى، ئۇنىڭغا توروريدىن بابا قوغلاپ يەتكىلى
بولمايدىغان جايدا تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك، ساقلاۋاتقاندەك
تۇيۇلدى.

جىددە پورتى بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقى ئۇچ يۇز كىلومې-
تىر كېلەتتى، ئۇ ئۇ يەرگە بارالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر
ھەج قىلىدىغان مەزگىل ئەمەس ئىدى. «دېڭىز يىلپىزى» پارا-
خوتى شۇ كۈنى كېچىسى يۇرۇپ كەتتى. سىلىنى ئاللا مەرھەمەت
قىلغاي، توروريدىن بابا! ئەگەر ھېلىھەم ھايات بولسىلا، سىلى
ئەڭ بەختلىك بەندە! ناۋادا «ئۇ ئالەمگە سەپەر» قىلغان بولسىلا،
سىلى چوقۇم مۇقەددەس جەننەتتىن ئورۇن ئالىدىلا! مەن كەت-
تىم، مەن سەپەردە سىلى بىلەن باشتىن - ئاخىر بىللە بولال-
ماي، سىلىنى نائۇمىد قىلىپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ
ئون سەككىز يىل داۋامىدا ، قەلبىمگە باشقا بىر ئىلاھ ھۆكۈم-
رانلىق قىلىپ، قاشتاشنىڭ قۇلى بولۇپ قالدىم.

ئۇزۇن ھەم مۇشەققەتلىك سەپەر داۋام قىلماقتا، تىنچ ۋە
قاقاس سۇۋەيش قانىلىنى، تىرىك يانار تاغلار بىلەن ئورالغان
ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كېسىپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ كېتىۋات-
قان «دېڭىز يىلپىزى» غەربىي ياۋروپانىڭ «ھاياتلىق لىنىيە-
سى» بولغان جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ھەيۋەتلىك ئاتلانتىك
ئوكيانغا چىقىپ، شىمالغا بۇرۇلدى. پاراخوتنىڭ قۇيرۇق تەرە-

پىدىكى ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقى سالقىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، بۈيۈك برىتانىيە ئارىلى يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يېتىپ كەلدۇق! يېتىپ كەلدۇق! — سام خونتېر دوستلىرىنى قوللىرىدىن تارتىپ پالوبىغا ئاچىقتى. خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالغان سام خونتېر ۋەتىنى توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. «دېڭىز يىلپىزى» ئۇزۇن گۈدۈك چېلىپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان تايمىس دەرياسىغا كىردى. لوندوننىڭ ئاسما كۆۋرۈكى ئىككى تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ، يىراقتىن كەلگەن سەييياھ پەرزەنتلىرىگە قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى. ۋېستمىنىستېر چېركاۋىنىڭ يەتمىش مېتىر كېلىدىغان ئۇچلۇق مۇنارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەدىمىي سائەت داڭ ئۇردى، بۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى بولغان گرىنۋىچ سائىتىنىڭ ساداسى ئىدى. لوندون مېرىدىئان سىزىقى كېسىشكەن جاي، يەر شارىنىڭ ھەم دۇنيا ۋاقتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

جۇڭگوچە ئىمچە چاپان كىيگەن خەن زىچى سام خونتېرغا ئەگىشىپ بۇ يات دۆلەتنىڭ زېمىنىگە ئاياغ قويدى. تۇمان باسقان لوندوندا ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى، كىشى ئۆزىنى خىيالىي دۇنيادا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزلىرىگە ئوخشاشمايدىغان شەرقلىققە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى، خەن زىچى بىرىدىنلا بۇ يەردە ئۆزىگە ئوخشاش جۇڭگولۇقلارنى كۆرۈشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى بايقىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاشنى خالىماي، ئۆزىنى قەستەن يەڭگىل تۇتۇپ، يۈئېردىن:

— قانداق؟ ئاخىر مۇرادىڭىزغا يەتتىڭىزمۇ! — دېدى.

يۈئېر گەپ قىلمىدى، ئۇ خۇددى يېڭىلا شەھەرگە كىرگەن سەھرالىق قىزدەك، خەن زىچىنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پاراخوتتىكى كۆلكە - چاقچاقلىرى نەلەر-

گىدۇر كەتكەنىدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ ـ نېمە؟ — دەپ سورىدى خەن زىچى ئۇيېردىن پەس ئاۋازدا.

— ياق، — دېدى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئۇيېر، — مەن... بېيېىڭنى سېغىنىۋاتىمەن!

خەن زىچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ «لاسسىدە» بولۇپ قالدى. ھەسرەت بىلەن ئۇزۇن تىنىپ:

— ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدۇق؟ — دېدى.

خونتېر ئائىلىسى جۇڭگولۇق مېھمانلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. خونتېرنىڭ، ئايال پادىشاھنى كۈتۈۋالغاندەك قىزـ غىن كۈتۈۋالىمىز دېگىنىدەك بولمىسىمۇ ھەر ھالدا پۈتۈن ئائىلە زىلزىلىگە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە خونتېرنى قوشقاندا ئۈچ جان ئادەم بار ئىدى.

خونتېر خانىم «سېمىز ۋە كېلىشكەن» جۇڭگولۇق ئايال ئىدى. قىرىق بەش ـ قىرىق ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئۇچىسىغا كەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، بويى سەل پاكار ئىدى، لېكىن خونتېر دېگەندەك ئۇنداق كۆرۈمسىز ئەمەس ئىدى. جۇڭـ گودا كەمتەرلىكنى ئۆگەنگەن خونتېر شۇنداق دەپ قويغان بولسا كېرەك. خونتېرنىڭ خانىمىنىڭ تېرىسى قوڭۇر، قەلەم قاش، كۆزلىرى يوغان، قاشلىرى ئەگىم ئىدى. بىر قاراپلا ئۇنىڭ فۇجيەن، گۇاڭدوڭ تەرەپلەردە تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاـ تتى. ئۇ ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ، يىراق سەپەردىن كەلگەن ئېرىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا:

— خۇداغا شۈكۈر، يۈەن شىكەينىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتـ مەي، ئاخىر قايتىپ كەپسىز! — دېدى. ئۇ جۇڭگونى ناھايىتى ئاز چۈشىنەتتى، يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە يىگىرمە يىل بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، جۇڭگودا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ خەۋەرسىز ئىدى.

— دادا! — دېدى ياش خونتېر سام خونتېرنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ، — نېمىشقا تېلېگراممىا بېرىۋەتمەيسىز؟ ئالدىڭىزغا چىقاتتىم ئەمەسمۇ!

— قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىسەم! — دېدى خونتېر. ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئوغلى بىلەن خانىمغا — ئۇلار مېنىڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىم... — دېدى.

ياش خونتېر تازا راۋان بولمىغان جۇڭگو تىلىدا:

— مەن بىلىمەن، ئۇلار چوقۇم خەن خانىم بىلەن خەن ئەپەندى، — دېدى.

يۈئېر قىزىرىپ كەتتى.

— ياق، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم... — دەپ ئالمان - تالمان چۈشەندۈردى خەن زىچى.

سىڭلىم؟ sister؟ — دېدى ياش خونتېر خەن زىچىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي.

خەن خانىمنىڭ younger sister، لياڭ بىگيۇ خېنىم، — سام خونتېر ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ئوغلىنى ئەيىبلىگەن تەرزدە كۈلۈپ، — ئەدەپسىزلىك قىلدىڭ، يېڭىلىشىتىڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇڭ!

— كەچۈرۈڭ، لياڭ خېنىم، خەن ئەپەندى! دادام خېتىدە ئېنىق دېمەپتۇ، — دېدى ياش خونتېر ئوڭايسىزلانماي، ئەكسىچە بىمالال كۈلۈپ، — سىلەرنى چىن دىلىمدىن قىزغىن قارشى ئالىمەن. بولۇپمۇ بۇ چىرايلىق خېنىمنى، بۇنىڭغا خۇدا گۇۋاھ بولسۇن!

ياش خونتېر قىزغىنلىق بىلەن يۈئېرگە قولىنى بەردى. يۈئېر ئۇنىڭ بىلەن مۇنداقلا قول ئېلىشىپ قويدى. قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك چىرايلىق بۇ يىگىتنى بىرىنچى قېتىم كۆر-

گەن يۈئېر يىگىتتەك قىزغىن بولالمىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئولىۋېر — دېدى ياش خونتېر خەن زىچى بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ، — مەرھابا، جۇڭگولۇق «قاشتاش پادىشاھى» !

«قاشتاش پادىشاھى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ خەن زىچىنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى، بايامقى كىچىك كۆڭۈلسىزلىك خىيالى-دىن دەرھال كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى ئايلىق دېڭىز سەپىرىدىن بۇيان سەل خۇشال بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.

خونتېر خانىم گەپ ئارىلاپ، مېھمانلارغا:

— مەرھەمەت، خەن ئەپەندى، لياڭ خېنىم! — دېدى.

خەن زىچى ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزىگە سەل تونۇش ئىكەن-لىكىنى بايقىدى:

— خونتېر خانىمنىڭ يۇرتى. . .

— مەن فۇجيەنلىك، — دېدى خونتېر خانىم، — لېكىن مەن لوندوندا تۇغۇلغان، ئەزەلدىن يۇرتۇمغا بېرىپ باقمىغان. خېتىمىزنىمۇ بىلمەيمەن، دادام ماڭا كىچىكىمدە دۆلەت تىلىنى ئازراق ئۆگەتكەن. . .

— سىز دۆلەت تىلىنى فۇجيەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىكەن-سىز! مەن چۈەنجۇلۇق. بىز بىر ھېسابتا يۇرتداشكەنمىز!

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە سىز يۇرتۇمدىن كەلگەن ئادەمكەن-سىز - دە!

يۇرتداشلىق مېھرى خونتېر خانىم بىلەن خەن زىچىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى قوزغىۋەتتى. خونتېر خانىم قەۋەت خۇشال بولۇپ:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، يۇرتلۇقۇم! — دېدى.

خونتېرنىڭ مېھمانخانا ئۆيى جۇڭگو ۋە غەرب ئۇسلۇبىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. تام مەش، ئاسما چىراغ ۋە ۋىكتورىيە

دەۋرىدىكى ساپا غەربچە ئۇسلۇبنى ئىپادىلىسە، مىڭ سۇلالىسى پاسونىدىكى قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ئورۇندۇق ۋە شىرە، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان كۆپ تەكچىلىك ئىشكاپ جۇڭگو ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەيتتى. مېھمانخانا ئۆي سام خونتېرنىڭ بېيپىڭدىكى تۇرالغۇسىغا ئوخشايتتى. خەن زىچى بىلەن يۈئېر قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى. خونتېر خانىم ئاغزى بار كۆك گۈللۈك پىيالىدە چاي ئەكەلدى. خەن زىچى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، چايدىن كۆڭۈللۈك ئوتلىدى، فۇجىيەن چېيىدا دەملەنگەن چاينىڭ پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

خونتېر خانىم خەن زىچىنىڭ پىيالىسىدىكى لەيلەپ تۇرغان شامىغا قارىدى، خەن زىچى ئۇ بىزنىڭ بۇ چايغا ئادەتلەنمىگەنلىكىمىزنى بىلىپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپ:

— رەھمەت، ناھايىتى ياخشى! — دېدى.

خونتېر خانىم پىيالىغا بىر پەس سىنچىلاپ قارىۋېتىپ:

— باركاللا، قاراڭ شامىغا، «V» خېتى شەكلىگە كىرىپ قاپتۇ، سىلەرنىڭ ئايىغىڭلار بەك ئوچۇقكەن! — دېدى.

خەن زىچى تۇرۇپلا قالدى. سام خونتېر كۈلۈپ:

— ئۇ سىلەرگە پال سېلىۋاتىدۇ. بۇ قەدىمدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ پال سېلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ! — دېدى.

خەن زىچى كۈلدى، يۈئېرمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەنگلىيە تۇپرىقىغا قەدەم قويۇپ بىرىنچى قېتىم كۈلۈشى ئىدى.

چاي تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن خونتېر خانىم ناشتىلىق ئەكەلدى، ئەنگلىيىلىكلەر ناشتىغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، كەچلىك تاماقنىمۇ سەل قارىمايتتى. چۈشتە ئادەتتىكىدەكلا غىزالىناتتى. ناشتىدا ئۇماچ، تۇخۇم، بولكا ۋە تۇزلانغان بېلىق بىلەن مېۋە ئىستېمال قىلاتتى. بۈگۈن يىراقتىن كەلگەن مېھ-



www.uyghurkitap.com

مانلارنىڭ شەرىپىگە خونتېر خانىم ئەنگلىيىچە تاماقلاردىن مول داستىخان تەييارلىغانىدى. ئۈستەلگە ۋىلكا، پىچاق، چوكا قو-يۇلغانىدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان خوراز شەكىللىك كۇمۇش لوڭ-قىدىكى ۋېنئولت گۈلى خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

خەن زىچى بىر پەس ئىككىلىنىپ:

— كەچۈرۈڭ، خونتېر خانىم، بايام دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىز...

— مۇسۇلمان، — دېدى خونتېر خانىم خەن زىچىنىڭ گې-پىگە ئۇلاپ، — سام ماڭا دېدى، خاتىرجەم يەۋېرىڭلار، بىز ئەزەلدىن چوشقا گۆشىنى ئۆيگە يېقىن يولاتمايمىز!

— ياق، — دېدى ئولىۋيېر كۈلۈپ، — دادام بىلەن ئاپام سەمرىپ كېتىشتىن قورقىدۇ!

ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئوغلىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەرھەمەت، خېنىملار، ئەپەندىلەر، ئاپامنىڭ يۇرتىدى-شى، ئائىلىمىزنىڭ مېھمانلىرىنىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كۆ-تۈرەيلى! — ئولىۋيېر شۇنداق دەپ رومكىسىنى كۆتۈردى، ئۈستەلگە هاراق قويۇلمىغانىدى. چۈنكى سام خونتېر ئالدىنئالا دەپ قويغاچقا، خونتېر خانىم مۇسۇلمانلارنىڭ پەرھىزىگە دىققەت قىلغانىدى.

خەن زىچى ساھىبخانىنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈ-چۈن پىيالىنى قولىغا ئالدى، قالغانلارمۇ پىيالىلىرىنى قوللىرى-غا ئېلىپ سوقۇشتۇردى، پىيالىلەردىن زىل ئاۋاز چىقتى.

— لياڭ خېنىم، سىز لوندونغا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن كەلگەنمۇ؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى ئولىۋيېر يۈئېردىن.

— هە... — يۈئېر نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمى-دى. ئۇ تەرسالىق بىلەن خەن زىچىگە ئەگىشىپ كەلگەنىدى،

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— ئۇ يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى. بۇ يەرگە ئويناپ كەلدى، — خەن زىچى يۇئېرنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى ئولىۋىيېرغا. شۇنداق دېمەيمۇ بولمايتتى.

— يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؟ — دېدى ئولىۋىيېر ياقتۇرمىدىغاندەك بېشىنى چايقاپ، — مەن بۇنداق ئالىي مەكتەپنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن! مەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. نەچچە كۈندىن كېيىن سىزنى ئانا مەكتىپىمگە باشلاپ باراي. چوقۇم هەيران قالىسىز. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى شەھەرگە ئوخشايدۇ، ئۇ يەردە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق كوچا بار. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قۇرۇلۇشلار 12 ـ ئەسىردىن بۇيانقى هەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سىز ئۇ يەردە 16 ـ ئەسىردە ياسالغان مىرتەيلون سائەتلىك مۇنارنى، پەلەككە تاقاشقان سەككىز مۇنارنى، تۆت كوچىدىكى قەدىمىي قوڭغۇراقنى كۆرەلەيسىز. بىنانىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز، پۈتكۈل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەنزىرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ناهايىتى ياخشى ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت نۇرغۇن مەشهۇر زاتلارنى تەربىيىلىگەن...

سام خونتېر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان ئوغلىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ:

— شۇلارنىڭ ئارىسىدا سەنمۇ بار؟ ئاتاقلىق ئولىۋىيېر خونتېر ئەپەندى! — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— بۇ گېپىڭىزمۇ بولدى. مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ياللانمايمەن، هامان بىر كۈنى مەنمۇ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمەن! — دېدى ئوغلى.

يۇئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىئارام بولۇپ: هىم، مەن سىزنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە باش-

لاپ بارىمەن. بىزنىڭ مەكتەپ مارشىمىز شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك، يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشلىرى سەلتەنەتلىك، مەكتەپ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، تالانت ئىگىلىرى يىغىلغان، چەت ئەللەر بىلەن ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشى قويۇق، نامى مەشھۇر. نامسىز كۆلگە چۈشۈپ تۇرغان مۇنارنىڭ ئەكسىنى كۆرسىڭىز ئاغزىڭىزنى ئېچىپ قالىسىز، دېمەكچى بولغانىدى، لېكىن دېمىدى. يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۇنىڭ مۇھەببىتى، نەپرىتى، ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان ھەسرىتى قالغانىدى. شۇ سەۋەب بىلەن يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلغانىدى، ئۇ يەرگە ئەمدى بارغۇسى يوق ئىدى. ئولىۋېر خونتېرنىڭ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش خىيالى يوقلا قىلغان سۆزلىرىگە يۈئېر چىدىيالماي قالغانىدى. ئاخىر ئۇ سەۋر قىلالماي، خەن زىچى بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمەي، بىردىنلا:

— مەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەن — دەۋەتتى.

خەن زىچى ھەيران قالدى، يۈئېرنىڭ چەت ئەلگە چىقىش مۇددىئاسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ كېلىۋاتاتتى، بۇ سىرنىڭ جاۋابى مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش. . . شۇنداق بولسا، خەن زىچىنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلايتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ياخشىغۇ، سىزنى قارشى ئالىمىز! — دېدى ئولىۋېر خۇددى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرىدەك خۇشال بولۇپ، — بىراق، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئىمتىھان بەرمەك بەك تەس، ھەر يىلى پۈتكۈل ئەنگلىيىدىكى ئەڭ ياخشى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئىمتىھان بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا قاتناشمايدۇ، ئايرىم ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. بىر مەۋسۇم كونسۇلتاتسىيىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچى

www.uyghurkitap.com

ئىمتىھان بېرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ناھايىتى قاتتىق.

— ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن، ئىمتىھاندىن جەزمەن ئۆتۈپ كېتىمەن! — دېدى يۈئېر.

— لياڭ خېنىمنىڭ جاسارىتىگە قايىلمەن، — دېدى ئولىۋېير باشمالتىقىنى چىقىرىپ، — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا تىلەكداشمەن. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، دىپلوم ئالغان چېغىڭىزدا، سىزنى شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسى ئالدىدا تەبرىكلەيمەن! — دېدى.

— مەنمۇ شۇ كۈننى كۈتىمەن! — دېدى يۈئېر كۈلۈپ.

ئىككى ياشنىڭ پارىڭى داستىخان ئۈستىدىكى كەيپىياتنى جانلاندۇرۇۋەتتى. خەن زىچى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق سان يوق ئىدى. يۈئېر قىلماقچى بولغان ئىشنى قارار قىلىپ بولدى، خەن زىچى نائىلاج جاھىل سىڭلىسىنىڭ قارارىغا كۆنىدىغان بولدى ھەم ئۇنى ئەكەلگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلدى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇقىرى ئوقۇش راسخوتىنى بۇ مۇساپىر قانداقمۇ تۆلىيەلىسۇن!

— خەن ئەپەندى، ھەر ئىككىڭلارلا يۈكسەك ئىرادىلىك كىشىلەر! — دېدى «رومكا سوقۇشتۇرۇش» ئۈچۈن پىيالىسىنى قولىغا ئالغان ئولىۋېير خۇشال ھالدا.

— مەنما؟ مەندە يۈكسەك ئىرادە نېمە قىلسۇن؟ — دېدى خەن زىچى ئاچچىق كۈلۈپ، — بۇ يەرگە كەلدىم، ئوي - چوڭقۇرنى بىلمەيمەن، قانداق تىرىكچىلىك قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي بېشىم قېتىپ كېتىۋاتىدۇ!

— دادام خېتىدە سىزنى لوندوندا جۇڭگو قاشتاش كۆرگەزمىسى ئاچىدۇ دېگەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ئولىۋېير.

— قاشتاش كۆرگەزمىسى؟ — دېدى خەن زىچى گاڭگىر-

غان ھالدا سام خونتېرغا قاراپ.

— شۇنداق، خەن ئەپەندى، — دېدى سام خونتېر سىرلىق كۈلۈپ، — مېنىڭ شۇنداق خىيالىم بار، سىز بىلەن مەسلىھەتلەشكۈدەك بولمىدىم. سىز ئۈچۈن لوندوندا قاشتاش كۆرگەزمىسى، خەلقئارالىق «قاشتاش كۆرگەزمىسى» ئېچىپ بەرسەم قانداق دەيسىز؟ سام خونتېر ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈككەن پىلانىنى خەن زىچىگە دېدى.

ئولىۋېيرمۇ خەن زىچىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ:

— لوندوندىكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ جۇڭگولۇق «قاشتاش پادىشاھى» نى پۈتكۈل لوندون ھەم پۈتكۈل ئەنگلىيىگە تونۇتىمەن! — دېدى.

خەن زىچى سەزگۈسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولدى، ۋەتىنىدىن ئالدىراش قېچىپ چىققان خەن زىچى يات ئەلدە بۇ تاجنى قايتىدىن كىيىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ دۇپۇلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى توختىتىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، سام خونتېرنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— رەھمەت سىزگە! — دېدى.

1937 - يىلى ئەتىياز، دەل - دەرەخلەر كۆكىرىپ، تۇمان قاپلىغان لوندوندا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يەر شارىنىڭ شەرقىدىكى ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقى، ئىتالىيىنىڭ ھەبەشىستاننى بېسىۋېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقى، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئىسپانىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا قوراللىق ئارىلاشقانلىقى... ئەنگلىيە بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرگەن بالا - قازا تۇپەيلى ئۇرۇشتىن قورقۇش ئاسارىتىنى يۇقتۇرۇۋالغان ئەنگلىيىلىكلەر تىنچلىققا مەپتۇن بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېڭى ئىقتىسادى بوھرانغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى، باشقا ھەرقانداق ئىشنى ئوي-

لاشمايتتى.

مېھمانلار خونتېرنىڭ ئائىلىسىگە جايلاشتى. بۇ گوتىك ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قىزىل خىشلىق بىنا ئىدى. خەن زىچى بىلەن يۇئېر ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھۇجرا جۇڭگو ئۇسلۇبىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. غەربىچە كارىۋاتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جاھازلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ نەرسىلىرى ئىدى. تامغا ئېسىلغان خەت، ئىشكاپقا قويۇلغان، پار ـ پۇر ۋە قاشتاش بۇيۇملار، ھەتتا دېرىزە پەردىلىرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئىدى. ئادەم «ئۆز ئۆيىگە كەلگەندەك» تەسىراتقا كېلەتتى. ھەشقىپىچەكلەر ياماشقان دېرىزە، يالتىراق ئەينەكلىك چىراغ، كۆك موۋۇتلىك سافا، پۇرژىنىلىق كارىۋاتلار ئۇلارغا بۇ يەرنىڭ بېيىپىڭ ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

مېھمانلار دادا ـ بالا خونتېرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دۇنياغا مەشھۇر «بۈيۈك لوندون» نى تاماشا قىلدى. بوككىنگھام سارىيى، پارلامېنت بىناسى، ۋېستمىنىستېر چېركاۋى، ترافالگار مەيدانى، پىكاردېل بازىرى. . . يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارغا يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. پادىشاھ سارىيى ئالدىدا بېشىغا توڭدەك ئېگىز قالپاق، ئۇچىسىغا چۆرىسىگە سېرىق زىغزىق تۇتۇلغان قىزىل كىيىم كىيگەن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ جىددىي قاراۋۇل ئالمىشىش مۇراسىمى، تېرىسى ۋە تىلى ئوخشىمايدىغان ھەرقايسى ئەل ساياھەتچىلىرىنى گويا چۆچەكلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرگەندەك بولاتتى. كوچىدىكى ئەنگلىيىلىك ئايال ۋە ئەرلەر سالاپەتلىك كىيىنىشكەنىدى، تولىمۇ ئەدەپلىك ئىدى، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەنلەرنى ئاسان كۆرگىلى بولمايتتى. لوندون ئاسىيالىقلارنىڭ نەزىرىدىكىدەك ئۇنداق سۈرلۈك، ھەشەمەتلىك، ئەيش ـ ئىشرەت ھۆكۈم سۈرگەن، «ۋال ـ ۋۇل» شەھەر ئەمەس ئىدى، ئەڭ ئاۋات جايلاردىمۇ ئاسمان ـ پەلەك بىنالار

ئاز ئىدى. بوككىنگھام سارىيىنىڭ سىرتى قىزىل، خىشلارنىڭ ئارىلىقلىرى ئاقۇچ ئىدى. كۆزنى ئالامەت قاماشتۇرغۇدەك بېزەلگەن ئەمەس ئىدى. كوچىلاردىكى ھەيكەللەر تارىخنى ئۇنىتماي نامايان قىلىپ تۇراتتى. لوندون ئاددىي، سەلتەنەتلىك، مېھرى ئىسسىق شەھەر ئىدى. شەرقتىكى قەدىمىي پايتەختتىن بېيجىڭدىن كەلگەن مېھمانلار ئىككى شەھەر ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىدى، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيەسى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلغان بىلەن كىشىگە بېرىدىغان ئەنئەنىۋى تەسىرنى ئۆزگەرتمىگەنىدى، بۇ جەھەتتە بېيجىڭ بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى، يات مىللەتلەرنىڭ سان - ساناقسىز تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان شەرقتىكى بۇ قەدىمىي پايتەخت تاجاۋۇزچىلارنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىگە «سىڭدۈرگەن» ئىستېلاچىلار تاڭغان قۇللۇق لىباسىنى كىيمىگەنىدى. بېيجىڭنىڭ ئاسمىنىدا سەددىچىن سېپىلى تەرەپتىن كەلگەن قۇم ئارىلاش بوران ئوينايدۇ. لوندون ئاسمىنىدا بولسا ئاتلانتىك ئوكيان تەرەپتىن كەلگەن تۇمان لەيلەپ يۈرىدىكەن، تايمىس دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقى تۇمان ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن، ئارىلاپ - ئارىلاپ كۈن ئۆزىنى كۆرسەتكەندە، ئاسماندا ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولۇپ قالىدىكەن، مىڭلىغان ئەنگلىيىلىكلەر كۆككە قاراپ: «بۈگۈن ھاۋا. . . » دەپ قويىدىكەن. بۇنى ھەرقانداق تىلدىكى ئادەم ھېس قىلالايدىكەن. ئون نەچچە يىل بۇرۇن سام خونتېردىن ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەن، ئىنگلىز تىلىنى خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىگەندەك راۋان سۆزلىيەلەيدىغان يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى لياڭ بىڭيۈ بۇنى ئەلۋەتتە ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار يوچۇن بىر دۇنياغا كىردى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ پۈتۈنلەي يوچۇن دۇنيامۇ ئەمەس ئىدى.

خەن زىچىنى مۇزېيلار بەكرەك ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

مۇزېيلاردا «بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى» نىڭ دۇنياغا ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان تارىخىي ھەم پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى-
نىڭ جەۋھەرلىرى نامايان قىلىنغانىدى. مىسىر پادىشاھى رام-
سېس II نىڭ گرانىت تاش ھەيكىلى تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرات-
تى. بۇ مىلادىيەدىن مىڭ يىل ئاۋۋالقى ۋەسىقە ئىدى؛ روستا
ئابىدە تېشى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 195 - يىلى مىسىر ۋە
گرېك يېزىقى ئويۇلغان ئابىدە تاش ئىدى. ئالىملار گرېكچىگە
سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ بۇ ئابىدە تاشتىكى يېزىقنىڭ گرېكچە ئى-
كەنلىكىنى بىلگەن؛ مىلادىيەدىن 435 يىل بۇرۇن ياسالغان
گرېتسىيىدىكى باسېنون ئىبادەتخانىسىنى 1687 - يىلى ۋېنېت-
سىيىلىكلەر پارتلىتىۋەتكەنىدى. بۇ ئىبادەتخانىدىكى نادىر ھەي-
كەللەر ۋە تاش ئويمىلار ئافېنادىن لوندونغا ئېپكېلىنگەن ھەم
مۇزېيغا پارىژ دۆلەتلىك كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان باسېنون ئى-
بادەتخانىسىنىڭ سىخېمىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىمۇ قويۇل-
غان؛ ھومېرنىڭ پاتتىرا دەرىخى يوپۇرمىقىغا يېزىلغان ئېپوس-
لىرى، باگلىۋ، گراي ۋە خاردىنىڭ قولىيازمىلىرى، شىكىس-
پېرنىڭ ئۆي خەتلىرى. . . قاتارلىقلار بار ئىدى. مۇزېيغا قو-
يۇلغان جۇڭگونىڭ ھېسابى يوق قىممەتلىك بۇيۇملىرى، ئۇرۇش-
قاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى سىرلىق بۇيۇملار، خەن دەۋرىدىكى
تاش ئويمىلار، شەرقىي جىن دەۋرىدە ئۆتكەن گۇكەيجىنىڭ «خا-
نىش دەستورخانچىلىرىنىڭ سۈرىتى»، شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى
دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى، تاڭ دەۋرىدىكى ئادەم رەسىملىرى،
سۇڭ يۈەن دەۋرىدىكى تاغ - دەريالارنىڭ رەسىملىرى، چيەنلۇڭ-
نىڭ تەختى. . . قاتارلىقلار خەن زىچىنى تولىمۇ لەرزىگە سال-
دى. . . ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قاشتاش بۇيۇملىرىدىن شاڭ،
جۇ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ مىڭ ، چىڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان
ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان نادىر بۇيۇملار بۇ يەرە
ئاساسەن دېگۈدەك بار ئىدى. ئۇستازى لياڭ يىچىڭ بىلەن

ئۆزىنىڭ يۇرەك قېنى سىڭگەن ئەتىۋارلىق قاشتاش كېمە ھەيكە-
لىمۇ تۇراتتى. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇش ياكى ھەسرەتلىنىش
كېرەكمۇ؟ بېيپىڭدىكى گۇگۇڭ مۇزېيى قۇپقۇرۇق بولۇپ قال-
دى، جۇڭگونىڭ «قاشتاش پادىشاھى» يۇرت - ماكانىدا تۇرال-
ماي، ئەجدادلىرىنىڭ ۋەسىقىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى
يات ئەلدە تاماشا قىلىۋاتىدۇ.

ئۇلار مەشھۇر تارىخىي يادىكارلىقلارنى كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن «خونتېر ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنى» نى ئېكسكۇرسىيە
قىلىشتى.

شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان ئۈچ قەۋەتلىك بۇ بىنا
سىرتىدىن قارىماققا ئاددىي ئىدى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزى-
گە تارتمايتتى. يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ دۇكاننى سام خون-
تېرنىڭ بوۋىسى بىنا قىلغانىدى. بوۋىسى ئەنگلىيە پادىشاھىغا
تاج، فرانسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ خانىمىغا مېداليون، تايلاند شاھزا-
دىسىگە تويلۇق ئۈزۈك سوقۇپ بەرگەن ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن
مۇزېيلارنى ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلە-
گەنىدى. دۇكاندار جۇڭگونىڭ قاشتاش بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆ-
رەتتى. دۇكاننى دەسلەپ بىنا قىلغان خونتېر بوۋاي جۇڭگوشۇ-
ناس ئىدى، «خونتېر ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنى» نىڭ مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىشىنىڭ سىرىمۇ مۇشۇ ئىدى. شەرق سەنئىتى ئۇ-
نىڭ دۇكىنىغا سىرلىق تۈس بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ كۆپلىگەن
كەسىپداشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆزگىچە ئىگىلىك تىكلەپ، بارا -
بارا ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىشىنىڭ يەنە بىر سىرى، ئۇ خەلق ئىچىدىكى كۆمۈ-
لۈپ قالغان ئالاھىدە بۇيۇملار بىلەن ئالاھىدە كىشىلەرنى بايقاش-
قا، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئاشكارىلاشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ، «مەرۋايىتنىڭ ئۈستىدىكى
چاڭلارنى ئۆز قولى سۈرتۈش» دېيىلەتتى. مۇۋەپپەقىيەت قازى-

نىشنىڭ يەنە بىر سىرى، ئۇ دۆكاندىكى تاۋارلارنى ئىمكان بار ئوبوروت قىلىشقا تىرىشاتتى. تۇرۇپ قالغان تاۋارلارنى ياخشى پۇرسەت چىقسىلا قولدىن چىقىرىۋېتەتتى. خەن زىچىڭگە ئوخشاش يىغىپ ساقلىمايتتى. بۇنىڭدا، مەبلەغ جۇغلانمىسى تېز كۆپىيەتتى، بۇنىڭغا كەلگەندە خەن زىچى «گال» ئىدى.

دادا ـ بالا خونتېر «جۇڭگو قاشتاش كۆرگەزمىسى» ئېچىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ مۇھىم مال مەنبە يولى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. لېكىن ئۇلار جۇڭگونىڭ «قاشتاش پادىشاھى» نى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى، بىر تۈركۈم قىممەت باھالىق بۇيۇملار يۆتكەپ كېلىندى. بۇ «بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت» ئىدى. خەن زىچىنىڭ كېلىشى خونتېر ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ ئىناۋىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئوبوروت يوللىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايتتى، شۇڭا ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن خەن زىچى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاپ، خەن زىچىنىڭ ئەنگلىيىدە مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرۇشىغا، خونتېر ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ «بايلىق مۆئەككىلى» بولۇشىغا ئاساس سېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن تەسىرلەنگەن خەن زىچى يات ئەلدە ئىللىقلىق ھېس قىلدى ۋە تەسەللىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان ئىشلىرى يەنە جانلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. خەن زىچى خونتېر ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنى بىلەن بىرلىشىپ قەدىمىي ھەم سىرلىق شەرق مەدەنىيىتىنى غەربلىكلەرگە نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ھەم ئۇستازى لياڭ يىچىڭ بىلەن «قاشتاش مەستانىسى» نىڭ ئىشقا ئاشمىغان تىلەكلىرىنى رويابقا چىقىرىشنى خالايتتى، كۆرگەزمە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئۇ شان ـ شەرەپكە سازاۋەر بولاتتى، يۇئېرنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىيەلىگۈدەك ئىقتىسادقىمۇ ئې-

ـرىشەلەيتتى. يۈئېرنىڭ ئۆنىڭغا مەسلىھەت سالماستىن، ئوكسـ
فورد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئىمتىھان بېرىشنى ئۆز ئالدىغا قارار
قىلىشى خەن زىچىگە كۆتۈلمىگەن ئىشتەك تۇيۇلغانىدى، لېكىن
ئۇ يۈئېرنى بۇ يولدىن توساشنى خالىمىدى. ئۇستازى ھايات
ۋاقتىدا مەكتەپكە كىرگەن كىچىك قىزىغا قانچىلىك چوڭ ئۈ-
مىدلەرنى باغلىغان بولغىيتتى - ھە! ئۇستازى ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن خەن زىچى يۈئېرنى تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئوتتۇرا
مەكتەپتە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. چىچېنجەيدىن ھۆنەرۋەن،
سودىگەرلەر ئەمەس، ئايال ئالىم چىقىشى كېرەك! يۈئېرنى
ئوقۇتۇشتىن مەقسەتمۇ شۇ ئىدى. ئەپسۇس، يۈئېر يەنجىڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتىدە ئىككى يىل ئوقۇپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالدى،
بۇ تولىمۇ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش ئىدى. مۇشۇ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش-
نىڭ ئورنىنى تولدۇرالىسا، خەن زىچى ئۇستازىنىڭ روھىغا يۈز
كېلەلىگەن بولاتتى.

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئىمتىھان بېرىش ۋە قاشتاش
بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئېچىش ئۈچۈن خەن زىچى بىلەن يۈئېر
ھەرقايسىسى ئۆز ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

خەن زىچى قاتلاڭچىلىق ئىچىدىمۇ خوتۇنى بىلەن تيەنشىڭ-
نى سېغىناتتى، ئاسماننىڭ چېكى، دېڭىزنىڭ قىرغىقى نەدە،
جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالى قانداق، خەن خانىم
بالا بىلەن تەشۋىش ئىچىدە كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ؟
بۇلارنىڭ ھەممىسى خەن زىچىگە بەلگىسىز ئىدى. خەن زىچى
ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ يىراقتىكى ئائىلىسىگە سېلىۋەت-
تى. خېتىدە، بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن خوتۇنى بىلەن تيەنشىڭنى ئەكېلىدىغانلىقىنى، ھىجران
ئازابىغا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى
ئەسكەرتتى.

بۇ بىر پارچە خەت خەن زىچى كەلگەن يول بىلەن دېڭىز -

www.uyghurkitap.com

ئوكيانلاردىن هالقىپ تالاي پوچتىخانىلاردا قولدىن ـ قولغا ئۆ-
تۈپ «بىلىمدان» قەسرىگە قاچان يېتىپ بارار؟

. . .

شۇ يىلى 7 ـ ئىيۇل كۈنى كەچتە، ياپونىيىنىڭ شىمالىي
جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى غەرەزلىك هالدا بېيپىڭنىڭ شى-
مالىدىكى لۇگۇچياۋدا «هەربىي مانېۋىر» ئۆتكۈزدى. سائەت
ئون بىر ئەتراپىدا، ياپون ئارمىيىسىنىڭ تەرجىمانى بېيپىڭ
شەهىرىنىڭ ۋەنپىڭ دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، جۇڭگو قو-
شۇنلىرىنىڭ 29 ـ كورپۇس 21 ـ پولكىغا شەهەرگە كىرىۋالغان
قاچقۇن ياپون ئەسكەرلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن شەهەر دەۋازىسىنى
ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ شەهەرنى ساق-
لاۋاتقان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىل-
دى، ياپونلارنىڭ تەرجىمانى: «دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمىسەڭلار،
شەهەرنى توپقا تۇتىمىز!» دېدى. ئارقىدىنلا ياپونىيە ئەسكەرلى-
رى شوتىلارنى يۆتكەپ كېلىپ، شەهەر سېپىلىغا ياماشتى.
شەهەرنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللار بۇنى سېزىپ قېلىپ ئوق چىقار-
دى، ياڭراق مىلتىق ئاۋازى ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان بېيپىڭ ئاسمى-
نىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سەككىز يىلغا
سوزۇلغان قانلىق ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى.

بۇ كىتاب بېيجىڭ نەشرىياتى بىلەن بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1998 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京出版社和北京十月文艺出版社 1998 年 1 月第 1 版 1998 年 1 月第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

## 1

ئاپتورى: خو دا

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

ئۈرۈمچى 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 16.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2

2000 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

2000 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 —— 3000

ISBN7—228—05632—9/I · 2080

باھاسى: 19.00 يۈەن